# بۇ سان كىتابىمىز ئارقىلىق ئەل ئىستىقبال ئېلكىتاب ياساش گۇرۇپپىسىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان مىسرانىم مۇنبىرىگە، ئىستىقبال مۇنبىرىمىزنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ھەقسىز بوشلۇق بىلەن تەمىنلىگەن قىياس دۇنياسى تور بېتىگە، يەنە مۇنبىرىمىزنى قۇرۇش، تەڭشەش قاتارلىق تېخنىكىلىق ئىشلاردا ياردەم بەرگەن تۇرانىم ئۇيغۇرچە خەتلىك فىلىم تورىغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز.

مۇناسىۋەتلىك تور بېكەتلەر:

www.misranim.com

www.kiyas.biz

www.turanim.com


بۇ كىتابنى ئېلكىتاب قىلىپ ئىشلەپ تارقاتقۇچى:

ئەل ئىستىقبال ئېلكىتاب ياساش گۇرۇپپىسى

گۇرۇپپىمىزنىڭ تور ئادرىسى:

www.isteqbal.com

**ئەڭ يېڭى ئېلكىتابلار ئىستىقبال توردا**



مۇھەممەد ئەھمەد چوپانى

# سەمەندەر

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# نەشرىياتتىن

مۇھەممەد ئەھمەد چوپانى 1962- يىلى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ چوپانى يېزىسى شەيخلا كەنتىدە مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە تۇغۇلغان، 1979- يىلى يېزىلىق تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپلا ئوقۇتقۇچى بولۇپ، 1999- يىلىغىچە باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، 1999- يىلىدىن ھازىرغىچە قاغىلىق ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشتە ئىشلەپ كەلمەكتە.

ئۇ 1984- يىلى «قەشقەر گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» ناملىق تۇنجى ھېكايىسى بىلەن ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن. شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە ھەر قايسى گېزىت - ژۇرناللاردا 200 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى، 42 پارچە ھېكايىسى ئېلان قىلىنغان. «ساماۋى قەلئە»، «ئاخىرقى تەبەسسۇم» ناملىق پوۋېست - ھېكايىلەر توپلاملىرى، «ياغاچ مېدال» ناملىق تارىخىي رومانى نەشر قىلىنغان.

ئاپتورنىڭ «سەمەندەر» ناملىق بىر تارىخىي رومانىدا 1945 - 1946- يىللاردىكى زەرەپشان، خالاستان بويلىرىدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئىنقىلابىي كۈرەشلەر ئىخچام، تەسىرلىك بايان قىلىنغان بولۇپ، پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسى، ئىدىيۋى ھېسسىياتى گۈزەل تىللار ئارقىلىق ناھايىتى چىن ۋە ئىنچىكە تەسۋىرلەنگەن. رومانىنىڭ ۋەقەلىك توقۇنۇشى ئۆتكۈر، پېرسوناژلارنىڭ ھېس - تۇيغۇ زىددىيىتى ئىنتايىن كەسكىن ۋە مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھاياتلىق، مۇھەببەت، نىكاھ، ھۆرلۈك - ئازادلىق، دوستلۇق ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرى پەلسەپىۋى پىكىرلەر ئارقىلىق بىر قەدەر مۇكەممەل شەرھلەنگەن. رومانىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، تىل ئىپادىسى، جۈملە قۇرۇلمىسى، ئىپادىلەش ئۇسلۇبى تولىمۇ ئۆزگىچە بولۇپ، ھېس -

تۇيغۇ ئۇقچۇپ تۇرىدۇ. ئىككىنچى شەخس تىلىدا يېزىلغان بۇ تۇنجى لىرىك رومان سىزگە چوڭقۇر بەدىئىي زوق بېغىشلاپلا قالماستىن، روماندىكى پېرسوناژلارنىڭ قەيسەرانە كۈرەش روھى سىزدە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇرىدۇ.

# مۇقەددىمە

كىشىلەر سىزنى «ئەسلىمىسىز ئادەم» دەپ ئاتىشاتتى. چۈنكى، سەن مۇشۇ كەمگىچە ھېچكىمگە ئۆتمۈشۈڭ، بۇگۈنۈڭ ۋە كەلگۈسىڭ ھەققىدە بىر ئېغىزمۇ بىر نەرسە دەپ بەرمىگەنىدىڭ. يازغۇچى، تارىخچىلارنى، ھەمسۆھبەت، ھۆپىگەر، دوست ـ بۇرادەرلىرىڭنى، بالا ـ چاقا، نەۋرە ـ چەۋرىلىرىڭنى: «سىلەرگە سۆزلەپ بەرگۈدەك ھېچقانداق ئەسلىمەم يوق، مەن بىر ئەسلىمىسىز ئادەم» دەپ ئۈمىدسىز قالدۇرۇپ كېلىۋاتاتتىڭ.

ئەمەلىيەتتە، سەن ئەسلىمە قويىندىلا ياشاپ كېلىۋاتاتتىڭ. قەلبىڭ ئازابلىق ئەسلىمە بىلەن تولغانىدى. يۈرىكىڭ ھەسرەتلىك ئەسلىمە ئىلكىدە سوقاتتى.

لېكىن، ئەسلىملىرىڭ شۇنداق ئازابلىق، شۇنداق ھەسرەتلىك بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزۈڭنى ئەسلىمە قوينىغا ئېتىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئاشىقلارچە باغرىلىشاتتىڭ. چۈنكى، سەن ھەسرەتلىك ئەسلىملەر قويىندىلا جەننەت ساداسىنى ئاڭلىيالايتتىڭ. بۇ جەننەت ساداسى ئاخىرقى بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشىڭ ئۈچۈن ساڭا ئۈمىد ۋە جۇشقۇن ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتەتتى.

شۇڭا، سەن باشقىلارغا ئەسلىمە سۆزلەپ بېرىشنى خالىمايتتىڭ. چۈنكى، ئەسلىملىرىڭنىڭ «قۇرغۇي»نى ئۈركۈتۈۋېتىشىدىن ئەنسىرەيتتىڭ. «قۇرغۇي» ئەتراپىمدىلا ئەگىپ يۈرگەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلايتتىڭ.

يەنە بىر جەھەتتىن، سەن ئەسلىملىرىڭ ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشىشنى خالىمايتتىڭ. چۈنكى، سەن باشقىلارنىڭ ھېسداشلىقىغا ئەمەس، ياردىمىگە موھتاج ئىدىڭ؛ «قۇرغۇي» ھەققىدە ئۇچۇر بېرىپ، سىنى بەختلىك قىلىشىغا موھتاج ئىدىڭ. ئەمما، ساڭا ھېچكىم ياردەم قىلالمايتتى. شۇڭا، باشقىلارنىڭ ياردەمسىز قىلغان

ھېسداشـــلىقى ســـېنى مەڭگـــۈ بەختلىـــك قىلالمـــايتتى. باشـــقىلارنىڭ ھېسداشلىقى بىلەن بەختلىك بولغىلى بولىدىغان بولسا، دۇنيادا بەختسىز ئادەم مەۋجۇت بولمايتتى.

ــ بەزىدە غايىبتىن شۇنداق بىر سوئال سورىلاتتى:

ــ ئەسلىمىلىرىڭ ئەجەب ئازابلىق، ھەسرەتلىككىنە؟!

سەن تەمكىن جاۋاب بېرەتتىڭ:

ــ بەختسىز ئادەمنىڭ ئەسلىمىسى شۇنداق ھەسرەتلىك، ئازابلىق بولىدۇ!

سوئال شۇنىڭ بىلەن جىمىپ قالاتتى.

شۇنداق، سەن بەخت قوينىدىكى بىر بەختسىز ئادەم ئىدىڭ. چۈنكى، سېنىڭ مېھرىبان، كۆيۈمچان، ۋاپادار «پەرىشتە»ڭ بار ئىدى؛ ئىللىق، مۇھەببەتلىك ئائىلەڭ بار ئىدى؛ شۇ ئائىلەڭدە سېنى يېڭىدىن - يېڭى ھايات بوستانلىقىغا يېتەكلەپ بارىدىغان بالا - چاقا، نەۋرە - چەۋرىلىرىڭ بار ئىدى ئەمما، سەن ئۆزۈڭنى يەنىلا بەختسىز ھېسابلايتتىڭ. بۇنداق چاغلاردا يەنە غايىبتىن شۇنداق سوئال سورىلاتتى:

ــ سەن نېمە ئۈچۈن ئۆزۈڭنى بەختسىز ھېسابلايسەن؟ ئۆمرۈڭدە يېگەن ئاش - تامىقىڭدىن يېگەن تاياقلىرىڭ كۆپ بولغىنى ئۈچۈنمۇ؟

كەسكىن جاۋاب بېرەتتىڭ:

ــ ياق!

ــ كۆرگەن راھەتلىرىڭدىن تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرىڭ كۆپ بولغىنى ئۈچۈنمۇ؟

ــ ياق!

ــ ئەمىسە نېمىشقا؟

تەمكىن جاۋاب بېرەتتىڭ:

ــ چۈنكى، مەن ئەللىك يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىپمۇ ئاخىرقى بۇيرۇقنى ئىجرا قىلالمىدىم!

ــ قاچانمۇ بەختلىك بولارسەن؟

جاۋابىڭ ئېنىق ئىدى:

ــ ئاخىرقى بۇيرۇقى ئىجرا قىلىنغان كۈنۈم!

سەن شۇ كۈننى زارىقىپ كۈتكەچ داداڭنى، تاغاڭنى، ھەر بىر سەپدىشىڭنى بىر ــ بىرلەپ سېغىنىپ چىقىپ، ئەسلىمە قوينىغا غەرق بولاتتىڭ؛ «قۇرغوي»نى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرۈپ، ئازابلىق ئەسلىمىلەر بىلەن باغىرلىشاتتىڭ؛ ھېلىقى سۈرەتنى قولۇڭغا ئېلىپ، ئەسلىمە دېڭىزغا شۇڭغۇپ، ئۈمىد، ھاياتىي كۈچ ۋە ئازاب سۈزۈپ چىقاتتىڭ!

ساڭا ھاياتىي كۈچ، ئۈمىد بېغىشلايدىغان ۋە ھەسرەتلىك تۇيغۇ كەلكۈنىگە غەرق قىلىدىغان بۇ سۈرەت رامكىلانمىغان، خاتىرەڭنىڭ ئارىسىدا ساقلىناتتى. ئۇنى سېغىنغاندا، ئۇ ھەر قېتىم يادىڭغا يەتكەندە، خاتىرىنىڭ ئارىسىدىن سۈرەتنى سۇغۇرۇۋېلىپ، ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرۇپ پىچىرلايتتىڭ، ئۇنىڭ بىلەن غايىبانە مۇڭدىشاتتىڭ.

باھارنىڭ قىز مەگزىدەك جۇلالىق سەھىرىدە باشلانغان بۇگۈنكى ئەسلىمەڭ ئۈمىد، ھاياتىي كۈچ ۋە ئازاب بەخش ئەتكۈچى ئاشۇ سۈرەتتىن باشلانغانىدى. چۈنكى، سەن ئۇنى بىردىنلا سېغىنىپ قالغانىدىڭ. چوپان دەرياسىنىڭ شاۋقۇنلىرى، كاككۇكلارنىڭ زوقى ۋە ئىشتىياق بىلەن بوغۇلۇپ ــ بوغۇلۇپ سايراشلىرى ئۇنى ساڭا ئەسلىتىپ قويغانىدى.

خاتىرىنىڭ ئارىسىدىن سۈرەتنى سۇغۇرۇۋېلىپ، ياشاڭغىراپ كەتكەن كۆزلىرىڭنى ئۇنىڭغا تىكتىڭ. سۈرەتتە ھەربىي فورما كىيگەن، ئاتمىش ياشلاردىكى بىر ئادەم ساڭا نېمىلەرنىدۇر دېيىشكە تەمشىلىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇ شۇ قەدەر غەمكىن، شۇ قەدەر مىسكىن، شۇ قەدەر بىچارە، كۆزلىرىدىن ھەسرەت تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ساڭا ھەسرەتلىك ھېسسىيات بىلەن قاراپ تۇرغان بۇ ئادەمنىڭ يېنىدا ئاقسېرىق چىھرىنى قورۇق باسقان، ئۆڭۈپ كەتكەن ئۇزۇن چىبەرقۇت چاپىنىنىڭ يېڭىگە قولىنى قوشتۇرۇۋالغان، ياماق ئۇستىگە ياماق چۈشكەن قارا سىيامبو ئىشتىنىنىڭ

تىزلىرى خۇددى پوقاقتەك چىقىپ قالغان، بېشىغا كونا قارا كۆرپە تەلپەك، پۇتىغا ئۇزۇنچاق چورۇق كىيگەن بىر دېھقان مەنىۋى غالىبلىق يېغىپ تۇرغان قوڭۇر كۆزلىرىنى ساڭا مۇھەببەت بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى، بۇ دەل سەن ئىدىڭ.

پىچىرلىدىڭ:

ـــ ئېيتە! سەن نېمىشقا كۈندىن ـ كۈنگە بىچارە، مىسكىن، غەمكىنلىشىپ كېتىۋاتىسەن؟ نېمە ئۈچۈن كۆزلىرىڭدىكى ئەلەم ـ ھەسرەت خۇددى چوپان دەرياسىنىڭ باھار كەلكۈنلىرىدەك ئۇلغىيىپ كېتىۋاتىدۇ؟

ئۇمۇ ساڭا پىچىرلاپ جاۋاب بېرەتتى:

ـ چۈنكى، مەن بەخت قويندىكى بەختسىز ئادەم.

ـ قانداقسىگە؟

ـ چۈنكى، مەن ئەلەمنى خەلقىم ئۈچۈن ئىشلەتمىگەچكە، خەلقىمنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقالماي، ئۇلارنىڭ نەپرىتىگە قالدىم. دۇنيادا خەلقىنىڭ نەپرەت تېشى ئاستىدا يانجىلىشتىن ئارتۇق بەختسىزلىك بولامدۇ؟ ئېيتە! سەمەندەر، ھېلىقى چۈشۈم، 1945 - يىلى باھار ئايلىرىنىڭ بىر كېچىسى سەھەردە كۆرگەن چۈشۈم يادىڭدىمۇ؟

ـ ئەلۋەتتە يادىمدا، خۇددى ھازىرقىدەكلا، سېنىڭ بۇ خاسىيەتلىك ھەم ئازابلىق چۈشۈڭنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ كەتكىلى بولسۇن!؟

ـ... مەن تا ھازىرغىچە چۈشۈمدە چىقىپ قالغان ھېلىقى «تاغ» ئۈستىدە. دۇنيادا چۈشكىلى بولمايدىغان تاغ بولمايدۇ. ئەمما، بۇ «تاغ» چۈشكىلى بولمايدىغان «تاغ». مەن: «ئۆزۈمنىڭ ئەتكەن ئىشىمغىمۇ ئۆزۈم ئىگە بولالمىسام ـ ھە!؟» دەپ قولۇمدىن چۈمۈچنى تارتىۋالغان كىشىلەرنىڭ ئازراق ئەدىپىنى بېرىپ قويغان «گۇناھىم» ئۈچۈن، تەقدىرنىڭ سېھىرلىك قويۇنى مېنى بىر پىقىرتىپلا مۇشۇ چۈشكىلى بولمايدىغان «تاغ»قا چىقىرىپ قويغان! شۇڭا، مەن بۇ «تاغ»دىن

چۈشەلمەيمەن، مەڭگۈ چۈشەلمەيمەن، خۇددى «تاغ»قا چىقىش ئەركىم بولمىغىنىغا ئوخشاش، چۈشۈش ئەركىممۇ يوق؛ مېنىڭ تۇغۇلۇش ئەركىنلىكىم بولمىغىنىغا ئوخشاش، ئۆلۈش ئەركىنلىكىممۇ يوق. چۈنكى، مەن خەلقىم ئالدىدا كەچۈرگۈسىز گۇناھ قىلغان!

ـ مېنىڭكى بارمۇ؟

ـ سېنىڭ بار؛ سىلەرنىڭ بار؛ سىلەرنىڭ ماڭا ئوخشاش تۇغۇلۇش ئەركىنلىكىڭلار بولمىغىنى بىلەن، ئۆلۈش، ئۆلۈۋېلىش ئەركىنلىكىڭلار بار! قەيەردە ئۆلىمەن دېسەڭلار، ئاساسەن شۇ يەردە ئۆلەلەيسىلەر. مەنچۇ؟ ياق، مەن ئۆلەلمەيمەن. سىلەر مۆرىتى كەلگەندە، ئۆلۈۋالىمەن دەپ ھەر خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۆلۈۋالالايسىلەر. مەنچۇ؟ ياق، مەن ئۆلۈۋالاي دەپمۇ ئۆلۈۋالالمايمەن! مېنىڭ ئۆلۈش ئۇسۇلۇم پەقەت ۋە پەقەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ مۇشۇ «تاغ» ئۈستىگە خەلقىمنىڭ مەڭگۈ نەپرىتى ئاستىدا ئەزرائىلنى بىچارىلىك بىلەن كۈتۈش! شۇڭا، مەن ئىنتايىن بەختسىز. بەختسىز بولغانلىقىم ئۈچۈنلا، قەلبىم ھەسرەت ـ نادامەت بىلەن تولغان!

ـ «دۇنيادا مەڭگۈلۈك بەختمۇ، مەڭگۈلۈك بەختسىزلىكمۇ بولمايدۇ». «سەكراتتىكى مۇھەببەت» دېگەن رومانىڭدا سەن شۇنداق دېگەن. شۇڭا، ئۆزۈڭنىڭ بەختسىزلىكى ئۈچۈن بۇنچىۋالا ھەسرەتلىنىپ كەتمە. خەلق سېنىڭ ئازادلىق ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن قوشقان تۆھپەڭ بىلەن ئەمەل تەمەسىدە ئېزىقىپ كېتىپ ئۆتكۈزگەن گۇناھىڭنى ھامان تارازىغا سالىدۇ. ئىشىنىمەنكى ھەم ئۈمىدۋار بولغىنىكى، شۇ چاغدا خەلق سېنى چۈشىنىدۇ، كەچۈرىدۇ!

*　　　*　　　*

ـ نېمىگە يىغلايلا؟

«پەرىشتەك» يەنە سۆھبىتىگلارنى بۆلۈۋەتتى. سەن سۇرەتتىن كۆزۈگنى ئۈزۈپ، ھەسرەتلىك، سېغىنىشلىق ياشلىرىگنى تارىشىدەك قىيتىپ كەتكەن قولۇگنىڭ كەينى بىلەن سۈرتتۈڭ.

ــ بىر يىرتىمەن مۇشۇ مۇناپىقنىڭ سۈرىتىنى!

ــ ئۇنداق دېمىسلە، ئۇ مۇناپىق ئەمەس!

«پەرىشتەك» ئالدىگغا ئاشنى دوققىدە قويۇپ قويۇپ، چىقىپ كەتتى. سەن ئاشقىمۇ قارىماستىن كۆزۈگنى يۇمدۇڭ. خىيال سۇمۇرغۇڭ يىراق ئۆتمۈشكە قاراپ پەرۋاز قىلدى...

## 1

قاغىلىقتا سۇلتان باي ئىسىملىك ئاقسۇلۇق بىر باي ئادەم بار ئىدى. ئۇنىڭ بازار ئىچىدە دۇكان - سارايلىرى، يېتىملىقۇم يېزىسىنىڭ چاسمۇق كەنتىدە باغ - ئاراملىق ھويلىسى، كۆكيار يېزىسىنىڭ گوساس يايلىقىدا مال - چارۋىلىرى بار بولغاچقا، كىشىلەر بۇ ئادەمنى «سۇلتان باي» دەپ ئاتايتتى. ئۇ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولۇپ، دارىلئېتام، دارىلئاجىزىنلارنى ئېچىپ، ئاچ - يالىڭاچ باللارنىڭ ماددىي - مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، قاغىلىق خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەنىدى. ئۇ ناھايىتى سېخىي ئىدى، ئەزەلدىن ھاجەتمەنلەرنى قۇرۇق قول قايتۇرمايتتى. پەننىي ۋە دىنىي ئىلىمدە خېلى كامالەتكە يەتكەنىدى.

سۇلتان باي سودىگەرچىلىكمۇ قىلاتتى. سەن باللىق چاغلىرىگدىكى ئۇستازىڭ راشىدىن مۇپتى ھاجىمنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن بۇ ئادەمنىڭ چوپانىدىكى ۋاكالىتەن مال سېتىۋالغۇچىسى بولۇپ قالغانىدىڭ. سەن سۇلتان بايدىن يىپ - يىگنە، ئۇرۇس گۈگۈتى، سوپۇن، ھەرخىل رەخت، قەنت - ناۋات قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئېلىپ، چوپان،

گوساس، بەشكەنتتاغ قاتارلىق تاغ - تۆزلەرگە ئاپىرىپ سۇ قىلاتتىلىك. ئۇ يەرلەردىن گۈلە - قاق، ياڭاق، يۇڭ - تېرە، كۆرپە - تۆشەك قاتارلىق نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ، سۇلتان بايغا ئۆتكۈزۈپ، ئاردىن ئازدۇر - كۆپتۇر نەپ ئۇندۇرۇپ، تۇرمۇشۇڭنى قامدايتتىڭ.

1944- يىلى ئەتىياز ئايلىرىنىڭ بىرىدە سۇلتان باينىڭ ئۆيىدە رازىق ئىسىملىك موللا سۈپەت كىيىنگەن، قەددى - قامىتى كېلىشكەن، ئوتتۇز ياشلاردىكى ئاقپىشماق، قاپقارا، بولۇپ قاشلىرى ئاستىدىكى قوي كۆزلىرىدىن ئەقىل - پاراسەت نۇرى يېغىپ تۇرىدىغان، قاڭشارلىق، خۇش پېئىل بىر يىگىت پەيدا بولۇپ قالدى. بۇ يىگىت بىر - ئىككى كۈن ئۆتەر - ئۆتمەيلا سىلەر بىلەن، بولۇپمۇ سەن بىلەن بەكمۇ تېز ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولۇپ كەتتى. سەنمۇ ئۇنىڭغا ئامراق بولۇپ قالدىڭ. چۈنكى، ئۇنىڭ ئاجايىپ ھېكمەتلىك سۆزلىرى، دۇنيانىڭ ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگە، ئەرەبتىن پەرەڭگىچە، ئورۇستىن ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، قىرغىزغىچە قىلىدىغان پاراڭلىرى، بولۇپمۇ تۈركىيە، ئامېرىكا... لاردىكى تەرەققىيات ھەققىدە قىلغان ئاجايىپ سۆزلىرى سېنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرغانىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ بىلەن مۇڭداشقانسېرى مۇڭداشقۇڭ، سۆزلىرىنى ئاڭلىغانسېرى ئاڭلىغۇڭ كېلەتتى. قىسقىسى، ئۇنىڭغا شۇ قەدەر ئامراق بولۇپ قالغانىدىڭ. كۆرگۈڭ كېلىپلا تۇراتتى، خۇددى ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپلا قالغانىدەك.

شۇنداق، سەن ئۇنىڭغا دوستانە ئاشىق بولۇپ قالغانىدىڭ.

بىر كۈنى سۇلتان باي سېنى ھۇجرىسىغا چاقىرتتى. ھۇجرىدا ئۇستازىڭ راشىدىن مۇپتى ھاجىممۇ بار ئىدى.

ــ سەمەندەر، بۇ بالا مېنىڭ يېقىن تۇغقىنىم بولىدۇ. ئاقسۇدىن مېنى يوقلاپ كەپتىكەن. «يۇرت ئارىلىغاچ، يايلاق كۆرگەچ، سودا - سېتىق قىلىپ، پۇل تېپىپ كەلسەم» دەيدۇ. سەن باشلاپ بېرىپ، كۆرسىتىپ كەلگىن، ــ دېدى ئۇ.

بۇنى ئاڭلاپ سەن شۇنچىلىك خۇش بولۇپ كەتتىڭكى، بۇ ۋەزىپىنى شۇ قەدەر خۇشاللىق ۋە ئىشەنچ بىلەن ئۈستۈڭگە ئالدىڭ.

ــ ماڭا ئىشەنگەنلىكلىرىگە رەھمەت، باي ئاكا! ــ دېدىڭ سەن خۇشاللىقىڭنى باسالماي.

ـ مېنىڭمۇ رەھمىتىمگە ئېرىشەي دېسەڭ، - دېدى راشىدىن مۇپتى هاجىم، ـــ رازىقئاخۇنغا ئوبدان قارا، بىرەر كېلىشمەسلىك بولۇپ قالمىسۇن!

ــ خاتىرجەم بولسىلا، هاجىم، ئۆزۈمنى ئاسرىغاندەك ئاسرايمەن، كۆز قارىچۇقۇمنى قوغدىغاندەك قوغدايمەن!...

سۇلتان باي ئىككى قېچىرغا ئوروس قۇلۇپى، ئوروس گۈگۈتى، قەشقەر چەكمىنى، قەنت - ناۋات قاتارلىق تۈرمۈش بۇيۇملىرىنى ئارتىپ، سىلەرگە: «خوش» دېدى.

ئىككىڭلار بىردىن ئاتقا مىنىپ، خالاستان دەرياسىنى بويلاپ، ئاۋۋال شىپىخبۇغا كەلدىڭلار. سىلەر تىجارەت قىلىپ، بىر ئۆلىما كىشىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدىڭلار. رازىق ئۆي ئىگىسى بىلەن مۇڭدىشىپ قانمايتتى. بىر چاغدا ئۇ ئۆي ئىگىسى بىلەن مۇڭدىشىپ قانمايتتى. بىر چاغدا ئۇ ئۆي ئىگىسىدىن:

ــ ئاكا، بۇ يۇرتنىڭ ئىسمىنى نېمىشقا «شىپىخبۇ» دەيدۇ؟ - دەپ سورىدى.

ـ بۇرۇنقى زاماندا ئۈچ ئۆلىما شەيخنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى تالىشىپ قاپتۇ، ــ دەپ سۆزىنى باشلىدى ئۆي ئىگىسى،ــ بىرى چوپان يىزىسىنىڭ بىر كەنتىدىكىلەرنى: «شەيخلار» دېگەنىكەن، يەنە بىرى: «ياق، شەيخ بۇ» دەپتۇ. ئۈچىنچىسى: «ياق، شەيخ شۇ» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. بۇ تالاش - تارتىش خېلى ئۇزاق زامانلارغىچە داۋاملىشىپتۇ. شۇنداق قىلىپ چوپان يىزىسىدىكى هېلىقى كەنتنىڭ ئىسمى «شەيخلا(ر)»، بىرنىڭ بۇ يۇرت «شەيخبۇ»، سىلەر بارماقچى بولغان يۇرت «شەيخشۇ» دەپ ئاتىلىپ

قاپتۇ.

رازىق بىر تەرەپتىن ئاڭلايتتى، يەنە بىر تەرەپتىن ئاڭلىغانلىرىنى يازاتتى. سەن بۇلارنى يازغىنىڭ نېمە پايدىسى باردۇ؟ ئاڭلىغاندىكى بولدى ئەمەسمۇ؟ دەپ ئويلاپ ھەيران قالاتتىڭ. ئارقىدىنلا ھە، بۇ يىگىت شۇڭا كۆپ نەرسىلەرنى بىلىدىكەن — دە! دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا ئىچ - ئىچىڭىدىن قايىل بولاتتىڭ ھەم ھۆرمەت بىلەن ھەۋەسلىنىپ قاراپ كېتەتتىڭ.

سىلەر تىجارەت قىلار - قىلار بەشكەنتتاغىنىڭ بىر كەنتى بولغان شەيخشۇغا كەلدىڭلار، شەيخشۇدا ئىككى كۈن تىجارەت قىلدىڭلار. سەن بىردىنلا ئۇنىڭ مەقسىتىنىڭ پۇل تېپىش ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىپ قالدىڭ. چۈنكى، ئۇ كىشىلەر بىلەن باھا تالىشىپ ئولتۇرمايتتى - دېگىنىگە بېرەتتى، يۈك - تېرىلىرىنى... دېگىنىگە ئالاتتى. كىشىلەردىن: «بۇ يولدىن قەيەرگە بارغىلى بولىدۇ؟ بۇ يۇرتنىڭ ئاۋۇ تەرىپىدە قەيەر بار، ماۋۇ تەرىپىدە قەيەر بار؟...» دەپ ئېغىزى بېسقماي سوئال سورايتتى. سوراپ بولۇپ، ئۆزى يالغۇز يەرگە بېرىۋېلىپ بىر نەرسىلەرنى يازاتتى، خۇددى ئۆمۈچۈك توردەك بىر نەرسىلەرنى سىزاتتى. گەرچە سەن سىزغانلىرىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىسەڭمۇ، يازغانلىرىنى ئوقۇشقا قىزىقاتتىڭ. ئەمما، ئۇ يازغانلىرىنى ساڭا ھەرگىز كۆرسەتمەيتتى. شۇڭا، ئىچىڭ پۇشۇپ، ئۇنىڭ سىزغان - يازغانلىرىغا قىزىقىپ، سورايتتىڭ:

— رازىق، نېمىدەپ يازدىڭىز؟

— ھېچنېمە.

— سىزغىنىڭىزچۇ؟

— ھېچنېمە.

ئۇ ساڭا: «ھېچنېمە» دەپلا جاۋاب بېرەتتى. سەن ئۇنىڭ جاۋابىدىن سەل رەنجىپمۇ قالاتتىڭ: «بىر ساراڭغا يول باشلىغۇچى بولدۇممۇ، نېمە؟ نېمىدەپ يازساڭ ياز، نېمە سىزساڭ سىز، ئاداش!...»

سىلەر تىجارەت قىلغاچ مۇشۇ بەشكەنتتاغىنىڭ بېگى - ھەسەن بەگنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدىڭلار. ئىككىسى قاناتلىرىنى بۇركۈتتەك كېرىپ، بىر - بىرىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈشتى:

- ھەسەن!

- زەينىددىن!

ئىككىسى شۇنداق دېيىشىپ، قۇچاقلاشتى، خۇددى ئۇزۇن يىل كۆرۈشمىگەن قىيامەتلىك دوستلاردەك.

زەينىددىن؟ زەينىددىن دېگەن كىم ئۇ؟... ئۇزۇن يىل كۆرۈشمىگەچكە، ئىسمىنى ئالماشتۇرۇپ قويىدى بولغاي...

سەن شۇنداق ئويلىغاچ ئۇلارنىڭ كۆرۈشۈشلىرىنى تاماشا قىلدىڭ. ئۇ ھەسەن بەگنى قۇچاقلاۋېتىپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا: «مەن ھازىر ‹رازىق› »دەپ پىچىرلىدى.

ئۇ شۇنچە پەس پىچىرلىغان بولسىمۇ، سەن ئاڭلاپ قالدىڭ. ئاڭلاپ تولىمۇ ھەيران قالدىڭ. شۇڭا، ئىچىڭدە شۇنداق ئويلىدىڭ: مەن ھازىر رازىق. بۇرۇنچۇ؟ بۇرۇنقى ئىسمىچۇ؟ بۇرۇنقى ئىسمى زەينىددىن - دە، ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇ ئىسمىنى ئۆزگەرتىۋاپتىكەن - دە، نېمىشقا ئۆزگەرتىدۇ؟ بۇلار زادى نېمە ئادەم؟ بۇلار قەيەردە تونۇشقان بولغىيتتى؟..

رازىق ساڭا سىرلىق تۇيۇلۇشقا باشلىدى.

ھەسەن بەگ سىلەرنى خاس ھۇجرىسىغا كىرىۋېلىپ، ئىككى كېچە مۇڭدىشىپ چىقتى. لېكىن، سېنى سۆھبىتىگە قاتناشتۇرمىدى. باشقا بىر ئۆيدە يالغۇز يېتىپ، ئىككىسىنىڭ سۆھبىتىنى سېغىنىپ چىقتىڭ. سېغىنار - سېغىنار ئىچىڭ پۇشۇپ، ئۇنىڭدىن خاپا بولۇپ قالدىڭ.

ئۇلار نېمە دېيىشكەندۇ؟ خەپ، مېنى يالغۇز ياتقۇزۇپ قويىدىيا؟

ھەممىسى رازىق زەينىددىننىڭ ئويۇنلىرى، ماڭا ئىشەنمىگەن گەپ!

ئەتىسى سىلەر مومۇقا قاراپ ماڭدىڭلار. سەن خۇيلىنىۋالدىڭ، گومۇش بولۇۋالدىڭ، جىمغۇر بولۇۋالدىڭ. شۇ ئارقىلىق زەينىددىننى

زېرىكتۈرمەكچى بولغانىدىك. ئۇ ئاخىر زېرىكتى بولغان، سورىدى:
ـ سەمەندەر، مىجەزىڭ يوقما، نېمە؟
ـ...
ـ بىر يېرىڭ ئاغرىمدۇيا؟
ـ...
سەن ئۇنىڭ سوئاللىرىنى جاۋابسىز قالدۇرۇۋەردىڭ. ئۇ جىم بولۇپ قالدى. بىر چاغدا سىلەر بىر ئاچالغا كېلىپ قېلىشىدىڭلار، ئۇ ئالدىراپلا سورىدى:
ـ قايانغا ماڭىمىز؟
ـ ئالدىمىزغا!
ناھايىتى توڭلۇق بىلەن جاۋاب بەردىڭ. ئۇ جاۋابىڭنى ئاڭلاپ، ئالدىڭغا كېلىپ:
ـ ماڭا قارىغىنە، ـ دېدى مۇلايىملىق بىلەن.
قارىماي دېگەنىدىڭ، لېكىن قارىماي تۇرالمىدىڭ.
ـ نېمە بولدى؟
ـ ھېچنېمە!
ـ جېنىڭ چىقىپ كەتسىمۇ گەپ قىلغىنە بىر، زادى نېمە بولدى ساڭا؟!
ساراڭلىق قىلغۇڭ كېلىۋەرمىدى. شۇڭا:
ـــ سىلەر نېمىشقا مېنى باشقا ئۆيدە ياتقۇزۇپ قويۇپ كۈسۈرلىشىسىلەر؟
ـ ئون يىلدىن بېرى جۇغلىشىپ قالغان گەپلىرىمىز...
ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدۈڭ:
ـ مەن ئاڭلاپ قالسام بولمايتتى ـ ھە؟!
ـ ياقەي...
ـ ماڭا ئىشەنمىدىڭلار، شۇنداقمۇ؟

ــ ياقەي، ئىشەنمەيدىغان گەپ يوق. سېنى ئارام ئېلىشۋالسۇن، قېنىپ بىر ئۇخلىۋالسۇن دەپ.

ئۇنىڭ قىپقىزىل يالغان گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، دېمىغىمنى قىقىپ قويۇپ دېدىمكى:

ــ ھىم! ئۇخلىۋالسۇن دەپمىش، تېخى! راست گەپنى دېگەندە، سىلەر ماڭا ئىشەنمىدىڭلار. مەندىن بىر نەرسىنى يوشۇرۇدۇڭلار. سىلەر دۇرۇس ئادەم ئەمەسكەنسىلەر!

ــ سەمەندەر، ماڭا ئىشەن...

ــ ماقۇل، ئىشىنەي، - دېدىم مەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، - قېنى ئېيتە، سەن ھەسەن بەگ بىلەن قاچان تونۇشقان؟

ــ ئون بەش يىلنىڭ ئالدىدا. ئۇ ئاقسۇغا - بىزنىڭ ئۆيگە ئىشلەمچى بولۇپ بېرىپتىكەن. شۇ چاغدا دوست بولۇشقان.

سەن ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەندىڭ، ئەمما يەنە سورىدىم:

ــ رازىق، سېنىڭ ئېتىڭ زادى نېمە؟

ئۇ ساڭا تەئەججۇپ بىلەن قاراپ جاۋاب بەردى:

ــ ئېتىڭ نېمە؟ ئېتىم شۇ رازىق.

ــ راست رازىق؟

ــ راست بولماي ئەمسە!

ــ ئەمىسە، ھەسەن بەگ سېنى «زەينىددىن» دەپ قىچقىردى يا؟

ئۇنى چېلىق يەردىن تۇتۇۋالغاندىك، دۇدۇقلاپ قالدى:

ــ بۇ... بۇ... مېنى بىرىگە... مېنى ئاكامغا ئوخشىتىپ قاپتۇ.

ئىشەنمىدىم.

ــ يالغان!

ــ راست شۇ.

ــ يالغان!

ــ مەيلى ئەمىسە يالغان بولسا.

ئۇ ئىتنىڭ چۇلۋۇرىنى تارتىپ مېڭىشقا تەمشەلدى. بىراق، سەن ئىتىڭنىڭ چۇلۋۇرىنى كەينىگە تارتتىڭ. ئۇ بۇنى كۆرۈپ تېڭىرقاپ قالدى.

— هوي سەمەندەر، نەگە بارىسەن؟ - دەپ ئالدىراپ سورىدى.

— كېتىمەن! زەردەڭ بىلەن جاۋاب بەردىڭ. راستىنىلا كەتمەكچى بولغانىدىڭ.

— نېمىشقا؟

— مەن ماڭا ئىشەنمىگەن ئادەم بىلەن سەپەرداش بولمايمەن!

ئۇنىڭمۇ تاقىتى توشقان بولسا كېرەك، ۋارقىرىدى:

— كەتسەڭ كەت!

سەن ئاتقا قامچا سالدىڭ. ئىتىڭ چىپىپ كەتتى. ئوي - خىياللىرىڭ ئىتىڭدىنمۇ ئىتتىك ئىدى: سۇلتان باي: «رازىقنى نېمىشقا تاشلاپ كەلدىڭ» دېسە، نېمە دەيمەن؟ «ئەسلى ئىتىنى دەپ بەرمىگەندىكىن، قايتىپ كەلدىم» دەيمەنغۇ؟ هاجىم: «رازىقنىڭ ئەسلى ئىسمى بىلەن سېنىڭ نېمە كارىڭ؟ ئۇ نەگە بارىمەن دېسە، شۇ يەرگە ئاپىرىپ - ئەكېلىشنى بىلسەڭ بولمامدۇ؟» دېسە، نېمە دەيمەن؟ يۈزىگە قانداق قارايمەن؟ مەيلى، دەپ بەرمىسە دەپ بەرمىسۇن. «ھەقىقىي ئىسمىڭنى دەپ بەرمىدىڭ، كەچۈرمىشىڭنى سۆزلەپ بەرمىدىڭ» دەپ ئۆزۈم ھۆرمەت قىلىدىغان، ئەقىللىق، بىلىملىك بۇ دوستۇمنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتماي. ئىسمى رازىق بولامدۇ، زەينىددىن بولامدۇ؟ نېمە كارىم...

سەن شۇنداق ئويلاپ، ئىتىڭنىڭ چۇلۋۇرىنى تارتاي دەپ تەمشىلىپ بولغۇچە رازىقنىڭ ئاۋازى قۇلىقىڭغا كىردى:

— بولدى، قايتىپ كەل، ساراڭ يىگىت! ساڭا ھەممىنى دەپ بېرەي!

ئۇنىڭ ناھايىتى دەل ۋاقتىدا ئېغىز ئاچقانلىقىدىن شۇ قەدەر خۇشال بولۇپ كەتتىڭ. سەن ئىتىڭنى خۇددى دۈلدۈلدەك چاپتۇرۇپ، ئۇنىڭ يېنىغا كەلدىڭ.

«رازىق» كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەشكە باشلىدى:

ــــ مېنىڭ ئەسلىي ئىسمىم زەينىددىن زايىت، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى. مەن جەنۇبىي شىنجاڭدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوزغىلاڭ قوزغاش ئۈچۈن كەلگەن. ھەسەن بەگ بىلەن 1931 - يىلى تاشكەنتتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلىمدە تونۇشقان...

ـ ئۇ تاشكەنتكە قانداق بولۇپ چىقىپ قاپتىكەن؟ - دەپ سورىدىك سەن ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ.

ـ ئۇ مۇشۇ بەشكەنتتاغدا بىر نامرات چارۋىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بوپتىكەن. بەش ـ ئالتە يېشىدىلا ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ يېتىم قاپتۇ. بالىلىق دەۋرىنى چۆپتىكى تاغىسىنىڭ ئۆيىدە ناھايىتى مۇشەققەتتە ئۆتكۈزۈپتۇ. ئون بەش ياشقا كىرگەندە زەرەپشان دەرياسىدىن ئۆتۈپ، بورامسال ئارقىلىق تاشقورغانغا كېلىپ، ئەمەلدار، چارۋىدارلارنىڭ چارۋىلىرىنى بېقىپ بىرىپ كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇ شۇ جەرياندا تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ خەنزۇ ئامبىلىنىڭ ئاتلىرىنى بېقىپتۇ. بالىلىرىغا قاراپ بەرگەچ خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىۋاپتۇ. كېيىن شۇ جايدىكى يەرلىك چېگرا ساقلاش ئەترىتىدە چېگرا ساقلىغۇچى ئەسكەر بوپتۇ. چېگرا ساقلاش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ چېگرىدىن ئۆتۈپ، پەرغانە، ئوش، ئەنجان، تاشكەنت قاتارلىق جايلاردا ئون بەش يىل سەرسان ـ سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپتۇ. بىز ئۇنىڭ بىلەن دەل شۇ مەزگىللەردە تاشكەنتتە تونۇشۇپ قالدۇق. بىزنىڭ ياردىمىمىزدە ئۇمۇ ئاز ـ تولا بىلىم ئىگىلىدى. بىز ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلدۇق، ئۇمۇ يۇرتىغا كەتتى. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلمىدۇق. ئۇ يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تاشقورغاندىكى ئەينى چاغدىكى چېگرا ساقلاش ئەترىتىدىكى تاجىك دوستى، 1940 - يىلىدىكى گومىنداڭ قاغىلىق ساقچى ئەترىتىنىڭ باشلىقى ـ بوز يىگىت (بوز توختى) نىڭ تونۇشتۇرۇشى ۋە ياردىمى بىلەن بەشكەنتتاغقا بەگ بوپتۇ. بۇ يىل 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى يەكەندە ئېچىلغان يىغىنىمىزغا قاغىلىقتىن قۇددۇسخان غوجا،

ئابىدۇلئەھەد خېلىلوفلار بىلەن بىللە قاتناشقان. بىز پات يېقىندا ئومۇمىيۈزلۈك قوزغىلاڭ كۆتۈرىمىز...

«رازىق» ساڭا ھەممىنى سۆزلەپ بەردى. ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي خەلقىنىڭ ئازادلىققا ئېرىشكەنلىكىنى، پات يېقىندا پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىققا چىقىدىغانلىقىنى... ئاڭلاپ، يۈرىكىڭ خۇشاللىقتىن يېرىلىپ كەتكىلى تاسلا قالدى، قانلىرىڭ جۇش ئۇرۇپ، تومۇرلىرىڭدا ئۆركەشلىدى، خۇددى خالاستان دەرياسىدەك.

ئىپتىخار ۋە ئۈمىدۋارلىق ئىلكىدە سورىدىڭ:

ـ زەيىنىددىن، ياق... ياق، رازىق، ئېيتىڭە، ئازادلىق دېگەن نېمە؟

ـ ئازادلىق دېگەن بەخت.

سەنمۇ بىلەرمەنلىك قىلىپ:

ـ بەخت دېگەن ئازادلىق، شۇنداقمۇ؟ - دەپ سورىدىڭ. بىراق، كۈتۈلمىگەن جاۋابقا ئېرىشتىڭ:

ـ ياق، بەخت ئازادلىق ئەمەس!

ـ نې... نېمىشقا؟

ـ چۈنكى، ئىنسان ئازادلىققا ئېرىشسىلا بەختلىك بولالايدۇ. ئەمما، بەختكە ئېرىشسىلا ئازاد بولالمايدۇ. ئازادلىققا ئېرىشمەي تۇرۇپ ئېرىشكەن بەختنىڭ ئۆمرى قىسقا بولىدۇ، خۇددى شېرىن چۈشتەكلا.

سەن «رازىق» نىڭ سۆزىگە ئىچ - ئىچىڭدىن قايىل بولۇپ، قىزىرىپ كەتتىڭ. قەلبىڭ شادلىق - ھاياجان بىلەن تولغانىدى، يۈرۈكىڭدە ئۈمىد كۆۋرەيتتى. باش ئۈستۈڭلارغا سايە تاشلاپ تۇرغىنى ئاپئاق بۇلۇت ئەمەس، پات يېقىندا يېتىپ كېلىدىغان ئازادلىق - ھۆرلۈك، بەخت سۇمۇرغىنىڭ قانىتىنىڭ راھەتبەخش سايىسى ئىدى.

تىلىڭ تاغ قۇشلىرىدەك سايراتتى:

شاراقلايدۇ سەھەردە

دەرۋازامنىڭ ھالقىسى.
قىز باللارنى سۆيمەڭلار،
يۇقۇپ قالار ماڭقىسى.

«رازىق»نىڭ شاد كۆلكىلىرىگە قوشۇلۇپ كەتكەن ئوتلۇق ناخشاڭ تاغلاردا ئەكس سادا قايتۇراتتى:

كۆمچىمنى گەمىدە
بۇلاپ يەيمەن قايماقتا.
كۆڭۈل دېگەن ساراڭكەن،
كۆيۈپ قالدىم مايماقتا.

ـ ياشاپ كەت، سەمەندەر!
سەن ناخشا ئېيتىپ ھارمايتتىڭ:

مەن قويۇمنى ئاپىرىپ،
باينىڭ قويىغا قاتتىم.
يامان بولغاچ يار ئوتۇڭ،
مۇزتاغقا چىقىپ ياتتىم.

«رازىق»نىڭ كۆڭلى شۇ قەدەر ئېچىلىپ كەتكەنىدى.

تۇمۇچۇقلار سايرايدۇ
قونۇۋېلىپ باراڭغا.
گەپ قىلمىسام قىلمايمەن
چوكان دېگەن ساراڭغا.

ـ نەچچە كۈننىڭياقى نېمىشقا ئېيتىپ بەرمىگەن گوموش بولۇۋېلىپ؟
ـ ماڭا ئىشەنمىگەندىكىن.
ـ كىچىك بالىنىڭكىدەك خۇيۇڭ باركەن جوما سىنىڭ.

تەن ئالدىڭ، كىچىك بالىدەك قىلىقلارنى قىلىپ يۈرگىنىڭ ئۈچۈن پۇشايمان قىلغان، خىجىل بولغانىدىڭ.

«رازىق» ساڭا چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتتى:

ـ ماڭا ناخشا ئېيتىپ بەرگىنىڭ ئۈچۈن رەھمەت ساڭا، سەمەندەر!

«رازىق»نىڭ رەھمىتىدىن ئىچىڭ ئىسسىققىنە بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكىنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈڭنى بەختىيار سەزدىڭ.

شۇنداق، سەن بۇ ناخشىلارنى يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان يېڭى بىر زامان ئۈچۈن ئېيتىۋاتاتتىڭ؛ سەن بۇ ئېزگۈ ناخشىلىرىڭنى ئۆزىنى خەلقنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن بېغىشلاۋاتقان دوستۇڭ - زەيىنىدىن ئۈچۈن ئېيتىۋاتاتتىڭ؛ سەن بۇ ئىلھامبەخش ناخشىلىرىڭنى زەيىنىدىندەك بىلىملىك بىر ئىنقىلابچى بىلەن سەپەرداش بولغىنىڭ، ئۇنىڭغا يول باشلىغۇچى بولغىنىڭ ئۈچۈن، ئۆز - ئۆزىدىن پەخىرلىنىپ ئېيتىۋاتاتتىڭ؛ يۈرىكىڭدىن كۈچلۈك ئۈمىدىنىڭ تۈرتكىسىدە فونتاندەك ئېتىلىپ چىقىۋاتقان بۇ مۇھەببەت كۈيلىرىڭنى پات يېقىندا پارتلايدىغان قوزغىلاڭغا قاتنىشىش قارارىغا كەلگەنلىكىڭ ئۈچۈن، ئۆز - ئۆزۈڭدىن غۇرۇرلىنىپ ئېيتىۋاتاتتىڭ!

شۇنداق، سەن قوزغىلاڭغا - ھۆرلۈك ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىنقىلابقا قاتنىشىپ، ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان جەڭچىلەردەك قەھرىمانلىقلارنى كۆرسىتىش قارارىغا كەلگەنىدىڭ.

سىلەر مومۇققا يېتىپ كەلدىڭلار. بىر بۇلاقنىڭ بويىغا كېلىپ، ئات - ئۇلاغلارنى ئوتلاققا قويۇۋېتىپ، ئۆزۈڭلارنى بۇلاق بويىدىكى چىملىققا

تاشلاپ ئارام ئالدىڭلار. ئۇنىڭ تەلپى بويىچە، سەن گىرەلەشتۈرۈلگەن قولۇڭغا بېشىڭنى قويۇپ، كۆككە تىكىلگىنىڭچە بىلىدىغان قوشاقلىرىڭنى ئوقۇشقا باشلىدىڭ. ئۇ خاتىرىلەيتتى، سەن ئالدىرىماي مىسرامۇ مىسرا ئوقۇيتتىڭ. باھار قۇياشى كۆكتە مەستخۇش پارلاپ تۇراتتى. بۇلۇتسىز كۆكتە بىر تاغ بۈركۈتى لەرزان پەرۋاز قىلاتتى. خەنجەردەك ئۇچلۇق تاغلاردا رەسىدە بولۇشقا باشلىغان ياپيېشىل قارىغايلار قوشاقلىرىڭغا زەن سېلىپ جىممىدە تۇرۇشاتتى.

ئەتىسى سەن ئۇنى مىرزا ئابابەكرى قورغىنىغا ئېلىپ باردىڭ.

قورغان ئورۇنلاشقان ئېگىز تاغنىڭ شەرق تەرىپى پەلەمپەيسىمان يانتۇلۇق ئىدى. قورغاننىڭ جەنۇبتىن شىمالغا بولغان ئۇزۇنلۇقى بەش يۈز مېتىر، شەرقتىن غەربكە بولغان ئۇزۇنلۇقى يۈز مېتىر، شەرق تەرەپتىكى تاش بىلەن قوپۇرۇلغان تېمىنىڭ ئېگىزلىكى ئون مېتىر، كەڭلىكى ئۈچ مېتىر كېلەتتى. جەنۇب، غەرب، شىمال تەرەپلەردىكى ئېگىز تاغ باغرىنى بويلاپ، قورغاننى ئايلىنىپ غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا قاراپ شىددەت بىلەن ئاقىدىغان خالاستان دەرياسىغا قارىسا، ئادەمنىڭ بېشى قايىاتتى. قورغاندىكى ۋە زىنداندىكى ئادەم سۆڭەكلىرىگە قارىسا، ئادەمنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ سىلكىنىپ كېتەتتى. قورغان ئىچىدە ئون ئېغىز ئۆينىڭ خارابىسى ۋە خالاستان دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا يانداشتۇرۇپ سېلىنغان مەھبۇسلارنى سىيرىلدۇرۇپ تاشلايدىغان بىر زىندان ئىزى بار ئىدى. بۇ زىندانغا تاشلانغان ئادەمنىڭ بۇ يەردىن چىقىپ كېتىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. «توققۇزى تەل»، مۇستەھكەملىكتە جاھاندىن يەنە بىرنى تاپقىلى بولمايدىغان بۇ تەبىئىي قورغاننى كۆرۈپ، «رازىق» چوڭقۇر ئويغا پاتتى.

ــ مىرزا ئابابەكرى دېگەن كىم، بىلەمسەن؟ - دەپ سورىدى ئۇ چوڭقۇر خىيال قوينىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ.

ــ بىلىمەن! ــ دېدىڭ سەن بىلەرمەنلىك قىلىپ، - ئۇ دېگەن

قەدىمدە ئۆتكەن بىر زالىم پادىشاھ، - سەن چوڭلاردىن ئاڭلىغان بىر رىۋايەتنى سۆزلەشكە باشلىدىڭ، - ئۇ بۇ قورغاننى سالدۇرۇش ئۈچۈن ئەر - ئاياللارغا ئوخشاشلا بىر كىشىلىك ھاشار، بىر كىشىلىك تاماق بېرىپتىكەن. لېكىن، ئېغىر ئاياغ ئاياللارغا ئىككى كىشىلىك تاماق، ئىككى كىشىلىك ھاشار بېرىپتىكەن.

— نېمىشقا؟

— بەلكىم، قورسىقىدىكى بالىسىمۇ بىر كىشىلىك تاماق يېگەندىكىن دەپ، شۇنداق قىلغان بولغىيتتى.

— مانا مۇشۇ رىۋايەتنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ ئىنتايىن زالىملىقىغا دەلىل بولالايدۇ. چۈنكى، رىۋايەتنىڭ ئۆزىمۇ بىر بەدىئىي تارىخ، - ئۇ بىردەم جىم بولۇپ قالغاندىن كېيىن، - سەمەندەر، مىرزا ئابابەكرى دېگەن قاچان، قەيەردە ئۆتكەن ئادەمكەن؟ ئۇ بۇ قورغاننى قاچان، نېمىشقا سالدۇرۇپتىكەن؟ - دەپ سورىدى.

— تاڭ.

— بىلەمسەن؟

— بىلمەيمەن، بۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

— ھېچكىم بىلمەيدۇ؟ بىلىدۇ، مانا مەن بىلىمەن!

بۇنىڭ ئۇنىڭ بىلىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ، تېخىمۇ ھەيران قالدىڭ؛ ئۇنىڭ راستىنلا بىلىمدانلىقىدىن يەنە بىر ھەيران قالدىڭ. مۇشۇنداق بىلىملىك بىر ئادەمگە يولۇقتۇرغان تەقدىرىڭدىن چەكسىز سۆيۈندۈڭ.

— مىرزا ئابابەكرى 1435 - يىلى تۇغۇلغان، ساختا يارلىق ئارقىلىق يەكەننىڭ بېگى بولۇۋالغان. بۇ قورغاننى ئۇ بەگ بولۇپ يۈرگەن چاغلاردا 1477 - يىلى ئىش باشلاپ، 1480 - يىلى پۈتتۈرگەن. ئۇ 1483 - يىلى تەگرىتېغىنىڭ جەنۇبى، بەدەخشان، قىسمەن پەرغانە رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «قەشقەر خانلىقى»نى قۇرغان. ئۇ خانلىقتا ئولتۇرغان قىرىق سەككىز يىل ئىچىدە باشتا ئادالەت بىلەن يۇرت سورىغان،

كېيىنكى چاغلاردا خەلقىمىزگە سالمىغان زۇلۇمى قالمىغان. ھېلىقى سەن ئېيتقان رىۋايەتتىكى ئېغىر ئاياغ ئايالالارغا ئىككى كىشلىك تاماق، ئىككى كىشلىك ھاشار بېرىشى ئۇنىڭ ئىنتايىن زالىم - ۋەھشىيلىكىنىڭ مۇبالىغە بىلەن سۈرەتلىنىشى...

- ئۇ قانداق ئۆلگەن؟

ئۇ سېنىڭ سوئالىڭغا جاۋاب بېرىشتىن بۇرۇن سەئىدخان ھەققىدە سۆزلەپ بەردى:

—... 1514 - يىلى سۇلتان سەئىدخان تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلۇپ، لاداخ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن. سەن ئوقۇپ بەرگەن:

قىزىلچىدا مازار بار،
مىرزا بەگكە تەئەللۇق.
چۆلدە قالغان ئۆلۈكى
قاغىلارغا يەم - ئوزۇق.

دېگەن قوشاق بۇنىڭ دەلىلى...

- ھە راست، - دېدىڭ سەن بىر ئىشنى ئېسىڭگە ئېلىپ ۋە ئۇنىڭمۇ ئېسىگە سالماقچى بولدۇڭ، - شېيخبۇنىڭ ئېگىزيار كەنتىدە مۇشۇنىڭغا ئوپمۇ ئوخشايدىغان يەنە بىر قورغان بار.

ئۇ ئەپسۇسلۇق ئىلىكىدە ساڭا قاراپ:

- نېمىشقا شۇ چاغدا دېمىگەن؟ - دەپ سورىدى.

- دېمەيتتىمەن... بىلەمتىكى دەپ...

- بىلىشىمغۇ بىلىمەن، بىراق كۆرگۈم بار ئىدى.

ئۇنىڭ بۇنىمۇ بىلىدىغان بولۇپ چىقىشى سېنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرۇۋەتتى. شۇڭا، سەن ئۇنىڭدىن قىزىقىپ سورىدىڭ:

- ئۇ قورغاننى كىم سالدۇرغان بولغىيتتى؟

ـ ئۇنىمۇ مىرزا ئابابەكرى سالدۇرغان...

«تووۋا، بۇ ئادەممۇ ياكى خىزىرمۇ؟ ئۇنىڭ بىلمەيدىغان نەرسىسىمۇ بارمىدۇ؟..»

سەن ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدىڭ.

ئۇ قورغاننى ئايلىنىپ يۈرۈپ تەپسىلىي كۆردى ۋە خېلى ئۇزاققىچە بىر نېمىلەرنى يازدى، بىر نېمىلەرنى سىزدى.

سەن بۇ قېتىم ئۇنى: «نېمىدەپ يازدىڭىز؟ سىزغىنىڭىز نېمە؟...» دەپ ئاۋارە قىلمىدىڭ.

سىلەر داۋان ئېشىپ، چوپان بەگلىكىگە قارايدىغان گوساس قىشلىقىغا كەلدىڭلار. گوساسقا سۇلايمان ئىسىملىك بىر ئادەم يۈز بېشى ئىدى. سىلەر ئۇنىڭ هويلىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپلا شۇ يەردە توختاپقالدىڭلار. چۈنكى، سۇلايمان يۈز بېشى قاتار كەتكەن ئۈجمىلەرگە قاتۇرىسىغا ئېسىپ قويۇلغان بىر قانچە دېهقان - چارۋىچىنى هە دەپ قامچىلاۋاتاتتى. دېهقان - چارۋىچىلار كۆكلەكچان، ئەزايىنىڭ ساق يېرى قالمىغان، قان بىلەن بويالغان، قاش - قاپىقى يېرىلغانىدى. ئۇلارغا هەربىر قامچا تەگكەندە، تولغىنىپ - تولغىنىپ كېتەتتى، خۇددى سويلاپ كېلىۋاتقان يىلاندەك. يىلىنىش - ئىلتىجالىرى يۈرەكنى ئېزەتتى، گويياكى مومىدەك. داد - پەريادلىرى تەننى سىرقىرىتاتتى، مىسالى ئامبۇردا قىسقاندەك.

سېنىڭمۇ يۈرىكىڭ مۇجۇلۇپ، تەنلىرىڭ سىرقىراپ كەتتى. «رازىق»قا قارىدىڭ. ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ، نېپىز لەۋلىرى لىپىلداپ كەتكەنىدى، خۇددى باھار ئاپتىپىدا بەرق ئۇرۇۋاتقان نەرگىس بەرگىدەك. ۋۇجۇدى تىترەۋاتاتتى، بەئەينى كەچ كۈزدىكى ماماكاپ ياپراقچىلىرىدەك.

«رازىق» ئاتتىن چۈشۈپ بولغۇچە سەن ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپلا ئۇنىڭ قولىدىن چۇلۇۋۇرنى ئالدىڭ. ئۇ سۇلايمان يۈز بېشىنىڭ قېشىغا

ناھايىتى ئىتتىكلا باردى - دە، قولىنى كاپپىدە تۇتۇۋالدى. سۇلايمان يۈز بېشى «رازىق»نى كۆرۈپ، باش - ئايىغىغا بىر قۇر قاراپ، سەل پەسكويىغا چۈشتى - دە:

ـ سەن نېمە ئادەم؟! - دەپ سورىدى.

ـ مەن سودىگەر، - دېدى ئۇ تەمكىنلىك ۋە مۇلايىملىق بىلەن ئۆزىنى ئارانلا بېسىۋېلىپ.

ـ مېنىڭ ئىشىمغا ئارىلاشماي، قولۇمنى قويۇپ بەر!

«رازىق» سۇلايمان يۈز بېشىنىڭ قولىنى تېخىمۇ چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ سورىدى:

ـ بۇ ئادەملەرنى نېمىشقا ئۇرىسەن؟

ـ ئالۋان - سېلىقنى بەرگىلى ئۇنىمىدى.

ـ مۇشۇنداق ئۇرساڭ بېرەمدۇ؟

ـ بېرىدۇ.

ـ بولسا بېرەر؟

ـ بولسىمۇ بەرمەيدۇ بۇ يالاڭتۆشلەر!

«رازىق» سۇلايمان يۈز بېشىنىڭ قولىنى قويۇپ بېرىپ، يانچۇقىدىن قىرىق سەر كۆمۈش چىقىرىپ، ئۇنىڭغا بېرىپ، بىچارە دېھقان - چارۋىچىلارنى تەگلىك ۋە زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ باش - كۆزلىرىدىكى قانلارنى سۈرتۈپ، بىر كىيىملىكتىن ماتا(خام) تارقىتىپ بەردى. بۇ بىچارىلەر ئۇنىڭغا پۇكۇلۇپ تەزىم قىلىپ، رەھمەت - تەشەككۇر ياغدۇرۇشتى، خۇددى باھار يامغۇرلىرىدەك.

سەن ئۇنىڭ ھىممىتىدىن شۇ قەدەر سۆيۈنۈپ كەتتىڭ. كۆزلىرىڭگە ئىسسىق ياش كەلدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭدەك مەرد ساخاۋەتچىنى كۆرۈشۈڭ تۇنجى قېتىم ئىدى. ئەگەر مۇشۇ ئەھۋاللارنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرمىگەن بولساڭ، بىراۋ: «مۇشۇنداقمۇ ساخاۋەتچى بار» دېسە، ھەرگىز ئىشەنمەيتتىڭ.

ــ غوجام، بۇ كىشى كىم بولىدۇ؟ - دەپ سورىدى بىر كىشى سەندىن.
ــ بۇ كىشى... بۇ كىشىنىڭ ئىسمى «رازىق» باي، سېخىي سودىگەر.
ــ غوجام، - دېدى يەنە بىرىمۇ گەپكە ئارىلىشىپ، - «خىزىر»مىكى دەيمەن يا، مەن؟
سەن چەكسىز پەخىرلىنىش ئىلكىدە جاۋاب بەردىڭ:
ــ شۇنداق، ئۇ خىزىرانە ئادەم ئىدى.
«رازىق» يامغۇردەك ياش تۆكۈۋاتقان خوشلاشقۇچىلارغا ئۈمىد بېغىشلاپ: «قېرىنداشلار، ئۈمىدۋار بولۇڭلار، بۇ كۆنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. ياخشى كۆنلەرنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئاز قالدى!» دېدى - دە، ئۇلار بىلەن خوشلاشتى.
سىلەر سودا قىلغاچ گوساس يايلاقلىرىغا يۆرۈپ كەتتىڭلار. يايلاقتا يېشىل قارىغايلىقلارنى ئارىلاپ، مالچىلارنىڭ قىتىق - قايماقلىرى بىلەن مېهمان بولۇپ، تۆت - بەش كۈننى ئۆتكۈزۈۋەتتىڭلار. چۈنكى، «رازىق»نىڭ ساخاۋەتلىك نام - شۆھرىتىنى يايلاق شاماللىرى مالچىلارنىڭ قۇلاقلىرىغا ئاللىبۇرۇن يەتكۈزۈپ بولغانىدى. بىراق، ئۇ مالچىلارنىڭ قوي سويۇشىغا ھەرگىز يول قويمىدى، پەقەت قىتىق - قايماق بىلەنلا مېهمان بولدى.
ــ ئۇلۇغئاتقا كەلدۇق، - دېدىڭ سەن داۋانغا يېقىنلاشقاندا.
ــ نېمە، ئۇلۇغئات؟ - «رازىق» ھەيران قالدى.
ــ ھەئە.
ــ «ئات» ئەمەس، «ئارت». «ئۇلۇغئارت» دەيمىز. «ئارت» دېگەن بۇ سۆز «داۋان» دېگەنلىك بولىدۇ، - دېدى ئۇ ساڭا چۈشەندۈرۈپ، - ھەي سەمەندەر، مۇشۇ تاغلاردا مۇشۇنداق «ئارت» سۆزى بىلەن ئاتىلىدىغان يەنە قايسى داۋانلار بار؟ - دەپ سورىدى يەنە.
- يەنە «كىچىكئارت»، «قۇرۇمئارت»، «كۆكئارت»،

«ئېشەكئارت»، «تامئارت» دېگەن داۋانلار بار.
ـ سەن ھەممىسنى بىلەمسەن؟
ـ ياق، مەن ئۇ تەرەپلەرگە ئۆتۈپ باقمىغان.
ـ ئۆتۈپ باقمىغان بولساڭ، ئەمدى ئۆتۈپ باقىلى.
سىلەر مالچىلاردىن سوراپ يۈرۈپ گوساسىنىڭ ئۈسەس يايلىقى ئارقىلىق ئۇلۇغئارت داۋىنىدىن ئۆتۈپ، كەشمىر بىلەن چېگرىلىنىدىغان يۇلۇڭ قىشلىقىغىچە بېرىپ، ھەممە داۋان، يايلاقلارنى كۆرۈپ كەلدىڭلار. شۇ يايلاق، شۇ داۋانلاردىن ھالقىپ قەيەرلەرگە بارغىلى بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇڭلار. «رازىق» يەنىلا ھەم يازاتتى، ھەم سىزاتتى.
«رازىق» بارغانلىكى جايدا قارىغايلىقلار بىلەن چۈمكەلگەن تاغ چوققىلىرىغا، كېيىك، بۆكەن، قوي، قوتاز... لار بىلەن تولغان، «ھۆپپىدە» ئېچىلغان گۈللەر بىلەن بېزەلگەن كەڭرى يايلاقلارغا، بۈركۈت، ئۇلار... لار غۇيۇلداپ ئۇچۇپ تۇرىدىغان زۇمرەت كۆككە تويماي قارايتتى. بىر چاغدا ئۇ ساڭا قاراپ:
ــ قارا، سەمەندەر، بىزنىڭ يۇرتىمىز، بىزنىڭ ۋەتىنىمىز مانا مۇشۇنداق گۈزەل ھە بايلىق بىلەن تولغان! - دېدى.
سەن «رازىق»قا قارىدىڭ. ئۇ پەخرىمەنلىك بىلەن ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ قويۇپ جىم بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ گېپىنى سەن داۋاملاشتۇردۇڭ:
ــ شۇڭا، بۇ سۆيۈملۈك يۇرتىمىز، سۆيۈملۈك ۋەتىنىمىز بىلەن پەخىرلىنىشىمىز، ئۇنى سۆيۈشىمىز، قوغدىشىمىز كېرەك!
ـ شۇنداق، «جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولمايدۇ!»
سەن چىن يۈرىكىڭدىن تەستىقلىدىڭ:
ـ شۇ!
سىلەر ئايلىنار ـ ئايلىنار يەنە گوساسقا قايتىپ كەلدىڭلار - دە، گوساس داۋىنى ئارقىلىق چوپانغا چۈشتۈڭلار.
چوپان «رازىق»قا ئاجايىپ يېقىپ كەتتى؛ جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ

قىشمۇ ياز توختىماي ئېقىپ، زەرەپشان دەرياسىغا قوشۇلۇپ كېتىدىغان ئويناق چوپان دەرياسى، شەرق ۋە غەرب تەرىپىدە تەبىئىي تاغ سېپىلى ھاسىل قىلغان سېرىق توپىلىق دۆڭلۈك ۋە تاغلىرى، ساپ ھاۋاسى، بۈك - باراقسان مەھەللىلىرى، ئالما، نەشپۈت، ئۈزۈمكلەر بىلەن تولغان غۇژمەك - غۇژمەك باغلىرى، توپا چىراي، دىلى سۇنۇق، ئەمما ئاق كۆڭۈل، مېھماندوست خەلقى ئۇنىڭغا قەۋەتلا يېقىپ كەتتى. ئۇ ئازغانسال كەنتىنىڭ كۆلئاغزى دېگەن يېرىدىكى داۋان ئارقىلىق گوساسقا، گوساس ئارقىلىق كۆكيار يېزىسىنىڭ ھەر قايسى كەنتلىرىگە، چوپاننىڭ شېيخبۇ كەنتىگە، گىرىڭلا، ئاتىرىس جىلغىلىرى ئارقىلىق يەكەننىڭ قوشراپ يېزىسىغا، دەريا ياقىلاپ مېڭىپ قاراشور كەنتى ئارقىلىق يەكەننىڭ كاچۇڭ يېزىسىغا بارغىلى بولىدىغان يوللارنىڭ خەرىتىسىنى سىزدى.

ئۇ بىر كۈنى سەھەردە داداڭغا چۈش ئۆرۈپ مۇنداق دېدى:

ـ مەن كېچىدە مۇنداق بىر چۈش كۆرۈپتىمەن: ئىچىگە شوتا قويۇپ چۈشكۈدەك ناھايىتى يوغان بىر قازاندا ئاش پىشۇرۇپتىمەن. قاچىلىرىنى تەڭلەپ كەلگەن نۇرغۇن كىشىلەرگە ئاش ئۇسۇپ بېرىپتىمىشمەن. ئاشنى ئۇسسام - ئۇسسام پەقەتلا تۈگىمەيمىش. بىر چاغدا ناھايىتى بىچارە بىر توپ كىشىلەر قاچىلىرىنى تەڭلەپ كېلەرمىش. ئىچىم ئاغرىپ، ئۇلارغىمۇ ئاش بېرىمىشمەن. بېرىمىشمەنۇ بېرىمىشمەن، ئۇلارنىڭ تولىلىقىدىن ھەر قانچە قىلىپمۇ ئۇلارغا ئاش ئۇسۇپ ئۈلگۈرتۈپ بولالمايمىشمەن. ئاخىر ھالىمدىن كېتىپ توختاپ قالىمىشمەن. ئۆز قوۋملىرىمگە ئاش ئۈزۈتۈپ بېرەلمەيمىشمەن. ئەمما، ھېلىقى كىشىلەر مېنىڭ ئاش ئۈزۈتۈپ بېرىشىمنى كۈتمەستىن چۆمۈچنى قولۇمدىن تارتىۋېلىپ، ئۆزلىرى ئۇسۇپ ئىچىۋېرىمىش. مەن ئۆزۈمنىڭ ئەتكەن ئېشىغا ئۆزۈم ئىگە بولالمىسام - ھە!؟ دەپ ئويلاپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر بىلەرمەننىڭ ئەدىپىنى بېرىمىشمەن. بىراق، جېدەل تېخىمۇ ئۇلغىيىپ كېتەرمىش. مەن ئاچچىقىمدا: «توختاش، ھەممىڭنىڭ ئەدىپىڭنى بىر بەرمىسەم!» دەپ

يان - بىلىمنى ئاختۇرۇشۇمغا، ناھايىتى ئېگىز بىر تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قالىمىشمەن. تاغ ئۈستىدە تۇرۇپ قارىسام، كىشىلەر ئۇلاش - چولاش باش - كۆزى يوق ھالدا تاماق يەۋېتىپتىمىش، خۇددى ئۆمرىدە تاماق يەپ باقمىغاندەك. مەن تاغدىن پەسكە سىيرىلىپ چۈشۈشۈمگە پۇتۇم «پارتتىدە» تېيىلىپ كېتىپ، بىر ئۇچلۇق تاشقا ئىلىنىشىپ قالىمىشمەن. مەن تاغدىن يا چۈشەلمەيمىشمەن، يا ئۈستىگە چىقالمايمىشمەن. ئۇنى ئۈستىگە كىشىلەر ماڭا بىر - بىرلەپ تاش ئېتىشقا باشلايمىش. مەن قورقۇپ: «ئەي خالايىق، مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار!.. گۇناھىمدىن ئۆتۈڭلار!...» دەپ ۋارقىراپ ئويغىنىپ كەتتىم.

داداڭ بىر هازا ئويلانغاندىن كېيىن دېدى:

– ئاش دېگەن رىزىق، سىز ئۆز قولىڭىزغا رىزىق تارقاتقۇچى - كاتتا ئەمەلدار بولىدىغان ئوخشايسىز، بىراق...

داداڭ تەبىرىنىڭ داۋامىنى يۇتۇۋەتتى. سەنمۇ، «رازىق»مۇ «بىراق»نىڭ ئاخىرىنى سورىمىدىڭلار، سورىغۇڭلار كەلمىگەنىدى، سوراشقا جۈرئەت قىلالمىغانىدىڭلار. شۇڭا، سىلەر خېلى ئۇزاققىچە جىمىپ كېتىشتىڭلار.

سېنىڭ ھويلاڭ چوپان دەرياسىنىڭ غەربىدىكى بۇكىدە مەھەللە - شېيخلا كەنتىدە ئىدى. چوپان دەرياسىنىڭ سۈس ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان شاۋقۇنى ئادەمنى زېرىكتۈرمەيتتى. شۇڭا، «رازق» بۇ يۇرتتا - سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلاردا ئۇن يەتتە كۈن تۇرۇپ قالدى. شۇ ئارىلىقتا ئۇنى دامىسى - قوشراپ، چىمدۇ - كاچۇڭلارغا ئاپىرىپ كەلدىڭ. ئۇ بۇ جەرياندا سودا قىلغاچ تويى - تۆكۈن، نەزىر - چىراغلارغا باردى، يۇرت مۆتىۋەرلىرى بىلەن ئۇچراشتى، مۇڭداشتى. بولۇپمۇ تاغاڭ - پەنىنى مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى، كىچىككىدە ئاغزىڭغا تۇنجى ئىلىم سالغان سۆيۈملۈك ئۇستازىڭ ماموت ئەپەندى بىلەن سىرداشلاردىن بولۇپ قالدى. ئۇ مۇشۇ يۇرتقا نىسبەتەن ئىلىمدە خېلى كامالەتكە يەتكەن، ياۋاش، ئەمما

غۇرۇرلۇق ئادەم بولۇپ، ئۇرغۇن شاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەنىدى. شۇڭا، يۇرت خەلقى ئۇنى «ماموت ئەپەندى» دەپ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىشاتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇنى مۇشۇ يۇرتنىڭ مەنىۋى يېتەكچىسى دېسە، ھەرگىز يالغان بولمايتتى، ئارتۇق كەتمەيتتى؛ ھەتتا ئۇنى چوپان ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر، قىرغىز، تاجىك خەلقىنىڭ روھىي تۈۋرۈكى دېسە، ھېچكىم: «ياق!» دېمەيتتى.

– «رازىق»، يۈسۈپ بەگدىن ئېھتىيات قىلىڭ، - دېدى بىر كۈنى ماموت ئەپەندى، ئۇ سىزنىڭ پېيىڭىزگە چۈشكەندەك قىلىدۇ.

يۈسۈپ بەگ چوپاننىڭ بېگى ئىدى. گەۋدىلىك، سېمىز، سېرىق چېھرىدىن ياۋۇزلۇق، شۇملۇق تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان بۇ ئادەمدىن ئېھتىيات قىلماي زادى بولمايتتى.

بىز ماموت ئەپەندى بىلەن خوشلىشىپ بولغاندىن كېيىن، «رازىق»: سىلەر نەرسە - كېرەكلىرىڭلارنى تەخلەپ قويۇپ، بالدۇرلا يېتىپ قالدىڭلار. يېرىم كېچە بولغاندا، ئىشىك ئەنسىز قېقىلدى. سەن چۆچۈپ بېشىڭنى كۆتۈردۈڭ. «رازىق»مۇ ئويغىنىپ ئەنسىز پىچىرلاپ سورىدى:

– كىمدۇر ئۇ؟

تاغەي، مەن چىقىپ باقاي.

سەن چاپىنىڭنى يېپىنچاقلاپ چىقىپ دەرۋازىنى ئاچتىڭ. ئايئاق نۇر چېچىپ تۇرغان تولۇن ئاي ئاستىدا تاغاڭ - ماموت ئەپەندى تەشۋىشانە جىددىيلىك بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئېغىر - ئېغىر ھاسىراشلىرىدىن ناھايىتى تېز يۈگۈرگەنلىكىنى ۋە مۇھىم بىر خەۋەر ئېلىپ كەلگەنلىكىنى جەزم قىلدىڭ. دەريا شاۋقۇنلىرىغا قوشۇلۇپ كېتىۋاتقان ھاسىراشلىرى سېنى بەكمۇ تەقەززا قىلاتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئاغزىدىن «تېز... تېز...» دىن باشقا گەپ چىققىلى ئۇنىمايۋاتاتتى.

– نې... نېمە بولدى، مولدادا؟! - دەپ سورىدىڭ سەن تاغاڭنىڭ پىلىلداپ تۇرغان قوڭۇر كۆزلىرىنىڭ نۇرانە قارىچۇقلىرىغا تىكىپ چىققان

ئەنسىزلىك بىلەن دۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقان يۈرىكىنىڭ ئەكسىگە تەقەززالىق ئىلىكىدە تىكىلىپ.

ــ تېز... تېز قېچىڭلار. سىلەرنى تۇتقىلى... يامۇلدىن يايىلار كەپتۇ. كېل.. كېلىۋاتىدۇ.

تاغاڭنىڭ گەپ - سۆزلىرى ۋە روھىي ھالىتىگە قاراپ، ئىشنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرنى سۈرۈشتە قىلىشقا ۋاقىت يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ، ئۆزۈڭنى ئۆيگە ئاتتىڭ.

ــ «رازىق» ، تېز بولۇڭ!

ئۇمۇ كىيىنىپ تەل بولۇپ تۇرۇپتىكەن، كەينىڭدىنلا چىقتى. داداڭ ئۆگزىگە چىقىپ كەتتى، سىلەر ئېگەر - جابدۇقلارنى كۆتۈرۈپ ئېغىلغا يۈگۈردۈڭلار.

داداڭنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

ــ «رازىق ئاخۇن» ، چېرىكلەر ئېشەكلا كېلىپ بولاپتۇ، چاپسان بولۇڭ ، قاپاق تېرەكنىڭ كامىرىغا كىرىۋېلىڭ!

داداڭنىڭ گېپىدىن ئاتلارنى توقۇشقا ئۈلگۈرەلمەيدىغانلىقىڭلارنى بىلگەن «رازىق»:

ــ مېنىڭ مۈلەم!... دېدى.

سەن ئۇنىڭ مۈلىسىنى قولىغا ئېلىپ بەردىڭ. مۈلىنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ يازغان - سىزغان بارلىق ماتېرىياللىرى ۋە ناھايىتى كىچىك بىر تاپانچىسى بار ئىدى. ئۇ مۈلىنى قۇچاقلىغان پېتى باغقا كىرىپ كەتتى، سەن دەرۋازىنى تاقاپ، ئۆزۈڭنى ئۆيگە ئاتتىڭ. يوتقانغا كىرىپ جىممىدە يېتىۋالدىڭ، يۈرىكىڭ دۈپۈلدەيتتى، ھېلىتىن قورقۇپ، جېنىڭ چىقاي دېگەنىدى، شۇڭا، تىلىڭ ئىلتىجادىن خالىي ئەمەس ئىدى: «ئەي ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم، ھەممىمىزنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن!...»

تېخى ئېغىر - ئېغىر تىنىقلىرىڭ بېسىقماي تۇرۇپلا، ھويلىنى ئوپۇر - توپۇر قاپلاپ كەتتى؛ تېخى يۈرىكىڭنىڭ «دۈك - دۈك»لىرى

توختىماي تۈرۈپلا، پەنجىرىدىن، تۈڭلۈكتىن مىلتىقلارنىڭ ئىستوۋۇللىرى ساڭگىلاپ بولدى، خۇددى يالماۋۇزنىڭ چاڭگىلىدەك.

— قىمىرلاشما، بولمىسا گرانات تاشلاپ، ئۇچەي - قارنىڭلارنى كۆككە سورۇۋېتىمىز!

سىلەر قىمىرلاشمىدىڭلار، قىمىرلاشساڭلارلا، چېرىكلەرنىڭ گرانات تاشلاپ، ئۇچەي - باغرىڭلارنى كۆككە سورۇۋېتىشى تۇرغان گەپ ئىدى. ئىشىكنىڭ تاقاقلىرى، ئۇلگۇجەكلىرى «قاراس - قۇرۇس!» قىلىپ سۇنۇپ، ئۆيگە بىر توپ چېرىك باستۇرۇپ كىردى. بىرى سەرەڭگە يېقىپ، مورا بېشىدىكى جىنچىراغنى ياندۇردى.

— قوپۇشە!

سىلەر قوپۇشتىڭلار.

— زەينىددىن دېگەن قايسىڭ!؟

سەن بۇ چاغدا ئۆزۈڭنى خېلى تۇتۇۋالغانىدىڭ. قورقۇنچلىرىڭمۇ شىپپىدە پەسلەپ قالغانىدى. شۇڭا، ساختا قورقۇنچ ئىلكىدە:

— زەين... زەينىددىن؟ - دەپ سورىدىڭ.

— ھە، زەينىددىن زايىتوف!

سەن تەمكىن جاۋاب بەردىڭ:

— بۇ... بۇ ئۆيدە زەينىددىن دەپ ئادەم يوق.

— ھېلىقى «رازىق» چۇ؟

— ھە، «رازىق»دەڭلا مۇنداق. ئۇ تۈنۈگۈن كەتكەن.

چېرىكلەر كېيىڭگە ئىشەنمىدى، ئەلۋەتتە ئىشەنمەيتتى.

— ئاختۇرۇڭلار!

چېرىكلەر ئۆيمۇ ئۆي، سامانلىقمۇ سامانلىق ئاختۇرۇشتى. سەن «رازىق»تىن خاتىرجەم ئىدىڭ. چۈنكى، يېشىنى داداڭمۇ بىلمەيدىغان، ئىككى ئادەمنىڭ غۇلچى ئارانلا يېتىدىغان، قېرىلىقىغا باقماي جومباق - جومباق شاخلاپ كەتكەن، پورلىشىپ ئىچى خۇددى بۆز تاغاردەك بولۇپ

كەتكەن سۆيۈملۈك قاپاق تېرىكىلىك ئۇنى ھەرگىز ئاشكارىلاپ قويمايتتى، سىلەر قىيناقتا چىدىيالماي، ئاشكارىلاپ قويمىساڭلارلا.

«ئاھ خۇدا، بىزگە چىدام ئاتا قىل!...»

چېرىكلەر كىرىپ، كوماندىرىغا دوكلات قىلدى:

ــ يوق، تاپالمىدۇق.

ــ ھەممە يەرنى ئاختۇردۇڭلارمۇ؟

ــ ھەئە، ھەممە يەرنى ئالا قويماي ئاختۇردۇق.

«خۇدا، ساڭا مىڭ قەتلە شۈكۈر!»

سەن چوڭقۇر نەپەس ئالدىڭ. ئۇلار سىلەرنى سۆرەپ ھويلىغا ئېلىپ چىقتى. زېمىن سۈكۈتكە چۆككەنىدى. تولۇن ئاي باش ئۈستۈڭلاردىلا پارلاپ تۇراتتى.

ــ ئۇ قېنى؟!

سوئاللارغا سەن جاۋاب بېرىشكە باشلىدىڭ:

ــ كىم؟

ــ تولا خۇپسەنلىك قىلماي، ئېيتە، ھېلىقى «رازىق» باي قېنى!؟

ــ كەتكەن.

ــ قاچان؟

ــ تۈنۈگۈن... جۈمەدىن كېيىن.

ــ نەگە؟

ــ قوشراپقا.

ــ يالغان!

ــ راست شۇ.

تارتۇق يۈز سوراقچى تارىشىدەك قاتتىق، يىرىك ئالقىنى بىلەن يۈزۈڭگە «چاك - چۇك» تۆتنى سىلىۋەتتى. كۆزۈڭدىن چاقنىغان چاقماق پارلاپ تۇرغان تولۇن ئاينى يۇتۇپ كەتتى. زېمىن لاپپىدە قارىداپ، يۇلتۇزلار زۇلمەت ئىلكىدە يارقىن جىمىرلاپ كەتتى.

ــ ھەي سەمەندەر، - دېدى ھەسەن① ۋالىي ئالدىغا كېلىپ، - ئېغىلدا ئېتىڭلار تۇرمامدۇ ئەينا؟

ھەسەن ۋالىي ـ يۇسۇپ بەگنىڭ سادىق غالچىسى بولۇپ، ناھايىتى رەھىمسىز، يەرنىڭ ئاستىدىكى يىلاننىڭ كۆشىگىنىنى، ئادەمنىڭ يۈرىكىدە قانچە، مېڭىسىدە قانچە تومۇرى بارلىقىنى بىلىدىغان، قۇۋلۇقتا شەيتانغا دەرس بېرىدىغان ھىيلىگەر ئادەم ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭغا ئېھتىياتچان بولمىساق بولمايتتى.

ــ ئۇ دېگەن سۇلتان باينىڭ ئېيى.

ــ ياۋاش بولۇپ، ئۇنىڭ قەيەردىلىكىنى دەپ بەرگىن. ئۇ تاغ ئوغرىسىغا بىكاردىن ـ بىكارغا جېنىڭنى سېلىپ بېرىپ نېمە قىلىسەن؟ دە، ئۇنى قەيەرگە مۆكتۈرۈپ قويدۇڭلار؟ دەپ بەرسەڭ، ئۇنىڭغا يالاقچىلىق قىلغان گۇناھىڭنى تىلىۋالىمەن.

ھەسەن ۋالىينىڭ: «ئۇنىڭغا يالاقچىلىق قىلغان...» دېگەن سۆزى يۈرىكىڭگە غۇسسىدە سانجىلدى، تولغىنىپ كەتتىڭ. شۇڭا:

ــ يالاقچى... ـ دەپ توختاپ قالدىڭ. «يالاقچى دېگەن ئۆزۈڭ!..» دېگەن سۆزۈڭنى ناھايىتى تەستە يۇتۇۋەتتىڭ، خۇددى زەھەر يۇتقاندەك.

ھېلىقى سوراقچى چېرىك بۇيرۇق قىلدى؛

ــ ئۇر!

چېرىكلەر سېنى قامچا بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى. يوتقاندىن كۆڭلەكچانلا سۇغۇرۇلۇپ چىققاچقا، قامچا جان ـ قېنىڭدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. سەن لېۋىڭنى چىڭگىدە چىشلىۋېلىپ يۇمىلىناتتىڭ، تولغىناتتىڭ، ئەمما قىلچە ۋارقىرىمايتتىڭ. چۈنكى، بىرىنچىدىن، «رازىق»تىن نومۇس قىلغانىدىڭ؛ ئىككىنچىدىن، «رازىق» نىڭ سىنىڭ چىرقىراشلىرىڭنى ئاڭلاپ، ئازابلىرىڭغا چىدىيالماي يۈگۈرۈپ چىقىشىدىن ئەنسىرىگەنىدىڭ. سەن ئۇنى چوڭقۇر چۈشەنگەنىدىڭ؛ ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ ئۆزى ئۈچۈن قۇربان بېرىشىنى كۈتىدىغان ئادەم ئەمەس

ئىكەنلىكىنى شۇ قەدەر چوڭقۇر چۈشەنگەنىدىك.

سەن سۆگەك ـ سۆگەكلىرىگەدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بۇ ئازابلارغا ئاجايىپ ھەيرانلىق بىلەن چىداۋاتاتتىڭ. سەن بۇ ئازابلارغا قانداقلارچە بەرداشلىق بېرىۋاتقانلىقىڭغا ھەيران قېلىۋاتاتتىڭ. چۈنكى، سەن ئۆمرۈڭدە بىر كىمدىن بىرەر تەستەك يەپ باققان ئادەم ئەمەس ئىدىڭ.

داداڭ، ئاناڭ چېرىكلەرگە، ھەسەن ۋالىيغا يالۋۇراتتى، يىغلىناتتى. ئەمما، يالۋۇرغانسېرى چېرىكلەر سېنى تېخىمۇ قاتتىق ئۇراتتى. قاتتىق چىشلەنگەن لېۋىڭدىن، قامچا ئىزلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان قىپقىزىل قانلىرىڭنىڭ تولۇن ئاي باغرىنى قىپقىزىل بويىۋەتكەنلىكىنى كۆرمەيتتىڭ، تۇيمايتتىڭ. چۈنكى، سەن داق يەردە ئەمەس، تولۇن ئاي باغرىدا يۇملىنىۋاتاتتىڭ، يۈرىكىڭ ئاجايىپ گۈزەل، ئاجايىپ ئېزگۈ، ئاجايىپ راھەتبەخش كۈيلەر ئىلكىدە مەستخۇشلانغانىدى. شۇڭا، سەن شۇنچە دەھشەتلىك قىيناقلارغا ھەيرانلىق ئىلكىدە بەرداشلىق بېرىۋاتاتتىڭ.

ــ راست كەتكەن ئوخشايدۇ.

كىمدۇر بىرى شۇنداق دېگەندەك قىلىۋېدى، چېرىكلەر ئۇرۇشتىن توختاشتى.

ئەمما، توخۇلار چىللىشاتتى، ئىتلار قاۋىشاتتى، ھەسەن ۋالىي ۋالاقلايتتى:

ــ ياق، بار، مەن تېخى ئاخشام نامازشام بىلەن كۆرگەن.

سەن غەزەپ بىلەن پىچىرلىدىڭ: «ھۇ، مۇناپىق!...»

سوراقچىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

ــ ھەي قىزى!

سەن بۇنى ئاڭلاپ، مىڭ مۇشەققەتتە ئۆرە بولۇپ، كەينىڭدىكى ئۇجمىگە يۆلەندىڭ. سوراقچى داداڭغا تاپانچىسىنى تەڭلەپ:

ــ ھەي قىزى، سەن دە. دېمەيدىغان بولساڭ، «پاڭ!»، - دېدى.

ـ ئۇ تۇنۇگۈن كەتكەن.

ھەسەن ۋالىي يەنە ۋالاقشىدى:

ـ يالغان، كەتسە مال ـ پاللىرىنى ئېپكېتەتتى.

سەن پىچىرلىدىڭ: «ئۇدۇل دوزاخقا كىرىپ كېتەرسەن، ئىلاھىم! ھايات قالسام، سېنى بوغۇۋەتمەيدىغان بولسام، دادامنىڭ بالىسى، زەيىنىددىننىڭ دوستى بولماي كېتەي!»

ـ ئىككىلىسىنى ئۇچمىگە باغلاڭلار!

سوراقچىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن چېرىكلەر داداڭ بىلەن سېنى ئۇجمىگە باغلاشتى. سوراقچى تاپانچىسىنى بېلىگە قىستۇرۇپ، يېنىدىن خەنجىرىنى چىقىرىپ، ئالدىڭلارغا كەلدى.

بوغۇزلىنىۋېتىدىغان بولدى، ئاھ خۇدا! مەنغۇ مەيلى، دادام، ئاشۇ بىچارە دادام!

كۆزلىرىڭدىن تاراملاپ ياشلار تۆكۈلدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۆزۈڭنىڭ جېنىڭغا ئەمەس، داداڭغا چىدىمايۋاتاتتىڭ. چۈنكى، داداڭنىڭ ئۆلۈمى ـ سېنىڭ ئۆلۈمۈڭ ئىدى. شۇڭا، بىردىنلا داداڭنى قۇتقۇزۇپ قېلىش قارارىغا كېلىپ قالدىڭ. ئەمما، بۇ قارارىڭنى ئىجرا قىلالمىدىڭ. چۈنكى، سۇلتان باي، تاغاڭ، داداڭ، ئۇستازىڭ راشىددىن مۇپتى ھاجىم، دوستۇڭ «رازىق» ساڭا غايىبتىن تىكىلىپ تۇرۇۋالغاندى؛ ۋىجدانىڭ ساڭا تىكىلىپ تۇرۇۋالغاندى؛ قەلبىڭدىكى گۈزەل كۈيلەر ـ جەننەت ساداسى ساڭا مىختەك قادىلىپ تۇرۇۋالغاندى.

ئەگەر قارارىڭنى ئىجرا قىلىدىغان بولساڭ، ھەممىدىن مەھرۇم قالاتتىڭ. ئۆلاردىن مەھرۇم قېلىش سەن ئۈچۈن ئوخشاشلا ھاياتتىن مەھرۇم قېلىش بىلەن باراۋەر ئىدى.

مەيلى، ياش ئۆلسەكمۇ، قىرىپ ئۆلسەكمۇ ھامىنى بىر ئۆلىمىز!

ئاخىر سەن ۋىجدانىڭ ۋە قەلبىڭدىكى گۈزەل كۈيلەر ـــ جەننەت ساداسى ئۈچۈن ھاياتتىن ۋاز كېچىش قارارىغا كەلدىڭ. بۇنداق بولغاندا،

سەن پەقەت بىر قېتىملىق شېرىن چۈشتىن مەھرۇم قالغانـدەك ھايـاتتىنلا مەھـرۇم قالاتتىـڭ، لـېكىن ۋىجـدان ۋە قەلبىڭـدىكى گـۈزەل كـۈيلەر ــ جەننەت ساداسى بىلەن ھەقىقىي ــ چىن ھاياتقا قەدەم قوياتتىڭ.

سەن شۇلارنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، ئۆلۈمگە چىن كۆڭلۈڭدىن رازى بولۇپ پىچىرلىدىڭ: «ھەر نېمە بولسا، پىچاقتا بوغـۇزلاپ ئۆلتۈرىـدىغان بولـدى. ئەگەر ملىتىـق بىـلەن ئاتسا، ئـوق ئـاۋازىنى ئـاڭلاپ، «رازىـق» يۇگۇرۇپ چىقىـپ... مەيلـى، قىينالسـاقمۇ... بېھىشـتا...»، « ‹رازىـق› ... زەيىنىددىن، بىزگە بېغىشلاپ ئەسەر يېزىشنى ئۇنتۇما. ئەۋلادلار بىزدەك ئاتا - بـالىنىڭمۇ ئـازادلىق ئۈچـۈن قۇربـان بەرگەنلىكىمىزنـى ئۇقـۇپ قالسۇن!...»

سەن شۇلارنى پىچىرلاپ، داداڭغا قارىدىڭ. كۆزلىرىڭلار ئۇچراشتى. داداڭنىڭ كۆزلىرىدىكى رازىمەنلىك ۋە قەيسەرلىكنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن، ئۆز - ئۆزۈڭدىن پەخىرلىنىپ ئايغا باقتىڭ. ئايمۇ چەكسىز پەخىـرلىنىش ئىلكىدە سىلەرگە مەڭگۈلۈك ئۈمىد ۋە راھەت بېغىشلاپ تۇراتتى.

سوراقچى كېلىپ، داداڭنىڭ كۆكسىگە خەنجەرنـى سـانجىپ تـۇرۇپ سورىدى:

ــ ئېيتە، ئۇ نەدە؟

ــ كەتكەن.

سـوراقچى خەنـجەر بىــلەن داداڭنىــڭ كۆكســىنى تىلــدى، داداڭ «ۋايجان!» دەپ بوشقىنە ۋارقىرىۋەتتى.

ــ دادا!...

ياشلىرىڭ تاراملاپ ئېقىپ، يۈز - كۆزۈڭدىكى قان بىلەن قوشۇلۇپ تولۇن ئاي خىرە يورۇتۇپ تۇرغان ئانا زېمىن باغرىغا سىڭىپ كەتتى.

ــ سەن دە، ئۇنى نەگە مۆكتۈرۈپ قويۇشتۇڭ!؟

ــ ئۇ كەتكەن!

سوراقچى سېنىڭمۇ كۆكسۈڭنى تىلدى. سىرغىپ چىققان قـان تولـۇن

ئاي مەڭزىگە ئەگىلىك بولۇپ سۇرۇلدى.
ــ ئۇ نەدە!؟
پۇتكۇل ۋۇجۇدۇڭ غەزەپتىن ئۆرتىنىپ كەتكەنىدى، شۇڭا:
ــ ئۇ يۇرىكىمدە!... ئۇ قەلبىمدە! - دەپ ۋارقىرىدىڭ.
كۆكسۇڭ بىر غېرىچ ئۇزۇنلۇقتا تىلىنىپ بولغاندا، بىرى سوراقچىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىۋېدى، ئۇ بىر دەم ئويلىنىپ قېلىپ:
ــ بۇنى ئېلىپ مېڭىڭلار! - دېدى.
چېرىكلەر سېنى ئېلىپ مېڭىشتى. داداڭ، ئاناڭ، ئۇكىلىرىڭ، قوشنا - قولۇملىرىڭ ساڭا خەيرلىك تىلەكلەرنى تىلەپ زار - زار يىغلاپ قېلىشتى...
تۈرمىدە ئۈچ كۈن دەھشەتلىك سوراق قىلىندىڭ. مەۋجۇتلۇقۇڭ تامامەن ئۇنتۇلغانىدى. بىر چاغدا كۆزۈڭنى ئېچىپ، ئۆزۈڭنى سۇلتان باينىڭ ئۆيىدە كۆردۈڭ. ئۆزۈڭنىڭ هايات ئىكەنلىكىڭگە، قانداقلارچە هايات قالغانلىقىڭغا هەيران قالدىڭ، ئىشەنگۈڭ كەلمەيتتى.
مەن قانداق بولۇپ هايات قالدىم؟ بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىم؟ زەيىنىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلىگەنمىدۇ؟...
بىلمەيتتىڭ؛ سۇلتان باينىڭ سېنى ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى سوۋي جىجۇڭغا يۈز سەر ئالتۇن پارا بېرىپ قۇتقۇزۇپ چىققانلىقىنى بىلمەيتتىڭ؛ زەيىنىدىنىڭ سۇلتان باي بىلەن خوشلاشماي، ئۇلۇغچاتقا بىخەتەر يېرىۋالغانلىقىنى بىلمەيتتىڭ.
جاراھەتلىرىڭ ساقىيىپ، كۈچ - قۇۋۋىتىڭ بۇرۇنقىدەكلا ئۇرغۇپ - تاشقاندا، باهار ئاخىرلىشىپ، سېرىخي ياز باشلىنىپ بولغانىدى. سەن سۇلتان باي بىلەن خوشلىشىپ چوپانغا ــ ئۆيۈڭگە كەلدىڭ. ئاتا - ئاناڭ: «بالام، جېنىم بالام، ئەمدى بىزدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلما، ئۇماچ ئىچسەكمۇ، زاغرا غاجىلىساقمۇ بىللە بولىلى...» دەپ سېنى قانماي - قانماي سۆيۈپ كېتىشتى.

سەن ئاتا - ئاناڭنىڭ ئۇتلۇق مېھرىنىڭ تەسرىدە مومدەك يۇمشاپ، ئۆز - ئۆزۈڭگە پولاتتەك قەسەم بەردىڭ: «سەنلەردىن ئىنتىقام ئالماي قويمايمەن!»

*          *          *

- بوۋا، قارىغىنە، ماۋۇ كىتابتا سەنمۇ چىقىدىكەنسەن!

ئۇن ياشلىق نەۋرەڭ شۇنداق دەپ خىيال قۇشلىرىڭنى ئۈركۈتۈۋېتىپ، قولۇڭغا «ئاي ھامان چىقىدۇ» ناملىق بىر كىتابنى تۇتقۇزۇپ قويىدى.

سەن كىتابنى قولۇڭغا ئالدىڭ، كىتابنىڭ مۇقاۋىسىغا ئاينىڭ يېقىنلا يەردە كېلىۋاتقانلىقىدىن بىشارەت بېرىپ تۇرغان نۇرانە ئۈپۈقنىڭ، ئوڭغۇل - دوڭغۇل چىغىر يولدا كېتىۋاتقان بىر جۈپ قىز - يىگىتنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەنىدى.

ئاپتورنىڭ ئىسمىنى ئوقۇدۇڭ: «نالە».

سەن «نالە»نىڭ ئىسىم ياكى تەخەللۇس ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي، كىتابنىڭ ئىچ بېتىنى ئېچىپ، تىرناق ئىچىدىكى «بىئوگرافىيىلىك پوۋېست» دېگەن خەتنى ئوقۇپ: «بۇ ھەقىقىي ئادەم، ھەقىقىي ئىشلار تەسۋىرلەنگەن ئەسەر ئىكەن - دە!» دەپ پىچىرلاپ قويىدۇڭ.

بۇ تېخى يېقىندىلا تۈركچىدىن تەرجىمە قىلىنغان كىتاب بولۇپ، ئاپتور ھەققىدە ھېچقانداق ئىزاھات بېرىلمىگەن، پەقەت ئاپتورنىڭ كىرىش سۆزىنىڭ ئاخىرىدا «مەن بۇ كىتابنى زۇمرەت سايىتنىڭ ئەسلىمىسىگە ئاساسەن يېزىپ چىقتىم... تارىخىي پاكىتقا ھۆرمەت قىلدىم...» دېيىلگەنىدى.

زۇمرەت؟ ئاشۇ زۇمرەت شۇمىدۇ؟ ئەللىك يىلدىن بېرى ھېچبىر ئىز - دېرىكى، خەت - خەۋىرى بولمىغان ئاشۇ زۇمرەت شۇمىدۇ؟

بۇ پوۋېست ئىككىنچى شەخس تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، سەن ئوتتەك قىزنىقش ئىلىكىدە ئۇنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئوقۇشقا باشلىدىڭ.

## 2

## مۇقەددىمە

يـاز كەچقۇرۇنىنــىڭ راھەتــبەخش ئىللىــق شــاملى غەربــىي ئۇپۇقتــا مەيۇســانە پــارلاپ تۇرغــان دەردمەن قۇياشــنىڭ زەر نۇرلىرىغــا بۆلىنىــپ، تۇرۇلغــا، تۇمۇچــۇق، سوپىســوپپياك، كــاككۇك... لارنــىڭ پىغــانلىق كۈيلىرىنى ھاپاش قىلىــپ، ھــارغىن قەدەملــەر بىــلەن چوپــان دەرياســىغا ئەگىشىپ، يىراق - يىراقلارغا ئۇزاپ كېتەتتى...

شامال باش ئۇستۇڭدىن، يان بېلىڭدىن يەڭدەپ - يەڭدەپ ئۆتۈپ كېتەتتى، خۇددى ناھايىتى ئېغىر يــۈك يۈدۈۋالغــان ئادەمــدەك. چــۈنكى، ئۇنىڭ يۈكى ئېغىر، تولىمۇ ئېغىر ئىدى؛ ئۇنىڭغا قــاراقۇرۇم ئاســمىنىدىن تۆكۈلۈۋاتقــان ھەســرەت - نــادامەتلەرنى، غەزەپ - نەپرەتلەرنــى، ۋاقىتسىــز ســارغىيىپ تۆكــۈلگەن گــۈزەل ئــارزۇ - ئىســتەكلەرنى يــۈدۈپ، يىراق - يىراقلارغا ئېلىپ كېتىشكە توغرا كەلگەنىدى.

«ئۇ ئېلىپ كېتەلەرمىكىن؟ ئېلىپ كېتىپ بولالارمىكىن؟...»

ــ نېمە دەيسەن، زۇمرەت ئاچا؟

ئېســىڭنى يىغىــپ، ئارقاڭغــا ئۆرۈلــدۈڭ. ئاچاڭنىــڭ ئــون ئىككــى ياشلاردىكى قىزى رابىيە ساڭا قــاراپ كىلىۋاتــاتتى. ســەن ئۇلــۇغ كىچىــك تىنىپ قويدۇڭ. ئۇ قېشىڭغا كېلىپ، ساڭا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قالدى. چىھرىــڭ تاتىرىــپ، ھەســرەتلىك تــۇس ئالغــان، بــۇلاق ســۈيىدەك، ئۇستۇڭدىكى ياز كۆكىدەك تىنىق كۆزلىرىڭ شۇنداق تۇمانلىق، شــۇنداق قەھرلىك ئىدى.

ــ سەن بىردىنلا مۇلايىملىشىپ، ئۇنىڭغا بىچارىلەرچە تىكىلىدىك. چۈنكى، ئۇ بەكمۇ تەرسا ـ جاھىل، گېپىڭگە ئاسانلىقچە ئۇنىمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنى بۈگۈن تولا ئاۋارە قىلىۋەتكەنىدىڭ. مۇشۇ نۆۋەت بارسا، ئۇ مەتسالىنى تۆتىنچى قېتىم چاقىرغىلى بارغان بولاتتى.

ــ نېمە گەپتى ئۇ؟

ــ مەتسالىنى قىچقىرىپ كېلەمسەن؟

ــ يەنىما؟! تولا قىچقىرىۋېرىدىكەنسەن، خېنىم! ـ دېدى ئۇ قاپاقلىرىنى سۈزۈپ، - مەن سېنىڭ قىچقىرغۇچىڭمىدىم يا؟ ئۆزۈڭ قىچقىر، ماڭ!

ئۇ كەينىگە ئۆرۈلدى. سەن ئۇنى كاپپىدە تۇتۇۋالدىڭ. ئىككى مۈرىسىدىن تۇتۇپ ئۆزۈڭگە قاراتتىڭ.

ــ ماقۇل دە، ئوبدان ئۇكام، مۇشۇ بىر قېتىملا.... ئەمدى سېنى... - ئاۋازىڭ جىغىلداپ كەتتى. خۇددى دەز كەتكەن جانان چىنىدەك، - سېنى ئىككىنچى ئۇنى قىچقىرغىلى سالمايمەن، ماقۇلما؟ مەن خۇش بولاي سەندىن!

ئۇ چوڭقۇر ئۆتۈنۈش، چەكسىز مۇڭ ـ زارغا تولغان ھەسرەتلىك كۆزلىرىڭنىڭ ئەڭ، ئەڭ تەكتىگە بىلىقتەك شۇڭغۇپ سورىدى:

ــ بەك سېغىنىپ قالدىڭما؟

ئۇ سەبىيلەرچە ھېسداشلىق بىلەن ۋىلىقلاپ كۈلدى. سەنمۇ كۆزلىرىڭنى توسۇپ تۇرغان نېپىز بىر قەۋەت ياش پەردىسىنى مىلك تەستە يىرتىپ، زورۇقۇپ كۈلگەچ باش لىڭشىتتىڭ. ئاخىر ئۇنىڭ ساڭا ئىچى ئاغرىدى بولغاي، سورىدى؛

ــ نەدە ئۇ؟

ــ ھەر قاچان تۈگمەندە، تۈگمەندە بولمىسا، ئۆيىگە بارغىن.

ئۇ تۈگمەنگە قاراپ ماڭدى. سەن ئەسكەرتتىڭ:

ــ بىزنىڭ ئۆيگە كەلسۇن، «بەك مۇھىم گېپى باركەن»دە جۇمۇ؟

ئۇ كەتتى.

سەن ئۆرۈك ھەدى بىلەن يۇغۇرۇلغان مەززىلىك ھاۋادىن قېنىپ
نەپەس ئالغاچ دەريا بويىدىكى سۆگەتلىكتە ئاران - ئاران كۆرۈنۈپ
تۇرغان تۈگمەنگە - كۆل سۈيىدەك تىپتىنچ، تاڭ شەبنىمىدەك غۇبارسىز
قەلبىڭگە تۈنجى مۇھەببەتنىڭ ئالتۇن تامغىسى ئۇرۇلغان مۇقەددەس
جايغا مۇھەببەتكە تولغان نەپرەت، نەپرەتكە تولغان مۇھەببەت بىلەن
قارىدىڭ...

بۇلتۇر دەل مۇشۇ كۈنلەردە بىر خالتا بۇغداينى يۈدۈپ تۈگمەنگە
كەلمىگەن بولساڭ؛ تۈگمەنچى تۈگمەندە بولماي قېلىپ، ئۆستەڭ بويىدا
ئۇنىڭ ئوغلى مەتسالىنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭ قېشىغا
كەلمىگەن بولساڭ؛ ئۇنىڭ ئۆستەڭگە پۇتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ:

ئەي نىگار، كۆڭلۈڭنى ئۇتقۇم كېلىدۇ،
قاماللاپ بېلىڭدىن تۇتقۇم كېلىدۇ.
لەززەتلىك مېھرىڭنى ئېلىپ قەدەھكە،
مەي - شاراب ئورنىدا يۇتقۇم كېلىدۇ.

دەپ ئېيتقان ئوتلۇق، مۇھەببەتلىك ناخشىسىنى ئاڭلاپ،
سېھىرلىنىپ قالمىغان بولساڭ؛ ئۇنى «چۆچۈتۈپ قويىمەن» دەپ بىر
ئىتتىرىپلا سۇغا چۈشۈرۈۋەتمىگەن بولساڭ؛ «قاشقا تارتىپ چىقىرىپ
قويىمەن» دەپ ئۇنىڭ مۇزدەك قولىنى تۇتمىغان، تۇتقاندىمۇ ئۆزۈڭنى
باشقۇرالماي، ئۇنىڭ مۇزدەك قولىنى تۇتمىغان، تۇتقاندىمۇ ئۆزۈڭنى
باشقۇرالماي، ئۇنىڭ قۇچىقىغا يىقىلىپ چۈشۈپ، سوغۇق باغرىدا
باغرىڭنى داغلىۋالمىغان، شۇ ئارقىلىق رىشتىڭگە رىشتىڭنى باغلىۋالمىغان
بولساڭ؛ شۇنىڭدىن تارتىپ تۈگمەنگە پات - پات كېلىپ،
ۋۇجۇدۇڭدىكى شېرىن تۇيغۇلارنىڭ خورىكىنى ئۆستۈرۈۋەتمىگەن

بولساڭ؛ كېيىن دادىللىق بىلەن ئۇنىڭغا سۆيگۈ ئىزھار قىلىپ، مۇھەببەتلىك ھاياتقا قەدەم قويمىغان بولساڭ؛ ئۇنى ئاشىقانە باغرىلاپ، ئاشىقانە سۆيۈپ، فرونتقا كۆز يېشىڭ ئارقىلىق ئۇزىتىپ، قەلبىڭنى ھىجران بىلەن ئۆرتىمىگەن بولساڭ؛ ئۇنىڭغا: «ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندا، مەن ساڭا مەنسۇپ بولىمەن» دەپ تەنتەنە بىلەن جاكارلىمىغان بولساڭ، بەلكىم ھازىرقىدەك مۇھەببەت بىلەن نەپرەت ئارىلىقىدا يانجىلىپ، بۇنچىلىك ئازابلانماسلىقىڭ مۇمكىن ئىدى.

«ئاھ، بىچارە مەتسالى! ئاھ، بىچارە مەن!»

سەن شېرىن خىياللىرىڭنى يۇرىكىڭنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن پارتلاپ چىققان مۇشۇ ئىككى جۈملە ئازابلىق نىدايىڭ ئارقىلىق ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئارقاڭغا ئۆرۈلدۈڭ.

سەن ئاچاڭغا «خوش» دەپ قويۇشنىمۇ ئۇنتۇپ، چوڭقۇر ھويلا مەھەللىسىدىكى ئۆزۈڭنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدىڭ.

ھويلىدا ئېتىڭ سامان يەۋاتاتتى. سەن ئۇنىڭغا بوغۇز تۆكۈپ بېرىپ، ھويلاڭنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقىقىغا نەزەر سېلىپ چىقتىڭ. ھويلاڭ كۆڭلۈڭدەكلا كۆڭۈلسىز، كۆڭلۈڭدەكلا خاراب!... تۇغۇتتىن قوپۇپلا تەنتەنە قىلىشىدىغان توخۇلىرىڭ، كۆزۈڭدىن دۇملانغان بىر تامچە يېشىڭ بىلەنلا مىجىلىپ كېتىدىغان ئاناڭ، بارلىق مېھىر - مۇھەببىتىنى ساڭىلا ئاتاپ ئۆتكەن داداڭ... ئاھ، ئۇلار ھازىر نەدىكىن؟!... ئاناڭ سەۋەنلىكىڭنى، داداڭ «ۋاپاسىز» لىقىڭنى كەچۈردىمىكىن؟ كەچۈرەرمىكىن؟

بىلمەيتتىڭ. ئەمما، كەچۈرۈشنى شۇ قەدەر ئارزۇ قىلاتتىڭ.

سەن زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، بۇقۇلدىدىڭ، خۇددى قەيەرلەرگىدۇر قاڭقىپ كەتكەن سەرسان كەپتەرلىرىڭدەك. ياشلىرىڭ نازۇك بارماقلىرىڭ ئارىسىدىن سىرغىپ چىقتى، گوياكى بۇلاق سۈيىدەك. پىغانلىرىڭ ياز شامىلىغا ھاپاش بولدى، مىسالى ھېرىپ قالغان كىچىك بالا ئانىسىغا

هاپاش بولۇۋالغاندەك...

## 3

كىتابتىن كۆزۈمنى ئۈزدۈم. چۈنكى، زۇمرەتنىڭ مۇرەككەپ ھېس-تۇيغۇلىرى سېنى گاڭگىرىتىپلا قويغاندى. كىتابنى تۇتقان پېتىم كۆزۈمنى يۇمدۇم. كۆزۈمنى يۇمۇشۇمغىلا خىيال سۇمۇرغۇم سېنى هاپاش قىلىپ، 1945 - يىلىدىكى ئەسلىمە قوينىغا ئەكەتتى. بۇ ماهى رەجەپنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدىكى ئايدىڭ كېچە ئىدى:

ئانامنىڭ ئۆكسۈشلىرى، دادامنىڭ ئېغىر - ئېغىر تىنىقلىرى مەرۋايىتتەك سۈزۈك ياشلىرىڭ بىلەن قوشۇلۇپ، مۇئەللەقتە جىمجىت ئېسىلىپ تۇرغان تولۇن ئاي نۇرىغا چۆمۈلگەن زېمىنغا تاراملاپ تۆكۈلەتتى، خۇددى يىپى ئۈزۈلگەن مارجان كۆپكۆك مۇزغا تۆكۈلگەندەك. بۇ ئۆكسۈش، ئېغىر تىنىق ۋە تۈگىمەس كۆز ياشلىرىڭ سېنى، ئاتمىش ياشلاردىن ئاشقان ئاتا - ئاناڭنى، خەيرلىك تىلەككە تەمشىلىپ تۇرغان تولۇن ئاينى ۋەھىمىگە، ساراسىمىگە سالاتتى، گويىاكى بۇ مەڭگۈلۈك ئايرىلىش بولۇپ قالىدىغاندەك.

دېمىسىمۇ، بۇنىڭغا ھېچكىم: «بۇ مەڭگۈلۈك ئايرىلىش ئەمەس» دەپ ھۆكۈم قىلالمايتتى. بەلكىم، شۇنداق بولۇپ قالار؛ بەلكىم، شۇنداقمۇ بولۇپ قالماس.

ــ خۇداغا ئامانەت، قوزام!

ئاناڭ سېنى باغرىغا باستى. بويۇنلىرىڭنى، يۈز - كۆزلىرىڭنى، يۇمران ساقال - بۇرۇتلىرىڭنى يىرىك ئالقانلىرى بىلەن سىلىدى؛ يۈز-كۆزۈڭگە، كەڭ پېشانەڭگە، چۆچۈرىدەك كىچىك قۇلاقلىرىڭغا سۆيدى، يۈزلىرىنى سۈركىدى.

جۇدالىق ياشلىرىڭلار ئۆز ئارا سىڭىشىپ كەتتى.

ئانـاڭ سـېنى باغرىـدىن ئـاجراتتى، سـەنمۇ ئـۆزۈڭنى تۇتۇۋېلىشـقا تىرىشتىڭ.

ــ ماڭ، بـالام، - دېـدى داداڭمـۇ يـۈزۈڭنى ئالىقـانلىرى ئارىسـىغا ئېلىـپ، پېشـانەڭگە چوڭقـۇر ئـاتىلىق مېھرى بىـلەن سـۆيۈپ، - سـېنى ئاللاغا تاپشۇردۇق!

ئاناڭ داداڭنىڭ تىلەكلىرىنى تارتىۋالدى:

ــ خۇدا سېنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي!... ئاللا خەيرلىك ئىشلار ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىغانلارنى ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ.

ئاخىرقى تىلەك داداڭ بىلەن ئاناڭنىڭ ئاغزىدىن تەڭلا چىقتى:

ــ خوش، بالام، ئاللا سىلەرگە نۇسرەت ئاتا قىلغاي!

سەنمۇ ياخشى تىلەكلىرىڭنى تۆكتىپ خوشلاشتىڭ:

ــ خوش، ئانا، دادا، خۇدايىمغا ئامانەت!

سـەن ئاتـا - ئانـاڭ بىـلەن ئەنە شـۇنداق خوشلاشـتىڭ. ئانـاڭ دەرۋازىنىـڭ يـان ياغىچىغا يۆلىنىـپ، سېنى ئۆكسـۈگەن پېتـى ئۇزىتىـپ قالـدى. داداڭنىــڭ مەڭزىــدىن دومىــلاپ چۈشــكەن ياشــلار يــۈرىكىڭنى مىجىپلاۋەتتى، خۇددى قورام تاش چۈمـۈلىنى مىجىۋەتكەنـدەك. چـۈنكى، سەن مۇشۇ يىگىرمە ئىككى يىللىق ئۆمرۈڭدە داداڭنىڭ كۆزىدە بىر تـامچە ياش كۆرۈپ باقمىغانىدىڭ. داداڭ تولىمۇ جىگەرلىك قورقۇمسىز، ئۈمىدۋار ئادەم ئىـدى. بىـراق، سـەن داداڭنىـڭ ئـۆز تەقـدىرىنى ئەل - يۇرتنىـڭ تەقـدىرى بىـلەن چىتىـپ ياشـاپ كېلىۋاتقـانلىقىنى ئۇقمايتتىـڭ. ئۇققان بولساڭ...

سەن بوغۇلۇپ يىغلىغىنىڭچە ئارقاڭغا قارا - قـارا سـۈتتەك ئايـدىڭ كـېچە قوينىغـا كىرىـپ كەتتىــڭ؛ قەلـبىڭگە ئۈلۈغـۋارانە ئىسـتەكلەرنى تېڭىپ، نۇرانە ئاي باغرىغا سىڭىپ كەتتىڭ...

يازنىڭ مەيىن شاملى سوقۇپ تۇراتتى. قەدەملىرىڭ شۇنداق تېتىك، شۇنداق يەڭگىل ئىدى، گوياكى ئاق قۇ پېيىدەك. چۈنكى، سەن ئۇڭغۇل

- دوڭغۇل چىغىر يولدا ئەمەس، ئەتراپىدا رەڭمۇ رەڭ گۈللەر ئېچىلغان، خۇش زۇۋانلىق خىلمۇ خىل قۇشلار سايرىشىپ تۇرغان، ئىككى قاسىنىقىدىكى ئېرىقتا كەھرىۋادەك سۈپسۈزۈك سۇلار ئېقىپ تۇرغان، يېشىل كىمخابتەك شۇنداق يۇمشاق، شۇنداق نۇرانە يول بىلەن كېتىۋاتاتتىڭ. بۇ دەل ئۆزۈڭنىڭ قەلبى ئىدى.

شۇنداق، سېنىڭ كېتىۋاتقىنىڭ دەل بېھىشكە تۇتىشىپ كېتىدىغان يول ئىدى.

شۇنداق، سېنىڭ كېتىۋاتقىنىڭ دەل بېھىشكە تۇتىشىپ كېتىدىغان يول ئىدى!

شۇڭا، سەن جەننەت ساداسىنى ناھايىتى يېقىنلا يەردىن ئاڭلاۋاتاتتىڭ. ئۆمرۈڭدە سېھرىي كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە بۇنداق ئېزگۈ سادانى ئىككىنچى قېتىم ئاڭلىشىڭ ئىدى، بىرىنچى قېتىم ھېلىقى كېچە - زەيىنىڭدىنى قۇتقۇزۇپ قالىمەن دەپ، لېۋىڭنى مەھكەم چىشلەپ، لېۋىڭدىن قان سىرغىتقان خاسىيەتلىك كېچە ئاڭلىغانىدىڭ.

قەلبىڭ گۈزەل كۈيلەر بىلەن تولغانىدى، ئۆمرىدە قەلبىڭ سېھىرلىك، ئۈمىدبەخش كۈيلەر بىلەن بۇگۈنكىدەك بۇنداق لەبىالەب تولۇپ باقمىغانىدى.

بىردىنلا تووۋلاپ ناخشا ئېيتقۇڭ كېلىپ كەتتى، بىراق ئېيتالمىدىڭ. چۈنكى، چىرىكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ، خەيرلىك ئىشلار ئۈچۈن ھېچبىر ئىش قىلالماي، قەلبىڭدىكى گۈزەل كۈيلەر جەننەت ساداسىدىن مەھرۇم قېلىشتىن قورققانىدىڭ.

شۇڭا، داداڭنىڭ بىر شېئىرىنى ئېسىڭگە ئېلىپ، ئۇنىڭغا قەلبىڭدىكى گۈزەل كۈيلەرگە غىڭشىپقىنە جور بولدۇڭ:

ئىگەم، يارنى تاپاي ئىزدەپ، ئىرادەم پەيلىنى كاچ ئەت،
ئىزىمدىن ئۇندۇرۇپ رەيھان، بىرىپ - كەلمەكنى مېھراج ئەت.

خىزىر، نىرۋا - ھۆجەيرەم قاپلىنىپ كەتتى پىراق بىرلە،
پىراقنى سۆرگىلى قەلبىڭدىكى گۈللەرنى ئىخراج ئەت.

نىگار، ساختىلىشىپ قالغاي مۇھەببەت سۆيگۈگە قانسا،
شۇڭا سۆيگۈڭگە - مېھرىڭگە مېنى مەڭگۈگە موھتاج ئەت.

ساقىي، جامىغا لىق مەي قۇي، ئازاب - كۈلپەتلىرىم ئۆلسۇن،
پۇلۇڭغا باج كېلىپ قالسا، جېنىمنىڭ رىشتىنى باج ئەت.

ئۈمىدسىز بولما، ھىجرانىي، ۋىسالنىڭ شەپىسى كەلدى،
ۋىسال قۇچقان كۆڭۈلۈڭ يارىڭ ئۈچۈن قەلبىمنى زەر تاج ئەت.

قەلبىڭ ئۈمىد ۋە شۇۋىقەدرى كېچىسىدىكى يۇلتۇزلار بىلەن تولغانىدى. شۇڭا، سەن مەردانە قەدەملەر بىلەن مەتسالىنىڭ ئۆيىگە بىردەمدىلا يېتىپ كەلدىڭ - دە، تامدىن ئارتىلىپ ئۇنىڭ بېغىغا كىردىڭ. بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى پەنجىرە تۈۋىگە «تاك - تاك - تاك» ئۇردۇڭ. خېلى كۈتتۈڭ، جىمجىت، يەنە ئۇردۇڭ، چىقمىدى. ئاخىر ئۆرۈككە يامىشىپ چىقىپ شىۋىرلىدىڭ:

ـ مەتسالى، ھوي مەتسالى.

خورەك ئاۋازى ئۆچۈپ، مەتسالىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

ـ ھە، سەمەندەرمۇ سەن؟

ـ ھە، مەن شۇ، قوپمامسەن؟!

ـ ما... ما... مانا... ھازىر...

ـ ئىتتىك بول، تاڭ ئېتىپ قالدۇ ھېلى.

سەن ئۆرۈكتىن پەسكە چۈشۈپ، باغ ئىشىكىنىڭ ئالدىغىراق كەلدىڭ. ئۇ ھايال بولماي‌لا چىقتى. ئۇ چاپىنىنى يېپىنچاقلىۋالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۆتىلغا ئاياغمۇ كىيمىگەنىدى.

سەن سەل ھەيران بولدۇڭ.

ـ تەييار بولۇپ چىقماپسەنىيا؟...

ئۇ قېشىڭغا كېلىپ توختىدى. ئۇنىڭغا قارىدىڭ، بىراق ئۇنىڭ قوڭۇر كۆزلىرىدىن دەماللىققا ھېچبىر مەنە سېزەلمىدىڭ. شۇڭا، ئۆزۈڭنىمۇ قېتىپ:

ـ بارمايمىزمۇيا؟ - دەپ سورىدىڭ.

ـ بارمىساق بارمايلىمىكى، - دېدى ئۇ زەئىپانە تەلەپپۇزدا.

ـ نېم... نېمىشقا؟

سەن ھەيران قالغىنىڭدىن كېكەچلەپ قالدىڭ. چۈنكى، سەن مەتسالىدىن بۇنداق جاۋاب كۈتمىگەنىدىڭ، كۈتمەيتتىڭ؛ ئۇنىڭ بۇ جاۋابىغا ئىشەنگۈڭ كەلمىدى، ئىشەنمەيتتىڭ. ئۇ بۇنداق جاۋاب بېرىدىغان يىگىت ئەمەس ئىدى، ئۇنى چوڭقۇر چۈشىنەتتىڭ. شۇڭا، سەن ئويلاپ قالدىڭ: ماڭا چاقچاق قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ. مېنى سىناۋاتقاندۇ، بەلكىم.

ياندۇرۇپ سورىدىڭ:

ـ چاقچاق قىلىۋاتمايدىغانسەن؟

ـ ياق.

ـ ئەمىسە نېمىشقا؟

ئۇ ئۈندىمىدى. سەن ئۆرۈككە يۆلەندىڭ. ئۇ قاشتىلا ئولتۇرۇپ يەرگە قارىدى. سۈتتەك ئايدىڭ كېچە قوينىدىكى گىرىمسەن باغ سۈكۈتكە چۆمگەنىدى.

سۈكۈت، جاھىلانە سۈكۈت داۋام قىلاتتى.

نېمىشقا بارماس بولۇپ قالغاندۇ؟ دادىسى بارغىلى قويمىغانمىدۇ ياكى ئۆزى... قورقۇپ... ئۇ قورقماس يىگىت ئىدىغۇ؟ مەيلى بارمىسا،

ئۆزۈم كېتىۋېرەيمىكى...

بىراق، ئۇنىڭ بارماسلىقىنىڭ سەۋەبىنى سورىغۇڭ كېلىپ قالدى:

ــ بارمىساڭ بارما، زادى نېمىشقا بارمايسەن؟

ــ...

ــ قورقتۇڭمۇ يا؟

ــ ياق!

ــ ئەمىسە نېمىشقا؟

ــ...

غۇژژىدە ئاچچىقىڭ كەلدى. ئۇنىڭغا ۋارقىرىدىڭ، خۇددى ئۇكاڭغا ۋارقىرىغاندەك:

ــ جېنىڭ چىقىپ كەتسىمۇ، گەپ قىلغىنە، ئاداش! راست گەپنى دە، بارمىساق بارمايلى بوپتۇ.

ئۇ ئاخىر زۇۋان سۈردى:

ــ سەن بىلمەيسەن، مېنىڭ ئاشىقىم بار، جەڭ دېگەندە... ناۋادا ئۆلۈپ كەتسەم... كۆزىچە... 10 - ئايدا توي قىلماقچى بولغان. سەندەك بىر قېتىم توي قىلىۋالغان بولسامغۇ...

ئۇنىڭ دېمى بارغانسېرى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى.

ئاشىقىم بار؟... كىمدۇر ئۇنىڭ ئاشىقى؟... ئەجەب مەن ئاڭلىماپتىمەنيا؟...

سەن خىيالىڭنى يىغىپ سورىدىڭ:

ــ تۈنۈگۈن ئۇنداق دېمەيتتىڭيا؟

ــ...

ئۇ قاشقا تېخىمۇ چوڭقۇر ئولتۇرۇشۇپ كەتتى.

ئۇنى زورلىغۇڭ كەلمىدى.

ــ مەيلى ئەمىسە، سېنىڭ بارغۇڭ كەلمىگەن بولسا، بىز بېرىۋېرەيلى.

ئۇ ئورنىدىن تۇردى، ساڭا تىكىلىپ قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە

ۋىسال تەشنالىقى جىلۋىلىنەتتى؛ ئۇنىڭ ئويچان كۆزلىرىدە خىجالەت جىلۋىلىنەتتى.

ـ خوش، سەمەندەر!

ئۇ سېنى دوستانە مېھرى بىلەن قۇچاقلىدى. ئۇنىڭ باغرى ئۇنىڭغا بولغان ئاچچىق قېيداشلىرىڭنى شورىدە ئېرىتىۋەتتى، خۇددى ئوتقا چۈشكەن قوغۇشۇندەك. شۇڭا، سەنمۇ ئۇنى دوستانە مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن قۇچاقلاپ:

ـ سەن بولساڭمۇ بەختلىك بولغاچ تۇر، ئاداش! - دېدىڭ چىن يۈرىكىڭدىن چىقىرىپ.

ـ رەھمەت!

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى خىجالەت يوقالغانىدى. بۇنى كۆرۈپ ئۆزۈڭنى يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدىڭ.

ـ ئاللا سىلەرگە نۇسرەت ئاتا قىلغاي! سېنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي! ھەر نامىزىمدا ساڭا ئامانلىق تىلەپ دۇئا قىلىشنى ئۇنتۇمايمەن!...

ـ رەھمەت ساڭا! - سەن ئۇنىڭ ئىككى مۈرىسىدىن تۇتۇپ چىڭگىدە قىستىدىڭ، - مەن سەن ئۈچۈنمۇ جەڭ قىلىپ قويىمەن!

چىن يۈرىكىڭدىن چىققان بۇ سۆزلىرىڭنى ئاڭلىغان مەتساللىنىڭ كۆزلىرىدە ياش لىغىرلاپ قالغانىدى. بۇنى كۆرۈپ سېنىڭمۇ ئۆپكەڭ ئۆرۈلدى. شۇڭا، كىچىكىڭدىن باشلاپلا بىللە ئويناپ چوڭ بولغان بۇ قەدىناس دوستۇڭدىن كۆزۈڭ قىيمىغان ھالدا ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدۇڭ.

ئۇ خەيرلىك تىلەكلىرى بىلەن تامدىن ماراپلا قالدى.

سەن قەيىۇمنىڭ ئۆيىگە كەلدىڭ. ئۇ ئاسانلا ئويغاندى.

ـ مەن بارمايدىغان بولۇپ قالدىم، ئاداش، - دېدى ئۇ خىجالەت بىلەن.

ـ نېمىشقا؟

ـ سەنمۇ بىلىسەن، ئاتا ـ ئانام قېرىپ قالدى، مەن كەتسەم...

سەن ئۇنىڭ بىلەن تاقىشىپ يۈرمىدىڭ.

ـ مەيلى ئەمىسە، خوش!

ـ خوش، خۇداغا ئامانەت، ئـاقىول بولسۇن! سېنى ئامان قىلغـاي ئىلاھىم!

ئۇنـىڭ ياخشـى تىلەكلىرىـنى سـەمىمىلىك بىـلەن قوبـۇل قىلىـپ، رەھمەت - تەشەككۈرۈڭنى بىلدۈرۈپ خوشلاشتىڭ.

سادىقنى ئويغاتتىڭ.

ـ باللىرىم كىچىك...

نىيازنى ئويغاتتىڭ.

ـ چېرىكلەر بىلەن ھېچقانداق ئۆچ - ئاداۋىتىم يوق...

رۇسۇلنى ئويغاتتىڭ.

ـ تېخى ئون گۈلۈمنىڭ بىرىمۇ ئېچىلمىدى...

ھەمساۋاق دوستۇڭ ئىسكەندەرنى ئويغاتتىڭ.

ــ سـېنىڭمۇ خەۋىرىـڭ بـار، تەجەللـى ھەزرىـتىم ھەققىـدە قىسسـە يېزىۋاتىمەن، ئۇنى بىر باشقا ئاچىقمىسام بولمايدۇ...

ـ «ئازاد بولمىغـان مىللەتنىـڭ ئىسـتىقبالى بولمايـدۇ، شـۇڭا بىزمـۇ ئازادلىق ئۈچۈن جېنىمىزنى پىدا قىلمىساق بولمايدۇ» دەيتتىڭغۇ؟

ـ بۇ ھەقىقەت! مەن شۇنداق دېگەن، لېكىن...

موللا ئايۇپنى ئويغاتتىڭ.

ـ مەدرىسىدىكى تالىپلىرىم ساۋاقسىز قالىدۇ...

ــ قايىسـبىر كىتابقا: «تەڭـرى ۋە زامـان ئۆلمەيـدۇ، ئـادەم ئۆلـۈش ئۈچـۈن تۇغۇلـدۇ» دەپ يۈتۈلـۈپتىكەن. دېـمەك، ئـادەم ئۆلـۈش ئۈچـۈن ياشايدۇ. شۇڭا، بىزمۇ ياشاش ئۈچۈن - ھۆرلـۈك - باراۋەرلىـك ئۈچـۈن ئۆلۈشىمىز كېرەك دەيتتىڭمۇ؟

ـ ئۇغۇ شۇنداق، ئەمما...

سەن ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتىڭ، ئارقاڭغا ياندىڭ. ئـاران - ئـاران

دەسسەپ كېتىۋاتاتتىڭ. چۈنكى، خەيرلىك تىلەكلەر ئۆستۈڭدىن بېسىپلا تۇراتتى. خۇددى تاغدەك، نەق - نېسى دۇئالار ئاستىدا مىجىلىپلا كەتكەنىدىڭ، گوياكى تۆگە تاپىنى ئاستىدا قالغان چۈمۈلىدەك. سېنى قەلبىڭدىكى گۈزەل كۈيلەر - جەننەت ساداسى يۆلەپ تۇرمىغان بولسا، بەلكىم لاسسىدە بوشىشىپ، ئىزىڭغىلا ئولتۇرۇپ قېلىشىڭ مۇمكىن ئىدى.

قانداق قىلسام بولار؟

تەۋرىنىپ قالدىڭ.

مەنمۇ بارمايمىكى...

بىر قارارغا كېلەلمىدىڭ. دوستلىرىڭنىڭ باھانە - سەۋەبلىرىنى ئەزمايىش قىلىشقا باشلىدىڭ. ئەزمايىش قىلغانسېرى دوستلىرىڭنىڭ باھانە - سەۋەبلىرى ئورۇنلۇق تۇيۇلاتتى؛ ئەزمايىش قىلغانسېرى ئىشەنچ - ئىرادەڭ لىڭشىپ، قەلبىڭگە ئۈمىدسىزلىك سايە تاشلايتتى.

مېنىڭمۇ ئاتا - ئانام ياشىنىپ قالدى، مەندىن باشقا باققۇدەك بالىسى يوق، ئون ياشلىق سىڭلىم ئۆلارنى باقالمايدۇ. چېرىكلەر بىلەنمۇ ھېچقانداق ئۆچ - ئاداۋىتىمىز يوق. زەيىنىددىننى يوشۇرۇپ قالمىغان بولسام، چېرىكلەر مېنى بىكاردىن - بىكارغا ئۇرمايتتى. ئادەم دېگەن تاياق يەپ، يىغلاپ - قاقشاپ ياشايدىغان گەپ... نېمىشقا مەنمۇ جەڭگە بارىدىكەنمەن؟ ھەپىسىدە - ساقچىلارنىڭ تاياق - توقماقلىرىدا ئۆلمىدىمىۇ، ئۆلگەندىن بەش بەتتەر قىينالدىم، ئەمدى يەنە قىينالغۇم، راھەت پاراغەت كۆرمەي، ياپياش تۇرۇپلا ئۆلگۈم يوق!...

ئۆزۈڭگە ئىشەنگۈڭ كەلمەي قالدى؛ ئۆزۈڭنىڭ ئويلىرىڭغا ئىشەنگۈڭ كەلمەي قالدى. ئەمما، ئىشەنمەي بولمايتتى. سەن راستلا شۇنداق ئويلىغانىدىڭ، شۇ ئويلىرىڭدىن خىجالەت بولدۇڭ، نومۇس ھېس قىلدىڭ. ئەمما، نومۇس، خىجالەتلىكنى تەن ئالغۇڭ كەلمىدى. مەنمۇ بارمايمەن. بىرلا مېنىڭ ئاشىقىم يوق شۇ. بۇ مېنىڭ جەڭگە بېرىشىمغا شەرت بولالمايدۇ. ئاشىقىم يوق دەپ خوتۇن ئالمىسام بولامدۇ؟ بىر قېتىم

خوتۇن ئالغىنىم بىلەن، بالام يوق. شۇڭا، يەنە خوتۇن ئېلىپ، بالا تاپمىسام بولمايدۇ. ئۆلۈپ كەتسەم، جەمەتىمىزنىڭ يىلتىز - نەسەبى قۇرۇپ كەتسە مەيلىمۇ؟ ياق! ئاسلانچىلىك بولسىمۇ، بىرەر بالام بولغان بولسىغۇ... بولدىلا، مەنمۇ بارمايمەن!

تولۇن ئاي باش ئۈستۈڭدىلا، ساڭا ئەگىشىپ كېتىۋاتاتتى. يازنىڭ راھەتبەخش ئىللىق شاملى سېنى توڭدۇرۇپ، تىترىتىشكە باشلىغانىدى. چۈنكى، قەلبىڭ سوپسوغۇق، بايىقى تەپتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى؛ قەلبىڭ قۇپقۇرۇق، بايىقى ئىشەنچتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى؛ قەلبىڭ دوزاختەك مۇدھىش، بايىقى گۈزەل كۆيلەر - جەننەت ساداسىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى.

بۇ مەنىمۇ؟ شۇلارنى ئويلىغان مەنىمۇ؟

ئۆز - ئۆزۈڭگە ئىشەنگۈڭ كەلمەيتتى.

زەيىنىدىن بىلەن سەپەرداش بولۇش جەريانىدا ۋەتەن، مىللەت، ئازادلىق ھەققىدە قەلبىڭگە پۈككەن گۈزەل غايىلىرىڭ قېنى؟ سەن تېخى يېقىندىلا قوزغىلىدىغان ئىنقىلابقا قاتنىشىپ، ئۆزۈڭنى خەلقىڭ ھۆرلۈك - باراۋەرلىكى ئۈچۈن بېغىشلىماقچى بولغانمۇ؟ قېنى ئۇ بۈيۈك ئېتىقاد - غايىلىرىڭ؟

ياق، بىلەتتىڭ، بىلمەسكە سېلىۋالغانىدىڭ.

شۇڭا، شۇلارنى ئويلىغان، شۇنداق قارارغا كەلگەن كىشىنىڭ ئۆزۈڭ ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۈڭ كەلمەيتتى؛ شۇڭا، سەن ئۆزۈڭگە ئوخشاشمايدىغان يوچۇق بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانىدىڭ، خۇددى ئاز بولسىمۇ ئۈستازىڭ راشىددىن مۇپتى ھاجىمدا ئوقۇپ بىلىم تەھسىل قىلىپ باقمىغانىدەك، زەيىنىدىن زايىتوف بىلەن سىرداش دوستلاردىن بولۇپ، قەلبىڭگە گۈزەل غايىلەرنى پۈكۈپ باقمىغانىدەك، چىرىكلەر تەرىپىدىن روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ئۆلگۈدەك ئازابلىنىپ، ئۇلاردىن قىساس ئېلىش ئۈچۈن ئۆز - ئۆزۈڭگە قەسەم بېرىپ

باقمىغانىدەك، يۈرىكىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا چېرىكلەرگە نىسبەتەن ئۆچ ـ ئاداۋەت كۆكلەپ باقمىغانىدەك.

ئۆزۈڭنى ناھايىتى ماغدۇرسىز سەزدىڭ، خۇددى تەكلىماكان قۇملۇقىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن ئۇسسۇز يولۇچىدەك. چۈنكى، بايىقى كۆچ - قۇۋۋەتلىرىڭ چىرايلىق باھانە ـ سەۋەبلەر، «لېكىن»، «بىراق»، «ئەمما»لار، ئېزگۇ تىلەكلەر، نەق نېسى دۇئالار، «لېكىن»، «ئەمما»، «بىراق»لار ئاستىدا قالغان ۋۇجۇدۇڭدەك.

پۇت ـ قوللىرىڭ بوشىشىپ، پالاقلاپ قېلىۋاتاتتى. شۇڭا، ئېرىق بويىغا كېلىپ دوڭغاق سۆگەتكە يۆلەندىڭ. لېكىن سىيرىلىپ ـ سىيرىلىپ ئولتۇرۇپ قالدىڭ.

ئەجەب بولۇپ قالدىمىيا؟ نېمە بولغاندۇ ماڭا؟

بىلمەيتتىڭ؛ سېنى يۆلەشتۈرۈپ ئېلىپ كېتىۋاتقان قەلبىڭدىكى گۈزەل كۈيلەر ـ جەننەت ساداسىدىن مەھرۇم قالغانلىقىڭنى بىلمەيتتىڭ. ئەگەر بىلگەن بولساڭ، دوستلىرىڭنىڭ باھانە ـ سەۋەبلىرىنى ئەزمايىش قىلىشنىڭ ئورنىغا، نۇرانە مەنزىلگە قاراپ مەردانە قەدەملەر بىلەن تەنھا كېتىۋەرگەن بولاتتىڭ.

ئۇسساۋاتقانلىقىڭنى ھېس قىلدىڭ. راستتىنلا ئۇسساپ كەتكەنىدىڭ. قولۇڭنى يۇيۇپ، بىر ئوچۇم سۇ ئىچتىڭ. ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، شىرىلداپ ئېقىۋاتقان سۈپسۈزۈك سۇغا تىكىلدىڭ، تىكىلدىڭيۇ، ھەيران قالدىڭ. چۈنكى، تولۇن ئاي ۋە يۇلتۇزلار جىلۋە قىلىپ تۇرغان شۇ سەتھىدە بىچارە، تولىمۇ بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قالغان بىرى ساڭا ئىنتايىن بىچارىلەرچە قاراپ تۇراتتى، ئۇ سەن ئىدىڭ. بىردىنلا ئۆزۈڭگە ئىچىڭ ئاغرىپ قالدى. ئۆزۈڭنى راستتىنلا بىچارە، يېتىم، يەككە ـ يېگانە، غۇرۇرسىز ھېس قىلىپ قالدىڭ.

توۋا، بۇ مەنمۇ؟... بۇ راستتىنلا مەنمۇ ـ ھە؟... نېمىشقا... نېمىشقا ئۆزۈمنى مۇشۇنداق بىچارە ھېس قىلىمەن؟

بىلمەيتتىڭ.

ئاتا - ئانام تۇرۇپمۇ ئۆزۈمنى نېمشقا يېتىم ھېس قىلىمەن؟ بىلمەيتتىڭ. نېمشقا ئۆزۈمنى بۇ دۇنيادا يەككە - يېگانە قالغاندەك ھېس قىلىمەن؟

بىلمەيتتىڭ.

نېمشقا ئۆزۈمنى غورۇرسىز ھېس قىلىمەن؟

بىلمەيتتىڭ، زادىلا بىلمەيتتىڭ.

چۈنكى، سەن ئىشەنچىنى يوقاتقان ئادەمنىڭ مۇشۇنداق بىچارە بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىڭ؛ ئېتىقادىدىن يېنىۋېلىپ، قەلبىدىكى گۈزەل كۆيلەر - جەننەت ساداسىدىن مەھرۇم قالغان ئادەمنىڭ ئاتا - ئانىسى تۇرۇپمۇ مۇشۇنداق قارا يېتىم بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىڭ؛ قىساسىنى ئۇنتۇغان، قىساس ئېلىش ئۈچۈن ئۆز - ئۆزىگە قەسەم بېرىپ، قەسەمنى بۇزغان ئادەمنىڭ مۇشۇنداق غورۇرسىز بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىڭ.

ئەگەر بىلگەن بولساڭ، بېھىشكە تۇتىشىپ كېتىدىغان يولۇڭدىن - ئەتراپىدا خىلمۇ خىل گۈللەر ئېچىلىپ، خىلمۇ خىل قۇشلار سايرىشىپ، ئىككى يېقىدا سۈپسۈزۈك سۇلار شىرىلداپ ئېقىپ تۇرىدىغان نۇرانە يولۇڭدىن يېنىۋېلىپ، قەلبىڭدىكى گۈزەل كۈيلەر - جەننەت ساداسىدىن مەھرۇم قالمىغان بولاتتىڭ.

شۇنداق، سەن ناھايىتى مۇشەققەتتە ئېرىشكەن ئەڭ زور بايلىقىڭدىن - جەننەت ساداسىدىن مەھرۇم قالدىڭ. چۈنكى، سەن بىردەمدىلا قىساسىنى ئۇنتۇغان غەپلەتتىكى ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانىدىڭ.

توساتتىنلا قەلبىڭنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن غەزەپلىك بىر سوئاللىق نىدا كۆتۈرۈلۈپ قالدى: «ئۇنداقتا جەڭگە كىم بارىدۇ؟!»

بۇ ھەقتە ئويلىغۇڭ كەلمىدى. بەلكىم، ئويلاپمۇ قالار ئىدىڭ، لېكىن

قەيەردىنمۇ لەيلەپ - لەيلەپ ئۇچۇپ كەلگەن مۇنۇ ناخشا سېنىڭ ئويلاش پۇرسىتىڭنى تارتىۋالدى:

بۇ ھاۋا ھاۋامىدۇ؟
قار ـ يامغۇر ياغامدۇ؟
ئاچىسى ئۆلۈپ قالسا،
سىڭلىسى راۋامدۇ؟

ھەسرەتلىك ناخشا داۋام قىلاتتى. لېكىن، سەن داۋامىغا قۇلاق سالمىدىڭ، قۇلاق سالغۇڭ كەلمىدى، خۇددى ھېلىقى «جەڭگە كىم بارىدۇ؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب بەرگۈڭ كەلمىگەندەك. شۇڭا، ناخشىنىڭ داۋامىغا قۇلاق سېلىشىڭ ئورنىغا شۇۋىرلىدىڭ:

«ئاچىسى ئۆلۈپ قالسا... سىڭلىسى... ئەجەب بۇ ھەقتە ئويلاپ باقماپتىمەنيا؟ راۋا بولماي ئەمسە! نېمىشقا راۋا بولمايتتى؟ راۋا بولىدۇ تازا!»

كۆڭلۈڭ ۋاللىدە يورۇپ كەتتى، خۇددى كۆز ئالدىڭدىكى چەكسىز كەتكەن ئايدالىدەك.

«ئەجەب يادىمغا كەلمەپتۇيا؟... كاساپەت!»

بېشىڭنى كۆتۈرۈپ، كەينىڭدىكى سۆگەتكە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ئايغا تىكىلدىڭ. تولۇن ئاي كۆز ئالدىڭدىلا ئەگىپ يورەتتى، خۇددى ئايالىڭنىڭ سىڭلىسى زۇمرەتنىڭ نۇرلۇق سېيماسىدەك: ئۇن تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك يۇپيۇمىلاق يۈز، باھاردىكى كەچكى شەپەقتەك قىپقىزىل مەڭز، پۇرچاقچىلىك خال قونغان ئانار دانىسىدەك قىپقىزىل لەۋ، خۇددى ئۈينىڭ كۆزىدەك يوغان، قاپقارا شەھلا كۆز، زىلۋا بويىدا تاپىنىنى سۆيۈپ تۇرىدىغان بىلەكتەك ئىككى ئۆرمە چاچ...

«بالدۇرراق يادىمغا كەلسىچۇ، كاساپەت!... دىققەت قىلماپتىمەنيا،

ئەجەب!»

ئېرىقتىكى زىلال سۇ شىرىلدايتتى. مەيىن شامال يالپۇز ھىدىنى قەلب دۇنيايىمغا ھەيدەپ كىرەتتى. لېكىن، قەلبىمدىكى شۇنچىلىك ئاچچىق، شۇنچىلىك قاقشىق ئىدى.

شۇڭا، سەن مەرھۇم ئايالىمنىڭ چاچلىرىنى ھىدلىغاندەك.

«بىچارە!»

ئايالىڭ تۇغۇتتا ئۆلۈپ كەتكەندى. ئۇ چېچىنى مەھكەم چىشلىۋالغان ھالدا قوچىقىمدىلا جان ئۈزگەندى؛ مۇھەببەتلىك كۆزلىرى ماڭلاي چاچلىرى ئارىسىدىن ساڭا تىكىلگەن پېتى قېتىپ قالغان، گىلاستەك قىپقىزىل نېپىز لەۋلىرى سەببىي قەلبىمدەك ئاقارغان ھالدا سەن بىلەن نىداسىز ۋىدالاشقانىدى.

ئۇ ۋەسىيەتمۇ قىلالمىغانىدى، شۇم ئەجەل...

«بىچارە!»

يۈرىكىمدىكى ئېچىشىپ، كۆزۈمگە ئىسسىق ياش كەلدى. ئۇنى سۆيەتتىم؛ چىن يۈرىكىمدىن شۇنداق سۆيەتتىم. شۇڭا، ئىككى يىلدىن بېرى ئۇنىڭ بىلەن غايىبانە ياشاپ كېلىۋاتاتتىم. بۇ خىيالىي دۇنيا سەن ئۈچۈن تولىمۇ گۈزەل بولغاچقىلا، قايتا ئۆيلەنگۈم كەلمىگەنىدى؛ قايتا ئۆيلىنىپ، ئۇنىڭ روھىنى قورۇندۇرغۇم كەلمىگەنىدى؛ خىيالىي دۇنيادىكى گۈزەللىكتىن مەھرۇم قالغۇم كەلمىگەنىدى.

مانا ئەمدى ئۇنىڭ سىڭلىسى بىلەن ھەقىقىي دۇنيادا بىر ئۆمۈر بىللە بەختلىك ياشىماق بولۇۋاتاتتىم. چۈنكى، سېھرىي قۇدرەتكە ئىگە ھېلىقى ئۇيغۇر ناخشىسى ئايالىمغا بولغان غايىبانە مېھىر - مۇھەببەتنى بىردەمدىلا زۇمرەتكە بولغان مۇھەببەتكە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى.

زۇمرەتنى ئالىمەن!... ئۇنى ئالسام، ئايالىمنىڭ روھىمۇ قورۇنۇپ يۈرمەيدۇ. ياتنى ئالغاندىن مىڭ ياخشى. راۋا بولماي ئەمىسە، ئەلۋەتتە، راۋا بولىدۇ. نېمىشقا؟... نېمىشقا مەن زۇمرەتنى ئېلىپ، ئۇنى ئۆزۈمگە،

ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا ئاشىق قىلىشنى ئويلاپ باقمىغان بولغىيتتىم؟ ئۇ ئاچچىسىدەكلا چىرايلىق، ئاچچىسىدەكلا ئوماق. ئۇ چوقۇم مېنى ئۆزىگە ئاشىق قىلالايدۇ، مەنمۇ شۇ. ئۇنى ئالساملا، ئۇ ماڭا ئاشىق بولۇپ قالاتتى. خۇددى ئاچچىسىدەكلا، ئۇ نىكاھىمغا ئۆتسىلا، ئاچچىسىنىڭ قەلبىمدىكى ئورنىنى ئىگىلەپ، يۈرىكىمدىكى

ئەلەم - ھەسرەت، چۈشكۈنلۈكنى قوغلاپ چىقىراتتى...

راستىنى ئېيتقاندا، مېنىڭ جەڭگە بېرىشقا شەرتىم توشمايدۇ. چۈنكى مېنىڭ دادام قېرى، چېرىكلەر بىلەنمۇ ھېچقانداق ئۆچ - ئاداۋىتىمىز يوق، گۇناھ ئۆزۈمدە، بۇنى «ئۆچ - ئاداۋەت» دېيىشكە بولمايدۇ. ئاشىقىممۇ بار بولدى. ئەمدى توي قىلمىسام، بالا تېپىپ، جەمەتىمىزنىڭ يىلتىزىنى كۆكلەتمىسەم بولمايدۇ!...

خىيالىڭ شۇ يەرگە كەلگەندە، قەلبىڭدىن شۇنداق بىر سوئال پارتلاپ چىقتى: «مۇشۇلارنى ئويلىغان سەنمۇ؟!»

بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشتىن باش تارتىپ، خىيالىڭنى داۋاملاشتۇرۇۋەردىڭ: ئازادلىق - ھۆرلۈك،... ئاشىق - مەشۇقلار ئۈچۈن ئازادلىقنىڭ كېرىكى يوق؛ مۇھەببەتداشلار ئۈچۈن ھۆرلۈكنىڭ كېرىكى يوق. مۇھەببەتنىڭ ئالدىدا ھەممە نەرسە بىر تىيىن. چۈنكى، مۇھەببەت —— ئازادلىق ھەرگىزمۇ ئازادلىق، ھۆرلۈك مۇھەببەت ئەمەس!

سەن جىنايەتكارانە خىيالىڭنىڭ قۇيرۇقىنى شۇنداق چورت كېسىپ، ئورنۇڭدىن سەنتۈرۈلۈپ - سەنتۈرۈلۈپ تۇردۇڭ. سىرقىراپ تۇرغان ئېغىر - ئېغىر پۇتلىرىڭنى سۆرەپ - سۆرەپ، يەڭدەپ - يەڭدەپ ئۆيۈڭگە قاراپ ماڭدىڭ. بايىقى خۇش زۇۋانلىق قۇشلارنىڭ مەپتۇنكارانە سايراشلىرى شىپپىدە غايىب بولغان، ئەتراپىدا خىلمۇ - خىل گۈللەر ئېچىلغان، ئېرىقلىرىدا سۈپسۈزۈك سۇلار شىرىلداپ ئېقىپ تۇرىدىغان مەنزىلدىن قىلچىمۇ ئەسەر قالمىغانىدى. يول ئوڭغۇل - دوڭغۇل ھەم چاۋار - چاتقاللىق، ئازغان - تىكەنلەر قاپلاپ كەتكەن، مېڭىش تولىمۇ قىيىن

ئىدى: يىقىلاتتىڭ، قوپاتتىڭ، ئازغان - تىكەنلەر يۈز - كۆزلىرىڭنى تىلىپ قان ئالاتتى. چاۋار - چاتقاللىقلار ئارىسىدىن يىلان - چايانلار كۇشۇلداپ چىقىپ، ساڭا نەشتەر ئۇرغىلى ھەيۋە قىلاتتى. سەن ۋارقىراپ جان - جەھلىڭ بىلەن قاچاتتىڭ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆمرۈڭدە سەن ئاڭلاپمۇ باقمىغان ئاجايىپ قورقۇنچلۇق ئاۋازلار سېنى ۋەھىمە - ساراسىمىگە سالاتتى.... سەن شۇنچە ئۇزاق يۈگۈرۈپمۇ چاتقاللىقلار ئارىسىدىن چىقىپ كېتەلمەيۋاتاتتىڭ. ئەكسىچە، قورقۇنچلۇق تىلسىملىق دۇنياغا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كېتىۋاتاتتىڭ. ئاخىر ئۈمىدىڭ «چىرت»لا قىلىپ ئۈزۈلدى. ئامالسىز ئىلتىجا بىلەن ۋارقىرىدىڭ: «خىزىر، سەن نەدە؟!»

يىقىلىپ - قوپۇپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقاچ خېلى ئۇزاق كۆتكەن بولساڭمۇ، ھېچبىر سادا ياكى تىۋىش كەلمىدى، خىزىر تۇرماق، ئۇنىڭ شەپىسىمۇ ئاڭلانمايتتى، سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئاڭلانغىنى پەقەت قورقۇنچلۇق ئاۋازلار، يىلان - چايانلارنىڭ كۇشۇلداشلىرى...

«نېمىشقا؟! خىزىر، سەن نېمىشقا كەلمەيسەن؟! كېلىپ، مېنى نېمىشقا بۇ ھالاكەتتىن قۇتقۇزمايسەن؟! سەن كۆلپەت - ھالاكەت ئىچىدە قالغان ناتىۋانلارغا ياخشىلىق قىلغۇچى، بېشىنى سىلىغۇچى ئىدىڭغۇ؟! »

چوڭقۇر ئۈمىدسىزلىك بىلەن ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ ھەسرەت بىلەن يىغلىدىڭ. چۈنكى، سەن خىزىرنىڭ ئۇلۇغۋارانە ئىستىكى، ئېتىقاد - غايىسىدىن يىنىۋالغان، ئۆلۈمدىن قورقىدىغان سەندەك گۇمراھ بەندىگە ياخشىلىق قىلمايدىغانلىقىنى بىلمەيتتىڭ. ئەگەر بىلگەن بولساڭ، ئارقاڭغا يېنىپ بايىقى نۇرانە يولۇڭغا كىرىپ كەتكەن بولاتتىڭ. شۇڭا، يۈز - كۆزلىرىڭنىڭ تىلىم - تىلىم تىلىنىپ، شۇرقىراپ قان ئېقىشىغا قارىماي، چاۋار - چاتقال، ئازغان - تىكەنلەرنى قايرىپ، جان - جەھلىڭ بىلەن يۈگۈردۈڭ...

بىر چاغدا بۇرۇلۇپ كەينىڭگە قاراپ ھەيرانلا قالدىڭ. چۈنكى، سەن

شۇنچە يۈگۈرۈپمۇ بايىقى يۆلىنىپ ئولتۇرغان دوڭغاق سۆگەت تۈۋىدىن ئەمدىلا ئون نەچچە قەدەم يىراقلاشقانىدىم.

باياتىن بىرى مەن قەيەردە ماڭدىم؟

بىلمەيتتىم.

باياتىن بىرى سەن يۈگۈرگەن، قورقۇنچلۇق ئاۋازلار بىلەن تولغان يىلان - چايانلىق، چاۋار - چاتقاللىق، ئازغان - تىكەنلىك يول دەل سېنىڭ قەلبىڭ ئىدى.

سەن ئېسىڭنى يىغىپ، يولۇڭنى داۋام قىلدىڭ. پۇتلىرىڭ شۇ قەدەر ئېغىر، بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتاتتى. گويىكى چويۈندەك. پۇتۇن ئەزايىڭ سىرقىراپ ئاغرىيتتى، خۇددى ئۇرۇپ چېقىۋەتكەندەك. ئىچ - ئىچىڭدىن ھاردۇق ـــ «ئۇھ» چىقاتتى. مىسالى ھازىرلا چۆلدىن چىققان ئۇسسۇز يولۇچىدەك. قەلبىڭدە شىۋىرغان ھۇۋلايتتى، بەئەينى كۆھىقاپنىڭ ئاغزىدەك.

ئەجەب بولۇپ قالدىميا، بىردەمدە نېمە بولغاندۇ ماڭا؟

بىلمەيتتىڭ. چۈنكى، سەن مۇھەببەت گەرچە ھۆرلۈك - ئەركىنلىكسىزمۇ ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ قالالىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا ۋىسالسىز مۇھەببەتكە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىڭ. ئەگەر بىلگەن بولساڭ «مۇھەببەت ـــ ئازادلىق - ھۆرلۈك، لېكىن ئازادلىق ـــ مۇھەببەت ئەمەس!» دەپ يەڭگىلتەكلىك بىلەن ھۆكۈم چىقارمىغان بولاتتىڭ؛ ئەگەر بۇ نۇقتىنى چۈشەنگەن، چوڭقۇر چۈشەنگەن بولساڭ، يىلان - چايانلىق، چاۋار - چاتقاللىق يولدا ئېغىر قەدەملىرىڭنى سۆرەپ ئۆيۈڭگە ئەمەس، قەلبىڭدىكى گۈزەل كۈيلەر ـــ جەننەت ساداسى ئىچىدە بېھىشكە تۇتىشىپ كېتىدىغان نۇرانە يول ئارقىلىق جەڭگاھقا قاراپ ماڭغان بولاتتىڭ.

دادام نېمە دەر؟ ھېچنېمە دېمەيدۇ! ‹ئۇماچ ئىچسەكمۇ، زاغرا غاجىساقمۇ، بىزدىن ئايرىلما› دېگەن. ئۇلار مېنىڭ رايىمنى دەپلا جەڭگە

بېرىشىمغا خۇشاللىق بىلەن رازىلىق بەرگەن. بولمىسا مېنى زار - زار يىغلاپ تۇرۇپ ئۇزىتىپ قالامتى؟ قايتىپ كەلگەنلىكىمنى كۆرسە، «ۋاي جىنىم قوزام، ھەر نېمە بولسا قايتىپ كېلىپسەن» دەپ چوكۇلدىتىپ سۆيۈپ كېتىدۇ...

ئەمما، ئاتا - ئانائ ئۇنداق قىلمىدى.

ـــ نېمىشقا يېنىپ كەلدىڭ، بالام؟

ئىشىكتىن كىرىپ بولغۇچە ئانائ شۇنداق دەپ سوراپ بولدى. داداڭ ئاجايىپ ھەيرانلىق بىلەن ساڭا قاراپلا قالدى. سەن سۈپىنىڭ لېۋىدىلا ئولتۇرۇپ قالدىڭ. ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويۇپ، ئىنتايىن ھارغىن، ئۈمىدسىز تەلەپپۇز بىلەن بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردىڭ. ئاخىردا: «مېنىڭ ھېچنېمەم، ھېچ ئىشىم يوق ئوخشايدۇ بۇ تۇرقىدا، جېنىمغا تويغان مەنلا ئوخشايمەن» دەپ غۇدۇرىغان بولۇپ سۆزۈڭنى تۈگەتتىڭ ـ دە، ئاتا - ئاناڭنىڭ ئىنكاسىنى كۈتتۈڭ. ئاتا - ئاناڭ سېنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىڭنى كۆرۈپ قانداق ھەيران قالغان بولسا، سەنمۇ شۇنداق ھەيران قالدىڭ. چۈنكى، ئاتا - ئاناڭ ھەسرەتلىك ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشىپ، بىر - بىرىگە ئەپسۇسلۇق ئىلكىدە قاراپ قىلىشقانىدى. بىر پەس جىملىقتىن كېيىن داداڭ ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن سۆزلەپلا كەتتى:

ـــ بىرى تېخى توي قىلمىغان، خوتۇن ئالمىسا، بالا تاپمىسا بولمايدۇ. بىرىنىڭ ئاتا - ئانىسى قېرى، باققۇچىسى يوق. بىرى يالغۇز ئوغۇل، ئۆلۈپ كەتسە، نەسەب - يىلتىزى قۇرۇپ كېتىدۇ. بىرىنىڭ باللىرى كىچىك، ئۆلۈپ كەتسە، باللىرىمۇ ئۆلۈپ كېتىدۇ. بىرى شائىر - يازغۇچى، ئەسەر يېزىپ، ئەۋلادلىرىغا مىراس قالدۇرمىسا بولمايدۇ. بىرىنىڭ تېخى ئون گۈلىنىڭ بىرىمۇ ئېچىلمىغان. بىرى مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان، تالىپ تەربىيىلىمىسە بولمايدۇ. موللا - تالىپ ئازىيىپ كېتىپ، جەننەت قۇرۇق قالىدۇ. بىرى ئالىم، زامانغا كېرەكلىك، ئۆلۈپ كەتسە بولمايدۇ. بىرىنىڭ ھېچنېمىدىن تەڭلىكى يوق. بىرىنىڭ

چېرىكلەر بىلەن ئۆچ - ئاداۋىتى يوق. بىرى قېرى، بىرى ئايال جەك قىلالمايدۇ. بىرى...ـــ داداڭ قىزىشىپ سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ، بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن داۋام قىلدى، ـــ ئەمسە، جەڭنى كىم قىلىدۇ؟ شۇنداق ئەمەس كىم بار؟ جەڭگە بېرىش پەقەت جىنىدىن تويغانلارنىڭلا، چېرىكلەر بىلەن ئۆچ - ئاداۋىتى بارلارنىڭلا ئىشى ئوخشايدۇ بۇ تۇرقىدا. جاھاندا جېنىدىن تويغان كىم بار؟ راسا ئويلاپ باقساق، كىمنىڭ چېرىكلەر بىلەن ئۆچ - ئاداۋىتى يوق؟ ئاۋامنىڭ ئۆچ - ئاداۋىتى ......

داداڭ چىڭقىلىپ يۆتىلىپ كېتىپ، گېپىنى داۋاملاشتۇرالمىدى. داداڭنىڭ كۆزدە تۇتۇۋاتقىنى 1933 - يىلى يازدا يۈز بەرگەن «شاپىلىق تۈز پاجىئەسى» ئىدى. سەن داداڭنىڭ خوتەندە شاھ مەنسۇرنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ماخۇسەن قىسىملىرىنى ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ قىلغانلىقىنى، شەرمەندىلەرچە مەغلۇپ بولغان ماخۇسەن قىسىملىرىنىڭ يەكەن تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن، تاغ بېغىرلاپ قېچىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان قاغىلىقتىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ رەھبىرىدىن ھەسەن ۋالىيغا: «... مىلتىقىنىڭ ئوقى يوق، ئەلنى باشلاپ چىقىپ ئالدىنى توسۇڭلار!...» دەپ يارلىق كەلگەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن چوپان خەلقى پالتا، كەكە، ئارا - گۈرجەك، تاياق - توقماقلارنى كۆتۈرۈپ، چېرىكلەرنىڭ ئالدىنى توسقىلى «شاپىلىق تۈز» دېگەن تۈپتۈز كەتكەن، شاپ بىلەن قاپلانغان قۇملۇققا كەلگەندە، چېرىكلەر خەلق توپىنى قورشاپ، ئىككى يۈز ئوتتۇز نەپەر ئادەمنى قىرىپ تاشلاپ، يەكەن زېمىنىغا قېچىپ كەتكەنلىكىنى① تالاي قېتىم ئاڭلىغانىدىڭ. شۇلارنى ئويلاپ كۆزۈڭنى يۇمدۇڭ. كۆز ئالدىڭدا سەبىي قەلبىڭنى مۇجۇپ - مۇجۇۋەتكەن، پۈت - قوللىرىڭنى سىرقىرىتىپ - سىرقىرىتىۋەتكەن «شاپىلىق تۈز پاجىئەسى» ـــ قانغا بويالغان قۇملۇق، قانغا بويىلىپ ياتقان سانجاق - سانجاق جەسەتلەر زاھىر بولدى.

تېنىك قايتىدىن سىرقىراپ، كۆزۈڭنى ئاچتىڭ. ئاتا - ئانىڭ قايتىدىن مەيۈسلۈك ئىلكىدە مىجىلىپ، سۇپىنىڭ قىرىغا ئولتۇرۇشۇپلا كەتكەنىدى. گوياكى لايغا بارا - بارا ئولتۇرۇشۇپ كېتىۋاتقان قورام تاشتەك.

يەنە كۆزۈڭنى يۇمدۇڭ. كۆز ئالدىڭدا بايىلا يۈرىكىڭنى پىژىدە كۆيدۈرۈپ ئۆتۈپ كەتكەن زۇمرەتنىڭ گۈزەل سىيماسى زاھىر بولدى.

كۆزۈڭنى ئاچتىڭ. ئاتا - ئاناڭ نېمە ئىش قىلىشىنى، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي، قېتىپلا قالغانىدى، خۇددى كاۋا بارىڭى ئۈستىدىكى تولۇن ئايدەك.

كۆزۈڭنى يۇمدۇڭ. كۆز ئالدىڭدا بۇلاپ - تالىنىپ، سايىقىقا، يۇرت - ماكانسىزغا ئايلىنىپ قالغانلار ۋە قېلىۋاتقانلار، ئاياغ - ئاستى قىلىنىۋاتقان خوتۇن - قىزلار، ئاچ - زارلىقتىن ئۆلۈپ كېتىۋاتقان باللار، چىرىكلەرنىڭ مىلتىقلىرى ئاستىغا ۋە چىرىكلەرنىڭ سايىسىغا ئۆتۈۋالغان، قوينىغا قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ كىرىۋالغان بىر قىسىم بايلارنىڭ قانلىق قامچىسى ئاستىدا قۇلغا ئايلىنىپ قالغان ھەم قېلىۋاتقان دېھقان - چارۋىچىلار زاھىر بولدى.

كۆزۈڭنى ئاچتىڭ. ئاتا - ئاناڭ مىدىر - سىدىر قىلماي جىممىدە ئولتۇراتتى. مىسالى سېھىرلىنىپ قالغان پەرىشتىلەردەك.

كۆزۈڭنى يۇمدۇڭ. كۆز ئالدىڭدا سۇلتان باي، راشىددىن مۇپتى ھاجىم، قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە سەندە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇرغان، قەلبىڭدە ۋەتەن، خەلق، ھۆرلۈك تۇيغۇسى ئويغاتقان دوستۇڭ زەينىددىن زاھىر بولدى.

كۆزۈڭنى ئاچتىڭ. ئاتا - ئاناڭ چوڭقۇر خىيال دېڭىزىغا غەرق بولغانىدى.

كۆزۈڭنى يۇمدۇڭ. كۆز ئالدىڭدا قاپاق تېرەككە باغلىنىپ، سوراق قىلىنىۋاتقان، بەدىنىدىن سىرغىپ قان ئېقىۋاتقان داداڭ ۋە ئۆزۈڭنىڭ

سېيماسى ھازىر بولدى.

ئەمما، ساگا بۇ زاھىراتلار قىلچە تەسىر قىلمىدى، خۇددى تاشقا ئازابلىق ئىلتىجا تەسىر قىلمىغاندەك.

كۆزۈگنى تېخىمۇ چىڭ يۇمدۇڭ. كۆز ئالدىڭدا بۇ قېتىم جەڭگاھتا ئۆزۈگنىڭ قانغا بويالغان ئېچىنىشلىق ئۆلۈمۈڭ ۋە زۇمرەتنىڭ گۈزەل سېيماسى زاھىر بولدى.

مانا مۇشۇ ئىككى زاھىراتلا ساگا ئەڭ كۈچلۈك تەسىر قىلدى. شۇڭا، ۋۇجۇدۇڭ سىلكىنىپ - سىلكىنىپ كەتتى، يۈرىكىڭدىن ئاخىرقى قارار پارتلاپ چىقتى: «ئىشقىلىپ، ئەمدى جەڭگە بارمايمەن! ... »

ـــ ئادەم كۆرەش ئۈچۈن يارالغان! ... ـــ داداڭ شۇنداق دەپلا توختاپ قالدى.

ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن توختاپ قالغانلىقىنى پەرەز قىلالمىدىڭ. داداڭ شۇ توختاپ قالغانچە قايتا ئېغىز ئاچمىدى. سەنمۇ يەرگە تىكىلىپ ئولتۇرغىنىڭچە ئۈندىمىدىڭ. يۈرىكىڭ داداڭنىڭ پىكرىنى تەستىقلاپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئېتىراپ قىلغۇڭ كەلمەي، كۆڭلۈڭدە شۇۋىرلاپ قويدۇڭ: «ئىشقىلىپ، بىزنىڭ چېرىكلەر بىلەن ھېچقانداق ئۆچ - ئاداۋىتىمىز يوق. مەن جەڭگە بارمايمەن، بارمايمەن!»

ھويلىنى ئېغىر سۈكۈنات باستى.

سۈكۈنات ئاخىر ئاناڭ تەرىپىدىن بۇزۇلدى:

ـــ كەلگۈسىدىكى ئانىلار شائىر - يازغۇچى، ئۆلىما - ئالىم، مۇدەررىس تۇغالمايدىغان ئوخشايدۇ!

ئاناڭنىڭ بۇ سۆزى يۈرىكىڭگە غاسسىدە سانجىلىۋىدى، غايە - ئېتىقاد، غۇرۇر، ئۈمىد - ئىشەنچ ۋە ئىلاھىي بايلىقىڭ ـــ جەننەت ساداسىدىن مەھرۇم قالغان ۋۇجۇدۇڭ لەرزىگە كەلدى. بىراق، بۇ سېنىڭ نۇرانە مەنزىلىدىن قايتىپ كەلگەنلىكىڭگە پۇشايمان قىلغانلىقىڭدىن دېرەك بەرمەيتتى. ئەگەر داداڭ ئاناڭنىڭ سۆزىنى تارتىۋالمىغان بولسا،

بەلكىم بۇ ھەقتە ئويغا پېتىپ، پۇشايمان قىلىپ قېلىشىڭ مۇمكىن ئىدى.
ـــ بوپتۇ بالام، كىرىپ ئۇخلا!
سەن دەل مۇشۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەكلا لىككىدە ئورنۇڭدىن تۇردۇڭ، خۇددى ناشتىسىز قالغان سەرسان كېپىنەكتەك. ناھايىتى تېز يېشىنىپ ياتتىڭ. يوتقىنىڭ مۇزلاپ كەتكەنىدى، گوياكى ۋىسال تەشنالىقى بىلەن تولغان مۇزسىمان قەلبىڭدەك.
توخۇلارنىڭ چىللاشلىرىغا ئەگىشىپ ئاچچىق بىر شېرىن تۇيغۇ تويپى باستۇرۇپ كەلدى، خۇددى كەلكۈندەك ...

4

كاۋا باراڭلىرى ئارىسىدىن نەيزىدەك بۆسۈپ كىرگەن قۇياش نۇرى يۈز - كۆزۈڭگە سانجىلغاندىلا، ئاندىن كۆزۈڭنى ئاچتىڭ. قۇياش خېلىلا ئۆرلەپ قالغانىدى.
ئەستاغپۇرۇللا... ئەجەب يېتىپ قاپتىمەنيا!
كۆڭلۈڭ غەشلىك بىلەن تولدى. چۈنكى، سەن ھېچقاچان بۇنداق غەپلەت ئۇيقۇسىدا يېتىپ قالمىغانىدىڭ؛ سەن نامازنى ھېچقاچان بۇنداق سەۋەبسىز قازا قىلىپ باقمىغانىدىڭ؛ سەن ھېچقاچان بۇنداق كۆزۈڭنى بۇنداق سەت مىجىپ ئۇۋۇلاپ، چاپىقىڭنى كىر - قاسماق بارماقلىرىڭ بىلەن بۇنداق قوپال ئېرتىپ، بۇنداق خامۇشانە كېرىلىپ، بۇنداق غېرىبانە ئەسنىگىنىڭچە ئورنۇڭدىن تۇرۇپ باقمىغانىدىڭ، شۇنداق سەھەر ئورنۇڭدىن تۇراتتىڭ، نامىزىڭنى ئوقۇپ بىرەر پارە قۇرئان تامام قىلىپ، ئاندىن ئىش - ئەمگەككە چىقاتتىڭ. بۈگۈن...
ھاۋا شۇنداق ئوپئوچۇق، ئەمما كۆڭلۈڭ بۇنىڭ دەل ئەكسىچە. بېشىڭ چىڭقىلىپ ئاغرىپ تۇراتتى. ۋۇجۇدۇڭدا روھسىزلىق ھۆكۈم سۈرەتتى.

دادامىمۇ تـوغرا چۈشـىنىپ قـالار، جەڭ دېـگەن جەڭ، ئـۇ ھەرگـىزمـۇ چالما ئويۇنى ئەمەس، ناۋادا ...

سەن ئۆزۈڭگە شۇنداق تەسەللى بېرىپ ئورنۇڭـدىن تـۇردۇڭ. داداڭ كۆرۈنمەيتتى، ئاناڭ قازانغا سىقماق سىقىۋاتاتتى. توخۇلىرىـڭ ھويلىنىـڭ بىر بۇلۇڭـىدا چۈجىلىرىگە داڭگال چېچىپ بېرىۋاتاتتى. چۈجىلەرگە قاراپ بىردىنلا يـورۇق دۇنياغا كـۆز ئاچـار - ئاچمـايلا ئۆلـۈپ كەتـكەن ئوغلـۇڭ ئېسىڭگە كېلىپ قالدى.

ھايــات بولغــان بولســا، ئىككــى ياشــقا كىرەتتــى، كەينىمــدىن ئەگەشكۈدەك بولاتتى، مەنمۇ جەڭگە بارالايتتىم ...

سـەن ئـۆز - ئـۆزۈڭگە سـاختا تەسـەللى بېرىۋاتاتتىـڭ، بالاڭنىـڭ يوقلۇقى ساڭا ئوبدانلا بىر باھانە بولغانىدى.

«بالام كىچىك دەيدۇيا، تېخى! ھىم، كىچىك بولسا چوڭ بولىدۇ، رىزقىنــى ئــاللا ئــۆزى بېرىــدۇ، ئېغىرىنــى يەر كۆتۈرىــدۇ، چـوڭ بولىــدۇ. ئىشقىلىپ، مېنىڭ كىچىك بولسىمۇ، ئاسلان چاغلىق بىـر بـالام بولغان بولسا، بالام كىچىك دەپ تۇرماي، چوقۇم باراتتىم. ھـىم، ھەممىسـى نـان قېپى، ھەممىسى لامزەللە، ھەممىسى قورقۇنچاق».

سەن شۇنداق شۇنىرلىدىڭ. ئەمما، شۇ نان قېپى، شۇ لامزەللە، شـۇ قورقۇنچاقلارنىـڭ قاتارىـدا ئۆزۈڭنىڭمـۇ بـارلىقىنى ئويلاپمـۇ كۆرمىـدىڭ؛ قەسـتەنگە ئويلاپمـۇ كۆرمىـدىڭ. ئەگەر سـەن بـۇ جەھەتـتە ئاڭقـاۋ بولۇۋالماي، پەقەت باللارچە سەبىي كاللا بىلەن بولسىمۇ ئويلاپ كۆرگەن بولساڭ، ئۆزۈڭنىڭمۇ ئۇچىغا چىققان نـان قېپى، لاياقەتلىـك لامـزەللە، سـېپى ئۆزىـدىن قورقۇنچـاق ئىكەنلىكىڭنـى ئېتىـراپ قىلغـان بولاتتىـڭ؛ ئېتىراپ قىلغانلا بولساڭ، ئـۇلارنى ئەمەس، ئـاۋۋال ئـۆزۈڭنى ئەيىـبلەپ، قەلبىڭدىكى گۈزەل كـۈيلەر ـــ جەنـنەت ساداسـىدىن مەھـرۇم قالمىغـان بولاتتىڭ.

شۇنداق، سەن ئىلاھىي بايلىقىڭ ـــ جەننەت ساداسـىدىن مەھـرۇم

قالغانىدىك.

سەن ئىشىك تۈۋىگە چىقىپ، ئېرىق بويىدا زوڭزىيىپ ئولتۇردۇڭ. ئېرىقتا ئاخشامقى كەھرىۋادەك سۈزۈك سۇ شىرىلداپ ئېقىپ تۇراتتى. سۇدا ئۆز ئەكسىڭنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتىڭ. ئۆزۈڭنى تونۇيالماي، كۆزۈڭنى چەكچەيتىپ، ئەكسىڭگە سىنچىلاپ قارىدىڭ. سۇ سەتھىدە گۈل - گىياھسىز بىر قاغجىراق قەلب يېيىلىپ ياتاتتى، خۇددى قىيامەتتە قالغان سەھرايى كەبىر چۆلىدەك. ئۇ دەل سېنىڭ قەلبىڭ ئىدى. سۇ سەتھىدە يېيىلىپ ياتقان شۇ قاغجىراق قەلب ئۈستىدە ئىنتايىن بىچارە - مىسكىن، ئىنتايىن چۈشكۈن - ئۈمىدسىز، ئىنتايىن خامۇش - غەمناك بىرى ساڭا تىكىلىپ تۇراتتى. قوڭۇر كۆزلىرى كەچكى شەپەقتەك قىزارغان، ئاقپىشماق چېھرى بىلىق قورسىقىدەك ئاقارغان، ئەۋرىشىم بۇرۇت - ساقاللىرى ئۆسۈپ چىگىشلىشىپ كەتكەن بىرى ساڭا بىچارە، يېتىم، يەككە - يېگانە، غۇرۇرسىز، ئېتىقادسىز، غەمناك ئىكەنلىكىڭنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدۇرۇپ تۇراتتى. ئۇ دەل سەن ئىدىڭ.

تووۋا، بۇ نېمە ئىش؟... نېمىشقا؟

بىلمەيتتىڭ، توغرىسى، بىلىشنى قەستەن خالىمايۋاتاتتىڭ.

بۇ كىم؟ بۇ راستىنلا مەنمۇ - ھە؟

ئۆزۈڭ ئىكەنلىكىڭگە ئىشەنگۈڭ كەلمەي تۇرۇپ ئىشەندىڭ. ئىشەنمىسەڭ بولمايتتى. چۈنكى، مۇھەببەت تەلپۈنۈپ تۇرغان غەمناك يۈرىكىڭنىڭ ھەسرەتلىك «دۈك - دۈك» قىلىشلىرى ئۇنىڭ راستتىنلا سەن ئىكەنلىكىڭنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى.

يۈز - قولۇڭنى ئالدىرىماي يۇيۇپ، ئاستا ئورنۇڭدىن تۇردۇڭ، كۆكسۈڭنى تولدۇرۇپ - تولدۇرۇپ نەپەسلەندىڭ. ئاندىن بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ قوناقلىققا قاراپ ماڭدىڭ. قوناقلىققا كىرىپ قارىباش قوناقلاردىن ئون نەچچىنى يۇلۇپ كېلىپ، ئېغىلغا كىردىڭ، ھەيران قالدىڭ، چۈنكى ئېغىلدا ئېشەك يوق تۇراتتى.

ــ ئانا، ئېشەك يوقيا؟ دەپ سورىدىڭ داستىخانغا ئولتۇرۇۋېتىپ.
ــ داداڭ يايلاققا كەتتى.
ــ يايلاققا؟
....
سەن ئۆندىمەيلا ئاش ئىچىشكە باشلىغان ئاناڭغا قاراپ تېخىمۇ ھەيران قالدىڭ، چۈنكى، داداڭ يۈسۈپ بەگنىڭ قويلىرىنى بېقىپ بېرىشكە كېلىشىپ قويغان بولسىمۇ، تېخى ماڭىدىغان ۋاقتى ئەمەس ئىدى.
ــ كېلەر ھەپتە ماڭماقچىدىيا، تېخى؟
ــ ئاخشام سەن كېتىپ يۈسۈپ بەگ: «بۈگۈنلا ماڭسۇن» دەپ بالا ئەۋەتىپتىكەن، سېنى ئۇخلىۋالسۇن دەپ، ئويغاتقۇسى كەلمەي...
سەن بۇ ھەقتە ئارتۇقچە ئويلىنىپ يۈرمەي قوشۇقنى قولۇڭغا ئالدىڭ.
ئانامغا دەي، قېنىنام بىلەن بۈگۈنلا كۆرۈشسۇن...
زۇمرەتنىڭ گۈزەل سىيماسى كۆز ئالدىڭدىن ئۇچۇشقا باشلىدى. ۋىسال قۇشى باش ئۈستۈڭدىلا ئەگىپ يۈرەتتى، قەلبىڭدە زۇمرەتنىڭ سەبىي ئىشقى مەۋج ئۇراتتى.
ئىككى يىلنىڭ ياقى ئەجەب يادىمغا كەلمەپتۇيا؟ ھېلىغىچە بالام ماڭغۇدەك بولىدىكەن، مەنمۇ جەڭگە بارالايدىكەنمەن، ئىسست!
يۈرىكىڭدە شېرىن ئېقىم مەۋج ئۇراتتى، دىل قەسرىڭدە شېرىن غەشلىك ھۆكۈم سۈرەتتى.
ئاناڭ قېينىناڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدى. بىراق داداڭ، «مەن بارالمايمەن، توينى قىلىۋېرىڭلار» دەپ تونۇپ بەرگەچكە، ئاناڭ ئىككىنچى قېتىم بېرىپ، تويلۇق سالدۇرۇپ، توي كۈننى بېكىتىپ كەلدى. توي كۈنۈڭ يىراق - يىراقلاردىن پات - پات گۈمبۈرلەشلەر، ئوق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان ئەنسىز كۈنلەرنىڭ بىرىگە توغرا

كەلگەنىدى.

ئەتە تويۇم بولىدۇ دېگەن كۈنى كەچتە سېنى مەتسالى ئىزدەپ كەلدى.

ــ ھە ، كېلىپ قاپسەنيا؟ دەپ سورىدىڭ قىسقىچە ئەھۋاللاشقاندىن كيىن، ــ بىر گەپ بارمىدىيا؟

ــ سەن بىلەن خوشلىشاي دەپ كەپتىم، ــ دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇۋشقا تەمشىلىپ،

ــ خوشلىشاي؟ ــ سەن سەل ھەيران قالدىڭ،

ــ بىر يەرگە بارامسەن؟

تاغقا... جەڭگە...

سەن تېخىمۇ ھەيران قالدىڭ،

ــ ئۆتكەندە ئۇنىمغانىيا توي قىلىمەن دەپ؟

ــ ئەمدى قىلمايدىغان بولدۇم.

ــ نېمىشقا؟

ــ ئۇنىمىدى.

ــ كىم؟

ــ...

ــ كىم ئۇنىمىدى؟ ئالىدىغان قىزىڭمۇ ياكى ئاتا ـ ئانىسمۇ؟

ــ ئاتا - ئانىسى.

ــ نېمىدەپ؟

ــ...

ــ كىم ئۇ قىز؟

ئۇ سوئاللىرىڭنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ، ئورنىدىن تۇردى، سېنى باغرىغا باستى، خۇددى ئۆتكەن كۈندىكىدەك، ئۇ سېنى باغرىدىن ئاجرىتىپ ئۇلۇغ كىچىك تىندى. ئۇنىڭغا ھەيرانلىق ئىلكىدە سىنچىلاپ قارىدىڭ، ھەر قانچە سىنچىلاپ قاراپمۇ، قاپقارا كۆزلىرىگە بىلىقتەك

شۇڭغۇپ بىقىپمۇ، ئۇنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىدىن، رەشىك - ئۆچمەنلىك، ئەلەم - ھەسرەت، دەرد ـ پىراق، ھىجران - جۇدالىق تۆكۈلۈۋاتقانلىقىنى سېزەلمىدىڭ. سېزەلمەيتتىڭ...

ــ ئۇنى... بەكلا ياخشى كۆرەمتىڭ؟

ــ ھەئە، جېنىمدىنمۇ.

ئۇنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىپ قالدى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاق - ئۇزاق مۇڭداشقۇڭ، ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگۈڭ كەلدى؛ ئۇمىدۋارلىق، چىدامىلىق بەخش ئەتكۈڭ كەلدى؛ قولۇڭدىن كېلىشىچە ياردەم قىلغۇڭ، ھەتتا ئۇنىڭ مۇھەببىتى ئۈچۈن ئۆزۈڭنى بېغىشلىغۇڭ كەلدى.

ــ بەختلىك بول ئاداش، ئاللا سىلەرگە مەڭگۈ بەخت - سائادەت يار قىلسۇن! ــ ئۇ ئۇن نەچچە قەدەم مېڭىپ بولۇپ، كەينىڭگە بۇرۇلۇپ قوشۇپ قويدى، ـ خۇداغا ئامانەت، سەن ئۈچۈنمۇ جەڭ قىلىپ قويۇشنى ئۇنتۇمايمەن.

ۋۇجۇدۇڭ سۆيۈنۈش، ئازاب، جۇدالىقتىن لەرزىگە كەلدى.

ــ ئاللا سېنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي! مەنمۇ سەن ئۈچۈن دۇئا قىلىپ تۇرۇشنى ئۇنتۇمايمەن!

ئاۋازىڭ بوغۇلۇپ قالدى، ياشلىرىڭ مەڭزىڭ بويلاپ چۈشۈپ، ئانا تۇپراققا سىڭىپ كەتتى؛ ھەسرەتلىك تىنىقلىرىڭ گۈگۈم تىنىقىغا قوشۇلۇپ كەتتى.

سىلەر ھەسرەت بىلەن خوشلاشتىڭلار.

تويۇڭ نەغمە - ناۋا ئىلىكىدە ناھايىتى ئاددىي - ساددا ئۆتكۈزۈلدى. نىكاھ ئوقۇلۇپ، زۇمرەت ئۆيۈڭگە دەبدەبىسىز كۆچۈرۈپ كېلىندى.

لېكىن، دوستلىرىڭ گۈگۈم چۈشىشى بىلەن تەڭ يەنە داپ - دۇتارلىرىنى تاراڭشىتىپ مەشرەپ باشلىۋەتتى:

ئالمىخاننىڭ ئاقلىقى،

خۇددى ئاپئاق پاختىدەك.
مەيدىسىنىڭ گۆشى يوق،
رەندە سالغان تاختىدەك.

«پاراققىدە» كۈلكە كۆتۈرۈلدى. سازەندىلەر تېخىمۇ روھلاندى، رەققاسلار نازلىق بېقىشىپ، لەرزان - لەرزان تولغىنىپ، ئۇيغۇر ئۇسۇلىنى نامايان قىلاتتى.

ئالما ئاتسام يارىمغا،
تۇتىۋالدى موككىدە.
خىيالەتتە ئولتۇرسام،
سۆيۈۋالدى چوككىدە.

كۆپ تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەنىدى. خۇددى يۈرىكىڭدىكى ۋىسال تەشنالىقىدەك.

مەشرەپ راسا قىزىۋاتقاندا، ئىسكەندەر قۇلىقىڭغا پىچىرلىدى.

سەمەندەر، داداڭنى... ئەكەپتۇ.

ــ نېمە؟ دادام كەپتۇما؟! ــ دېدىڭ سەن ئىسكەندەرگە قاراپ، بىر خىل ئىچكى ھاياجان، ئىچكى خۇشاللىق يۈرىكىڭگە تەپتى.

ــ ياق... داداڭنى چېرىكلەر...

سەگەكلەشتىڭ، ھاياجان - خۇشاللىقلىرىڭ ئىزىدىلا شىپپىدە توختاپ قالدى.

ــ تىلىڭنى چاينىماي، دېمەمسەن ئوچۇق؟! دادام...

يۈرىكىڭ ئەنسىز دۈپۈلدىدى.

ــ داداڭنى چېرىكلەر... داداڭ قۇربان بوپتۇ...

ــ نېمە!؟...

ئۈستىخانلىرىنىڭ قاراسلاپ كەتتى؛ ۋىسال تەشنالىقىدىكى قاغجىراق يۈرىكىڭ قاراسلاپ كەتتى؛ ۋۇجۇد - ۋۇجۇدلىرىڭ، ئۇگە - ئۇگىلىرىڭ قاراسلاپ كەتتى، شۇڭا، سەن چاچراپلا تۇرۇپ تالاغا يۈگۈردۈڭ، ئاناڭمۇ، ئۇن ياشلىق سىڭلىڭمۇ، ئۇرۇق - تۇغقان، يۇرتداشلىرىڭمۇ ساڭا ئەگەشتى.

ئاھ، خۇدا، بۇ نېمە ئىش؟! نېمىشقا، زادى نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟ دادام قوي باققىلى يايلاققا كەتكەن ئىدىغۇ؟... دادام قانداق بولۇپ قۇربان بولىدۇ؟

بىلمەيتتىڭ.

چۈنكى، سەن داداڭنىڭ شۇ كۈنى ــــ سەن جەڭگاھقا بارماي، قايتىپ كەلگەن شۇ كۈنى سەھەردە ئاناڭ بىلەن خوشلىشىپ، تاغقا ــــ جەڭگاھقا كەتكەنلىكىنى ئۇقمايتتىڭ؛ «تويىنى قىلىۋېرىڭلار» دەپ تونۇپ بەرگەنلىكىنىڭمۇ يالغان ئىكەنلىكىنى، بۇ ھەقتە ئاناڭنىڭ سېنى شۇنداق دەپ ئالداپ قويغانلىقىنى ئۇقمايتتىڭ؛ داداڭنىڭ جەڭچىلەرنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، دامىسى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن، دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى دەھشەتلىك قىيناقلار بىلەن ياچىئەلىك ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئۇقمايتتىڭ.

ئەمما سەن يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ ئەلەم بىلەن ئۆكسۈگەچ داداڭنىڭ شۇ كۈنى «ئوغلۇم ئوت يالقۇنلىرى ئىچىدە ياشايدىغان قۇش ــــ سەمەندەردەك قەيسەر ئادەم بولسۇن» دېگەن ئۈمىدتە ساڭا «سەمەندەر» دەپ ئىسىم قويغانلىقىدىن قاتتىق ئەپسۇسلانغانلىقىنى قىياس قىلدىڭ؛ داداڭنىڭ سەندەك بىر يارامسىز ئوغۇلنى بېقىپ چوڭ قىلغانلىقىدىن شۇنچىلىك ئەپسۇسلىنىپ، دىلىنىڭ پىچاقتا جىجىغاندەك ئازابلانغانلىقىنى قىياس قىلدىڭ؛ شۇڭا، ئۇنىڭ سەن بىلەن خوشلاشقۇسى كەلمەي، سەندىن چەكسىز ئۈمىدسىزلەنگەن پېتى جەڭگاھقا كەتكەنلىكىنى قىياس قىلدىڭ.

داداڭنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ كېلىۋاتقانلار بىلەن گىرىڭلا جىلغىسىنىڭ ئاغزىدىلا ئۇچراشتىڭ. ئۇلار، سېنى كۆرۈپ كىگىزدە ياسىغان زەمبىلنى يەردە قويدى. سەن ئۆزۈڭنى داداڭغا تاشلىدىڭ. كېيىم - كېچەكلىرىڭ قانغا بويالدى؛ يۈز - كۆزلىرىڭ قانغا بويالدى؛ يۈرەك - باغرىڭ قانغا بويالدى!

«مېنى كەچۈرگىن، دادا! مەندەك يارىماس، قورقۇنچاق، نان قېپى، لامزەللە، شەخسىيەتچى ئوغلۇڭنى كەچۈرگىن! »

ئازاب بىلەن يىغلىدىڭ؛ ھەسرەت - نادامەت بىلەن يىغلىدىڭ؛ يىغانلىق ھېسسىيات بىلەن ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ، تېلىقىپ - تېلىقىپ يىغلىدىڭ. بۇ ئازاب، بۇ ھەسرەت - نادامەت، بۇ يىغانلىق ھېسسىياتلىرىڭ ئۇچقۇنغا ئايلاندى، يالقۇنغا ئايلاندى، غايەت زور لاۋاغا ئايلاندى. بۇ قىساس ئۇچقۇنى، قىساس يالقۇنى، قىساس لاۋاسى ئىدى.

«دادا، مەن سېنىڭ قىساسىڭنى ئالىمەن! قىساسىڭنى ئېلىپ، ۋاپاسىز ئوغلۇڭ زەخمىناك قىلغان قەلبىڭگە مەلھەم چېچىپ، رەنجىگەن روھۇڭنى خۇشنۇد قىلىمەن! ماڭا ئىشەنگىنكى، جېنىم دادا، مەيلى قانداق ئىشلار يۈز بەرمىسۇن، قىساسىڭنى چوقۇم ئالىمەن! قىساسىڭنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن! راست دەۋاتىمەن، بۇزرۇكۋارىم دادا، ئەلنىڭ قىساسىنى ئۆزۈمنىڭ قىساسى دەپ بىلىمەن! پۈتۈمغا سانجىلىپ قان ئالغان ئازغان - تىكەنلەرنى ئەپۇ قىلىشنى، لېكىن مېنى ئەزگەنلا ئەمەس، ھەتتا كۆڭلىدە ماڭا قارا ساناشنى نىيەت قىلغان، مېنى ھاقارەتلىگەن، مەسخىرە قىلغان، كۆزىنى يوغانراق ئېچىپ قارىغان رەقىبلىرىمدىن قىساس ئېلىشنى پەرز ۋە مەڭگۈلۈك بۇرچۇم دەپ بىلىمەن!...»

بۇ سېنىڭ چىن يۈرىكىڭدىن ئۇرغۇپ چىققان قەسەمنامەڭ، ئۆمۈر بويى ئەمەل قىلىدىغان ياشاش مىزانىڭ ئىدى. لېكىن سەن يەنىلا قىساسنى ئۇنتۇغان ئادەم ئىدىڭ.

داداڭنىڭ ئۈچ نەزىرسىنى بەرگەن كۈنى كېچىدە داداڭنى يەنە كۆز

ئالدىڭغا كەلتۈردۈك، مۇشتلىرى چىڭ تۈگۈلگەن، چىشلىرى مەھكەم كىرىشكەن، قىيا ئوچۇق قالغان كۆزلىرىدە قىساس ئۇچقۇنى، قان بىلەن زىننەتلەنگەن نېپىز لەۋلىرىدە خۇش تەبەسسۇم قېتىپ قالغان ئىدى. ئۇ خۇش تەبەسسۇم قېتىپ قالغان شۇ سۆيۈملۈك لەۋلىرىدە ساڭا نېمىلەرنىدۇر دېيىشكە، نېمىلەرنىدۇر ئەسكەرتىپ قويۇشقا، نېمىلەرنىدۇر ۋەسىيەت قىلىشقا تەمشىلىپ تۇرغاندەكلا قىلاتتى.

دادام نېمىلەرنى دېمەكچى، نېمىلەرنى ئەسكەرتمەكچى، نېمىلەرنى ۋەسىيەت قىلماقچى بولغىيتتى؟

بىلمەيتتىڭ.

«ئادەم كۆرەش ئۈچۈن يارالغان!...» دېمەكچى بولغىيمىدى؟

بىلمەيتتىڭ.

«قىساسىمنى چوقۇم ئال» دېمەكچى بولغىيمىدى ياكى «ئازادلىق - باراۋەرلىك، مۇھەببەت ھەققىدە قايتا ئويلىنىپ باق» دېمەكچى بولغىيمىدى؟

بىلمەيتتىڭ.

لېكىن، قىياس قىلدىڭ، شۇڭا، ئويلاندىڭ، ئويلا - ئويلا ئاخىر كۆز قارىشىڭنى ئۆزگەرتتىڭ؛ توغرا، مۇھەببەت ھەممىدىن ئۇلۇغ ئىكەن. مۇھەببەتتىن ئازادلىق تېخىمۇ ئۇلۇغ ئىكەن، مۇھەببەت ئازادلىقسىز ۋىسال تاپالمايدىكەن.

ئەمما، بۇ سېنىڭ مۇھەببەتكە بولغان كۆز قارىشىڭدا تامامەن يېڭىلىنىش بولغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيتتى.

ئەگەر يۇرتىمىز ئازاد بولغان بولسا، دادام ئازادلىق... دەپ جەڭگە بارمايتتى، قۇربان بولمايتتى، ئانامۇ، سىڭلىممۇ، مەنمۇ دادامدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپ، مۇھەببەتتىن مەھرۇم قىلىپ، بەختسىز بولۇپ قالمايتتۇق، داغدا، ھەسرەتتە قالمايتتۇق.

ئازابلىق خىياللار بىلەن زادىلا ئۇخلىيالمىدىڭ، ئورنۇڭدىن تۇرۇپ،

چىراغنى ياقتىڭ، داداڭنى خوتەن قەغىزىگە پۈتۈلگەن «دىۋانى ھىجرانىي» ناملىق دىۋاننى قولۇڭغا ئېلىپ، جىنچىراغنىڭ غۇۋا يورۇغىدا ئۇنى ئەستايىدىل ئوقۇشقا باشلىدىڭ، داداڭنىڭ «ھىجرانىي» تەخەللۇسى بىلەن ئىجاد قىلغان بۇ شېئىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ساڭا ياد بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھىدىنى پۇراش، سىيماسىنى كۆرۈش، يۈرەك سۆزلىرىدىن بەھر ئېلىش ئۈچۈن، ئۇنى تولۇق، ئەستايىدىل ئوقۇيتتىڭ.

شۇنداق، ھەر بىر ھەرپتىن داداڭنىڭ ھىدى كېلەتتى؛ ھەربىر بوغۇمدىن داداڭنىڭ قەيسەرانە سىيماسى جىلۋە قىلاتتى؛ ھەربىر مىسرادىن داداڭنىڭ ھېكمەتلىك پىكىرلىرى قۇلىقىڭ ئارقىلىق قەلب كۆلچىكىڭگە قۇيۇلاتتى. قىسقىسى، «دىۋان» دىكى بۇ شېئىرلار ۋۇجۇدۇڭنى لەرزىگە سالاتتى، خۇددى سەن ئۈچۈنلا ئىجاد قىلىنغاندەك.

يىگانە قالساڭمۇ ھەق تەرەپتە تۇر،
رەقىبلەر كۆكسىگە خەنجىرىڭنى ئۇر.
بولساڭمۇ قەلەندەر ياشا مۇستەقىل،
شۇندىلا روھۇڭدىن تارقىلىدۇ نۇر.

سەن بۇ رۇبائىينى ئوقۇپ توختاپ قالدىڭ.

ئاھ، خۇدا! مەن نېمىشقا يەككە - يىگانە قالسامۇ، ھەق تەرەپتە تۇرالمىدىم؟ نېمىشقا ھەققانىيەت ئۈچۈن رەقىبلەرنىڭ كۆكسىگە خەنجەر ئۇرالمىدىم؟ نېمىشقا روھۇمنى قۇياشتەك پارلىتالمىدىم؟

شۇنداق، ئادەم كۆرەش ئۈچۈن يارالغان؛ ئۆز غايە - ئېتىقادى، ئازادلىقى ئۈچۈن تىنىمسىز كۆرەش قىلىش ئۈچۈن يارالغان. دادا، ماڭا ئىشەن، مەنمۇ چوقۇم ئۆز غايە - ئېتىقادىم، ئۆزۈمنىڭ، ئەلنىڭ ئازادلىقى - باراۋەرلىكى ئۈچۈن ئۆمرۈم بويى كۆرەش قىلىمەن.

ياشلىرىڭ تاراملاپ تۆكۈلدى. سەن ئۆزۈڭنى بېسىۋېلىپ،

ياشلىرىڭنى قولۇڭنىڭ كەينى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ، داداڭنىڭ سەن تۇغۇلغان كۈنى يۈكسەك ئۈمىدۋارلىق ھېسسىياتى بىلەن يازغان «مەن بار» رادىفلىق مۇۋەششەھىنى ئوقۇدۇڭ؛

سېنىڭدەك، سەن ئۈچۈن ئوتقا ئۆزۈمنى ئاتقىلى مەن بار،
ئوتۇڭدا كۈل بولۇپ خەستەك، لېيىڭغا پاتقىلى مەن بار.

ئەجەلنىڭ نۆۋىتى كەلسە ساڭا، تەشۋىش يېتىپ يۈرمە،
سالامىم بىرلە ئەزرائىل تىغىدا① ياتقىلى مەن بار.

مۇھەببەت - سۆيگۈ، مېھرىمدە قىران روھۇڭغا بەل باغلاپ،
ساڭا ھەر نە كېرەك بولسا، جېنىمنى ساتقىلى مەن بار.

ئەگەر ئالۋۇنغا يەم بولسا ئېتىڭ چۆللەردە ئارماندا،
غۇرۇرۇم بىرلە مەيەڭگە ئۆزۈمنى قاتقىلى مەن بار.

نىيەت - گۈلباغلىرىڭغا زاغ قونۇپ سايراشقا تەمشەلسە،
ئۇنى قەھرىمنى يا ئەيلەپ داۋاملىق ئاتقىلى مەن بار.

دىرىلداپ تىترىسەڭ قىشتا قالا قەلبىمنى، مېھرىمنى،
ناۋادا چاڭقىساڭ يازدا، بولۇپ مۇز قاتقىلى مەن بار.

ئەگەر روھۇڭغا ئال② چۈشسە، ئۇنى ئۈيغۇرچە روھ بىرلە،
خىزىر يەڭلىغ داۋالاپ، تېز بىقىپ، ئايناتقىلى مەن بار.

رەھىمسىزدۇر پەلەك - تەقدىر، ياشا ھىجرانىيدەك قەيسەر،

بۇيۇك پەزىلىمنى پەزىلىگە ئۆمۈرلۈك چاتقىلى مەن بار.

... دادام ئۆز ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ، ياشانغان تۇرۇقلۇقمۇ مەن ئۈچۈن ئەزرائىلنىڭ ئالدىغا مەردانىلىك بىلەن بارالىدى. مەن پۈتۈن-سۇرۇك بىر يىگىت تۇرۇپمۇ نېمىشقا بارالمىدىم؟ نېمىشقا دادامنىڭ مەندىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلىيالمىدىم؟ مېنىمۇ يىگىت دېگىلى بولامدۇ ــ ھە؟!

ياشلىرىڭ يامغۇر بولۇپ قۇيۇلدى. ھەر قانچە قىلىپمۇ ئۆزۈڭنى تۇتىۋالالمىدىڭ. «دىۋان» نى يېپىپ، ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ ھەسرەت بىلەن يىغلاپ كەتتىڭ. ئۇگە - ئۇگىلىرىڭ ھەسرەت - نادامەتتىن لەرزىگە كەلگەندى.

جېنىم دادا، مەن سەن ئۈچۈن قىساس ئالىمەن! قىساسىڭنى ئېلىپ، گۇناھىمنى يۇيۇپ، روھىڭنى خۇشنۇد قىلىمەن! ئالدىڭغا ئۇيغۇر يىگىتلىرىگە خاس پىداكارانە خىسلىتىم بىلەن بېرىپ، سەندىن ئەپۇ سورايمەن. مېنى كەچۈرەمسەن. دادا؟

قەلبىڭدە قىساس ئوتى گۇرۇلدەيتتى.

ئەتىسى قاق سەھەردىلا دەرۋازاڭ بوشقىنە قېقىلدى، تېزلا كىيىنىپ سىرتقا چىقتىڭ. سېنى دوستلىرىڭ ــ قايسى كۈنى ھەر خىل باھانە - سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، جەڭگە بېرىشتىن يالتىيىۋالغان دوستلىرىڭ كۈتۈپ تۇراتتى.

ــ سەنمۇ بارامسەن؟ ــ دېدىڭ سەن ئىسكەندەرگە قاراپ.

ــ بارماي، نېمىشقا بارمايتتىم؟

ــ قىسسەڭنى كىم يازار ئەمدى؟

ــ يەنىلا ئۆزۈم يازىمەن، ــ دېدى ئىسكەندەر خىجالەت ۋە ئۈمىدۋارلىق ھېسسىياتى بىلەن،- بۇقېتىم قىسسەمنى قەلەم بىلەن ئەمەس، قورال بىلەن يازماقچى.

-ئۆتكەندە شۇنداق دېگەن بولساڭ...-دېدىڭ سەن ھەسرەت بىلەن.

-ئويلاپ باقسام، بىز ئۆلۈكلەرنىڭ ئەمەس، تىرىكلەرنىڭ غېمىنى بەكرەك قىلمىساق بولمايدىكەن.

-شۇ، ھەممىدىن موھىمى زۇلۇمدىن قۇتۇلۇش!-دېدى موللا ئايۇپمۇ ئىسكەندەرنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا. ئۇ يەتتە-سەككىز تالىپنى ئەگەشتۈرۈپ كەلگەنىدى.

دوستلىرىڭ كۈلۈپ كېتىشتى. سەنمۇ ھەسرەتلىك ۋە ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ، ئاناڭ ۋە ئايالىڭ بىلەن خوشلاشتىڭ، ئەلۋاتتە، يىغلاپ تۇرۇپ ئەمەس.

ئاتا-ئانىلىرىڭلار، ئەھلى جامائەت كۆز يېشى، خىزىرانە تىلەك-دۇئالىرى ئارقىلىق سىلەرگە ئامانلىق ۋە نۇسرەت تىلەپ قالدى؛ تولۇن ئاي پارلاپ، يۇلتۇزلار چاراقلاپ تۇرغان شىۋىقەدرى كېچىسىدەك گۈزەل كېچە ئېزگۈ تىنىقلىرى ئارقىلىق سىلەرگە ئۈمىد بېغىشلاپ قالدى؛ چوپان دەرياسى جەننەت ساداسىدەك يېقىملىق شاۋقۇنلىرى ئارقىلىق سىلەرگە جۇشقۇن ھاياتىي كۈچ بېغىشلاپ قالدى.

سىلەر ئۆتكەن كۈنى سەن قېچىپ كەلگەن چاۋار-چاتقاللىق، يىلان-چايانلىق يول بىلەن ئەمەس، ئىككى ياقىسىدا سۇپسۇزۈك سۇلاپ ئېقىپ تۇرىدىغان، ھاياتبەخش ھىد چېچىپ تۇرغان شاھانە گۈللەر بىلەن پۇركەلگەن، خىلمۇخىل خۇشناۋا قۇشلار سايراپ تۇرىدىغان نۇرانە يول بىلەن جەڭگاھقا قاراپ يۈرۈپ كەتتىڭلار. قەدەملىرىڭلار شۇ قەدەر يەڭگىل ئىدى، خۇددى قۇش پەيىدەك. يۈرىكىڭلار توختاۋسىز ئالغا ئىنتىلەتتى، گوياكى ئوغۇزخاننىڭ دۇلدۇلىدەك. قەلبىلىرىڭلار ئازادلىق، تەڭلىك، باراۋارلىك، تىنىچلىققا مۇھتاج ئىدى. سىلەر مۇشۇ مۇھتاجلىق ئۈچۈن، تاغقا-ئىنقىلاپ سېپىگە قاراپ كېتىۋاتاتتىڭلار. چۈنكى، سىلەر ئىنقىلابقا قاتنىشىپ، قەلبىڭلارنىڭ مۇھتاجلىقى ئۈچۈن قان كېچىپ كورەش قىلىش قارارىغا كەلگەنىدىڭلار. شۇڭا، قەدەملىرىڭلار ئىتتىك، ئالدىرىمىساڭلار بولمايتتى. چۈنكى، مۇھتاجلىق ئۈچۈن ئېلىپ

بىرىلىۋاتقان ئىنقىلاب ساگا، ئىسكەندەرگە، موللا ئايۇپقا.... ئوخشاش ئازادلىق ئۈچۈن تۇغۇلۇپ، ئازادلىق ئۈچۈن ئۆلىدىغان ھەقىقىي ئەزىمەتلەرگە مۇھتاج ئىدى، خۇددى قەلبلىرىگلار تەگلىك-باراۋەرلىك، تىنچلىق، ئازادلىققا مۇھتاج بولغاندەك.

شۇڭا، قەلبلىرىگلار گۈزەل كۈيلەر-جەننەت ساداسى بىلەن تولغاندى؛ مەنزىلىگلار جەننەت گۈللىرى بىلەن بېزەلگەندى.

5

زور قوشۇن بىلەن ئارتاشتا ئۈچراشتىگلار. شۇنىڭ بىلەن ئىنقىلابىي ھاياتىڭ باشلاندى.

سەن تەقدىرىگدىن چەكسىز رازى بولدۇڭ. چۈنكى، ھەممىگلار مەتسالى تۇرۇشلۇق روتىغا تەقسىم قىلىنغاندىگلار. سەن، ئىسكەندەر، موللا ئايۇپلار مەتسالى تۇرۇشلۇق ۋىزۋوتقا تەقسىم قىلىندىگلار. بىللە ئويناپ چوڭ بولغان دوستلىرى بىلەن بىللە جەڭ قىلىش، ھۆررا سادالىرى ئىچىدە بىللە ئاتاكىغا ئۆتۈش، جەننەت ساداسى ئىچىدە ئازادلىق-باراۋەرلىك ئۈچۈن بىللە قۇربان بېرىش نىمىدېگەن كۆڭۈللۈك ھەم زور بەخت-ھە!

شىددەتلىك جەڭلەر ساگا جەسۇرلۇق بەخش ئېتىۋاتاتتى.... سەن بىكار قالساگلا مىلتىقىگنى سىلايتتىڭ، سۈرتەتتىڭ، خۇددى مەرھۇم ئايالىڭنىڭ چاچلىرىنى، يۈز-كۆزلىرىنى سىلىغاندەك. ئەمدى يېگى ئايالىڭ زۇمرەتنىڭ چاچلىرىنى، يۈز-كۆزلىرىنى قاچان سىلارسەنكىن؟ قاچان سىلاپ، قاچان ۋىسال قۇچارسەنكىن؟ ئۇرۇش قاچان ئاخىرلىشىپ، ئازادلىق، تىنچلىق، ئاسايىشلىق كۈنلىرى قاچان يېتىپ كېلەركىن؟ بىلمەيتتىڭ.

لېكىن، سەن شۇ كۈنلەرنىڭ تېزرەك يېتىپ كېلىشىنى شۇ قەدەر

ئۇمىد قىلاتتىڭ. شۇلارنى ھەربىر ئويلىغىنىڭدا، ئىچ-ئىچىڭدىن شېرىن ئىستەك ئوقچۇيتتى؛ ئىچ-ئىچىڭدىن قىساسكارانە روھ ئۇقچۇيتتى.

يۈرىكىڭ كەلگۈسىگە، مۇھەببەتكە، ئازادلىق-باراۋەرلىككە تەلپۈنەتتى.

سەن تەلپۈنۈش ئىلكىدە جەسۇرانە جەڭ قىلاتتىڭ.....

قوشراپتىكى جەڭ قار ئۇچقۇنداپ تۇرغان بىر كېچىسى باشلانغانىدى. سەن بىر تۈپ قېرى سۆگەتنىڭ تۈۋىگە كىرىۋالغانىدىڭ. مەتسالى بىر ئازگالغا مۆكۈنۈۋالغانىدى.

سىلەرنىڭ ۋەزىپەڭلار روتىنىڭ چېكىنىشى ئۈچۈن دۈشمەننى توسۇپ تۇرۇش ئىدى. روتا دەريادىن ئۆتۈپ بولغاندا، بەلگە ئوقى ئېتىلاتتى، بەلگە ئوقى ئېتىلسىلا، سىلەر چېكىنەتتىڭلار.

دۈشمەنلەر پايپاسلاپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار سىلەرگە يىگىرمە-ئوتتۇز قەدەمچە قالغاندا، ۋىزۋوت كوماندىرىنىڭ بۇيرۇقى ئاڭلاندى:

-ئېتىڭلار!

سىلەر ئوق ئېتىشقا باشلىدىڭلار، شىددەتلىك ئېتىشىش باشلاندى. ئوقلار قۇلاق تۈۋىڭدىن، باش-ئۈستۈڭدىن ۋىژىلداپ ئۇچۇپ ئۆتەتتى؛ مىناميوت ئوقلىرى ئەتراپىڭدا پارتلاپ زېمىننى لەرزىگە سالاتتى، سىلەرنى توپىغا كۆمەتتى، چىقىمدار قىلاتتى....

لېكىن، سىلەرنىڭ ھازىرقى ئورنۇڭلار ناھايىتى ياخشى ئىدى، بىر قۇرۇق ئۆستەڭنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغانىدىڭلار. دۈشمەن يانتۇلۇقتىن ئۆملەپ ھۇجۇمغا ئۆتكەنىدى. شۇڭا، سىلەرنىڭ ئوقۇڭلار ئانچە زايە كەتمەيتتى ئەمما، چېرىكلەر پەۋقۇلئاددە كۆپ، بىرى يىقىلسا، ئونى قىمىرلاپ ئىز بېسىپ كېلىۋېرەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ مىناميوتلىرى تېخىمۇ غالجىرلاشقاچقا، ئىززۋودىڭلار ھالسىراپ قېلىۋاتاتتى.

شۇڭا، سىلەر بەلگە ئوقىنىڭ تېزرەك ئۇچۇپ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتىڭلار.

-سەمەندەر، سەن بارمۇيا؟!

-ئوق....ئوق بولمىسا، نېمىنى ئاتىمەن؟ تەلپىكىمنى ئاتىمەنمۇ يا؟

ئوقۇڭ تۈگەپ قالغانىدى، ئوقۇڭلار تۈگەپ قېلىۋاتاتتى. ئۇرۇش يەنە ئون مىنۇت داۋاملىشىدىغان بولسا، سىلەر پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولۇپ، روتا ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىشى مۇمكىن ئىدى.

دەل شۇنداق پەيتتە ۋىزۋوت كوماندىرىنىڭ بۇيرۇقى گۈمبۈرلەشلەر ئىچىدە جاراڭلىدى:

-يىگىتلەر، ئەڭ ئاخىرقى تىننىقىمىز قالغۇچە كۈرەش قىلايلى!

شۇنداق قىلماي بولمايتتى. سىلە شۇنداق قىلدىڭلار، ئاخىرقى ئوقلىرىڭلارنى ئېتىشقا باشلىدىڭلار. زېمىن تىترەيتتى، قار ئۇچقۇنلىرى توپا-چاڭلارغا قوشۇلۇپ كېتەتتى. دۈشمەنلەر يەر بېغىرلاپ يېقىنلاشماقتا ئىدى. قۇچاقلاشما جەڭ باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. ئەگەر قۇچاقلاشما جەڭ بولۇپ قالىدىغانلا بولسا، سىلەر بىردەمدىلا قىيما-چىيما بولۇپ كېتەتتىڭلار.

سىينىڭ بەلگە ئوقنى كۆتۈپ، سۆگەتنىڭ دالدىسىدا مۆشۈكتەك ماراپ يېتىۋەرگۈڭ كەلمىدى. شۇڭا، سۆگەتنىڭ دالدىسىدىن توشقاندەك پارتىدە چىقتىڭ-دە، پەسكە قاراپ يۇملاندىڭ، ئۆمىلىدىڭ.

- سەمەندەر، يېنىپ كەل، خەتەرلىك!

مەتسالى تۇۋلاپلا قالدى. ئۇنىڭ ئاخىرقى ئاۋازى سىينىڭ دوملاشلىرىڭ ئاستىدا قالدى. سەن ئۇن نەچچىنى دوملىنىپ، بىر ئويمانلىققا كىرىپ توختىدىڭ. ئويماندىن بېشىڭنى چىقىرىۋىدىڭ، بىر پاي ئوق تەلپىكىڭگە تېگىپ، بىر تەرىپىنى قوناق قۇلىقىدەك ساڭگىلىتىپ قويدى. سەن ئويمانغا چاپلىشىپلا قالدىڭ.

«ھۇ ئاناڭنى!.... ئەزرائىل، رەھمەت ساڭا!...»

سەن يەنە بېشىڭنى چىقاردىڭ. بەش-ئالتە قەدەمچە نېرىدا ئۈچ دۈشمەن ئۆلۈكى سۇنايلىنىپ ياتاتتى. سەن شۇلارنىڭ ئوقلىرىنى ئالماقچى

بولدۇڭ. شۇ چاغدا، دەل شۇ چاغدا، تۇمانلىق ھاۋادا ياپپېشىل بەلگە ئوقى پارلىدى، خۇددى ئۇمىدتەك. شۇنىڭ بىلەن تەڭ كۆڭلۈڭمۇ پاللىدە يورۇپ كەتتى، گوياكى قۇياشتەك. چېكىنىش بۇيرۇقى بېرىلدى، ۋىزژوت چېكىندى.

-سەمەندەر، تېز، تېز بول! تېز يېنىپ كەل! مەن سېنى قوغداي!

مەتسالى ۋىنى ئالدىراتقىلى تۇردى. بىراق، سېنىڭ قۇرۇق قول قايتىپ كەتكۈڭ كەلمىدى. چېكىنىش ئۇچۇنمۇ ئوق بولمىسا بولمايتتى. ئاتاكىغا ئۆتۈشتىن كېكىنىشنىڭ قىيىن ۋە خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتىڭ. شۇڭا، سېنىڭ ھېلىقى ئۈچ چېرىكنىڭ ئوق-دورىلىرىنى غەنىيمەت ئالغۇڭ، بولۇپمۇ ئاۋۇ بىرىنىڭ ئاپتۇماتىنى غەنىيمەت ئېلىپ، ئۇنى مەتسالىدەك سايراتقۇڭ كەلگەنىدى.

ئاپتوماتىم بار بولغان بولسا، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى-ھە! نېمە ئۇ مىلتىق دېگەن! يوقتىن ياخشىراقكەن ئىشقىلىپ.....

سەن تەۋەككۇل دەپ ئويىماندىن چىقتىڭ. ئىككى تاقلاپلا ھېلىقى ئۆلۈك چېرىكلەرنىڭ قېشىغا كېلىپ، قورال‌لىرىنى، ئوق-دورىلىرىنى ئېلىپ ئۆمىلەشكە باشلىدىڭ.

مەتسالى ئاندا-ساندا ئوق ئېتىپ قويۇپ سېنى قوغداۋاتاتتى. ئارىلىق يەتتە-سەككىز قەدەمچە قالغاندا، ئورنۇڭدىن دەس تۇرۇپ يۈگۈردۈڭ. بىراق مەتسالىنىڭ ئالدىغا كېلىپلا موككىدە يىقىلدىڭ. چۈنكى، ئوڭ پۇتۇڭغا ئوق تەگكەنىدى. ئۇ سېنى تارتىپ ئېرىقنىڭ ئىچىگە چۈشۈردى.

ۋىزژوت چېكىنىپ بولغانىدى. مەتسالىنىڭمۇ ئوقى تۈگىگەنىدى.

- نېمىشقا...نېمىشقا چېكىنمىدىڭ؟ تېز قاچ!-دېدىڭ سەن ئاپتوماتىڭنى دۈشمەنگە توغرىلاپ.

دۈشمەنلەر يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتاتتى.

- سېنى تاشلاپما؟-دېدى مەتسالى سەن غەنىيمەت ئالغان يەنە بىرئاپتوماتنى قولىغا ئېلىپ.

شـۇنداق، ئۇسـىپنى تاشـلاپ قاچالمـايتتى. ئۇنـىڭ سـىپنى تاشـلاپ قاچالمايدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنەتتىڭ. چۈنكى، ئۇ بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ سىپنى شۇنداق قوغداپ قالغانىدى. بىر قېتىمى سىلەر چېكىنىۋېتىپ سەن سـازلىقتا پېتىـپ قالغانـدا، ئـۇ سـىپنى قۇتقـۇزىمەن دەپ ھەر ئىككىڭلار دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قېلىپ، دەھشەتلىك قىيناقنىـڭ تەمىنـى تېتىـپ بولغۇچە روتا بىر كېچىدىلا ھۇجۇم قىلىپ، سىلەرنى قۇتقۇزۇپ قالغانىدى. يەنە بىرقېتىم ئۇ يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوققا قارىماي، سـىپنى قۇتقـۇزۇپ قالماق بولۇۋاتاتتى.

ئەممـا، سـەن ئۇنـىڭ سـىپنى قۇتقۇزغۇسـى يوقلـۇقىنى، پەقەت ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا قۇتقۇزۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتىـڭ. ئەگەر بىلـگەن بولسـاڭ، ئـۇنى قېچىشـقا دەۋەت قىلىشـىنىڭ ئورنىغـا ئۇنىڭـدىن ئېھتىيات قىلغان بولاتتىڭ.

- سەن تېز قاچ! مەن سىپنى قوغداي!

- ياق!

ئىككىلىمىزلا ئۆلۈپ كېتىمىز.....

- مەيلى، ئۆلسەك تەڭ ئۆلىمىز!

ئۇ قاچقان بولسا، سەن ئۇنى چوقۇم قوغداپ قالالايتتىڭ، بىراق، ئۇ قـاچقىلى ئۇنىمـىدى. سـەن قاچالمايتتىـڭ، ئىككىڭـلار بىلـلە قـېچىش خەتەرلىك، ئانچە ماگمايلا دۈمبەڭلاغا ئوق يەيتتىڭلار، ئۇنىڭـدىن كـۆرە، مەتساللىنى قاچۇرۇۋېتىپ، ئاخىرىغىچە ئېتىشقىنىڭ ياخشى ئىدى.

ئېتىشـتىڭلا، سـىلەر ئاتـاتتىڭلار، گراناـات تاشـلايتتىڭلار. دۈشـمەن ئوفىتسـېرلىرى كـانىيى يىرتىلـىپ كەتكـۈدەك ئالىتاغىـل ۋارقىرىشـاتتى. دۈشـمەنلەر ئاسـتا-ئاسـتا ئېھتىيـات بىلـەن يوپۇرۇلـۇپ كېلىۋاتـاتتى. ئاپتوماتىڭلار سايرايتتى. بۇ سىپنىڭ تۇنجى قېتىم ئاپتومات ئېتىشىڭ ئىدى.

ئاپتوماتتا جەڭ قىلىش نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك-ھە!

قەلبىڭدە مەتسالىغا بولغان ھۆرمەت-تەشەككۇر كۆۋرەيتتى، خـۇددى

زەرەپشان دەرياسىدەك. چۈنكى، سەن مەتسالىنىڭ سېنىڭ ئۆلۈمىڭنى تىلەيدىغان، ئەمما ئۆلۈپ كېتىشىڭدىن ئۆلگۈدەك قورقىدىغان بىردىنبىر دوستۇڭ ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىڭ؛ سەن يوق جايدا ئۆلۈپ كېتىشىڭنى ئاللادىن ئىلتىجا قىلىدىغان، سېنى «مېڭەڭگە ئوق تېگىپ، تىن تارتمايلا ئۆلەرسەن ئىلاھىم!» دەپ دوستانە ئۆچمەنلىك بىلەن قارغايدىغان بىردىنبىر دوستۇڭ ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىڭ.

جەننەت ساداسى بىلەن لىق تولغان يۈرىكىڭدە چەكسىز پەخىرمەنلىك-ئىپتىخار ئۇرغۇيتتى. سەن شۇنداق بىر سادىق، قەيسەر دوستۇڭنىڭ بارلىقىدىن پەخىرلىنەتتىڭ. چۈنكى، سەن مەتسالىنىڭ قەلبىدە ساڭا نىسبەتەن مۇھەببەتلىك غەزەپ-تەپەرتىگە چوڭقۇر دوستلۇق، مېھىر-مۇھەببەتنىڭ سىڭىپ كەتكەنلىكىنى ئۇقمايتتىڭ؛ ئۇنىڭ بىر-بىرىگە قارشى بۇ رودۇپايانە ھېس-تۇيغۇلىرىنىڭ خۇددى سىلەر دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىۋاتقانغا ئوخشاش جاھىلانە تىركىشىۋاتقانلىقىنى ئۇقمايتتىڭ؛ گەرچە ئۆزۈڭلارنىڭ مەغلۇپ بولىدىغانلىقىڭلارنى ئېنىق بىلىپ تۇرساڭمۇ، لېكىن مەتسالىنىڭ قەلبىدىكى مۇھەببەتكە تولغان رەقىبانە ھېس-تۇيغۇلىرىنىڭ قايسىسىنىڭ مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى، قايسىسىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئۇقمايدىغانلىقىنى ئۇقمايتتىڭ.

دۈشمەنلەر ئالدىڭلاردىن ئۆتمەي، ئاللىبۇرۇن چېكىنىپ بولغان ئىزۋۈدنى قوغلىيالمايتتى. ئۆتۈش يولى بەك تار بولۇپ، بۇ سىلەرگە ناھايىتى پايدىلىق ئىدى. شۇڭا، دۈشمەن يېقىنلاپ كېلەلەيتتىيۇ، شىددەت بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتەلمەيتتى. ھۇجۇمغا ئۆتسىلا بىردىن-بىردىن يەر چىشلەيتتى.

-ئوقنى ئايا،-دېدى مەتسالى،- بىردانە گىرانات ئېلىپ قوي.

سىلەر ئوقنى ئاياشقا باشلىدىڭلار، ئاياپ ئاتتىڭلار. شۇنچە ئاياپ ئاتساڭلارمۇ، ئاخىر ئوقۇڭلار تۈگەپ قالدى.

-قانداق قىلىمىز؟-دەپ سورىدىك. ئۇمۇ ياندۇرۇپلار سورىدى:

-قانداق قىلىمىز شۇ؟

دۈشمەنلەر ئۆملەپ يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى.

-مېنىڭچە، سەن دەرھال قاچ، ھازىرمۇ قېچىپ كېتەلەيسەن.

-سەنچۇ؟ مەن گراناتنى مەيدەمگە تېڭىپ جىممىدە يېتىۋالىمەن. دۈشمەلەر ئەتراپىمغا راسا ئولاشقاندا، «گۇممىدە» پارتلىتىمەن! سەن ماڭا قارىماي، تېز قاچ!-دېدىك چەكسىز رازىمەنلىك بىلەن. چۈنكى، سىنىڭ دۈشمەن قولىغا تىرىك چۈشكۈڭ يوق ئىدى، چۈنكى زەيىنىڭدىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش جەريانىدىكى دەھشەتلىك قىيناقلارنىڭ تەمى ھازىرمۇ قەلبىڭدە شۇ پېتى ساقلىنىپ قالغانىدى.

مەتسالى ئويلىنىپ قالدى. دۈشمەن ئېھتىيات بىلەن يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. شۇڭا، سەن ئۇنى قېچىشقا سۆيلىدىڭ:

- مەن بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، تېز قاچ دېدىم! مەن سەندىن رازى، ئۇ دۇنيا-بۇدۇنيا رازى!

- ياق، مەن سىنى تاشلاپ قاچالمايمەن، تاشلاپ قاچقۇچە... سەن دېگەندەك قىلىلى!

سىلەر گراناتنىڭ ھالقىسىنى بارمىقىڭلارغا ئۆتكۈزۈپ، ئۇنى باغرىڭلارغا چىڭگىدە بېسىپ، جىممىدە يېتىۋېلىستىڭلار، خۇددى ئۆلۈكتە.

- مەندىن رەنجىگەن تەرەپلىرىڭ بولسا، ئەپۇ قىل، ئاداش!-سەن چوڭقۇر ئۆتۈنۈش بىلەن پىچىرلىدىڭ.

- يوق.... سەندىن رەنجىگەن تەرەپلىرىم يوق!

بىراق، ئۇنىڭ قىيقىزىل يالغان گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى ئۇقمايتتىڭ.

- سېنىڭمۇ مەندىن رەنجىگەن تەرەپلىرىڭ بولسا، كۆڭلۈڭدىن چىقىرىۋەت، خوش!-دېدى ئۇ.

- ئۇ دۇنيادا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈش نېسىپ بولغاي، ئىلاھىم!

دۈشمەنلەر ئۇنداق ئىتتىك باستۇرۇپ كېلەلمەيتتى. چۈنكى، ئۇلار سىلەرنىڭ تۈيۈقسىز ھۇجۇمىڭلارغا ئۇچراپ، جېنىدىن جۇدا بولۇشىدىن قورقاتتى. شۇڭا، ۋاقىت ناھايىتى ئاستا ئۆتۈۋاتاتتى، خۇددى سازلىق ئۆملىگەندەك.

قەلبىڭ سېھىرلىك گۈزەل كۈيلەر-جەننەت ساداسى بىلەن تولغاندى. يۈرىكىڭ جەننەت ساداسى ئىلكىدە دۈپۈلدەيتتى، شۇرلايتتى. ئۇنىڭ بۇ ئاخىرقى دۈپۈلدەسلىرى تولىمۇ سۆيۈملۈك، شۇرلاشلىرىمۇ ئاجايىپ جەلپكار ئىدى. يۈرىكىڭنىڭ بۇ سۆيۈملۈك دۈپۈلدەشلىرىگە، جەلپكارانە شۇرلاشلىرىغا ئالدىنىپ قالغۇدەك يوق ئىدى. ئالدىنىپ قالىدىغانلا بولساڭ، ئۈيلىنىپ قالاتتىڭ. ئۈيلىنىپ قالىدىغانلا بولساڭ، دەسلەپكى قارارىڭدىن يېنىۋېلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالاتتىڭ.

«ھايات-ماماتلىق ھەققىدە تەكرار-تەكرار ئۈيلىنىۋەرگەن ئادەم مەڭگۈ قەھرىمان بولالمايدۇ.»

سەن بۇ نوقتىنى جەڭگاھقا كەلگەندىن بېرى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىۋاتاتتىڭ. شۇڭا، سېنىڭمۇ دۈشمەن قولىغا تىرىك چۈشۈپ قېلىپ، دەھشەتلىك قىيناقلارغا (ناۋادا) بەرداشلىق بېرەلمەي، مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويۇپ، قەھرىمانلىق شەرىپىدىن مەھرۇم قالغۇدەك يوق ئىدى؛ ھايات تەشنالىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، جەننەت ساداسىدىن مەھرۇم قالغۇدەك يوق ئىدى.

شۇڭا، ئوي-خىيال، سەزگۈ دېگەنلەرگە كاللاڭدىن قىلچە ئورۇن بەرمەي، نەپەسىڭنى پەسەيتىپ جىممىدە يېتىۋالدىڭ، خۇددى تاشپاقىدەك.

لېكىن، سەن مەتسالىنىڭ ئۈيلىنىۋاتقانلىقىنى-ھاياتلىق، مۇھەببەت، ۋىسال ھەققىدە تەكرار-تەكرار ئۈيلىنىۋاتقانلىقىنى ئۇقمايتتىڭ؛ بۇ ھەقتە ئۈيلىنىپ-ئۈيلىنىپ، ئاخىر سېنىڭ گرانىتىڭ «گۈممىدە» پارتىلىغاندىن

كېيىن، ئۆزىنىڭ گرانىتىنىڭ پىيىنى ئۇزۇپلا قالدۇق دۈشمەنگە تاشلاپ، هايات قېلىش قارارىغا كەلگەنلىكىنى ئۇقمايتتىلىك؛ ئۇنىڭ «بۇ ئۇنى دۈشمەن قولىغا تىرىك تاشلاپ بەرگەنگە قارىغاندا، مىڭ مەرتىۋە ياخشى، تارتىدىغان ۋىجدان ئازابىمۇ يېنىكرەك بولىدۇ» دەپ ئويلاپ، شۇنداق شۇملۇقانە قارا چىقارغانلىقىنى ئۇقمايتتىلىك؛ زۇمرەتكە نېمىدەپ جاۋاپ بېرىش، نېمىدەپ چۈشەندۈرۈش ھەققىدە باھانە-سەۋەب تاپالماي، گاڭگىراپ قېلىۋاتقانلىقىنى تېخىمۇ ئۇقمايتتىلىك.

دۈشمەنلەرنىڭ گاراڭ-گۇرۇڭلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىغانىدى. ئەزرائىل سېنى قورقۇتۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن، قاپقارا قاناتلىرى بىلەن يۈز-كۆزلىرىڭنى سىلاپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن يۈرىكىڭنىڭ «دۈك-دۈك»ى پەسىيىپ، قەلبىڭدىكى گۈزەل كۈيلەر- جەننەت ساداسى تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن چوغدەك قىزىپ كەتكەن بەدىنىڭ بىردىنلا سوۋۇپ، چىلىق-چىلىق تەرلىرىڭ شىپپىدە قۇرۇپ، يەڭگىللەپلا كەتتىڭ، خۇددى ئاق قۇ پېيىدەك. ئۆزۈڭنى چەكسىز راھەت ھېس قىلدىڭ، گوياكى جەننەت ئەھلىدەك.

داداڭ جەننەتۇل-مەئۋادا ساڭا باغرىنى ئېچىپ تۇراتتى. سەن ئاستا-ئاستا ئۇچۇپ ئۇنىڭ باغرىغا يېقىنلاپ كېتىۋاتاتتىڭ. سەن ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ «پىلىڭنىڭ ھالقىسى قولۇمدا بارمۇ، يوقمۇ»دەپ قولۇڭنى مىدىرلىتىپ باقتىڭ. ھالقا بارمىقىڭغا ئۆتكۈزۈكلۈك تۇراتتى. گراناتنىڭ بېشى ئالقانلىرىڭ ئارىسىدا مىجىلىپ كېتەيلا دەپ قالغانىدى، خۇددى قۇشقاچ بالىسىدەك.

- سەمەندەر بېشىڭنى كۆتۈر!

بۇ ئاۋاز گويا يەتتە قات ئاسماننىڭ ئۈستىدىن، يەتتە قات يەرنىڭ ئاستىدىن كېلىۋاتقاندەك تولىمۇ بوش، تولىمۇ زەئىپ ئاڭلاندى.

- نىمە ئاۋاز بۇ؟

بۇ خىتاب يەنە تەكرارلاندى. بۇ تولىمۇ يوچۇن خىتاب ئىدى.

بۇ كىمنىڭ ئاۋازى؟ قەيەردىن كېلىۋاتىدۇ؟ بېھىشتىنمۇ؟ مەن بېھىشكە يېقىنلىشىۋاتىمەنمۇ ياكى بېھىش ماڭا يېقىنلىشىۋاتامدۇ؟ بىلمەيتتىڭ.

شۇڭا، سەن سەكراتىكى ھېس-تۇيغۇلىرىڭنىڭ قۇدرىتىگە ئىشىنەر-ئىشەنمەي بېشىڭنى كۆتۈردۇڭ. مەتسالى يېنىڭدىلا ساڭا قاراپ تۇراتتى.

- نېمە بولدى؟

- مېنىڭ بۇنداق ئۆلگۈم يوق!

مەسالى شۇنداق دەپلا گراناتنىڭ يىپىنى ئۈزۈپ دۈشمەنگە قارىتىپ ئاتتى. قاتتىق پارتلاش بىلەن تەڭ قىيا-چىيا كۆتۈرۈلدى؛ قاتتىق پارتلاش بىلەن بارلىق قارارىڭ، بېھىشكە قاراپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان شېرىن ھېس-تۇيغۇلىرىڭ تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى.

- ئەمدى ئۆلسەممۇ مەيلى!

مەتسالى ئۆزىنى قاشقا تاشلاپ، پۈتىنى ئۇزۇن سوزۇپ ئولتۇردى. سەنمۇ ئېسىڭنى يىغىپ قاشقا ئۆملەپ كەلدىڭ-دە، غۇژمەكلىشىپ چىقىۋاتقان دۈشمەنگە قارىتىپ گراناتنى تاشلىدىڭ، زېمىن تىترىدى؛ تاغۇ تاشلار تىترىدى؛ يۈرىكىڭ تىترىدى.

ئەمما، سەن يەنىلا قۇش پىيىدەك يەڭگىل ئىدىڭ، لىككىدە ئۇچۇپ مەتساللىنىڭ يېنىغا قوندۇڭ. ئۇ قولىنى بوينۇڭدىن ئېلىپ، سېنى مەھكەم قۇچاقلىدى. سەنمۇ ئۇنىڭ سول قولىنى تۇتۇپ چىڭگىدە قىستىڭ.

بىزنى قىيما-چىيما قىلىۋېتىدۇ، مەيلى.

سەن شۇنداق ئويلىدىڭ. چۈنكى، ئۇلار بۇگۈن تولۇق بىر روتا ئەسكىرىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى. پەقەت ئىككىڭلارلا ئۇلارنىڭ بىر ئىزۋۇد ئەسكىرىنى يەر غاجاتقانىدىڭلار.

ئون نەچچە چېرىك قاشتا پەيدا بولدى. سەن كۆزۈڭنى يۇمۇپ مەتساللىنىڭ قولىنى مەھكەم قىستىڭ، ئۇمۇ سېنى مەھكەم قۇچاقلىدى. «ئاخىرەتكە بىرىپ بولغۇچە ئاجراپ كەتمەيلى» دېگەنىدەك، سىلەر

خــۇددى مۇســتەھكەم بىــر گەۋدە-ئاجرالمــاس ئۇيۇلتاشــقا ئايلىنىــپ كەتكەندەك بولدى.

- ئوق چىقارماڭلار!

- تىرىك تۇتۇڭلار!

- تۇرۇشە ئورنۇڭدىن!

مەتسالى قولنى بوينۇڭدىن ئېلىپ قىمىرلىدى. سەنمۇ ئورنۇڭدىن تۇرۇشقا تەمشەلدىڭ. سەن دۈشمەنلەرنىڭ راستتىنلا سىلەرنى تىرىك تۇتۇش قارارىغا كېلىشكەنلىكىنى جەزم قىلدىڭ. بولمىسا، ھېلىغىچە بەدىنىڭلار ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ بولغان ياكى مىلتىقنىڭ نەيزىلىرى قوساقلىرىڭلاردىن تۆشۈك ئېچىپ، ئۈچەي-قارنىڭلارنى كۆككە سورۇپ بولغان بولاتتى.

# 6

ئۇلار سىلەرنى ئەكېلىپلا بىر سامانلىقتا سولاپ قويۇشتى. پۇتۇڭنىڭ جاراھىتى چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئاغرىيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سوغۇق ھەدەپ سىلەرگە نەشتىرىنى سانجىپ تۇراتتى. سامانىڭ ئاچچىق ھىدى دىماغنى ئېچىشتۇراتتى. قانداقلا بولمىسۇن، ئاستىڭلار يۇمشاق، سوغۇققا چىدىيالىساڭلارلا، ئۇخلىغىلى بولاتتى. لېكىن، بىر كېچىنى ئۇلار-ئۇخلىماي دېگەندەك ناھايىتى تەستە ئۆتكۈزدۈڭلار.

- تۇرۇشە!

سەھەردىلا دوغلاقتىنە كەلگەن بىر چېرىك كىرىپ كەلدى. سىلەر ئورنۇڭلاردىن تۇردۇڭلار.

- مېڭىشە!

مەتسالى قولۇڭنى بوينىدىن ئارتىلدۇرۇپ، سېنى ئېلىپ ماڭدى. دوستۇڭنىڭ ۋاپاردارلىقىدىن چەكسىز پەخىرلەندىڭ؛ قەيسەر بىر دوستۇڭ

بىلەن قىنىياققا بىللە كېتىۋاتقىنىنىڭ ئۇچۇن، ئۆزۈڭنى قەيسەر ھېس قىلىدىڭ.

ئىشىكتىن چىقىشىڭلارغىلا كۆز ئالدىڭلار ئاپئاق بىر دۇنيا زاھىر بولدى. بۇ قايسىبىر باينىڭ قورۇسى بولۇپ، ئەتراپى ئۆرۈكلەر بىلەن قورشالغان، بىلەكتەك-بىلەكتەك قار قونغان ئۆرۈك شاخلىرى قىسماقتەك ئېگىلىپ، غەزىپانە سۈكۈتكە چۆمگەنىدى، خۇددى قار ئاستىدىكى دەردمەن زېمىندەك.

پۈتۈڭدىن تارقالغان ئاغرىق ئۇگە-ئۇگىلىرىڭگىچە تارقىلاتتى. گوياكى تاش چۈشكەن كۆلدە ھاسىل بولغان يۇپيۇملاق چەمبىرەكلەردەك. شۇڭا، يۈرىكىڭ غارسىلدايتتى؛ ئۇگە-ئۇگىلىرىڭ غارسىلدايتتى؛ ئارزۇ-ئۈمىدلىرىڭ غارسىلدايتتى، تاپىنىڭ ئاستىدىكى قارلار غارسىلدىغاندەك.

ئۇلار سىلەرنى چوڭ بىر سارايغا ھەيدە كىردى. سىلەر پەگەدىلا توختىدىڭلار. سارايدا قاپقارا، قىيسىق كۆز بىر ئوفىتسېر چازا قۇرۇپ، يالغۇزدىن-يالغۇز گۆش يەپ ئولتۇراتتى. مەشتە گۇرۇلدەپ ئوت كۆيۈۋاتاتتى. ئۆي شۇنداق ئىسسىق، تېنىڭگە ئاجايىپلا خۇشياققانىدى. ئەگەر ئوفىتسېر دەخلى قىلمايدىغان بولسا، ئۆزۈڭنى مەشنىڭ يېنىدىكى كۆرپىگە تاشلاپ ئۇخلىغۇڭ، ئىككى-ئۈچ كۈن ئويغانماي ئۇخلىۋالغۇڭ بار ئىدى. قېنىپ ئۇخلىمىغىلى قانچىلىك بولدىكىن؟

بىلمەيتتىڭ.

بەلكىم، ئىنقىلابقا قاتناشقاندىن بېرى قېنىپ ئۇخلاپ باقىغاندۇرسەن. قېنىپ ئۇخلاش ئۈچۈن، ئۇنى-ئۇلارنى تامامەن يوقىتىش كېرەك ئىدى. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ساڭا-سىلەرگە قېنىپ-قېنىپ ئۇخلاش نېسىپ بولاتتى.

«چوقۇم يوقىتىمىز!...»

غەزەپ بىلەن پىچىرلاپ، ئوفىتسېرغا نەزەر سالدىڭ. ئوفىتسېر

پەرۋاسىز هالدا گۆش يەۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئىشتىهاسىدىن ئاجايىپلا هەيران قالدىڭ: «ياپىرا!»

بەلكىم، باياتىن بىرى ئۆزى يالغۇز بىر پاقلاننىڭ گۆشىنى يەپ بولغاندۇ. جاهاندا شۇڭىمۇ توقچىلىق بولمايدىكەن-دە؟!

ئاغزىڭغا يىغىلىپ قالغان سىرىقسۇنى يەرگە غەزەپ بىلەن تۈكۈرۈۋېتىپ، مەتسالىغا قارىدىڭ. ئۇمۇ ساڭا قاراپ مىيىقىدا كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئۇنىڭ كۈلۈمسىرەشلىرىدىن ئىسيانكارانە روھ تۇرۇۋېتتى؛ ئۇنىڭ كۈلۈمسىرەشلىرىدىن غەزەپ-نەپرەت تۇرۇۋېتتى؛ سەن بۇنى ناهايىتى چوڭقۇر هېس قىلدىڭ ۋە ئېنىق سېزىۋالدىڭ. ئەمما، ئۇنىڭ بۇ كۈلۈمسىرەشلىرىدىن يەنە ئۇمىدسىزلىكنىڭمۇ تۇرۇۋاتقانلىقىنى هېس قىلالمىدىڭ. شۇڭا، قولۇڭنى ئۇنىڭ مۇرىسىدىن ئېلىپ، قەددىڭنى رۇسلىدىڭ.

ئوفىتسېر گۆشنى يەپ بولۇپ، قولياغلىق بىلەن قولىنى، ئېغىزىنى ۋە تەرلىرىنى سۈرتتى. هەر چىشلىق بەلگە تاقالغان قاسقان شەپكىسىنى ئېلىپ، ئۆزىنى ئالدىرىماي يەلپۈگەچ سىلەرگە قارىدى. چايدىن بىر ئوتلىۋېتىپ «گار-گار» كېكىردى-دە، باش-ئايىغىڭلارغا مەغرۇرانە نەزەر بىلەن بىرقۇر قاراپ چىقتى.

-هۇي!

ئوفىتسېر شۇنداق دېۋىدى، تاياقتەك قېتىپ قالغان كانۋويى دىررىدە چۆچۈپ ئۇنىڭغا قارىدى. ئوفىستېر گەپ قىلمايلا قولى بىلەن «ئاچىقىپ كەت» دېگەن مەنىدە ئىشارەت قىلدى.

هېلىقى چېرىك مەتسالىغا قاراپ:

-ماڭە!-دېدى.

مەتسالى «قېنى، قولۇڭنى بوينۇمغا ئال» دېگەن مەنىدە ساڭا قارىدى. سەن قولۇڭنى ئەمدىلا ئۇنىڭ مۇرىسىگە ئارتىۋىدىڭ، كانۋوي:

-سەن قال!-دەپ يول قويمىدى.

شۇ چاغدىلا سەن بۇنىڭ ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىڭ.

مەتسالى قولۇڭنى چىڭگىدە قىسىپ قويۇپ، مەردانە قەدەملەر بىلەن چىقىپ كەتتى. ئوفىستېر بولسا، كەينىدىكى يوتقان-كۆرپىلەرگە ئۆزىنى تاشلاپ، بېشىنى ئالقىنىغا قويۇپ، سول پۇتىدا داستىخانغا دەسسەپ، ئوڭ پۇتىنى مىنگەشتۇرۇپ، كۆزىنى يۇمۇپ خىيالغا كەتتى.

سەن بارلىق بەدەن ئېغىرلىقىڭنى ساق پۇتۇڭغا مەركەزلەشتۇرۇپ، كېسەل پۇيۇڭنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ جىممىدە تۇراتتىڭ. جىم تۇرمىساڭ بولمايتتى. چۈنكى، تەگپۇڭلۇقۇڭنى يوقىتىپ، شۇنداق يەڭدەپ كېتىدىغانلا بولساڭ، بار ئېغىرلىق كېسەل پۇتۇڭغا چۈشۈپ، رەقىبىڭنىڭ كۆز ئالدىدا ئىڭراپ سىلىشىڭ ياكى ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ چۈشۈشۈڭ مۇمكىن ئىدى. سەن ئۇچۇن بۇنىڭدىن ئۆلۈم مىڭ مەرتىۋە ئەۋزەل ئىدى.

مەتسالىنىڭ سوراق قىلىنىۋاتقانلىقىنى جەزم قىلدىڭ.

بەرداشلىق بېرەلەرمۇ؟ ئىقرار قىلىپ قويارمۇ؟

خىيالىڭنى ئۇنىڭ ئازابلىق ۋارقىرىشى ئۈزۈۋەتتى. قىيناق باشلانغانىدى.

-ھۇ، مۇناپىقلار!...ۋايجان!....توڭگۇزلار!....ۋاييەي!.... ھايۋانلار!.... بۇ.... بۇنىڭ ئۇچۇن....

ئۇنىڭ دېيەلمىگەن كېيىنى سەن داۋاملاشتۇردۇڭ: «بۇنىڭ ئۇچۇن چوقۇم بەدەل تۆلىشىسەن!...»

ئۇ ۋارقىرايتتى، تىللايتتى؛ ۋارقىرايتتى، قىيناقچىلارنى يەتمىش پۇشتىغىچە قارغايتتى. كۆز ئالدىڭدا سىم قامچىلار سويلايتتى. سىم قامچىلار مەتسالىنىڭ بەدىنىگە ئەمەس، گويا سېنىڭ بەدىنىڭگە تېگىۋاتقاندەك، يۈرىكىڭ پىژىلداپ ئېچىشىپ، پۇتكۇل ئەزايىڭ سىرقىراپ كەتتى. تولغىنىپ-تولغىنىپ ئاخىر سەنتۈرۈلۈپ كەتتىڭ-دە، كېسەل پۇتۇڭدا دەسسەپ سالدىڭ. يىقىلىپ چۈشمىدىڭيۇ، لېكىن چىرايىڭنى

پۇرۇشتۇرۇپ، بوشقىنە ئىڭراپ سالدىك.

ئوفىستېر ئاڭلاپ قالغانمىدۇ؟ بەلكىم، ئاڭلاپ قالغاندۇ، ئاڭلاپ قالغان چېغى.

ئۆلمىدىك، لېكىن ئۆلگەندەك بولدۇق.

نېمىشقا ئىڭراپ سالدىم؟ كىچىككىنە ئاغرىققا چىدىيالماي-ھە! مەتسالىدەك سىم قامچا يېسەم، قانداق قىلاتتىمكىن؟

ئۆزۈڭنى قارغىدىك، چىدامسىزلىقىڭدىن ئۆكۈنۈپ، ئۆز-ئۆزۈڭگە ۋەدە بەردىك: «ئەمدى ھەرگىز... ئۆلسەممۇ زۇۋان سۈرمەيمەن، چوقۇم چىدايمەن.»

كۆزۈڭنى يۇمدۇڭ، چىشىڭنى چىشىڭغا چىڭگىدە باستىڭ. سىم قامچىلار بەدىنىڭگە تارسىلداپ تېگەتتى، يۈرىكىڭ ئېچىشىپ ئاغرىيتتى؛ ئۆگە-ئۆگىلىرىڭ سىرقىراپ ئاغرىيتتى.

«ياۋۇزلار! مەلئۇنلار! قاراپ تۇرۇش، قىساس... قىساس قىيامەتكە قالمايدۇ!...»

ئىچ-ئىچىڭدىن غەزەپلىك نىدا پارتلاپ چىقتى. تامغا يۆلىنىپ ئوفىستېرغا قارىدىك. ئۇنىڭ كۆزلىرى چىڭ يۇمۇلغان، لەۋلىرىدە شادىيانە كۈلكە قېتىپ قالغان، مىنگەشتۇرۇلگەن پۇتى گويا غەلبە شادلىقىغا، غەلبە سىمفونىيىسىگە جور بولۇۋاتقاندەك، رىتىملىق گىلدىڭلاپ تۇراتتى.

«ئالدىراپ خۇش بولۇپ كېتىشمە. كۆرىمىز تېخى.»

ئاھ خۇدا، بۇ مەلئۇنلارغا رەھىم-سەپقەت ئاتا قىلمىساڭمۇ مەيلى، لېكىن قۇدرەت-كامالىڭنى ئىشقا سېلىپ مەتسالىغا، ماڭا چىدام-غەيرەت ئاتا قىل! جاھان بىزدىن يەنە بىر ھەيران قالسۇن.

«ھەممىگە قادىر ئىگەم، ئۆز قولۇم بىلەن رەقىبلىرىمدىن قىساس ئېلىشنى نېسىپ ئەت! ئەگەر ئۇنى نېسىپ ئەتمىسەڭ، قىيامەتتە رەقىبلىرىمنىڭ ياقىسىدىن ئېلىشىمنىڭ ئورنىغا بۇ دۇنيادا ئۆلارنىڭ ئالدىدا مەغرۇر ياشىتىدىغان ۋىجدان-غۇرۇر، مۇستەھكەم ئېتقاد، روھىي

قۇدرەت، روھىي غالىبلىق ئاتا قىل!»

ئىلتىجالىق ياشلىرىڭنىڭ مەڭزىك بويلاپ ئېقىۋاتقانلىقىنى سەزمەي قالدىڭ.

ئۆلسەممۇ ۋارقىرىمايمەن! ئۆلسەممۇ ئىقرار قىلمايمەن.

مەشتە ئوت گۇرۇلدەيتتى، مىسالى قەلبىڭدىكى قىساس ئوتىدەك.

مەتسالى قاتتىق بىر ۋارقىرىشى بىلەنلا ئۇنى ئۆچۈپ كەتتى.

قانداق قىلغاندۇ؟.... ئۆلتۈرۈۋەتكەنمىدۇ؟ ئاھ، خۇدا!

قاتتىق ئازابلاندىڭ، تولغاندىڭ، ئۇنسىز ئىڭرىدىڭ. ئىچىڭدە ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ ھەسرەت بىلەن يىغلىدىڭ....

ئوفىستىر ھېلىمۇ شېرىن خىيال سۈرۈۋاتامدىغاندۇ؟ ھېلىمۇ....

سەن شۇ خىيال بىلەن ئۇنىڭغا قارىدىڭ، قارىشىڭغىلا ئۇ كۆزىنى ئاۋۋالقىدەكلا يۇمۇۋالدى.

باياتىن بېرى مېنى مەخپىي كۆزىتىۋېتىپتۇ-دە؟!

سەنمۇ كۆزەتتىڭ: ئۇنىڭ كۈلىدەك لەۋلىرىدە شادىيانە كۈلكە، پۈتى رىتىملىق گىلدىڭلايتتى....

بىردىنلا يېشىڭنىڭ تەمىنى تېتىپ قالدىڭ.

نېمىشقا ئۇنىڭ كۆزىچىلا يىغلىدىم؟ خەپ!

ئۆكسۈشلىرىڭ شىپپىدە توختىدى. قەددىڭنى رۇسلاپ، سوراقنى كۈتتۈڭ. سوراققا قانداق تاقابىل تۇرۇش، قىيناققا قانداق بەرداشلىق بېرىش ھەققىدە كۆڭلۈڭدە تەييارلىق قىلدىڭ....

بىر چاغدا ئۈلار سېنى سوراقخانىغا ئەكىردى. بۇ سىلەر سولانغان سامانلىقتىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان بىر ئەسكى ئۆي ئىدى. مەتسالىنى كۆرۈپ يۈرىكىڭ «ۋاژژىدە» ئېچىشتى، تولغاندى، يىغلىدى، دۈشمەننى قارغىدى ھەم غەزەپلىك ھۆركىرىدى، خۇددى چوپان تاغلىرىدا مەغرۇرانە چاپچىپ يۈرگەن كۆك بۆرىلەردەك. ئەمما، سەن بۇ ھېس-تۇيغۇلىرىڭنى، كۈيىتەك سېمىز سوراقچىغا، يەڭلىرى شىمايلانغان،

قوللىرىدىكى سىم قامچىلار يىلاندەك تولغىنىپ تۇرغان ئىككى چېرىككە سەزدۈرمىدىڭ. بىراق، يەنە ئاچتىڭ. چۈنكى، سەن دوستۇڭنىڭ قانداق، قايسى ئۇسۇلدا قىينالغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالماقچى، شۇ ئارقىلىق ئۆزۈڭدىكى چىدام-غەيرەت، غەزەپ-نەپرەت، قىساس-ئۆچمەنلىكنى ئېخىمۇ ئۇلغايتىپ، سوراقچىغا جەسۇرانە خىسلىتىڭنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولغانىدىڭ؛ مەرھۇم داداڭغا ئۆزۈڭنىڭ ئەمدى يارىماس، قوقۇنچاق، لامزەللە، بىچارە، يېتىم، يەككە-يېگانە، غۇرۇرسىز، ئېتقادسىز، غەمناك ئەمەسلىكىڭنى ئىسپاتلاپ بەرمەكچى بولغانىدىڭ.

سەن مەتسالىنى بۇ ھالەتتە كۆرەرمەن دەپ ئويلىمىغانىدىڭ:

ئۇ يالىڭاچ ھالدا ئىككى قولىدىن ئېسىلغانىدى. پۇتى يەرگە تېگەر-تەگمەس سۆرىلىپ تۇراتتى. سىم قامچىنىڭ ھەربىر ئىزىدىن قان ئېتىلىپ چىققان، پۇت-قول، بەدەنلىرىنىڭ ساق يېرى قالمىغانىدى. بېشى ساڭگىلاپ قالغاچقا، يۈز-كۆزىدىكى جاراھەتلىرىنى كۆرەلمىدىڭ. لېكىن، تۈكلۈك مەيدىسىگە سىرغىپ چۈشۈۋاتقان قاندىن ئۇنىڭ جاراھىتىنىڭ شۇ قەدەر ئېغىر ئىكەنلىكىنى جەزم قىلىپ، غەزەپتىن تىترەپ كەتتىڭ. بېشىڭنى كۆتۈرۈپ، روھىي ھالىتىڭنى كۆزىتىۋاتقان سوراقچىغا قەھرىڭ بىلەن تىكىلدىڭ. سوراقچى غالىبانە ھىجىيىپ قويۇپ سورىدى:

- قانداق سەنمۇ ئېيتارسەن؟ روتاڭلارنىڭ تۇيۇقسىز چېكىنىپ كېتىشىدىكى مەقسىتى نېمە؟

- ....

- ھېلىقى ئوق-دورىلارنى قەيەرگە يوشۇرۇپ قويۇشتۇڭلار؟

- ....

سەن گەپ قىلمىدىڭ، قىلىشىڭنىڭمۇ ئورنى يوق ئىدى. بىراق، گەپ قىلىشنىڭ ئورنىغا سوراقچىنىڭ يۈزىگە «شالاققىدە» تۈكۈردۈڭ. سەندىكى بۇ روھىي غالىبلىقنى، قەيسەرلىكنى كۆرگەن سوراقچىنىڭ تۈكۈرۈك چاپلىشىپ قالغان يۈزى ئېخىمۇ تاتىرىپ كەتتى. بىراق،

سوراقچى نېمىشقىدۇر ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، ساقال مىختەك قادىلىپ سوراقنى يەنە داۋام قىلدى:

- ئېيتە!...

سەن پىچىرلاپ قويدۇڭ:

- ھىم، ئېيتىمىشمەن.

سىم قامچىلار باش-ئۇستىڭدە سويلىنىپ تۇراتتى. گەرچە سەن نېمىنى ئېيتىدىغانلىقىڭنى بىلىپ تۇرساڭمۇ، يەنە:

- نېمىنى ئېيتىمەن؟-دەپ سورىدىڭ.

- ئوق-دورىلار نەدە؟!

- ....

بۇ سوئالغا جاۋاپ بېرىشىڭمۇ، ئوق-دورىلاردىن تېنىۋېلىشىڭمۇ ھېچبىر ھاجىتى يوق، ئەڭ ياخشى جاۋاب سۈكۈت، جاھىلانە سۈكۈت ئىدى. چۈنكى، دۈشمەن سىلەرنىڭ روتىنىڭ نۇرغۇنلىغان ئوق-دورىلارنى غەنىيمەت ئالغانلىقىنى، لېكىن چېكىنىش ئالدىدا يۆتكەپ كېتىشكە ئۈلگۈرەلمەي، ئۇلارنى قەيەرلەرگىدۇر يۇشۇرۇپ قويغانلىقلارنى بىلەتتى.

ئەگەر سەن ئوق-دورىلارنى يۇشۇرغان جاينى، روتاڭلارنىڭ تۇيۇقسىز چېكىنىپ كېتىسىدىكى مەقسىتىنى ئېيتىپ قويىدىغانلا بولساڭ، ئىنقىلاب ۋە ئىنقىلابچىلار زور زىيانغا ئۇچرايتتى. شۇنىڭ بىلەن سىلەرنىڭ شەرەپلىك ھاياتىڭلار شەرمەندە ھاياتقا ئايلىنىپ قالاتتى. شۇڭا، سەن دۈشمەننىڭ قورشاۋىدا قالغان چاغدىلا شەرمەندە ھاياتتىن قورقۇپ، قەلبىڭدىكى گۈزەل كۆيلەر-جەننەت ساداسىدىن مەھرۇم قېلىشتىن ئەنسىرەپ، دۈشمەن بىلەن قوشۇلۇپ پاتلاپ ئۆلۈۋېلىش قارارىغا كەلگەنىدىڭ. ئەگەر مەتسالى يېنىۋالمىغان بولسا، بۇ چاغقىچە جەننەتتە مەڭگۈلۈك بەختىنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈۋاتقان بولاتتىڭ؛ مەتسالى يېنىۋالمىغان بولسا، بۇ چاغقىچە داداڭنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ،

ئۇنىڭ كەچۈرمىگە ئېرىشىپ بولغان بولاتتىڭ. گەرچە سەن تۈزۈكرەك ئىبادەت قىلالمىغان بولساڭمۇ، لېكىن يەنىلا جەننەتكە كىرەلەيدىغانلىقىڭغا چەكسىز ئىشىنەتتىڭ؛ گەرچە سەن ئۆز ئېتىقادىڭدىن يېنىۋېلىپ، ئىشەنچەڭنى يوقىتىپ، ئۇلۇغۋارانە ئىستىكىڭدىن ۋاز كېچىپ، قىساسىڭنى قەستەنگە ئۇنتۇپ، ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولساڭمۇ، يەنىلا جەننەت ساداسىنى ئاڭلىيالايدىغانلىقىڭغا چەكسىز ئىشىنەتتىڭ. چۈنكى قەلبىنى ئېزگۈ نىيەتلەر بىلەن تولدۇرۇپ، ھەققانىيەت، ئازادلىق، باراۋەرلىك ئۈچۈن كۆرەشكۈچىلەرنىڭ چوقۇم جەننەتكە كىرىدىغانلىقىغا سېنى بىر ئۆزبېك ئوفستېر:

پانىيدا چىقمىغان مەيخانىدىن مەن،
بەختنى سۈمۈرگەن سەيخانىدىن مەن.
شۇندىمۇ جەننەتتىن جاي بەردى ئاللا،
قاچمىغاچ ھەقىقەت مەيدانىدىن مەن.

دېگەن سېئىرى ئارقىلىق ئىشەندۈرۈپ قويغانىدى؛ ئۇ شۇ شېئىرى ئارقىلىق سېنىڭ ھاياتلىقنا، ئازادلىق-باراۋەرلىككە، ھەققانىيەتكە بولغان ھۆرمەت، ئېتىقاد، ئۈمىد-ئىشەنچىڭنى ئۇرغۇتقانىدى؛ ئۇشۇ شېئىرى ئارقىلىق سېنى ھەققانىيەت مەيدانىدىن قېچىش ئەمەس، بەلكى ھەققانىيەت ئۈچۈن جان بېرىش قارارىغا كەلتۈرگەنىدى.

ھازىر سەن شۇ قارارىڭ بويىچە قەددىڭنى رۇسلاپ، سوراقچىغا مەردانە نىگاھ تاشلىدىڭ.

سىم قامچىلار تارسىلداپ تېگىشكە باشلىدى. ئۆز-ئۆزۈڭگە بەگەن ۋەدەڭ، ھېلىقى شېئىرنىڭ تۈرتكىسىدە چىقارغان قارارىڭ، داداڭ ۋە خەلقىڭنىڭ قانلىق قىساسى بەخش ئەتكەن قەيسەرانە روھىڭنىڭ خىتابىغا ئاساسەن، لېۋىڭنى مەھكەم چىشلىدىڭ، لېكىن لېۋىڭدىن قان

ســـىرغىپ چىقتـــى. داق يەردە ئەمەس، جەنـــنەت ساداســـى ئۇســـتىدە دومىلانــدىڭ، تولغانــدىڭ، يۇلقۇنــدۇڭ. لــېكىن، قىلــچە ۋارقىرىمــدىڭ. يۈرىكىڭنىڭ ۋارقىراشلىرىنى قەلبىڭدىكى گۈزەل كۈيلەر-جەننەت ساداسى يۇتۇپ كەتكەنىدى.

هۇشــۇڭغا كېلىــپ ئۇستىۋېشــىڭنىڭ چىلىــق-چىلىــق هــۆل بولــۇپ كەتكەنلىكىنـــى كـــۆردۇڭ. ئـــۇلار ســـېنى هۇشـــۇڭغا كەلتـــۈرۈش ئۈچـــۈن چېلەكلەپ سوغۇق سۇ چاچقانىدى.

- ئېيتــە، ئــوق-دورىــلار نەدە؟ روتاڭلارنــىڭ تۆيۈقســىز چېكىنىــپ كېتىشىدىكى مەقستى نىمە؟!

- ....

سـوراقچىننىڭمۇ، سـىم قامچـا تۇتقـان قـوللىرى قىچىشـىپ تۇرالمـاي قالغان هېلىقى ئىككى چېرىكنىڭمۇ تاقىتى توشقانىدى.

- بۇرنىغا لازا سۈيى قۇيايلى!

- زەكىرىگە قىل تىقايلى!

- ياق،- دېدى سوراقچى ئىككىسىنىڭ تەكلىپلىرىنــى رەت قىلىــپ،- هازىرچە يارىسىغا قوزۇق تىقىڭلار!

چېرىكلەرنىڭ بىرى كىچىككىنە بىر ياغـاچنى ئەكىرىــپ، قىلىچتەك يوغان خەنجىرى بىلەن ساڭا كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئۇچلاشقا باشلىدى.

«ئاھ، خۇدا، سەن ئۇلۇغ، هەممىگە قادىرسەن، ماڭا كۈچ-قۇۋۋەت، چىدام، قەيسەرلىك ئاتا قىل! بۇنىڭدىن باشقا سـەندىن هېچنىمە تەلەپ قىلمايمەن!»

يەنە ئىككى چېرىك كىردى. تـۆت چېرىـك سـېنى يەرگە ئوڭدىسـىغا يـاتقۇزۇپ باسـتى. سـەن كـۆزۈڭنى مەهـكەم يۇمـۇپ، لېـۋىڭنى چىڭڭـىدە چىشـلىدىڭ. سـوراقچى ياراڭغـا قـوزۇقنى ئـازراق تىقىـپ يەنە كوچىلاشـقا باشلىدى. سەن تىپىرلــدىڭ، تىپىرلــدىڭ، تىپىرلــدىڭ؛ تولغانــدىڭ، تولغاندىڭ، تولغاندىڭ؛ داق يەرنى تاتىلىدىڭ، تاتىلىدىڭ، تاتىلىدىڭ!

ئەمما، ۋارقىرىمىدىڭ. يۈرىكىڭنىڭ ۋارقىراشلىرىنى يەنىلا قەلبىڭدىكى گۈزەل كۈيلەر-جەننەت ساداسى يۇتۇپ كەتتى. پۇتۇڭدىن، تىرناقلىرىڭدىن، لېۋىڭدىن، يۈرىكىڭدىن، ئۆگە-ئۆگىلىرىڭدىن، بىغىش-بىغىشلىرىڭدىن قان بىلەن بىللە غەزەپ-نەپرەت، ئىسيانكارانە روھ سىرغىپ چىقىپ، داق يەرگە سىڭىپ كەتتى، خۇددى سەن جەننەت ساداسىغا سىڭىپ كەتكەندەك.

# 7

هوشۇڭغا كېلىپ ئۆزۈڭنى يەنە شۇ سامانلىقتا-مەتساللىنىڭ قۇچىقىدا كۆردۈڭ. ئۇ سېنىڭ هوشۇڭغا كەلگەنلىكىڭنى كۆرۈپ، شۇنداق خۇش بولۇپ كەتتى.

- خۇداغا مىڭ قەترە شۈكۈر! هەر نېمە بولسا هوشۇڭغا كەلدىڭ ئاداش.

ئاستا ئۆرە بولدۇڭ. ئۇسىنى تامغا يەم بىلەن يۆلەندۈردى.

- سەنچۇ؟... سېنىڭ هالىڭچۇ؟

سەن چەكسىز هاياجان ئىلكىدە ئۇنىڭدىن سورىدىڭ. چۈنكى، سەن ئۇنىڭ باياتىنقى هالىنى كۆرۈپ، ئۆلۈپ كەتتى دەپ جەزم قىلغانىدىڭ.

- مەن...مەن...كۆرمىدىڭما، مەن خېلى ياخشى، سەندىن ياخشى ئىشقىلىپ.

جىملا بولۇپ قېلىشتىڭلار، جىمجىتلىق خېلى ئۇزاق داۋام قىلدى. جاراهەتلىرىڭنى تاتىلاپ ئازابلىغۇچى بۇ جىمجىتلىقتىن جاق تويغانىدىڭ. شۇڭا، يېقىندىن بېرى خىيالچان بولۇپ قېلىۋاتقان مەتسالى بىلەن مۇڭدىشىپ، ئازابلىق جىمجىتلىقتىن قۇتۇلماقچى بولدۇڭ.

- مەن... مەن سەندىن ئەنسىرەپ خۇددى....

مەتسالى خىيالدىن چۆچۈپقىنە ئويغاندى.

- نېمىدەپ ؟

- سېنى دەپ سالامىتىكى دەپ.

راست، سەن ئۇنىڭدىن شۇنداق ئەنسىرىگەنىدىڭ.

- ھىم!- ئۇ دىمىغىنى قېقىپ قويىدى،- مەن تېخى سەندىن ئەنسىرەپ يۈرسەم.

- مەندىن؟ ھا!... ھا!... ھا!...- ئىچ-ئىچىڭىدىن چىقىرىپ غالىبانە كۈلدۈڭ،- مەندىن ئەنسىرەپ يۈردۈڭما، تېخى؟1 ۋاي، بىچارە بايقۇش.

ئۇمۇ كۈلدى، غالىبانە كۈلكەڭلار ئۆمۈچۈك تورلىرىنى تەۋرىتىۋەتتى؛ غالىبانە نىگاھلىرىڭلار گىرىمسەن سامانلىقنى ۋاللىدە يورۇتىۋەتتى، شۇ يورۇقلۇق ئىچىدە مەتسالىنىڭ يۈز-كۆزىدىكى جاراھەتلەرنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈپ، ئىچىڭ سىيرىلىپ كەتتى، ئۆپكەڭ ئۆرۈلۈپ، يىغا تۇتتى. بىراق، ئۆزۈڭنى تۇتىۋالدىڭ.

- قىيناققا چىدىماق ئاسانمىكەن؟-دەپ سورىدى مەتسالى.

- ئىشقىلىپ سەن بولغان بولساڭ، ھەرگىز چىدىيالمايتتىڭ.

سەن چاقچاق قىلىپ كۈلدۈڭ. راستىنى ئېيتقاندا، سەن بۇ قېتىملىق قىيناققا ناھايىتى مۇشەققەتتە بەرداشلىق بەرگەنىدىڭ (ھەپسىدىكى قىيناقلار بۇ قىيناققا ياماقمۇ بولالمايتتى). سەندىن باشقىلارمۇ بۇنداق قىيناققا چىدىيالىشى مۇمكىن، لېكىن چىدايمەن دېسە، ئىشەنگۈڭ كەلمەيتتى؛ ئۆزۈڭنىڭمۇ قانداقلارچە چىدىيالىغىنىڭغا ئىشەنگۈڭ كەلمەيتتى؛ ئۆزۈڭنىڭمۇ قانداقلارچە چىدىيالىغىنىڭغا ئىشەنگۈڭ كەلمەيتتى. ئەگەر قەلبىڭدىكى گۈزەل كۈيلەر-جەننەت ساداسى روھىڭنى يۆلەپ، پەرۋىشلەپ، يۈرىكىڭنى سىلاپ ئەللەيلەپ تۇرمىغان بولسا، بۇ قىيناققا چىدىيالماسلىقىڭ مۇمكىن ئىدى.

مەتسالى كۈلۈمسىرەپقىنە تۇراتتى. سەنمۇ سورىدىڭ؛

- سەنچۇ؟

- ئىشقىلىپ سەن بولغان بولساڭ، ھەرگىز چىدىيالمايتتىڭ.

- بەلكىم.

ساماننىلىقنىڭ ئىشىكىنىڭ يوچۇقلىرىدىن كىرىپ تۇرغان قۇياش نۇرى تامغا نەيزىدەك، خەنجەردەك، بىگىزدەك، يىڭنىدەك سانجىلىپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن قارنى توختاپ، ئاسماننىڭ ئېچىلىپ كەتكەنلىكىنى جەزم قىلدىڭ. بۇنىڭ ئەكسىچە، كۆڭلۈڭ ئېچىلمىغان، تۇتۇق ئىدى، خۇددى تۇمانلىق كۆكتەك. چۈنكى، ئەزرائىلىنىڭ قاپقارا قانىتى كۆڭلۈڭگە كۆلەڭگە تاشلاپ تۇراتتى. بۇسىنىڭ ئۆلۈمدىن قورقانلىقىڭ ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە. سېنىڭ ئۆلگۈڭ يوق ئىدى. چۈنكى، سېنىڭ ئۇرۇش ئوتلىرى ئىچىدە سەمەندەردەك قەيسەرانە روھ بىلەن جەڭ قىلىپ، داداڭنىڭ، ئالللادىن باشقا ئىگىسى، يۆلەنچۈكى يوق، باشپاناھسىز، بەختسىز، ئەركسىز خەلقىڭنىڭ ئازادلىق-باراۋەرلىكى ئۈچۈن قۇربان بولغان ئىنقىلابىي سەپداشلىرىڭنىڭ قىساسىنى ئېلىپ، روھىنى خۇشنۇد قىلغۇڭ بار ئىدى؛ رەقىبلىرىڭنىڭ شەرمەندە ھالىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرۈپ، مەغرۇرانە كىرىلگۈڭ بار ئىدى؛ ھەممە ئادەم ھۆر، باراۋەر، ئاسايىشلىق زامان بەرپا قىلىپ، ئائىلەڭ زۇمرەت بىلەن ئارامخۇدا، تىنچ-ئامان، خاتىرجەم، بەختلىك ياشىغۇڭ بار ئىدى.

قاش قارايغان مەزگىلدە ساماننىلىقنىڭ ئىشىكى سەت غىچىرلاپ ئېچىلىپ، بىر چېرىكنىڭ بېشى كۆرۈندى. ئۇ ئىككى زاغرىنى ئالدىڭلارغا تاشلىدى، خۇددى ئىتقا نان تاشلىغاندەك. ئەمەلىيەتتەمۇ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە سىلەر (خەلق) ئىت ئىدىڭلار. شۇڭا، سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ ئادەم-ئەڭ قەدىمىي مىللىي ئۆرپ-ئادەتكە...ئىگە، ھۆر-باراۋەر ياشاپ كەلگەن مەرىپەتپەرۋەر، تىنچلىقپەرۋەر ئادەم ئىكەنلىكىڭلارنى ئىسپاتلاش، بۇنى ئۇلارنىڭ سەمىگە سىڭلىپ قويۇش ئۈچۈن جەڭ قىلىۋاتاتتىڭلار.

نان سېپىق سامان ئۈستىگە «پوككىدە» چۈشكەنىدى، خۇددى توك چالمىدەك. سەن بۇنىڭدىن چەكسىز خورلۇق ھېس قىلدىڭ، خورلۇق ئىلكىدە راستتىنلا نان تاشلاپ بەرگۈدەك ھالغا چۈشۈپ قالغان خەقمۇ

بىز؟ دەپ ئويلىغاچ مەتسالىغا قارىدىڭ. سىلەر بىر-بىرىڭلارغا خورلۇقانە نەزەردە قاراپ ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ قويۇشتۇڭلار. سورىدىڭ:

- قانداق قىلىمىز؟

ئۇ ناننى قولىغا ئېلىپ، پۈۋلەپ تۇرۇپ دېدى:

- يەيمىز، نېمىشقا دېسەڭ، بىرىنچىدىن، بۇ نان خەلقىمىزنىڭ نېنى، ئۆزىمىزنىڭ نېنى، ھەرگىز ئۇلارنىڭ ئەمەس! ئىككىنچىدىن، بۇ ناننى يېمىسەك، ئەزرائىلنىڭ ئالدىغا مەردانە قەدەملەر بىلەن بارالمايمىز.

نان شۇنداق قاتتىق-تولاپ قالغانىدى. شۇڭا، ئۇنى مۇشەققەتتە غاجاپ تۈگەتتىڭلار، نان شۇنداق تاتلىق ئىدى، خۇددى ھەسەلدەك. چۈنكى مەتسالى دېگەندەك، بۇ ئۆزۈڭلارنىڭ نېنى ئىدى.

«ئۆزىنىڭ نېنى مۇشۇنداق تاتلىق بولامدىكىن؟»

سۇ ئالدىڭغا يۈرىكىڭ جاۋاب بەردى: «شۇنداق!»

جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. سازاڭدەك ئۆملەپ كېتىۋاتقان بۇ جىمجىتلىقنى سەن بۇزمىساڭ، مەتسالى مەڭگۈ بۇزمايدىغاندەك قىلاتتى.

نېمانداق تولا خىيالدۇ ئۇ تۈگىمەيدىغان؟ نېمىنى خىيال قىلىدىغاندۇ ئۇ شۇنچە؟

بىلمەيتتىڭ.

بىلگۈڭ كەلدى. شۇڭا، ئۇنى جەينىكىڭ بىلەن نوقۇپ، ئېغىر خىيالدىن ئويغاتتىڭ:

- ھەي مەتسالى، نېمىشقا ئۆتكەندە تۇيۇقسىزلا جەڭگە بارىدىغان بولۇپ قالدىڭ؟ دەسلەپتە بىللە بارىلى دېسەم، ئۇنىمايسەن.

ئۇجىممىدە تۇراتتى. سەن يەنە نوقۇدۇڭ.

- دېگىنە بىر.

- ....

ئۇ يەنە گەپ قىلمىدى. قاتتىقراق نوقۇپ سورىدىڭ. چۈنكى، سەن جاھىلانە جىمجىتلىقنىڭ ئازابلاشلىرىدىن شۇنداق بىزار بولغانىدىڭ.

- ساڭا شۇ چاغدا دېگەن.

- دېگەن شۇ، ئاتا-ئانىسى نېمىدەپ بەرمىدى؟

- تاڭەي.

- ئاتا-ئانىسى بەرمىسە، قىزنى ئېلىپ قاچماي تازا، ئەخمەق!

- راست، مەن بەك ئەخمەقكەنمەن!

مەتسالى ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ قويۇپ، جىمىپلا كەتتى.

سەن: «ئۇ قىز كىم؟» دەپ سورىماقچى بولدۇڭيۇ، سورىمىدىڭ، سورىغۇڭ كەلمىدى. ئۇنىڭ ھەسرەتلىك تىنىقلىرى، ئەلەملىك ئۇھسىنىشلىرى يۈرىكىڭنى ئېزىپ، تىلىڭنى يىغىشقا مەجبۇر قىلغانىدى.

يارىسىنى كوچىلىماي، بىچارە.

ئۇنىڭغا قارىدىڭ. ئۇ بېشىنى تامغا تىرەپ، كۆزىنى چىڭگىدە يۇمۇۋالغانىدى. ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىدىڭ، تىنىقلىرى يۈز-كۆزۈڭگە ئۇرۇلدى. بۇ ئېغىر تىنىقلاردىن سەن جۇدالىق ھىدلىرىنى پۇرىدىڭ، ئەمما ئۇنىڭدىن ئوقچۇپ چىقىۋاتقان ئىشىق - پىراق ھىدلىرىنى قىلچە پۇريالمىدىڭ. يۈز - كۆزىدىكى جاراھەتلىرىنى كۆرەلىگىنىڭ بىلەن، قەلب جاراھەتلىرىنى كۆرەلمىدىڭ. ئەت-يېنىدىكى جاراھەتلىرىنىڭ قەلب جاراھەتلىرىگە ياماقمۇ بولالمايدىغانلىقىنى بىلمەيتتىڭ. بىلگەن بولساڭ بايىقى «يارىسىنى كوچىلىماي» دېگەن قارارىڭدىن بىردەمدىلا يېنىۋىلىپ، يەنە ئۇنىڭ قەلب يارىسىنى كوچىلىمىغان بولاتتىڭ، خۇددى چېرىكلەر سېنىڭ پۇتۇڭدىكى جاراھىتىڭنى كوچىلىغاندەك.

- ھەي مەتسالى، ئالماقچى بولغان ئاشىقىڭ كىمدى زادى؟

- بولدى، مېنى ئارامىمدا قويغىنا!

- ياق، قويمايمەن، دېمىسەڭ، كېچىچە ئۇخلىغىلى قويمايمەن. سېنىڭ بۇنداق جىم بولۇۋېلىپ، خىيال سۈرۈشۈڭگە ھەرگىز يول قويمايمەن، - دېدىڭ تەسالىق بىلەن.

-....

- بىزنى يا ئەتە، يا ئۆگۈن ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، بىلەمسەن؟ چۇقۇم ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. يەنە نېمىنى يۇشۇرىسەن؟ جان دوست تۇرۇپ...

- ياق، مېنىڭ ئۆلگۈم يوق.

- مېنىڭمۇ شۇ. بىراق، نىمە ئامال؟ چىپرىكلەرگە: «مېنىڭ ئۆلگۈم يوق» دېسەڭ، ئۇنامدۇ؟ بولدى، خام خىيالنى ئاز قىل.سېنىڭ كۆزۈڭنى يۇمۇۋېلىپ، مېنى بۇنداق بىزار قىلىشىڭغا يول قويمايمان. بىلەمسەن؟ بىزنىڭكىلەر بۇنداق شارائىتتا ھەرگىزمۇ ھوجۇمغا ئۆتەلمەيدۇ ھەم قىلىش پىلانى بۇ يەر ئەمەس.قېنى، گەپ قىلە!

- نېمە دەيمەن؟

- نېمە دېسەڭ دە، ئەڭ ياخشىسى مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرىڭنى سۆزلە. ئازابلىرىمىز بىردەملىك بولسىمۇ ئۇنتۇلسۇن!

-....

دەل شۇ چاغدا سامانلىقنىڭ ئىشىكى غىچىرلاپ ئېچىلىپ،بىرى كىردى.

- سەمەندەر، مەتسالى، سىلەر ئويغاقما؟ - دېدى ئۇ شىۋىرلاپ.

- ھەئە، ئۇيغاق.

«بۇ كىم؟ ئاۋازى تونۇشلىغۇ؟»

- قېنى تېز تۇرۇڭلار.

مەتسالى سېنى يۆلەپ تۇرغۇزدى.

- سەن كىم؟ - سورىدى مەتسالى.

- مەنما؟

دەل شۇ چاغدا ئۇنى تونۇپ قالدىڭ.

- ۋاي، سەن غوجەخمەتما؟

- ھەئە، قېنى تېز... تېز قېچىڭلار!

- سەن قانداق بولۇپ....

- بولدى، بۇ گەپنى دېيىشكىلى ھازىر ۋاقىت يوق. قاراۋۇلنى

بوغۇۋەتتىم: تېز بولۇڭلار! قاراۋۇل ئالمىشىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى. ئېسىڭلاردا بولسۇن، پارول - «تۈلكە».

مەتسالى ھېلىقى ئۆلۈك قاراۋۇلنىڭ مىلتىقىنى مورىسىگە ئاستى. ساڭا غوجەخمەت بىر دانە ماۋزېرنى تۇتقۇزۇپ قويدى، ئۇ سىلەرنى باغدىن بىخەتەر ئاچىقىپ قويۇپ :

- مۇشۇ ئۆستەڭنى بويلاپ مېڭىۋەرسەڭلار، بىر تۈگمەنگە بارىسىلەر. تۈگمەنچى ھالىڭلاردىن خەۋەر ئالىدۇ، - دېدى ـ دە،سىلەرگە ئاقيول تىلەپ كۆزدىن غايىپ بولدى.

سىلەر غوجەخمەت دەپ بەرگەن پارول ئارقىلىق قاراۋۇللارنىڭ ئالدىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ كەتتىڭلار. تۈگمەنگە يېقىنلاشقاندا،مەتسالى سوراپ قالدى:

- ھەي سەمەندەر، بىزنى قۇتقۇزۇپ قالغىنى يۇسۇپ بەگنىڭ ئوغلى غوجەخمەت شۇما، ئەمەسما؟

- شۇكەن ئەينا.

- ئەجەپ ئىشەنگۈم كەلمىدى مېنىڭ.

- مېنىڭمۇ شۇ.

شۇنداق، ئۇنىڭ شۇ غوجەخمەت ئىكەنلىكىگە زادىلا ئىشەنگۈڭ كەلمەيتتى؛ ھېچكىمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.

شۇنداق، مىللىي مۇناپىقلار، مىللىي غالچىلار گومىنداڭنىڭ يالىقىنى يالاپ، ئۇلار ئۇچۇن جېنىنى پىدا قىلىۋاتقان مۇشۇنداق پەيتتە، بىر زالىم بەگنىڭ ئەتىۋارلىق ئوغلىنىڭ چېرىكلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىۋېلىپ، يىگىتلەر① ئۇچۇن مەخپىي خىزمەت قىلىشىغا ئادەمنىڭ ئاسان ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.

8

سەن پولىك دوختۇرخانىسىغا ئەكېلىنىدىڭ. دوختۇرخانا تىك تاغ ئاستىدىكىلا بىر بايىنىڭ هويلىسىغا جايلاشقانىدى. ئۇن نەچچە ئېغىز ئۆيدە ياربىدارلار داۋالىنىۋاتاتتى. سېنىڭ جاراھىتىڭ بەك ئېغىر بولمىغاچقا، ئادەدىيغىنە بىر ئۆيدىكى سۇپىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدۇڭ. ئۆيدە پۇت ـ قوللىرى باغلانغان تۆت نەپەر ياربىدار ياتاتتى. سەن تام تۇۋىگە يىغىپ قويۇلغان يوتقان ـ كۆرپىلەرگە يۆلىنىپ، پۇتۇڭنى ئۇزۇن سۇندۇڭ ـ دە، ياربىدارلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاپ بېرىشكە باشلىدىڭ، ئولار بىلەن قىزغىن تونۇشۇۋاتقاندا، دوختۇرئىسھاقجان كىرىپ كەلدى. ئىسھاقجان قاغىلىق ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ باشلىقى بولۇپ، سىلەر كوسراپقا كەلگەندە، ئۇدورا ـ دەرمەك ۋە ئابدۇغۇپۇرجان، مۇھەممەد ئىمىن ھاجىم قاتارلىق تېۋىپ ـ دوختۇرلارنى ئەكېلىپ، خېلى مۇكەممەل بولغان «پولىك دوختۇرخانىسى» نى بەرپا قىلغانىدى.

- پۇتىڭىزنى ئېچىڭ، - دېدى ئۇ ساڭا بىر قۇر قاراپ چىقىپ.

سەن ئىشتىنىڭنىڭ پۇچقىقىغا ئەمدىلا قول ئۇزۇتىشىڭغا، بىرھەمشىرە قىز ئاپئاق پەتنۇستا تېڭىق ئەسۋاپلىرىنى ئەكىرىپ،ھەرىكىتىڭنى توقتىتىپ قويدى. ئۇ ئالدىڭغىلا كىلىپ توختىدى. ئۇنى كۆرۈپ يۈرىكىڭ قارتىندە قىلىپ كەتتى، كۆزلىرىڭ چەكچىيىپ ئۇنىڭغا قاراپلا قالدىڭ. خۇددى بوراندا قالغان مەجنۇنتالدەك تولغىنىپ كەتتىڭ، شاشلاپ كېتىۋاتقان ھەيرانلىقىڭنى يوگەنلىۋالدىڭ. ئەگەر ئۇنداق قىلمىغان بولساڭ قولۇڭلا ئەمەس، ھەتتا ئەسەبلىرىڭمۇ، يۈرىكىڭمۇ ھەرىكەتتىن توختاپ قىلىشى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى، پەتنۇسنى تۇتقان پېتى خۇددى سەندەكلا قېتىپ قالغان بۇ ھەمشىرە قىز سېنىڭ خوتۇنۇڭ ئىدى؛ غۇنچىسىنى ئۈزۈشكە ئۈلگۈرەلمىگەن سۆيۈملۈك خوتۇنۇڭ زۇمرەت ئىدى.

سەن ئۇنىڭ ئىككى ئاي بۇرۇن فرونتقا قېتىلغىنىنى، شۇنىڭدىن بېرى پولىك دوختۇرخانىسىدا ھەمشىرىلىك قىلىۋاتقانلىقىنى ئۇقمايتتىڭ.

- بۇ... ۋاي... بۇ سىزما، سەمەندەر؟

سەندىن بۇرۇنراق ئىسنى يىغىۋالغان زۇمرەت دۇدۇقلاپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى.

- ھە... سىز... قاچان...

سەن ئارانلا شۇنى دېيەلىدىڭ ـ دە، ئىشتىنىڭنىڭ پۇچقىقىنى تۇرۇپ دوختارغا كۆرسەتتىڭ. جاراھىتىڭ يىرىڭداپ، خېلى بىرىيەرلەرگىچە قىزىرىپ كەتكەنىدى. دوختۇر پۇتۇڭنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ:

- ئوق بەك چوڭقۇر پېتىپ كېتىپتۇ، - دېدى ۋە زۇمرەتكە جاراھىتىڭنى پاكىز تازىلاشنى تاپىلىدى. زۇمرەت جاراھىتىڭنى تازىلاشقا باشلىدى.

- سىلەر تونۇشامسىلەر؟ - دەپ سوراپ قالدى دوختۇر.

سەن بۇ سوئالنى ئۇنىڭ كىمدىن سورىغانلىقىنى ئۇقالمىدىڭ. شۇڭا، زۇمرەتنىڭ جاۋاپ بېرىشىنى كۈتتۈپ، ياراڭغا قاراپ جىممىدە تۇرۇۋالدىڭ. بىراق، زۇمرەت جاۋاپ بەرمىدى؛ بىر مىنۇت كۈتتۈڭ، جاۋاپ بەرمىدى؛ بىر سائەت كۈتتۈڭ، جاۋاپ بەرمىدى؛بىر يىل كۈتتۈڭ، جاۋاپ بەرمىدى؛ ھەتتا بىر ئۆمۈر كۈتتۈڭ، يەنىلا جاۋاپ بەرمىدى، ئاخىر ئۆزۈڭ جاۋاپ بەردىڭ:

- ئۇ مېنىڭ خوتۇنۇم بولىدۇ، - دېدىڭ سەن زۇمرەتكە قاراپ.

بىراق، ئۇ ساڭا قارىمىدى، ئەمما ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى. پۇتۇڭ تازىلىنىۋاتاتتى؛ يۈرىكىڭ شېرىن تۇيغۇلار بىلەن ئەملىنىۋاتاتتى. دوختۇر ۋە باشقا ياردارلار ساڭا تەئەججۈپ بىلەن قاراپ قېلىشتى.

- مۇنداق دە، - دوختۇر ياراڭنى تېڭىشقا تەييارلانغاچ شۇنداق دېدى، - تەلىيىڭ بار كەن جۇما، يىگىت! شۇنداق ئوبدان خوتۇن ئېلىۋاپسەن خۇددى پەرىشتىدەك.

ئۇنىڭ پەرىشتە ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلدىڭ.چۈنكى، ئوق ئېلىۋېتىلىپ، ياراڭ تېڭىلماستىنلا پۇتۇڭنىڭ ۋە بەدەنلىرىڭدىكى جاراھەتلىرىڭنىڭ ئاغرىقى شىپپىدە توختاپ قالغانىدى.

- پەخىرلەن، يىگىت!

تۇنجى قېتىم پەخىرلەندىڭ.

- زۇمرەت، ئىككىسىنى قىچقىرىپ كىرىڭ.

زۇمرەت چىقىپ كېتىپ، ئابدۇغۇپۇرجان بىلەن مۇھەممەد ئىمىن هاجىمنى باشلاپ كىردى. دوختۇر ئۇ ئىككىسىگە قاراپ :

- ئىككىڭلار بۇ يىگىتنى، ئىسمىڭ نېمىدى؟ ھە، سەمەندەرنى چىڭ بېسىپ تۇرۇڭلار، ئوقنى ئېلىۋېتەيلى، - دېدى.

لېكىن، دوختۇر كۈتۈلمىگەن جاۋاپقا ئېرىشتى:

- بېسىپ تۇرمىسمۇ، چىدىيالايمەن!

ھەممىسى ساڭا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قالدى، ھەتتا خوتۇنۇڭمۇ.

- چاقچاق قىلماڭ، - دېدى دوختۇر. خوتۇنۇڭ سېنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويدى:

- مەست قىلمىدۇق، دورا تۈگەپ قاپتىكەن. ھەرقانچە سەمەندەردەك قەيسەر بولسىڭىزمۇ، چىدىيالمايسىز جۇماڭ!

- قورقۇق بىلەن كوچىلىغانىدىمۇ چىدىغان. ناھايىتى ئاغرىسا، يەنە شۇنچىلىك ئاغرىيا شۇ.

خوتۇنۇڭنىڭ ئالدىدا ماختانغۇڭ كېلىپ، دۈشمەنلىڭ قىيناقلىرىغا قانداق بەرداشلىق بەرگەنلىكىڭنى قىسقىچە سۆزلەپ بەرگەچ ئۇنىڭ ياز سەھرىنىڭ ئوپئوچۇق كۆكىدەك تىنىق كۆزلىرىگە شۇڭغۇدۇڭ، خۇددى بىلىقتەك. ئۇنىڭ نۇرانە قارچۇقلىرىدا ئۆزئەكسىڭنى كۆرۈپ، ئۆز-ئۆزۈڭدىن غۇرۇرلاندىڭ.

سەن دوختۇرلار ۋە يارىدارلارنىڭ ماختاشلىرىدىن قىلچە ھۇزۇرلىنالمىدىڭ چۈنكى، خوتۇنۇڭ سېنى تېخى ماختىمىغانىدى.

سەن خوتۇنۇڭنىڭ ماختاشلىرىغا شۇنچىلىك ئارزۇمەند ئىدىڭ.

سەن ئىككى پۇتۇڭ بىلەن پۇتۇڭنى قورۇپ چىڭگىدە تۇتتۇڭ.دوختۇر ياراڭغا قىسقۇچنى پەم بىلەن تىقتى. سەن كۆزۈڭنى يۇمۇپ، چىشىڭنى

چىشىڭغا مەھكەم باستىڭ. ئاغرىق ئۇگە- ئۇگىلىرىڭگە ئۆتۈپ كەتتى؛ ئاغرىق جان- جىنىڭغا ئۆتۈپ كەتتى.قىسقۇچ جەنىنەت ساداسى بىلەن تولغان يۈرىكىڭنى كوچىلاۋاتاتتى...

سەن ئاللادىن ئۆزۈڭگە چىدام- غەيرەت ئاتا قىلىشىنى تىلەيتتىڭ؛ ۋارقىراپ سالماسلىقنى، تولغۇنۇپ كەتمەسلىكنى، دوختۇرلار، ياردىرلار، بولۇپمۇ خوتۇنۇڭنىڭ ئالدىدا سۇنۇپ قالماسلىقىڭنى تىلەيتتىڭ. چۈنكى، سەن خوتۇنۇڭنىڭ ماختاشلىرىغا تەشنا ئىدىڭ.

قىسقۇچ يۈرىكىڭدە، بۆرىكىڭدە، جىگىرىڭدە، بارلىق نېرۋا- ھۈجەيرىلىرىڭدە يورغىلايتتى. بار كۈچۈڭ قولۇڭغا يىغىلىپ پۇتۇڭنى زۇلۇم بىلەن قورۇيتتى؛ بار كۈچۈڭ چىشىڭغا يىغىلىپ، خۇددى بىر- بىرىنى ئۇۋۇۋەتكۈدەك دەرىقىدە شۇنداق چىڭ بىسىلاتتى؛ بار كۈچۈڭ كۆزۈڭگە يىغىلىپ، كىرپىكلىرىڭ خۇددى مەڭگۈ ئاجراتقىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە چەمبەرچاس گىرەلىشىپ كەتكەنىدى. يۈز- كۆزۈڭدە تەر تامچىلىرى يالتىرايتتى،گۇياكى گۈل بەرگىدىكى شەبنەمدەك.

بىر چاغدا بىر نەرسە «تىرىققىدە» قىلىپ قالدى. كۆزۈڭنى ئاچتىڭ، ئوق ئېلىۋېتىلگەنىدى. تەخسىدە قىپقىزىل بىر تۆمۈر پارچىسى ياۋۇزانە شۆمشىيىپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا ناپرەت بىلەن قارىدىڭ.

- ئاجايىپ قەيسەركەنسەن! - دېدى دوختۇر،- خۇددى ئىسمى- جىسمىڭغا لايىق!

سەن ئۆزۈڭدىن پەخىرلىنىپ كۈلۈمسىرەپ قويدۇڭ. سەن ئۆزۈڭدىن - ئۆزۈڭنىڭ يارامىلىق، قەيسەر بىر جەڭچى ئىكەنلىكىڭدىن پەخىرلىنىۋاتاتتىڭ.

- مەن بۇ چاققىچە سەندەك قەيسەر يىگىتنى كۆرۈپ باقمىغان.

سەن دوختۇرلارغا، ياردارلارغا، سۆيۈملۈك خوتۇنۇڭغا تەبەسسۇم بىلەن مەغرۇر قاراپ قويدۇڭ. سەن ئۆز- ئۆزۈڭدىن غۇرۇرلىنىۋاتاتتىڭ؛ خوتۇنۇڭنىڭ ئالدىدا قەيسەرانە روھىڭنى نامايىش قىلالىغىنىڭ ئۈچۈن

غۇرۇرلىنىۋاتاتتىڭ؛ خوتۇنۇڭنىڭ ئالدىدا ماختىلىپ، ئۇنى ئىچ-ئىچىدىن ئــۆزۈڭگە مەپتــۇن قىلىـــش پۇرســـىتىگە ئىرىشـــەلىگىنىڭ ئۈچـــۈن غۇرۇرلىنىۋاتاتتىڭ.

ئۇ مەپتۇن بولدىمىكىن؟

بىلمەيتتىڭ.

ئەممـا، مەپتـۇن قىلالايـدىغانلىقىڭغا ئىشـىنەتتىڭ. لەنىتـى ئـۇرۇش بولمىغان بولسا، زۇمرەتنى بۇ چاققىچە ئـۆزۈڭگە مەپتـۇن قىلىـپ بولغـان بولاتتىڭ. چۈنكى سەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش - نىكاھ ئوقۇتۇپ، بىر ئائىلىگە جەم بولۇش، بىر ياستۇققا بەند قىلىپباش قويۇشنـى «مەپتـۇن قىلىش» دەپ چۈشىنەتتىڭ.

دوختۇرلار چىقىپ كىتىشتى. زۇمرەت جاراھىتىڭنى تـازىلاپ تېڭىشـقا باشلىدى. مىنىڭ خوتۇنۇم زۇمرەت شۇمۇ ـ ھە!؟ تووا، كاساپەت، تېخىمۇ چىرايلىـق بولـۇپ كېتىپتۇيـا! ئـۇرۇش بولمىغـان بولسـا... قىرىـق كـۈن توختاپ، دادامنىڭ قىرىقىنى بېرىۋېتىپ بولۇپ...

يۈرىكىـــڭ پىژژىـــدە كۆيـــدى. شـــېرىن تۈيغــۇ تـــوپى بـــېغىش - بېغىشــلىرىڭغا باســتۇرۇپ كىرىــپ، پۈتۈڭنــىڭ ئــاغرىقىنى تىرىپىــرەن قىلىۋەتتى.ئەجەپ... شۇ پېتى تاشلاپ قويۇپ كەپتىكەنمەن. ئىسىت!

ئۆزۈڭنى يوقىتىپ قويغىلى تاسلا قالدىڭ. ئەگەر ھېلىقى ياربـدارلار بولمىغان بولسا، زۇمرەتنى كاپپىدە تۇتۇپ، باغرىڭغا پوككىـدە باسقان، بويىنىنى شاپتۇل شېخىنى قاررىغانـدەك گاچچىـدە قـايرىپلا چوكۇلـدىتىپ سۆيۈپ كەتكەن بولاتتىڭ،خۇددى تەلۋىدەك.

سۆيەلەرسەنمىكىن؟

سۆيمەي ئەمسە؟ چوقۇم سۆيىمەن. خوتۇنۇميا ئۇ مىنىڭ.

زۇمرەت جاراھىتىڭنى تېڭىپ بولۇپ، بېشىنى كۆتۈردى. ئۇ شـۇنداق چىرايلىق، شـۇنداق ئومـاق ئىـدى. ئاپئـاق خـالات، قارلىغـاچ قۇيرۇقلـۇق ئاپئـاق پوســما ئۇنىڭغـا قەۋەتـلا ياراشــقانىدى، خــۇددى بــۇ كــيىملەر

زۇمرەتكىلا ئاتاپ لاھىيلەنگەندەك، زۇمرەتمۇ مۇشۇ كىيىملەر ئۈچۈنلا تۇغۇلغاندەك. ئۇ نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ ساڭا سەبىي تەبەسسۇم سوۋغا قىلىۋىدى، يۈرىكىڭ «گۈپپىدە» قىلىپ ئوت ئالدى، خۇددى دوزاخنىڭ تۇتۇرۇقىدەك. شۇڭا، سەن ئۇنىڭ دىگىنىدەك تەپتەكشى، چوڭقۇر كۆزلىرىگە يېپىلىپلا كەتتىڭ، گۇياكى ئەتىگەندە يۈز ئاچقان قۇياشنىڭ زەر نۇرلىرى زېمىنغا يېپىلىپ كەتكەنىدەك. ئۇ چىقىپ كەتتى. سەن نېمە دېيىشىڭنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدىڭ، سېھىرلىك تۈيغۇلار تىلىڭنى قويغانىدى. سەن ئۇنى كۈتتۈڭ؛ تىرنىقىنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتۇشقا، قۇندۇزدەك قاپقارا چاچلىرىنى سىلاشقا، ئېپاردەك ھىدلىق، ئوتتەك قايناق تىنىقلىرىنى ھىدلاشقا، زۇمرەتتەك سۈزۈك قارىچۇقىدا ئۆزۈڭنىڭ بەختىيار سىماسىنى كۆرۈپ تەنتەنە قىلىشقا، ئاققۇ كۆكسىدەك يۇمران باغرىغا سىڭىپ كېتىشكە ئۈلگۈرمىگەن سۆيۈملۈك خوتۇنۇڭنى خېلى ئۇزاق زارىقىپ كۈتتۈڭ، كىرمىدى.ئاخىر كەينىڭدىكى يوتقان - كۆرپىلەرگە يۆلىنىپ، ئالىقىنىڭنى گىرەلەشتۈرۈپ گەدىنىڭگە قويۇپ، قاغىلىق بازىرىنىڭ باغئېرىق بويى مەھەللىسىدە ئۆسۈپ چوڭ بولغان، ئاشپەزلىكتە خېلىلام نام چىقىرىپ، بازار خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن، ئوتتوز بەش ياشلادىكى بەستىلىك، قارىمۇتۇقراق كەلگەن چېھرىگە قاپقارا ساقىلى خۇيمۇ ياراشقان تاشئاخۇننىڭ كەچۈرمىشلىرىگە قۇلاق سالدىڭ.

## 9

بىر كۈنى ناماز شام بىلەن بىزنىڭ ۋىزۋوت كوماندىكىرىمىز بىزگە يىغىن ئېچىپ مۇنداق دېدى:

- يىگىتلەر، روتا كوماندىرى بىزنىڭ ۋىزۋوتنى ئارقا يولنى توسۇشنى بۇيرۇدى. ھەممىڭلار بىلىسلەر، بىز يېقىندىلا تۇمشۇق سارايىنى دۈشمەن قولىدىن تارتىۋالدۇق. پولك شتابى ئارىتاشقايۆتكەپ كېلىندى.

تۇمشۇقساراي مۇداپىئەلىنىشكە ئەپلىك جاي بولغاچقا دۈشمەنلەر قايتا-قايتا تۆت قېتىم ھۇجۇم قىلىپمۇ ئۇ قولىمىزدىن ئالالمىدى. ئۇلارنىڭ تۇمشۇقسارايىنى تارتىۋېلىشقا شۇنچە كۈچەپ كېتىشىدىكى مەقسىتى نېمە؟ ئۇلارنىڭ مەقسىتى شۇكى، تۇمشۇقسارايىنى ئېلىپ، شۇ ئارقىلىق قوماندانلىق شتابىنى گۇمران قىلماقچى. شۇڭا، دۈشمەنلەر تۇمشايسارايىنىڭ غەربىدىكى جىلغا- جىرالار بىلەن ماڭىدىغان ئارقا يولنى ئىشغاق قىلىپ، بىزنى بىر يولىلا يوقاتماقچى. ئۇلار جاسۇس ۋە مۇناپىقلارنىڭ ياردىمى بىلەن بىزنىڭ ئارقا يولىدىكى مۇداپىئە سېپىمىزنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغان گەپ. شۇڭا، بىزنىڭ بۇ قېتىمقى ۋەزىپىمىز ئارقا يولغا بېرىپ، دۈشمەنگە ئۇ يەردىكى مۇداپىئە سېپىمىزنىڭ ناھايىتى مۇستەھكەم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش. شۇڭا، يىگىتلىرىمىزنىڭ بۇيرۇققا قەتئىي بويسۇنۇشىنى، ئۆز ئالدىغا خالىغانچە ھەرىكەت قىلماسلىقى، ئەڭ ئاخىرقى تىنىقى قالغۇچەباتۇرانە جەڭ قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن!

بىز ھەممىمىز تەڭلا چۇقان سېلىشتۇق:

- ئازادلىق ئۈچۈن جېنىمىز چىدا!

- ئەل- تۇرت ئۈچۈن قىساس ئالىمىز!

- ھۇررا !... ھۇررا !... ھۇررا !...

ھۇررا سادالىرىمىز تۇمشۇقساراي تاغلىرىنى تىترەتتى.

بىز ئارقا يول ئېغىزىدىن چىقىپ، دۈشمەنىنىڭ مۇداپىئەسىدىن ئون نەچچە چاقىرىمچە ئارىلىق قالدۇرۇپ، ناھايىتى يۇشۇرۇن ھالدا مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنى قۇردۇق.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەن چاغدا،ئاندى دۈشمەنلەر ھەرەكەتكە كەلدى. ۋىزۋوت كوماندىرىمىز ئوسمان گۇر- گۇر (ئۇنىڭ ئاۋازى گۇر- گۇر چىققاچقا، بىز ئۇنى ئوسمان گۇر- گۇر دەيتتۇق) دۈشمەن ئەھۋالىنى خېلى ئۇزاق كۆزەتلەندىن كېيىن، راتسىيىگە ئەمەلي

ئەھۋالنى شتابقا دوكلات قىلىشنى بۇيرۇدى. شتابتىن چېكىنىش بۇيرۇقى كەلدى. بۇنى ئاڭلاپ ئەرۋاھىمىز قىرىق گەز ئۇچتى:

- قانداق گەپ بۇ، نېمىشقا چېكىنىدىكەنمىز؟ - شۇنچە يولنى بىكارغا ماڭدۇقمۇ ئەمدى ؟

- ھېچ بولمىغاندا، يۇخادىن چىققۇدەك ئېتىشىۋېلىپ، ئاندىن چېكىنەيلى!

- شۇنداق قىلىلى، يۇخادىن چىققۇدەك ئېتىشىلى!

ـ ئۆزىمىزنى بىر كۆرسىتىپ قويىلى ئۇ نىجىسلارغا!

ـ...

ئوسمان گۇر - گۇرنىڭ ئاۋازى ھەممىمىزنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ چۈشتى:

ـ چېكىنىڭلار!

سوئاللار يېغىلىپ كەتتى:

ـ گۆشنىچۇ؟

ـ يۇلۇنىچۇ؟

ـ...

سوئاللار يەنە ئوسمان گۇر ـ گۇرنىڭ ئاۋازى ئاستىدا قالدى:

ـ چېكىنىش! ھەممىسى قالسۇن!

يىگىتلەر ئاتلىرىغا مىنىشىپ بىر دەمدىلا كۆزدىن غايىپ بولدى. مەن ئېتىمغا مىنىپ بولدۇپ، شىپپىدە توختاپ قالدىم. راستىنى ئېيتقاندا، «زەر قەدرىنى زەگەر بىلىدۇ» دېگەندەك، ئۆزۈم ئېتىپ، تاۋاقلارغا ئۇسسۇپ قويغان پولۇلارغا، ئۆزۈم پىشۇرۇپ، لېگەنلەرگە دۆۋلەپ قويغان ياقلان گۆشلىرىگە چىدىمىغانىدىم. شۇڭا، «دۇشمەنلەر كېلىپ بولغۇچە، ئازراق گۆش يەۋالايچۇ» دەپ ئويلاپ، ئاتتىن چۈشتۈم. ئېتىمنى باغلاپ قويۇپ، گۆش، پولۇلارنى بىر دۆڭگە ئاچىقىپ، يولغا قارىغاچ راسا ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدىم. قورسىقىم ئېتىلىپ كەتكۈچە يېدىم.

دۈشمەنلەرنىڭ ھېچبىر قارىسى كۆرۈنەيمۇ دېمەيتتى.

مەن ئوسمان گۇر-گۇر دۇربۇندا نېمىنى كۆرگەن بولغۇيتتى؟ مەيلى، دۈشمەنلەرنىڭ قارىسى كۆرۈنگۈچە تۇرۇپ باقاي، دەپ ئويلاپ، ئورنۇمدىن قوزغالمىدىم.

ئىككى- ئۈچ سائەتچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئالدىمدىكى چەكسىز كەتكەن تۇزلەڭلىكتە دۈشمەنلەر خۇددى قارا چۈمۈلىدەك قىمىرلاشقا باشلىدى. مەن ئېتىمنى يېشىپ بولۇپ، يەنە شىپپىدە توختاپ قالدىم-دە، ئۆمرۈم ئاشپەزلىك بىلەن ئۆتۈپ كېتەرمۇ مېنىڭ؟ توختا، مەنمۇ دۈشمەنگە قارىتىپ بىر پاي ئوق ئېتىپ باقاي، دەپ ئويلاپ، ئېتىمنى قايتىدىن باغلاپ قويۇپ، مۈرەمگە مىلتىقىمنى ئالدىم. چۈنكى، مەن مەشىق قىلىپ ئوق ئېتىپ باققانيۇ، لېكىن دۈشمەنگە قارىتىپ بىر پايمۇ ئوق ئېتىپ باقمىغانىدىم. شۇڭا، مىلتىقىمنى ئوقلاپ، باش-كۆزىنى سىلاپ، ئىككى قورام تاشنىڭ ئارىسىغا مۆكۈنۈپ تەل بولۇپ تۇردۇم.

دۈشمەنلەر ئاتلىرىنى ئاستا ماڭدۇرۇپ، ئالدىرىماي، بەخىرامان كېلىۋاتاتتى. مەن كۆرجۈكقا بارمىقىمنى ئېلىپ، دۈشمەننىڭ تېخىمۇ يېقىنلاپ كېلىشىنى كۈتۈپ جىممىدە تۇراتتىم.

دۈشمەنلەر ماڭا ئېھتىيات بىلەن يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. سەپنىڭ ئالدىدا ناھايىتى خىل، ئايئاق ئايقا مىنگەن، كىچىككىنە بېشىغا قازاندەك قاسقان شەپكە كىيگەن بىر ئوفىتسېر گاھ قوللىرىنى جەڭچىلىرىگە شىلتىپ بىر نېمىلەرنى دېگەچ، گاھ دۇربۇندا ئالدىغا ـ ماڭا قارىغاچ كېلىۋاتاتتى. مەن دەل شۇ ئوفىتسېرنى ئاتماقچى بولۇپ، ئارىلىق سەكسەن قەدەمچە قالغاندا، ئالدىرىماي قارىغا ئېلىپ كۆرجۈكنى باستىم. «گۇم»قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئوفىتسېر يەرگە پالاققىدە يىقىلدى، خۇددى ئەسكى توقامدەك. يەنە بىر پاي ئوق ئاتتىم، ئۇنىڭ تەگكەن-تەگمىگەنلىكىنى ئۇقالمىدىم. چۈنكى، دۈشمەنلەر ئوفىتسېرى ئاتتىن يىقىلىشى بىلەنلا پاتىپاراق بولۇپ كېتىشكەنىدى.

دۈشــــمەنلەر بىـــز يىگىتلەرنىـــڭ بۆكتۈرمىســـىگە ئـــۇچراپ قالغـــان ئوخشايمىز، دەپ ئويلاپ قالغان چېغى، ھېلىقى ئوفىتسېرنىڭ ئۆلـۈكىنى ئاتقائارتىپ بەدەر تىكىۋېتىشتى.

مەن ئـــۆلەر-تىرىلىشـــىگە قارىمـــاي، توپـــا-چـــاڭ توزۇتـــۇپ قېچىـــپ كېتىۋاتقـــان دۈشــــمەنلەرنىڭ تاماشىســــىنى كـــۆرۈپ، كۈلـــۈپ تىلىقىـــپ قـاپتىمەن. مەن قاچـاي دەپ تۇرغانـــدا، ئۇلارنىـــڭ قېچىـــپ كەتكىنىنـــى كۆرۈڭ!

كىچىككىمدە دادام مېنى: «بـۇ بـالام سـەل دەلدۈشـرەك چـوڭ بولـۇپ قالــدى» دەيــدىغان، يىگىتلەرمــۇ مېنــى: «كاللىســىنىڭ ئـــازراق ســۈيى بـــار» دېيىشـــەتتى. راســـت دېگەنـــدەك، مەن دەلـــدۈش ئوخشايـــمەن، كاللامنىڭ سۈيى بار ئوخشايدۇ. يەنە قـاچقۇم كەلمـدى. دۈشـمەنلەر يەنە كەلسە ئاتـاي، ئـۇلار «يىگىتلەرنىـڭ مۇداپىئەسـى كۈچلـۈككەن» دەپ قالسۇن دەپ، قورسىقىم ئاچسا گـۆش-پولـۇ يەپ، ئـۈچ كـۈن قـاراۋۇللۇق قىلدىم. دۈشمەنىنىڭ قارىسى قايتا كۆرۈنمىدى. ئىچىم پۇشـۇپ كەتتـى، ئاخىر يېشىل بەلۋېغىمنى يېشىپ، بىر ياغاچقا بـايراق قىلىـپ چەگـدىم - دە، ئۇنى مەن ئوق ئاتقان دۆڭگە قاداپ قويۇپ، ئارقا يول ئېغىزىغا قاراپ ماڭدىم.

مەن ئېتىمنى چاپتۇرۇپ يىگىتلەر: «ۋاي، جەڭـگە چىقساق بـولاتتى ۋاي، قاچـانمۇ جەڭـگە چىقـارمىز؟» دەپ تۇرالمـاي قېلىشـسا، ئۆلگۈسـى كەلگەن چېغى دەپ قاپتىكەنمەن.

ئـازادلىق - باراۋەرلىـك، تىنچلىــق ئۈچــۈن جەڭ قىلىــش دېــگەن ئاجايىــپ كۆڭۈللـۈك ئىشـكەن ئەمەسـمۇ؟ ئەمـدى ھەرگىــز ئاشــپەزلىك قىلمايمەن، چوقۇم جەڭگە بارىمەن!...

دېگەنلەرنى ئويلىغاچ قومانـدانلىق شـتابقا ناھـايىتى تېـزلا يېتىـپ كەلدىم. ئاتتىن چۈشۈپ بولغۇچە يىگىتلەر مېنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ: «ھوي گەلدەڭ، ئۈچ كۈننىڭياقى نەگە باردىڭ؟ بىز تېخى سىنى ئـۆلگەن چېغـى

دەپ قــاپتىمىز، لەشــكەر پولكوۋنىــك ئوســمان گــۇر-گــۇر ئــاچچىقلاپ خـۇددى...» دېيىشـكىلى تـۇردى. ئەمـدىلا چۈشـەندۇرەي دەپ بولغـۇچە ئوسمان گۇر-گۇر توپنى بۆسۈپ كىرىـپ ياقامـدىن تـۇتتى. مەن: «ئىتـى-مىتى» دەپ بولغۇچىلا تەسـتەكتىن تـۆتنى يەپ بولـدۇم. كۆزۈمـدىن ئـوت چاقناپ، يۈزۈم لازا سۈركىگەندەك ئېچىشىپ كەتتـى. دادامـدىنمۇ بۇنـداق تاياق يېمىگەنـدىم. بـۇ ئـىش ماڭـا بەكـلا ئـار كەلـدى، خـۇددى كىچىـك بالىدەك يىغلاپ كېتىپتىمەن. ھەممىسـى جىمىـپ كېتىشـتى. بىـرى: «سۇ ئىچ» دەپ بىر جامنى تەڭلىدى. مەن جامنى جەينىكىم بىلەن بىر قويۇپ، سۇنى ئۆرۈۋەتتىم.

— بولدى، خاپا بولما، ئاچچىقىمدا... — دېدى ئوسمان گۇر-گۇر.

مەن راســتىنلا خاپــا بولغانــدىم، گەرچە ھەمــمە گۇنــاھ ئۆزۈمــدە بولسىمۇ، كۆز يېشىمنى سۈرتۈپ، ئـاۋۋال ئوسـمان گـۇر-گـۇرگە، ئانـدىن يىگىتلەرگە قاراپ:

— مەن ئەمدى ھەرگىـز ئاشـپەزلىك قىلمـايمەن!— دېـدىم، ھەممىسـى ھەيران قېلىشتى:

— نېمىشقا؟

مەن ئۇلارغـا بولغـان ئىشـلارنى، ئويلىغـان ئـويلىرىمنى تەپسـىلىي سۆزلەپ بەردىم. ئوسمان گۇر-گۇر قاتتىق خىجىل بولدى.

ياشلىرىمنى قولياغلىقى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ ماڭـا كۆڭـۈل قويـدى. دەل شۇ چاغدا بۇ يەرگە پولكوۋنىك لەشكەر كىلىپ قالدى.

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، پۇتۇمنى جۈپلەپ، قولۇمنى چېكەمگە قويۇپ چاس بەردىم:

— ســالام پولكوۋنىــك، جەڭگــۋار پولــك 2-باتــاليون 1- ۋىــزۋوت جەڭچىسى تاشئاخۇن دوكـلات قىلىـدۇ!— دېـدىم- دە، بولغـان ئىشـلارنى تەپسىلىي دوكلات قىلدىم.

پولك كوماندىرى لەشكەر ھاياجىنىنى باسالماي، ئىككـى مۆرەمـدىن

تۇتۇپ تۇرۇپ:

ــ رەھمەت ساڭا، يىگىت!... ــ دەپ بىرمۇنچە ماختاپ كەتتى.

شۇنىڭ بىلەن بارلىق خاپىلىقلىرىم بوراندا قالغان توزغاقتەك پۇررىدە توزۇپ كەتتى.

پولك كوماندىرى بىزنىڭ ۋىزۋوتنى يەنە ھېلىقى قاراۋۇللۇق ئورنىغا بېرىشنى بۇيرۇدى. بىز قاراۋۇللۇق ئورنىمىزغا كەلگەندە، مەن قاداپ قويغان بايراق، خۇددى يېپەك بايراقتەكلا لەپىلدەپ تۇراتتى. بىز ئاتلىرىمىزدىن چۈشۈپ، سەپلىرىمىزنى تۈزەپ، بايراققا چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن تىكىلدۇق، ئويلىمىغان يەردىن ئوسمان گۈر-گۈر كوماندا بەردى:

ــ يىگىتلەر،تاشئاخۇن ئۆز قولى بىلەن قاداپ لەپىلدەتكەن بايراققا سالام!

ھاياجانلىق ياشلىرىم مەڭزىم بويلاپ ئېقىشقا باشلىدى. مەن ئۆمرۈمدە بۇنداق ھاياجانلىنىپ باقمىغانىدىم!

تاشئاخۇننىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ توختاپ قالغانىدى. ئۇ شۇ تاپتىمۇ قاتتىق ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتاتتى. سەنمۇ ئۇلۇغۋارانە غايىلىك بۇ يىگىتكە چوڭقۇر ھاياجان ئىلكىدە ئالەمچە ئېھتىرام بىلەن تىكىلدىڭ.

تاشئاخۇننىڭ بۇ ھېكايىسى باللىق چاغلىرىڭدىكى كىچىككىنە بىر ئىشنى يادىڭغا سېلىپ قويغانىدى. بۇ تاغاڭدا ئوقۇۋاتقان كۈنلىرىڭنىڭ بىرىدە يۈز بەرگەن ئىشلار ئىدى.

بىر كۈنى تاغاڭ مامۇت ئەپەندى:

ــ بالام، سەن بېرىپ، كەلمىگەن باللارنى يىغىپ كەلگىن،ــ دېدى.

سەن ماقۇل بولۇپ، ئېتىلىك قەدەملەر بىلەن يۈرۈپ كەتتىڭ. بۇ ئەقلىڭنىڭ كاللاڭغا قەيەردىن كەلگەنلىكىنى بىلمەيتتىڭ: تېرەكتىن بىر شاخ سۇندۇرۇپ، يوپۇرماقلىرىنى يۇتىدىڭ، ئاندىن بەلۋېغىڭنى يېشىپ، ئۇنى تاياقنىڭ ئۇچىغا ئەپلەشتۈرۈپ چىگىپ بايراق ياسىدىڭ. باللارنى يىغىپ بايراققا ئەگەشتۈرۈپ مەكتەپكە كەلدىڭ. تاغاڭ بۇنى كۆرۈپ:

ــ رەھمەت بالام، ئەقلىڭگە بارىكالللا! ــ دەپ سېنى چوڭقۇر مېھرى ۋە ھاياجان بىلەن سۆيۈپ كەتتى.

شۇلارنى ئويلاپ ۋۇجۇدۇڭ ئۆمىد، ھاياجان ۋە ھاياتىي كۈچ بىلەن قاپلانغانىدى. قەلبىڭ گۈزەل كۈيلەر جەننەت ساداسى بىلەن تولدى. يۈرىكىڭدە تاشئاخۇن قادىغان بۈيۈكانە بايراق جەننەت ساداسىغا جور بولۇپ لەپىلدەپ تۇراتتى.

شېرىن بىر تۇيغۇ تويپى ئۈستۈڭدىن شىددەت بىلەن باستۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. خۇددى باھار كەلكۈنلىرىدەك. سەن كۆزۈڭنى يۇمۇپ، شۇ شېرىن تۇيغۇ كەلكۈنىگە غەرىق بولۇپ، تېخىمۇ زور ھاياتىي كۈچكە تولدۇڭ.

## 10

ــ قوپۇڭ،ئاش ئىچىڭ.

بىرى شۇنداق دەپ ساق پۇتۇڭنى نوقۇدى. سەن كۆزۈڭنى ئاچتىڭ، ئالدىڭدا زۇمرەت تۇراتتى. داستىخاندا ھەمراھلىرىڭ سۈيۈقئاش ئىچىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئالدىڭدىكى قاچىدىن پۇرقىراپ بۇس چىقىپ تۇراتتى. زۇمرەتنىڭ قىپقىزىل مەڭزى كەچكى شەپەقتەك جىلۋە قىلاتتى. سەن ئەتىگەندىن بېرى ئۇخلاپلا كەتكەنىدىڭ، خۇددى دېۋىدەك، شۇنداق شېرىن، شۇنداق تاتلىق ئۇخلىغانىدىڭ. زۇمرەت ئويغاتمىغان بولسا، قاچانغىچە ئۇخلايتتىڭكىنتاڭ؟ مۇشۇنداق ئۇخلاپ باقمىغىلى قانچىلىك بولغانلىقىنى ئۇقمايتتىڭ. بۇ تولىمۇ خاسىيەتلىك ئۇيقۇ ئىدى، گوياكى سۆيگۈ شارابىدا مەس بولغان ئاشىقنىڭ ئۇيقۇسىدەك. سەن ئەسنەپ ــ كېرىلىپ قوپۇپ، قاچىنى قولۇڭغا ئالدىڭ. زۇمرەت چىقىپ كەتتى. سەن ئاش ئىچىشكە باشلىدىڭ. سەن ئىككىنجى قاچا ئاشنى ئىچىپ بولۇپ تۇرۇشۇڭغا زۇمرەت يەنە كىردى. بېشىڭنى كۆتۈرۈپ ھەيران قالدىڭ. چۈنكى، ھەمراھلىرىڭنىڭ بىرىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇلار قاچانلاردا چىقىپ

كېتىشتىكىن؟

بىلمەيتتىلىك.

شېرىن خىيال، شېرىن تەسەۋۋۇرلار ئىلكىدە ئۇلارنىڭ قاچانلاردا چىقىپ كېتىشكىنىنى تۇيمايلا قالغانىدىلىك. گۈگۈم پەردىسى تارتىلغانىدى. زۇمرەت زۇمرەت قاچا ـ قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىۋىدى، سورىدىلىك:

ـ ئانام خېلى ساقما؟

ـ ساق خېلى.

ئۇ تولىمۇ غەمكىن، پەرىشان كۆرۈنەتتى.

نېمىشقا؟ زادى نېمىشقا؟

بىلمەيتتىلىك.

ـ سىز... سىز نېمىشقا كەلدىڭىز؟

ـ كەلدىم شۇ، ـ دېدى ئۇ ساڭا قارىماستىن،ـــ كەلمىسەم بولامتى ئەمىسە؟

ئۇ قاچىلارنى كۆتۈرۈپ سىرتقا ماڭدى.

سەن ئۇنى توستۇڭ.

ـ نەگە بارىسىز؟ ئولتۇرۇڭ بىرىدەم، مۇڭدىشىمىز.

ئۇ قاچىلارنى قويۇپ، سۈپىنىڭ لېۋىدىلا ئولتۇردى. ئۆي ئىچىنى سۈكۈپ باستى. گەپنى نەدىن، قانداق باشلاشنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قالدىڭ. ئاخىر:

ـ زۇمرەت، مېنى...مېنى سېغىندىڭىزما؟ـ دەپ سورىدىڭ.

زۇمرەت ساڭا لاپپىدە بىر قاراپ قويۇپلا، يەرگە قارىۋالدى. سەن ئۇنىڭ شۇ چاقماق كەبى مەسۇم نىگاھىغا ئاشىقانە نەزەردە تاقابىل تۇردۇڭ. سەن ئۇنىڭ: «سېغىندىم، شۇنداق سېغىندىم! جەڭگاھقىمۇ سىزنى سېغىنىپ كەلدىم شۇ!» دەپ جاۋاب بېرىشىنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلىپ قالدىڭ. چۈنكى، ئۇ سېنى سېغىنىشى، خۇددى سەن ئۇنى سېغىنغاندەكلا سېغىنىشى كېرەك ئىدى؛ ئۇنى ۋىسال پەيتىدە ۋىسالسىز

قالغان مۇھەببىتىڭنىڭ سېغىندۇرۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما، سەن كۆتكەن جاۋابقا ئېرىشەلمىدىڭ. ئۇ سوئالىڭغا سوئال بىلەن جاۋاب بەرگەنىدى:

ــ سىزچۇ؟

سەن بۇنىڭدىن رەنجىپ كەتمىدىڭ. چۈنكى، ئۇ تېخى سەبىي، مەسۇم ئىدى. شۇڭا، سەن ئۇنىڭ سەبىي يۈرىكىنى لەرزىگە سېلىش ئۈچۈن:

ــ شۇنداق سېغىندىم، سېغىنىپ ئۆلەيلا دېدىم، زۇمرەت! ــ دېدىڭ ھاياجانلىق تەلەپپۇزدا، ـ سىزچۇ؟

ئۇ كىگىزنى تاتىلاپ جىممىدە ئولتۇراتتى. سەن ئۇنىڭ جاۋابىغا ـ ئاشىقانە جاۋابىغا تاشنا ئىدىڭ؛ ئۇنىڭ بۇلاق سۈيىدەك شوخ‌رلاشلىرىغا تەشنا ئىدىڭ؛ بوينۇڭغا چىڭگىلىكتەك ئېسىلىپ تۇرۇپ، سۆيۈشلىرىگە تەشنا ئىدىڭ؛ يۇمران، سەبىي باغرىغا سېنى چوڭقۇر چۆكۈرۈپ، سۆيگۈ دېڭىزىغا غەرىق قىلىۋېتىشىگە تەشنا ئىدىڭ.

بىراق، زۇمرەت ئۇنداق قىلمىدى.

«سىز ئۇنداق قىلمىسىڭىز، مەن قىلىمەن!»

سەن ئۇنىڭغا يېقىنلىشۇىدىڭ، ئۇمۇ قىمىرلاپ كەينىگە سۈرۈلدى. بۇنىڭدىنمۇ قىلچە رەنجىمىدىڭ. چۈنكى، سەن ئۇنى چۈشىنەتتىڭ، ئۇنىڭ ئاچىسى ــ مەرھۇم ئايالىڭمۇ تويى كېچىسى شۇنداق ناز بىلەن قاچقان، سېنى نازلىق تىللىغان، نازلىق سىلكىشلىگەن. كېيىن سېنى قوغلاپ تۇرۇپ سۆيىدىغان بولۇپ قالغانىدى. زۇمرەتمۇ...

«قاراپ تۇرۇڭ، سىزمۇ...»

ــ مېنى سېغىندىڭىز، شۇنداقمۇ، زۇمرەت؟

سەن شۇنداق دېگەچ ئۇنىڭغا بىلىنەرـ بىلىنمەس يېقىنلاشتىڭ. ئۇمۇ ساڭا سەزدۈرمەيلا كەينىگە سۈرۈلگەچ:

ــ ھەئە... سېغىنىپ... ــ دېدى سەن ئارانلا ئاڭلىيالىغۇدەك قىلىپ.

بۇ جاۋابتىن ۋۇجۇدۇڭ شېرىن جۇغۇلداش ئىلكىدە ئېرىپلا كەتتى،

خــۇددى ســــىمابتەك. يۈرىكــــىڭ بەختىيــارلىق ھېســلىرىغا چۆمۈلــۈپ مەستخۇشلاندى.

ــ سېغىندىڭىزمۇ، بىلەمسىز؟ بىلەتتىم.

ئەمما، بىلمەيتتىڭ؛ زۇمرەت قىپقىزىل يالغان گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتىــڭ؛ ئۇنىــڭ ســېغىنغىنىنىڭ ســەن ئەمەس، باشــقا بىــرى ئىكەنلىكىنى ئەسلا بىلمەيتتىڭ.

ھەتتا بـۇنى خىيالىڭغا كەلتۈرۈپمۇ قويمايتتىڭ. بىلگەن بولساڭ، خىيالىڭغا كەلتۈرۈپ، تەسەۋۋۇر قىلىپ باققان بولساڭ، بەختىيارلىق ھېسلىرىدا مەستخۇشلىنىشىڭ ئورنىغا ئازابلىق ھېسلار دەرىسىدە تولغانغان بولاتتىڭ، خۇددى ئېشىپ قويۇپ بېرىلگەن يىپەك ئارقاندەك.

ــ ئەجەب قەيسەركەنسىز!

ئۇنىــڭ بــۇ ســۆزى بىــلەن شــېرىن ھېســلار، شــېرىن تەســەۋۋۇرلار قاينىمىدىن سۇزۇلۇپ چىقتىڭ. سەن ئۇنىڭ ماختىشىدىن شـۇنداق خـۇش بولـدۇڭ؛ شـۇنداق ھاياجانلانـدىڭ. چـۈنكى، سـەن ئۇنىـڭ ماختىشـىغا ئېرىشەلىسەڭلا، ئۇنى ئۆزۈڭگە شۇنچە مەپتۇن قىلالايتىڭ؛ ئۇنى ئـۆزۈڭگە شۇنچە مەپتۇن قىلالىساڭلا، ئۆزۈڭگە شۇنچە ئاشىق- بىقارار قىلالايتتىڭ.

ـــ بـۇنى قەيسـەرلىك دېگىلـى بولمايدۇ،ـــ دېـدىڭ سـەن سـاختا كەمتەرلىك بىلەن تېخىمۇ ماختانغۇڭ كېلىپ.

ـــ بۇلتـــۇر جەڭـــگە بـــارىمەن دەپ كېتىـــپ، بارمـــاي قايتىـــپ كەلگەنلىكىڭىزنى ئاڭلاپ، بىر لامزەللە، توخۇ يـۈرەكمىكىن دەپ قـاپتىم. تېخى!

زۇمچەت شۇنداق دەپ قاپاقتىن سۇ تۆكۈلگەندەك ۋىلىقلاپ كۈلـدى. سەنمۇ ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن ئاشقلارچە سۆيۈنۈپ كۈلدۈڭ؛ شـۇ ئـارقىلىق ئۇنى ئۆزۈڭگە مەپتـۇن قىلالايدىغانلىقىـدىن ئۈمىـدلىنىپ، پەخىرىمەنلىـك بىلەن كۈلدۈڭ. شۇنداق پەخرىمەنلىك تۇيغۇ ئىلكىـدە ئۇنىڭغا تىكىلىـپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدىڭ:

ــ بۇ مېنىڭ سەۋەنلىكىم. مەن بەك خىجىل بولدۇم، دادامنىڭ روھى مېنى بەكمۇ خىجىل قىلدى؛ دادامنىڭ شېئىرلىرى مېنى شۇنداق خىجىل قىلدى. سىز بىلمەيسىز، بىزنىڭ روتا كوماندىرىمىز شائىركەن. ئۇنىڭ دېيىشىچە، قۇربان بىرىش روھى ئۆلگەن قوۋمنىڭ ئىستىقبالى بولمايدىكەن. ئۇ بۇ ھەقتە بىر پارچە شېئىر ئوقۇپ بېرىپتى، ھازىر ئۇنتۇپ قاپتىمەن. ئويلاپ باقسام، دادام مەن ئۈچۈن قۇربان بېرىپتۇ. ئۇ قۇربان بېرىش ئارقىلىق مېنىڭ زەئىپ، كېسەل روھىمنى، نۇرغۇنلىغان زەئىپ، كېسەل روھلارنى قۇتقۇزۇپ قاپتۇ. دادامنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن يۇرتىمىزدا جەڭگە ماڭمىغان ئەرلەر ناھايىتى ئاز قالدى، ھەتتا سىزگە ئوخشاش قىز-چوكانلارمۇ جەڭگە ئاتلىنىپ كەتتى... ئېيتىڭا، زۇمرەت، شېئىر دېگەن نىمە؟ مەن دەپ بېرەي، شېئىر دېگەن - روھ، روھ دېگەن ــ شېئىركەن! دادامنىڭ روھى، دادامنىڭ شېئىرلىرى تومۇر-تومۇرلىرىمغا سىڭىپ بېرىپ، روھىمنى پەرۋىشلەپ، مېنى ھەقىقىي بىر ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئېتراپ قىلماي تۇرالمىدىمكى، شېئىر سېھرى كۈچ-قۇۋەتكە ئىگە ئاجايىپ ئۇلۇغ نەرسىكەن، خۇددى مۇھەببەتتەك!...ــ سەن تەسىرلىك نۇتقىڭنى «مۇھەببەت» سۆزى بىلەن مۇھەببەتلىك ئاخىرلاشتۇرالىغىنىڭ ئۈچۈن، ئۆزۈڭدىن چەكسىز رازى بولغان ھالدا سۆزۈڭنى شۇنداق تۈگەتتىڭ، ــ شۇڭا دادامدىن، دادامنىڭ شېئىرلىرىدىن دادامنىڭ روھىدىن پەخىرلىنىمەن!

ــ رەھمەت!

چۈنكى، سەن ئۇنىڭ «ئېرىم بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن ئەمەس» دېگەن سۆزىنى يۇتۇۋەتكەنلىكىنى سەزمەي قالغانىدىڭ، ئەگەر ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئوتتۇرىدىكى ئۈزۈلۈككە دىققەت قىلغان بولساڭ، ئەلۋەتتە، يۇتۇۋېتىلگەن شۇ سۆزنى ئاسانلا سېزەلەيتتىڭ. شۇڭا، پەخىرىمەنلىك ھېسسىياتلىرىڭ ھېچقانداق توسالغۇغا ئۇچرىمايلا مەۋج ئۇرۇۋەردى.

ــ مەنمۇ سىزدىن پەخىرلىنىمەن؛ سىزدەك سۆيۈملۈك خوتۇنۇم بىلەن

بىر مەقسەتتە،بىر غايىدە، بىر پولكتا جەڭ قىلۋاتقىنىمىدىن چەكسىز پەخىرلىنىمەن!

نىكاھتىن كېيىنكى بۇ مۇھەببەتلىشىش ۋۇجۇدۇمغا ئىلاھىي تۇيغۇلارنى بەخش ئەتمەكتە ئىدى. سەن شۇ ئىلاھىي تۇيغۇلارنىڭ تۆرتكىسىدە خۇددى سازاڭدەك سورۇلە-سورۇلە ئۇنىڭ يېنىغا يېقىنلا كېلىپ بولغانىدىڭ. ئەگەر زۇمرەتمۇ تامغا چاپلىشىپ قالمىغان بولسا، بەلكىم ئۇنىڭغا بۇنچىلىك يېقىن كېلەلمەسلىكىڭ مۇمكىن ئىدى. سەن ئۇنىڭ قولىنى كاپپىدە تۇتتۇڭ، بىراق، ئۇنىڭ سىپسىلىق قولى ئالقىنىڭدىن مىرتتىدە سۇغۇرۇلۇپ كەتتى، خۇددى بېلىقتەك.

ــ جىم تۇرۇڭ، يارىدارلار كىرىپ قالدۇ ھېلى بىكار.

ــ مەيلى كىرىپ قالسا!

ــ ۋاي تېخى، مەيلىمىش!

ئۇ پەرىشانە كۈلدى، سەن ئاشىقانە تەبەسسۇمىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۈلكىسىگە جور بولدۇڭ.

ــــ مەن بىر كىمنىڭ خوتۇنىغا چاقچاق قىلمىدىم، ئۆزۈمنىڭ خوتۇنىغا...

ــ ساپ قېلىنكەنسىز خۇدى!

ئۇ ۋىللىدە قىزاردى، خۇددى يۇرىكىڭدىكى چوغدەك.

ــ نېمە قاچىسىز ئەمسە؟ مەن سىزنىڭ ئېرىڭىز جۇماڭ !ئۇنتۇپ قالمىغانسىز؟ كېلىڭ، بىرنى سۆيۈۋالاي!ــ بىچارىلارچە يېلىنىدىڭ،ــ ساق بولدىغان بولسام خۇدى!

ئوتتەك تەلپۈنۈش ساڭا كۈچ-قۇۋۋەت، جۈرئەت بېغىشلىغانىدى، تەقەززالىق ئىلكىدە ئۇنىڭ بويىنىدىن كاپپىدە تۇتۇپ، باغرىڭغا چىڭگىدە بېسىپ، غۇبارسىز، ئوتلۇق لەۋلىرىگە چوكۇلدىتىپ سۆيەي دەپ بولغۇچە ئۇ لىككىدە تۇرۇپ كەتتى، خۇددى ئۈركۈگەن كېيىكتەك.

سەن ھەسرەتتە قالدىڭ.

جاراھىتىنىڭ كۆنسېرى ياخشىلىنىۋاتاتتى. ياردارلار بىلەن مۇڭدىشىش ئارقىلىق زۇمرەت ھەققىدىكى شېرىن تەسەۋۋۇرلىرىنى، ئۇنىڭغا بولغان ئوتتەك تەلپۈنۈشلىرىنى تىزگىنلەشكە تىرىشاتتىنىڭ، زۇمرەت بىلەن يالغۇز قېلىشىنى، قانغۇدەك مۇڭدىشىشىنى ئارزۇ قىلاتتىنىڭ؛ ئۇنىڭ بىلەن قانغۇدەك باغىرلىششىنى، ئاققۇ كۆكسىدەك يۇمران باغرىغا سىڭىپ كىرىپ، غايىپ بولۇپ كېتىشىنى ئارزۇ قىلاتتىنىڭ؛ سەبىي لەۋلىرىدىن سۆيگۈ زەمزەملىرىنى قېنىپ-قېنىپ شورىغاچ ئامانىتىڭنى تاپشۇرۇۋېلىشنى ئارزۇ قىلاتتىنىڭ. ئامانىتىڭنىڭ كىشى قولىغا چۈشۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئىزتىراپلىق خىياللارغا غەرق بولاتتىنىڭ. ئامانىتىڭنى قانداق قىلىپ تېز ئېلىۋېلىش ھەققىدە ئىزدىنەتتىنىڭ، ئويلىناتتىنىڭ. ئالالەرسەنمىكىن؟

چوقۇم ئالىمەن، ئېلىش ھەققىم بار. ئۆزۈم خالىغان چاغدا ئالسام بولۇۋېرىدۇ. ئۇ مېنىڭ خوتۇنۇم، نىكاھلىق خوتۇنۇم.

سەن ياردارلارنىڭ پاتراق ساقىيىپ، ياتاقنى بىكارلاپ كېتىشىنى تىلەيتتىڭ. ئەمما، بىرى كەتسە، ئىككىسى كېلىپ تۇراتتى.

جاراھىتىڭ ناھايىتى تېز سۈرئەتتە ياخشىلىنىپ، سېنى بىئارام قىلاتتى، ئىزتىراپقا سالاتتى. چۈنكى، يارائىڭ ساقايسىلا، جەڭگاھقا كېتەتتىڭ. ئەمدى سەن ھەرگىز زۇمرەتنى دەپ، ئۇلۇغۋارانە ئىستىكىڭدىن ۋاز كېچىپ، غايە - ئېتىقادىڭدىن يېنىۋېلىپ،قەلبىڭدىكى گۈزەل كۆيلەر — جەننەت ساداسىدىن مەھرۇم قېلىشنى خالىمايتتىڭ. ئەمما، يەنە بىر جەھەتتىن، جەڭگاھقا كېتىپ قېلىپ، ئامانىتىڭنى ئالالماي قېلىشىڭدىنمۇ ئەنسىرەيتتىڭ؛ ناۋادا جەڭدە قۇربان بولۇپ كەتسەڭ، سۆيۈملۈك خوتۇنۇڭنىڭ قىزلىق باھارىدىن ھوزۇر ئالالماي، بۇ دۇنيادىن ئارماندا كېتىشىڭدىن ئەنسىرەيتتىڭ؛ زۇمرەتنىڭ ئەرگە تېگىپ، يەنە قىز پېتىچىلا كىملەرگىدۇر نېسىپ بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتىڭ...

قىرىق كۈن توختاپ، ئامانىتىمنى ئېلىۋېلىپ، ئاندىن كەلسەممۇ

بوپتىكەن. رۇخسەت ئېلىپ بېرىپ، بىر كىچە قونۇپلا يېنىپ كەلسەممۇ بوپتىكەن، ئىسىت! ھېلىمۇ كېچىكمەيمەن،چوقۇم ئالىمەن! پۈتۈم پۈتۈنلەي بىر ساقايسۇن قېنى!

سەن خىيالىڭنى مۇشۇ يەردە توختىتىپ، تاشئاخۇننىڭ كەچۈرمىشىگە قۇلاق سالدىڭ.

## 11

ــ شۇ ئىشتىن كېيىن،ــ دەپ سۆزنى باشلىغانىدى تاشئاخۇن،ــ مەن ئاشپەزلىكتىن قۇتۇلۇپ، بىراقلا ئودىلنىيە كوماندىرى بولۇپ قالدىم. مەن ساۋاتسىز بولغاچقا، مۇھەممەد روزى ئىسىملىك يەكەنلىك بىر يىگىت ماڭا كاتىپلىققا ھەم ئورۇنباسار ئودىلنىيە كوماندىرلىقىغا تەيىنلەندى.

بىز ئارقا يول ئېغىزىغا يېتىپ كېلىشتۇق. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ، بىز دۈشمەننىڭ ئىككى روتا ئەسكىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، مۇھەممەد روزى بىلەن مەن ئەسىرگە چۈشۈپ قالدۇق.

دۈشمەنلەرنىڭ مەقستى «تىل» تۇتۇش بولسا كېرەك، بىزنى ئەسىر ئېلىپلا دەررۇ چېكىنىشتى. ئۆزۈمنى خېلى «نوچى» ساناپ يۈرەتتىم، بىردەمدىلا نوچىلىقىمنىڭ ئىككى پۇللۇقى قالمىدى: ئېغىز-بۇرنۇم قاناپ، قاش-قاپاقلىرىم كۆكىرىپ، قولۇم گەجگەمگە باغلىنىپ، مۆكچىيىپلا قالغانىدىم. مۇھەممەد روزىنىڭمۇ ئوڭ قاپىقىدىن ئاققان قان بويۇنلىرىغا يامراپ كىرىپ كەتكەنىدى.

بىز ئۇدۇل يەكەن شەھرىگە ئەكىرىلىپ، ھەربىي تۈرمىنىڭ تايىقىنىڭ تەمىنى راسا تېتىدۇق. ئۇلار: «ئارقا يول ئېغىزىنى ساقلاۋاتقان قانچىلىك ئەسكىري كۈچۈڭلار بار؟» دەپ سوراپ، بىزنى ھەر كۈنى ھارماي قامچىلايتتى. بىز: «بىر پولك ئەسكىرىمىز بار» دەپ چىڭ تۇراتتۇق. ئەگەر ئۇلار ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلىۋالىدىغانلا بولسا، ئارقا يول

ئېغىزنى ساقلاپ قېلىشىمىزدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى.

ئەمما، ھاياتىمىزدىن پۈتۈنلەي ئۈمىد ئۈزۈپ يۈرگىنىمىزگە بىر ھەپتە بولغاندا، بىز بىراقلا ئەتىۋارلىق ئادەملەرگە ئايلىنىپ قالدۇق: سوراق-سوئال، تاياق-دۇمبالارمۇ توختىدى. ئۈماچ، كۆيۈك زاغرىنىڭ ئورنىغا گۆش-پولو ئالماشتى؛ سوغوق سۇنىڭ ئورنىغا ناۋات بىلەن دەملەنگەن ئىسسىق چاي، ئېسىل مەي-شاراب ئالماشتى؛ «چەنتۇ»، «تاغ ئوغرىلىرى»، «تاش»، «مەمەت»لەرنىڭ ئورنىغا «تاشئاخۇن»، «مۇھەممەدجان» ئالماشتى؛ سېسىق تۈرمە كەڭ-ئازادە، يورۇق خانىلارغا، ئاستىمىزدىكى شال پاخاللىرى لۆم-لۆم تۆشەكلەرگە، گۈندىپايلارنىڭ ئورنىغا ئون يەتتە - ئون سەككىز ياشلاردىكى چىرايلىق قىزلار ئالماشتى.

بىز بۇنىڭدىن ھەيران قالمىدۇق. چۈنكى، ئۇلار بىزنى تاياق ئارقىلىق يۇمشىتالمىغاچقا، مۇشۇنداق راھەت-پاراغەتلىك تۇرمۇش ئارقىلىق يۇمشاتماقچى بولۇۋاتاتتى. بىزمۇ ئۇلارغا ماسلىشىپ يېدۇق-ئىچتۇق،ئويىندۇق-كۈلدۇق. ئەمما، ھېلىقى چىرايلىق قىزلارغا كۆز قىرىمىزنى سالمىدۇق، ئەركىلەش-نازلىرىغا ئالدىنىپ، خۇدىمىزنى يوقىتىپ قويمىدۇق. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، بىردىنلا بىزدە دەپسەندە قىلىنغان خوتۇن-قىزلىرىمىز، ئاچا-سىڭىللىرىمىز، ئۈچۈن ئۆچ ئېلىش ئىستىكى پەيدا بولدى-دە، ھەدەپ ئىشقا چۈشۈپ كەتتۇق. ئىشقا چۈشۈۋېتىپ بىر-بىرىمىزگە: «بۇ مۇشۇنداق ئۆتنە جاھان، بىر كۈن تاغ چۆرگىلىسە، بىر كۈن باغ چۆرگىلەيدۇ...» دەپ پىچىرلاپ قويۇۇشتۇق.

بىز بىر كۈنى كەچتە يەنە كاتتا بىر زىياپەتكە داخىل بولدۇق. بىز ئەللىك ياشلاردىكى ئېگىز بوي، سېمىز، سېرىق چىراي، سول مەڭزىدە تىرناقچىلىك خالى، خالدا تۆت-بەش تال ئۇزۇن تۈكلىرى بار بىر ئوفىتسېرنىڭ يېنىدىلا ئورۇن ئالغاندۇق. باشقىلارنىڭ «ياك تۇەنجاڭ - ياك تۇەنجاڭ» دېيىشلىرىدىن بىز ئۇنىڭ تۇەنجاڭ ئىكەنلىكىنى بىلدۇق.

ــ ھەي تاشئاخۇڭ. ــ دېدى ياك تۇەنجاڭ ،ــ تاغ ئوغرىما... سېنى

ئالدايما... سەپكە قوشۇلۇپ ئېلىپما... سەن داڭلىق ئاشپەز تۇرسا... كاتتا باتۇر تۇرسا...

ياڭ تۇەنجاڭ ئۇيغۇرچىنى ئاشۇنداق بۇزۇپ، قاملاشتۇرۇپ سۆزلەپ بولالماي، ئاخىر تىلماچقا قارىدى. شۇنىڭ بىلەن سۆھبىتىمىز راۋانلىشىپ كەتتى.

ــــ تاغ ئوغرىلىرىنىڭ سىنى ئاچ-توق قويۇپ، جەبىر-جاپاغا سالغانىنىڭ ئۈستىگە بەرگەن ئەمىلىنىڭ كاتتىلىقىنى تېخى! ئاران بەنجاڭلىق! ئۇنداق بەنجاڭلىقنى ئەمەل دېگىلى بولامدۇ؟ شۇمۇ ئەمەلمۇ-ھە؟! ئادەمنى شۇنداقمۇ زاڭلىق قىلغان بارمۇ؟ بۇ ئادەمنى قاراپ تۇرۇپ بوزەك قىلغانلىق بولماي نېمە؟ سەن داڭلىق ئاشپەز، جىگەرلىك، ۋىجدان-غۇرۇرلۇق باتۇر-قەھرىمان تۇرساڭ، ئۇلار ساڭا شۇنداق مۇئامىلە قىلسا بولامدۇ؟

مەن بۇنىڭغا ھېچ نەرسە دېيەلمەي، ئۇنىڭغا قاراپلا قالدىم. ياڭ تۇەنجاڭ قولىغا پىيالىنى ئېلىپ چاي ئوتلىدى. مەن بۇ رەقىبىمگە چوڭقۇر ئۆچمەنلىك بىلەن ئىچىمدە سەممىي رەھمەت ئېيتتىم.

ــ لېكىن،ـــ دەپ سۆزىنى باشلىدى ياڭ تۇەنجاڭ يەنە،ـــ سەن ئۇنداق ئەمەل ئۇچۇنلا ياشايدىغانلارنى ھەرگىز دورىما، ئەگەر دورىغۇڭ كەلسە، ئەمەلنىڭ چوڭىنى تۇت! مەن ئۇقتۇم، بىرىنچىدىن، سەن گەرچە ساۋاتسىز بولساڭمۇ، ناھايىتى ئەقىللىقكەنسەن؛ ئىككىنچىدى، قاغىلىقنىڭ ھايات سىيىت نوچىسى، ھايات سادىر پالۋىنىكەنسەن، راست شۇنداقكەنسەن! سېنىڭ مەردلىكىڭگە، باتۇر-قەيسەرلىكىڭگە مەن ھەققەتەن قايىل!

ئۇ رومكىغا ھاراق قۇيۇپ ماڭا تۇتتى. مەن ھاراقنى قولۇمغا ئېلىپ ئەتراپقا قارىدىم. ھەممىسى يەپ-ئىچىش مۇسابىقىسىگە چۈشۈپ كېتىشكەنىدى. مۇھەممەد روزى گۆش يېگەچ كۆزىنى قىسىپ، ھىڭگىيىپ قويدى. مەنمۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن كۆزۈمنى قىسىپ قويدۇم.

ــ خوشە!

ــ خوش!

مەن هـاراقنى گـۇپپلا كۆتـۈرۈۋەتتىم، يـاڭ تۇەنجـاڭ سـۆزنى داۋام قىلدى:

- مەن ســـىنىڭ ئەهـــۋالىڭنى يۇقىرىغـــا دوكـــلات قىلغانـــدىم، تەستىقلىنىپ بۈگۈن قولۇمغا تەگدى.

ئۇ رومكىنى يەنە قولىغا ئالدى.

- هە، تاشئاخۇن، قېنى، دوستلۇقىمىز ئۇچۇن يەنە بىـر قەدەهنـى كۆتۈرەيلى.

رومكىلىرىمىز سوقۇشتۇرۇلدى. ياڭ تۇەنجاڭ مېنىڭ ئالدىمغا گۆش ۋە قورۇمىلارنى سۇرۇپ قويۇپ، هاراقنى كۆتۈرۈۋەتتى.

- تاشــئاخۇن، ئاڭلىســام شــىنجاڭنى «ناخشـا-ئۇسسـۇل ماكـانى»، ئۇيغۇر مىللىتىنى «شېئىر مىللىتى» دېيىشىدىكەن. قېنى، بىرەر كۇپلېت شېئىر ياكى بىرەر ناخشا ئوقۇپ بەرمەمسەن؟

سۇنۇپ قالغۇم كەلمىدى، ئورنۇمـدىن دەس تـۇرۇپ، بىـرى تەڭلـەپ تۇرغان دۇتارنى قولۇمغا ئېلىپ بىر پەدە چالدىم.

مەن ناخشـامنى تۈگىتىـپ، پىيالىنى قولۇمغـا ئالـدىم. تىلمـاچ يـاڭ تۇەنجاڭغـا ناخشـىنىڭ مەزمـۇنىنى ئېزىـپ چۈشـەندۈرۈۋاتاتتى. مەن كۆزۈمنىـڭ قۇيرۇقىـدا ئۇنىڭغـا قارىـدىم. تىلمـاچ ناخشىنىڭ مەزمۇنىنى قانداق ئۆرىدى، بىلەلمىدىم، تۇەنجاڭنىـڭ چىرايـى ئۆڭـۈپ، بارمـاقلىرى تىترەپ كېتىۋاتاتتى. مەن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، يەنە بىـر ناخشا باشلىدىم :

ساڭا ئاشىق بولۇپ قالماقلىقىمغا ئاي يۈزۈڭ بائىس،
ئېچىرقاپ سۆيمىكىمگە قىپقىزىل لەۋ، ئوت كۆزۈڭ بائىس.

دىلىمنىڭ دىلرەباسى دەپ، شەرقنىڭ ئەۋلىياسى دەپ،
سېنى ئالەمگە ماختاشقا شېرىن - سۇخەن سۆزلۈك بائىس.

دەرىخ! يات دەپ قاراپ قالدىڭ، شۇڭا مەخپىي ئازاپ سالدىڭ،
يېنىپ كەتمەككە رايىمنىڭ كۆرۈنمەس مۆڭگۈزلۈك بائىس.

ئۆزۈمنىڭ بارىنى ئىزدەپ، «قەيەردە دىلبىرىم سىزا!» دەپ،
جېنىمنى قولغا ئالماققا جۈدۈنلۈق كەچ كۈزلۈك بائىس.

مېنى سەن «بىۋاپا» دەيسەن، «ماڭا سالدى جاپا» دەيسەن،
ساڭا مۇشكۈل-جاپا سالماقلىقىمغا سەن ئۆزلۈك بائىس.

مەن دۇتارنى قويۇپ، قولۇمغا رومكىنى ئېلىپ گۈپپىدە كۆتۈرۈۋەتتىم. شەنمگە ئالقىشلار ياغرىدى. ئۇلار مەندەك بىر ساۋاتسىز تومپاينىڭ ئاغزىدىن ئۇزۈلمەي تۆكۈلگەن بۇ سېھرىي قۇدرەتكە ئىگە يېقىملىق، ئىلھامبەخش كۈيلەرنى ئاڭلاپ، يۈرتىمىزنىڭ راستىنلا «ناخشا-ئۇسسۇل ماكانى»، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تۇغما «شېئىر مىللىتى» ئىكەنلىكىگە بولغان قايىللىقىنى ئىپادىلەپ، مېنى ماختاپ كېتىشتى. مەن: «ھە قېنى، ئەمدى نېمە دەيسەنكىن؟» دەپ ئويلىغاچ، بىر قول گۆشنى ئېلىپ يېگەچ ياڭ تۈەنجاڭغا قارىدىم. تىلماچ شېئىرلىرىمنى خېلى ئوبدان ئۆرۈپ بەرگەن چېغى، ياڭ تۈەنجاڭنىڭ چىرايى تېخىمۇ تاتىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ تىترەپ تۇرغان بارماقلىرى بىلەن ئۈستەلگە«تاك-تاك-تاك» چېكىۋىدى، تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېردىن بىرى بىر بولاق نەرسىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ، ياڭ تۈەنجاڭنىڭ ئالدىغا قويدى. ياڭ تۈەنجاڭ بولاقنى ئالدىرىماي ئاچتى. بولاقنىڭ ئىچىدىن بىر-بىرىگە ئوخشاشمايدىغان ئىككى قۇر ھەربىي فورما، ئىككى دانە ئېسىل تاپانچا، بەش زىخچا

ئالتۇن، بىر باغلام قەغەز پۇل، ئىككى كىشىلىك گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ ئەزالىق كىنىشكىسى چىقتى، بۇلارنى كۆرۈپ چېھرىمگە زورمۇ - زور كۈلكە يۈگۈرۈتتۇم. ھاياجاندىن ئۆزۈمنى قويىۋىدىغانغا يەر تاپالمىغان قىياپەتكە كىرىۋالدىم. كۆزۈمنى قەستەنگە چەكچەيتىپ، بىر ئالتۇن پۇللارغا، بىر ياڭ تۇەنجاڭغا قاراپ، پۇلغا، ئەمەل-مەنسەپكە بولغان ھېرىسمەنلىكىمنى ناھايىتى مۇشەققەتتە ئىپادىلىدىم.

ھېلىقى ئاددىي فورما مۇھەممەد روزىغا، يىڭجاڭلىق فورمىسى ماڭا كىيدۈرۈلدى. بىردەمدىلا مەن گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى، سالاپەتلىك يىڭجاڭ بولۇپ قالدىم.

— ھە مانا، ئەمدى بولدى. ئەمدى ئىسمى-جىسمىڭغا لايىق ئىش بولدى،— دېدى ياڭ تۇەنجاڭ ئىككى مۈرەمنى قىسىپ تۇرۇپ،— مۇبارەك بولسۇن، يىگىت!

— يىڭجاڭ بولغىنىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن!— دېدى مۇھەممەد روزىمۇ ساختا ھاياجان بىلەن.

— قېنى، كۆپچىلىك، قىزغىن تەبرىكلەيلى!

ياڭ تۇەنجاڭ شۇنداق دەپ چاۋاك چالدى. زىياپەت زالى چاۋاك، ئالقىش، تەبرىك، مەدھىيە، رومكا سادالىرى بىلەن لەرزىگە كەلدى.

— تا يىڭجاڭ، بىز تاغ ئوغرىلىرىنى باستۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، سەن پوسكام ناھىيىسىگە ھاكىم بولىسەن. بۇ ھەقتە قولۇمدا بۇيرۇق بار، تېخى ئەتىگەندىلا تاپشۇرۇۋالدىم. مەن ھاياتلا بولىدىكەنمەن، سەن خاندەك ياشايسەن.

مەنمۇ ئورنۇمدى تۇرۇپ، ئەھدە تۇسىنى ئالغان يالغان- ياۋىداق گەپلەردىن بىر مۇنچىنى قىلدىم:

— پىرقىنىڭ شەپقىتىگە مىڭ ھەشقاللا! پىرقىگە مەڭگۈ سادىق بولىمەن. ئاخىرقى تىنىقىمغىچە پىرقە ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن!...

مەن يىڭجاڭ بولغىنىم بىلەن ئەگەشتۈرۈپ ماڭىدىغان بىرمۇ

ئەسكىرىم يوق ئىدى. گەرچە مۇھەممەد روزى يەنىلا مېنىڭ كانۋويۇم بولسىمۇ، ئۇ خۇددى ماڭا ئوخشاشلا مەھبۇس، مەھبۇس يېنىدىكى مەھبۇس ئىدى. ئەتراپىمىزدا مەخسۇس بىزنى كۆزىتىپ تۇرىدىغان قۇراللىق كۆز-قۇلاقلار بولغاچقا، قېچىش پىلانىمىزنى ئىشقا ئاشۇرالماي تىت-تىت بولاتتۇق. شۇڭا، شتاب قورۇسى ئىچىدە لاغايلاپ يۈرمەكتىن باشقا ئامالىمىز يوق ئىدى. بازار ئايلانغىلى چىقساقمۇ، ھاياتىمىزدىن «ئەنسىرەپ»، يەتتە-سەككىز چېرىك بىللە چىقاتتى.

ــ مۇھەممەد، تېز بول، قولۇڭغا قەغەز-قەلەم ئال !ــ دېدىم بىر كۈنى تەڭ كېچىدە زىياپەتتىن قايتىپ كېلىپ، ئۇخلاپ قېتىپ قالغان مۇھەممەد روزىنى نوقۇپ ئويغىتىپ.

ــ نېمە بولدى؟

ــ ھېچنېمە بولمىدى، يازە، دۈشمەن قارا شەھەردىن ناھايىتى خىل قۇراللار بىلەن قوراللانغان ئىككى پولك ئاتلىق قوشۇن يۆتكەپ كەپتۇ. 11-ئاينىڭ 22- كۈنى ئارقا يولغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدىكەن.

مۇھەممەد روزى خەتنى يېزىپ بولۇپ، ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ:

ــ بۇنى قانداق ئۇقتىڭىز؟ــ دەپ سورىدى.

ــ ياڭ تۇەنجاڭ مەستچىلىكتە دەپ سالدى.

ــ ئىشەنچلىكمۇ؟

ــ مېنىڭچە، ئەلۋەتتە ئىشەنچلىك.

ــ بۇ ئۇلارنىڭ ھىيلىسىمىدۇ يا؟

ــ مېنىڭچە، ھىيلە ئەمەس. ئىككى پولك ئەسكەرنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكى راست تۇرسا.

بىز ئاخباراتنى پولك شتابىغا قانداق يەتكۈزۈپ بېرىش توغرىسىدا خېلى ئۇزۇن مەسلىھەتلەشكەن بولساقمۇ، ئۇنۇملۇك چارە تاپالمىدۇق.

ــ قانداق قىلىمىز؟ــ مۇھەممەد روزىدىن ئۈمىد بىلەن سورىدىم، ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ پىلانىنى قۇۋۋەتلىدى:

ــ يەنىلا قاچىلى.

قاچساق، ناۋادا بىز ئۆلۈپ كەتسەكقۇ مەيلى، مۇھىمى پولك شىتابى دۈشمەن تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىپ قالسا، ئىنقىلاب زور زىيانغا ئۇچرايدۇ. ئەگەر بىز دۈشمەن قولىدىن ساق-سالامەت چىقىپ كېتەلىسەك، ئۇلار پىلانىنى ئۆزگەرتىۋالىدۇ. ئارقا يول دۈشمەننى باپلاشقا ئەڭ ياخشى جاي ئىدى.

بىز خېلى ئۇزۇنغىچە ئويغاق ياتتۇق، بىر چاغدا مۇھەممەد روزى ۋارقىراپ مېنى چۆچۈتىۋەتتى:

ــ تاپتىم!

- نېمىنى تاپتىڭ؟... بوشراق ۋاقىرساڭمۇ بولىدۇ. قورقۇتۇپ خۇدى...

ــ گەيشاڭدا مېنىڭ ئۇستازىم بار، ساقال-بۇرۇتىمىزنى ئالدۇرۇپ بولۇپ... ئۇ ۋىجدانلىق ئادەم.

بىز ئەتىسى بەش-ئالتە چېرىكنى ئەگەشتۈرۈپ، ئەكرەم ساتىراشنىڭ دۇكىنىغا كىردۇق. دۇكاندا ئىككى ساتىراش ھۈنەر قىلىۋاتقان ئىكەن. قاپقارا ساقاللىرى قارىمۇتۇق چىرايىغا خۇيمۇ ياراشقان بىر ئادەم مۇھەممەد روزىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىۋىدى، مۇھەممەد روزى ئۇنى تونۇماسقا، كۆرمەسكە سېلىپ، ئورۇندۇقتا مۆككىدە ئولتۇرۇۋالدى. مەن بۇنىڭغا قاراپ ئۇنىڭ ئەكرەم ساتىراش ئىكەنلىكىنى جەزم قىلدىم. ئۇنىڭ قولى بىكار ئەمەس ئىدى. شۇڭا، مەن ئارىسالدى بولۇپ، مۇھەممەد روزىغا قارىدىم.

ــ ئاۋۋال سىز ئالدۇرۇڭ، ــ دېدى مۇھەممەد روزى.

مۇھەممەد روزى چوقۇم چېچىنى ئەكرەم ساتىراشقا ئالدۇرمىسا بولمايتتى. چۈنكى، ئۇ ئاخباراتنى ۋە ئەكرەم ساتىراشقا يېزىلغان قىسقىغىنە خەتنى بىر ئامال قىلىپ، ئۇنىڭغا بېرىۋەتمىسە بولمايتتى.

مەن چېچىمنى ئالدۇرۇپ بولغاندا، مۇھەممەد روزى ئەكرەم ساتىراشنىڭ ئالدىغا ئولتۇرۇپ بولغانىدى. مۇھەممەد روزىنىڭ ئىشنى جايىدا پۈتكۈزۈشى ئۈچۈن مەن چېرىكلەرنى ئاغزىمغا قارىتىپ، كۆزىنى

غەلەت قىلىپ تۇرمىسام بولمايتتى. چۈنكى، چېرىكلەرنىڭ كۆزى بىزگە مىختەك قادىلىپلا تۇراتتى. شۇڭا، مەن نېمە ئىش قىلىشىمنى، نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي تۇرغاندا، بەختىمگە يارىشا چېرىكلەردىن بىرى مۇنداق بىر رىۋايەتنى باشلاپ قالدى:

—— بۇرۇنقى زاماندا بىر ئادەم چۆلدە كېتىۋېتىپ تەرەت قىلغۇ-قىلغۇسى كېلىپ قاپتۇ-دە، ئاتتىن چۈشۈپتۇ. لېكىن ئاتنى باغلاپ قويغۇدەك ھېچ نەرسە تاپالماي، پۇتىغا باغلاپ قويۇپ ئولتۇرۇپتۇ. ئەمما يەر بەك قاتتىق بولغاچقا، ئۇ ئادەم ئىشتىنىغا سىيىدۇك چاچراپ كېتىشتىن ئەنسىرەپ، پىچىقىنى ئېلىپ يەرنى يۇمشىتىپ تەرەت قىپتۇ. تەرەت قىلىپ بولۇپ تۇرۇشىغا ئېتى بىر كېلەردىن ئۈركۈپ، ئۇ ئادەمنى دارقىرىتىپ سۆرەپ مېڭىپتۇ. بۇ ئادەمنىڭ پىچىقى قولىدا بولغاچقا چۇلۋۇرنى كېسىپ، ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ. دېمەك، بۇ ئادەم كىيىمنى بەك پاكىز تۇتقانلىقىنىڭ خاسىيىتىدىن ھايات قالغان گەپ. شۇڭا، نامازنى كىيىم-كېچەكنى پاك قىلىپ ئوقۇمىسا بولمايدۇ...

ئۇنىڭ رىۋايىتى ماڭا چوپان چۆلدىن تارقالغان بىر رىۋايەتنى ئەسلەتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا مەن رىۋايىتىمنى باشلىدىم:

-چوپان چۆلدە «ئازاب يولى» دەيدىغان بىر يول بار. بۇ يول يولوچىلار ئۈچۈن بەكمۇ ئازابلىق بولغاچقا، كىشىلەر «ئازاب يولى» دەپ ئات قويۇپتىكەن. «ئازاب يولى» دا يەنە «قاپاق ئاسقان مازار» دەيدىغان بىر مازار بار. دېمەكچىلىك، بۇ مازارغا بىر قاپاق ئېسىپ قويۇلغان. يولۇچىلار بۇ مازارنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، دۇئا قىلىپ ئۆتىدۇ ھەم بىر - بىرىگە، بالىلىرىغا قەدىمكى زاماندىن قالغان مۇنداق بىر رىۋايەتنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ماڭىمۇ دادام دەپ بەرگەن. دادامنىڭ دېيىشىچە، بۇرۇنقى بىر زاماندا بىر ئادەم يىلقىچىدىن چوپانغا بارىمەن دەپ پىيادە چۆلگە كىرىپتۇ. بىراق، ھاۋا بەك ئىسسىپ كەتكەچكە، قاپىقىدىكى سۈيى تۈگەپ كېتىپ، ئۇسسۇزلۇقتىن قاپاقنى قۇچاقلىغان پېتى ئۆلۈپ قاپتۇ.

ئارقىسىدىن كەلگەن يولوچىلار بۇ يولۇچىنىڭ جەسىتىنى «ئازاب يولى»دىكى ئوراز داۋاننىڭ بېشىغا كۆمۈپ، ئۈستىگە تاش-تۇپراق دۆۋىلەپ، هاسا تايىقىنى ئۇچىغا قاپىقىنى ئېسىپ قاداپ قويۇپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ «قاپاق ئاسقان مازار» نىڭ يېنىدا يەنە بىر تاش ئابىدە پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ شاپىلاق يۈزىگە:

مېنىڭ كەسپىم ئالدى-سات،
مەندىن ساڭا پەندىياد.
ئات ئاتاڭچە بولسىمۇ،
قاق قوزۇقنى، باغلا، يات.

دېگەن قوشاق پۈتۈكلۈككەن. ئۇنى دادام ماڭا چوپانغا بارغۇچە ئېيتىپ بەرگەن هەم يەنە مۇنداق بىر رىۋايەتنى دەپ بەرگەن:

بىر ئادەم چوپاندىن قاغىلىق بازىرىغا بېرىش ئۈچۈن ئات بىلەن يولغا چىقىپتۇ. ئوراز چۆلى ئەتراپىغا كەلگەندە، تەرىتى قىستاپ كېتىپتۇ. ئاتتىن چۈشۈپ باغلىغىلى يەر تاپالماي، چۇلۋۇرىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ تۇرۇپ تەرەت قىلىپتۇ. ئات بەكمۇ شاش بولغاچقان، پارتتىدە قېچىپ كېتىپتۇ. بۇ ئادەم ئىشتىنىنى يۆلەپ قوغلاپتۇ. قوغلاپتۇ، قوغلاپتۇ، ئاتنى زادىلا تۇتالماپتۇ. ئات قېچىپ-قېچىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. ئاخىر بۇ ئادەم ئېتىنىڭ ئارقىسىن چوپانغا قاراپ يول ئاپتۇ. بىراق، قاپىقى ئاتنىڭ ئۈستىدە قالغاچقا، «قاپاق ئاسقان مازار»نىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ قاپتۇ. ئۇ ئادەمنىڭ سودىگەرچىلىك قىلىدىغان نەزمىكەش بىر ئاكىسى بار ئىكەن. ئۇ ئادەم هېلىقى «پەندىنامە»نى يېزىپ، تاشقا ئويۇپ «قاپاق ئاسقان مازار» غا ئورنىتىپ قويۇپتۇ.

رىۋايىتىم تۈگىگەندە، مۇهەممەد روزىنىڭ چاچ-ساقاللىرى ئېلىنىپ بولغانىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇردى-دە، ماڭا «ئامال بولمىدى» دېگەن

مەنىدە مەيۈسانە قاراپ قويۇپ، يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى.

چېرىكلەردىن بىرى چېچىنى ئالدۇرىدىغان بولۇپ قېلىپ، بىزگە يەنە پۇرسەت تۇغۇلدى. ھېلىقى چېرىك ئەكرەم ساتىراشنىڭ ئورۇنىدىقىغا چۆكتى. بىز پەرىشانە ئولتۇرۇپ قالدۇق. پىلانىمىز سۇغا چىلاشتى. «ئەمدى قانداق قىلارمىز؟» دەپ غەمگە پېتىپ، ئەكرەم ساتىراشنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ تۇرۇپ قالدىم. ھېلىقى چېرىكنىڭ بوينى تېلىپ قالغان چېغى، بويىنىنى سەل كۆتۈردى. ئەكرەم ساتىراش ئۇنىڭ بېشىنى بېسىپ يەنە پەس قىلىپ قويدى. بىردەمدىلا ئۇنىڭ بوينى يەنە تېلىپ قالدى بولغاي، بويىنىنى يەنە كۆتۈرىۋالدى. بۇ ئەھۋال ئۈچ قېتىم تەكرارلىنىۋېدى، ئەكرەم ساتىراشنىڭ سەل ئاچچىقى كەلدى بولغاي:

«ھاي... قانداق باش بۇ؟!...» دېدى.

چېرىك ئۇنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا:

ــ قانداق باشتى؟ مۇشۇنداق باش، سىلاۋەرسە دىڭگىيىدىغان! ــ دېدى.

«پاراققىدە» كۈلكە كۆتۈرۈلدى. لېكىن ئەكرەم ساتىراشمۇ بوش كەلمەي:

ــ خۇددى بىر نېمىگە ئوخشايدىكەن! ــ دېمەسىمۇ، كۈلكە تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى.

لېكىن، ئۆزىنى گەپدان چاغلايدىغان چېرىك ئەلەمگە چىدىيالماي:

ــ ھۇ ئاناڭنى!... يوق ساقال ئوغرى!...- دېگىنىچە چاچراپ قوپۇپ، ئەكرەم ساتىراشنىڭ ياقىسىدىن ئالدى. شۇنىڭ بىلەن دۇكان ئىچى پاتپاراق بولۇپ كەتتى. ھەممىمىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، ئىككىسىنى ئاجرىتىشقا كىرىشتۇق. شۇ جەرياندا مۇھەممەد روزى ئاخبارات بىلەن خەتنى ئەكرەم ساتىراشنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى.

-تا يىڭجاڭ، - دېدى شۇ كۈنى كەچلىك زىياپەتتە ياڭ تۈەنجاڭ، دولامغا شاپىلاقلاپ تۇرۇپ، - سىز پىرقە ئەزاسى، ئۇنىڭ ئۈستىگە

قابىلىيەتلىك يىگىجاڭ. شۇڭا، سىز پىرقىگە سادىق بولمىسىڭىز بولمايدۇ...

-ئەلۋەتتە، - دېدىم ياڭ تۆەنجاڭنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، - بۇرۇنقى بىلىپ ـ بىلمەي قىلغان «گۇناھ»لىرىمنى كەچۈرگەيسىز. مەن بەكمۇ خىجىل. ماڭا ئىشىنىڭكى، مەن پىرقىگە چەكسىز سادىق بولىمەن! ماڭا پۇرسەت بېرىڭ. جەڭگاھلاردا خىزمەت كۆرسىتىپ، پىرقىگە بولغان ساداقىتىمنى بىلدۈرىمەن! ئۆزۈمنى پىرقىگە بېغىشلاپ، پىرقە ئەزاسىغا خاس باتۇرلۇقۇمنى نامايان قىلىمەن. ئەگەر تۇزكورلۇق قىلسام ياكى تۇزكورلۇق قىلىشقا ئۇرۇنسام، شۇ يەردىلا ئېتىپ تاشلاڭ.

بۇ سۆزلىرىمدىن ھاياجانلىنىپ كەتكەن ياڭ تۆەنجاڭنىڭ پىستان كۆزلىرى تېخىمۇ يۇمۇلۇپ كەتتى.

- ياخشى ـ ياخشى! ـئۇ مېنى ئارقا- ئارقىدىن ماختاپ شاراپ تۇتتى،- قېنى، ئارقا يولدىكى غەلبىمىز ئۈچۈن!

- تاغ ئوغرىلىرىنىڭ تامامەن يوقىلىشى ئۈچۈن!

مەن شارابنى گۇپپىدە ئوتلىۋېتىپ، ئەكرەم ساتىراش ئاخباراتنى يەتكۈزۈپ بەرگەنمىدۇ؟ دېگەنلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزۈپ تۇرۇشۇمغا ياڭ تۆەنجاڭ خىيالىمنى بۆلىۋەتتى:

- تا يىگجاڭ، تاغ ئوغرىلىرىنىڭ ئارقا يولىنى ساقلايدىغان قانچىلىك ئەسكىرى بار؟

مەن ئويلاندىم؛ ئەسكىرىي كۈچىمىز ئۈستىدە، ئەمەس، نېمىدەپ جاۋاب بېرىش ئۈستىدە ئويلاندىم. ئاخىر راست گەپ قىلماقچى بولدۇم. راست گەپ قىلمىسام بولمايتتى. ئەگەر «بىر پولك ئەسكىرىمىز بار» دەپ يالغان گەپ قىلىدىغان بولسام، دۈشمەنلەر ھۇجۇم پىلانى، ھۇجۇم ۋاقتىنى ئۆزگەرتىۋېلىپ، مۇھەممەد روزى بىلەن ئىككىمىزنىڭ كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىمىزنى، دۈشمەننى قاپقانغا سولاپ يوقىتىش پۇرسىتىمىزنى، ئۇرۇش پاتپاراقچىلىقىدىن پايدىلىنىپ قېچىش پىلانىمىزنى يوققا چىقىرىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا:

- بىر ۋىزژوتلا ئەسكىرى بار،- دېدىم.

- نېمە؟ بىر ۋېزژوت!

- ياڭ تۇەنجاڭنىڭ پىستان كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. خۇددى جامدەك.

- ھەئە، بىر ۋېزژوت. سىلەر دەسلەپتە ھۇجۇم قىلغاندا، بىز بىر پاي ئوق ئېتىپ قويۇپ، بايرىقىمىزنى دۆڭگە قاداپ قويۇپلا قېچىپ كەتكەنىدۇق. شۇ چاغدىلا سىلەرنىڭ ئەسكىرىڭلار چېكىنىپ كەتمەي، ھۇجۇمغا ئۆتكەن بولسا، بىر پاي ئوق ئاتمايلا ئارقا يولنى قولغا ئالالايتتى. بىز ئۈچ كۈندىن كېيىن كەلسەك، بايرىقىمىز شۇ پېتى لەپىلدەپ تۇرۇپتۇ. سىلەر يەنە ھۇجۇمغا ئۆتتۈڭلار، مەن ئەسىرگە چۈشتۇم...

بۇ سۆزلىرىمنى ئاڭلىغان ياڭ تۇەنجاڭ شۇنداق ئەپسۇسلاندىكى، جايىدا ئولتۇرالماي قالدى.

- ھازىر قانچىلىك ئەسكىرى بار؟

- ھازىر ئۇ يەردە قانچىلىك ئەسكىرى بارلىقىنى ئۇقمايمەن. ئىشقىلىپ جىق ئەمەس. تاغ ئوغرىلىرى ھەرقانچە ئەسكەر كۆپەيتسە ئىككى روتىدىن ئاشۇرالمايدۇ. ھازىر ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر يۆتكەپ كەلگۈدەك ماغدۇرى يوق،- دېدىم يەنە راست گەپ قىلىپ. چۈنكى، بىز ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە بولغاچقا، ئاز بولساقمۇ، ھامان غەلبە قىلالايدىغانلىقىمىزغا ئىشىنەتتىم.

بۇ گەپلىرىمنى ئاڭلىغان ياڭ تۇەنجاڭنىڭ گۆلقەقەلىرى ئېچىلىپلا كەتتى.

- مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان، - دېدى ياڭ تۇەنجاڭ ئاخىردا،- سىز ئوبدان دەم ئېلىڭ. بىز پات يېقىندا ھۇجۇم باشلايمىز.

11-ئاينىڭ 22-كۈنى تاڭ يورۇش بىلەن تەڭ بىز ئارقا يول ئېغىزىغا كېلىپ توختىدۇق. ئوڭ يېنىمدا ياڭ تۇەنجاڭ، سول يېنىمدا مۇھەممەد

روزى، مەن قارا چىلان تۈرۈۈقىنىڭ ئۈستىدە سالاپەت بىلەن ئولتۇراتتىم. «ئەكرەم ساتىراش ئاخباراتنى يەتكۈزۈپ بەرگەنمىدۇ؟ ئەگەر يەتكۈزۈپ بەرمىگەن بولسا...» دېگەن تەشۋىشلەر يۈرىكىمنى دۈك-دۈككە سالاتتى.

- ئالغا!

بۇيرۇق بېرىلدى. بىز شەپە چىقارماي ئارقا يولغا كىردۇق. جىرا ئىچى دۈشمەن بىلەن لىق تولغانىدى. بىز قوشۇنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېتىۋاتاتتۇق. مەن قانىداق قېچىش ئۈستىدە باش قاتۇراتتىم. ئەگەر بىز قوشۇنىنىڭ ئالدىدا ماڭغان بولساق، قانداق قېچىش ھەققىدە باش قاتۇرۇش كەتمەيتتى.

تاڭ سۈزۈلگەنىدى. تاغ چوققىلىرىنى قويۇق تۇمان قاپلىغان، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، جىلغا ئىچى تىمتاس ئىدى. جىلغا تەڭ بولغاندا، ئۈستىمىزگە قورام تاشلار، گىراناتلار، ئەجەللىك ئوقلار مۆلدۈردەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى. جىلغا گۈمبۈرلەشلەردىن لەرزىگە كەلگەن، قىيا-چىيا، ئالتاغىل بۇيرۇقلار، تىللاشلار بىلەن تولغانىدى. دۈشمەن قەتئىي نىيەتكە كەلگەن چېغى، ھەدەپ ئالغا ئىلگىرىلەيتتى. ئۇلار سول تەرەپتىكى ئۈچ كىچىك جىلغىدىن يوچۇق ئېچىپ تاغ ئۈستىگە چىقىشقا ئۇرۇنۇۋاتاتتى. ناۋادا ئۇلار تاغ ئۈستىگە چىقىۋالسا، غەلبىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايتتى. چۈنكى، دۈشمەن سان ۋە قورال-ياراغ، ئوق-دورا جەھەتتە بىزدىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن تۇراتتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ تاغ ئۈستىگە چىقىۋېلىشى ئۇنداق ئاسانغىمۇ چۈشمەيتتى.

تاڭ تامامەن سۈزۈلگەنىدى. بىزمۇ ھەدەپ ئالغا ئىلگىرىلەيتتۇق. قوغدىغۇچىلار بىزدىن بىر قەدەممۇ نېرى بولمايتتى. مەن مۇھەممەد روزىغا «قاچايلى» دېگەن مەنىدە قاراپ قويدۇم. بىز توپا-چاڭدىن پايدىلىنىپ ياڭ تۇەنجاڭدىن بارا-بارا يىراقلاشتۇق- دە، جىلغىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى قارىماققا خالتا جىلغىدەك كۆرۈنىدىغان تارچۇق جىلغىغا قاراپ قاچتۇق.

- تا يىڭجاڭ قاچتى!

- تاش قاچتى!

- قوغلا!

- ئات!

ئۇلار ياندىن بىلىمىزدىن ۋىژىلداپ ئۇچۇپ ئۆتۈپ كەتتى. بىز ھەش-پەش دېگۈچە توقايلىققا ئۆتۈپ كەتتۇق. بۇ جىلغا تىك، ئەمما مۇساپىسى قىسقا ئىدى. شۇڭا، بىز ئاتتىن چۈشۈپ تاغقا يامىشىشقا باشلىدۇق. سەپداشلىرىمىز بىزنى قوغداپ، قوغلاپ كەلگەن دۈشمەننى توسۇپ تۇراتتى. مەن ئۈستىگە چىقىپ بولاي دېگەندە، مۈرەمگە ئىككى پاي ئوق تەگدى. ئەمما، مۇھەممەد روزى ئوق تېگىپ تاغدىن دومىلاپ كەتتى.

- مۇھەممەد!...

- مۇھەممەد!...

قايغۇغا تولغان غەزەپلىك سادالىرىمىز جىلغىلاردىن ئەكس سادا قايتۇردى.

دۈشمەننىڭ ئۈستىگە جىلغا-جىلغىلاردىن قورام تاشلار، گراناتلار، ئۇلار يامغۇردەك تۆكۈلەتتى. دۈشمەن جاھىلانە تىركىشىپ، ئۈچ سائەتتىن كېيىن شەرمەندىلەرچە قېچىشقا باشلىدى.

بۇ قېتىمقى ئارقا يول ئۇرۇشىدا پەقەت مۇھەممەد روزى بىلەن سىجاك ئىسىملىك بىر تاجىك يىگىتلا قۇربان بولغان، پولك كوماندىرى لەشكەرنىڭ بىلىكى ئوق تېگىپ يارىلانغانىدى. دۈشمەننىڭ بىر مىڭ بەشيۈز ئوتتۇز بىر ئادىمى يوقىتىلغان، سەكسەن ئۈچ ئادىمى ئەسىرگە چۈشكەن، ئىككى يۈز ئۈچ ئېغىر- يىنىك پىلموت، بىر يۈز ئەللىك ئۈچ ئاپتومات، بىر يۈز يەتمىش سەككىز مىلتىق، ئىككى يۈز قىرىق بىر قول بومبىسى، بىر يۈز يىگىرمە ئۈچ قىلىچ، ساناقسىز ئوق، ئىككى يۈز ئات غەنىيمەت ئېلىنغان (چوڭقۇر جىلغىلارغا چۈشۈپ كەتكەن جەسەت، قورال

-ياراغلارنىڭ ساننى ئېلىش مۇمكىن بولمىدى) بولۇپ، بۇ ئەسكىرىي كۈچىمىز تولۇق بولمىغان پولكىمىز ئۈچۈن تەسەۋۋۇرغا سىغدۇرغۇسىز غايەت زور غەلىبە ئىدى.

تاشئاخۇننىڭ كەچۈرمىشى مۇشۇ يەردە تۈگىگەنىدى.

ئۇلار قازانغان بۇ غايەت زور غەلىبىدىن قەلبىڭ هاياتى كۈچكە، چەكسىز ئۈمىدكە تولغانىدى.

يۈرىكىڭدە تاشئاخۇن قادىغان بايراق جەننەت ساداسىغا جور بولۇپ لەپىلدەيتتى.

## 12

جاراھىتىڭ ساقىيىپ، روتىغا قايتىشقا بەش - ئالتە كۈنلا قالغان بىر كۈنى سېنى مەتسالى يوقلاپ كەلدى. سىلەر قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۈڭلار. ئۇ زۇمرەت بىلەن ناھايىتى سىپايە، غەمكىن، ئەمما جەلپكارانە كۈلۈمسىرەش بىلەن تىنىچلىق - ئامانلىق سوراشتى. زۇمرەتمۇ مىسكىن تەبەسسۇملىرى بىلەن ئۇنىڭدىن هال سورىدى. ئۇ مەتسالىغا نېمىشقا تەبەسسۇم بىلەن باقىدۇ؟ نېمىشقا ھودۇقىدۇ؟

بىلمەيتتىڭ.

نېمىشقا ئۇ ئىچكى هاياجىنىنى باسالماي تىپىرلاپ، ئۆزىنى قويىدىغانغا يەر تاپالماي قالىدۇ؟ نېمىشقا ئەتراپىڭلاردىن خۇددى پەرۋانىدەك ئەگىپ كېتەلمەيدۇ؟

بىلمەتتىڭ. بىلىپ بېقىش خىيالىڭغىمۇ كېلىپ باقمىغانىدى.

قاش قارايغاندا، مەتسالى بىلەن خوشلاشتىڭ.

سەن زۇمرەتنى كۈتەتتىڭ... يىرىم سائەت كۈتتۈڭ... بىر سائەت كۈتتۈڭ...

بىراق، كىرمىدى. ھېچبولمىغاندا بىر قېتىم كىرىشى كېرەك ئىدى.

خۇددى كۈندىكىدەك.

نېمىشقا كىرمەيدىغانىدۇ؟ يەنە يارىدار كەلگەن ئوخشايدۇ. سەن قولتۇق تايىقىغا تايىنىپ سىرتقا چىقتىڭ. دىڭگوسلاپ مېڭىپ باغدىن، قورۇدىن چىقتىڭ. ئانچە كۆپ ماڭمايلا كىچىككىنە بىر قوم دۆۋىسىگە چىقىپ ئولتۇردۇڭ. يۇلتۇزلار يارقىن جىمىرلاتتى. كۆز ئالدىڭدىكى كەڭرى كەتكەن يۇلغۇنلۇق سۈكۈتكە چۆككەنىدى.

ئىسىت، شۇ چاغدا يەنە قىرىق كۈن توختاپ، ئامانىتىمنى ئېلىپ بولۇپ، ئاندىن كەلسەممۇ بوپتىكەن! پۈتۈم سەللىمازا ساقايسا، زۇمرەتنى يۇلغۇنلۇقتا باشلاپ كېلىپ...

يۈرىكىڭ شېرىن تۇيغۇ ئىلكىدە ئەللەيلەنىدى. كۆزۈڭنى يۇمۇپ، خىيالىي ھېسلارغا چۆمۈلدۈڭ: ئۇنىڭ زۇمرەتنىڭ قاشتېشىدەك سۈزۈك بويىنىغا گىرە سالاتتىڭ، ئوتلۇق لەۋلىرىگە ئاشىقانە تەلۋىلىك بىلەن سۆيۈپ، يۇمران باغرىغا مەجنۇنلارچە چۆكۈپ كېتەتتىڭ. «ئاھ، جەڭگاھتىكى ۋىسال لەززىتى نېمىدېگەن شېرىن-ھە!» دەپ پىچىرلايتتىڭ.

پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ شېرىن تەسەۋۋۇر، شېرىن تۇيغۇلار بىلەن مەستخۇشلانغانىدى؛ پۈتكۈل زېمىن مەستخۇشلانغانىدى؛ ئەمدىلا يۈزىنى ئاچقان تولۇن ئايمۇ مەستخۇشلۇق ئىلكىدە ئۇيۇقتا خۇددى ئۇيۇقتەكلا قېتىپ قالغانىدى.

سەن شۇنداق مەستخۇشلۇق ئىلكىدە قانچىلىك ئولتۇردۇڭكىن؟ بىلمەيتتىڭ.

مەستخۇشلۇقۇڭ يېشىلگەندە، باغدىن قايسىبىر جەڭچىنىڭ ناخشىسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى:

ئەي نىگار، ئۇخلاتمىدىڭ ھېچ نەي چېلىپ تاڭ ئاتقۇچە،
كۈيلىرىڭ بىرلە دىلىمغا ئوت سېلىپ تاڭ ئاتقۇچە.

ئوك ـ سولۇمغا باققۇدەكمۇ ھېچ ماجالىم قالمىدى،
ئوينىغاچ ئىشقىلىك جېنىمنى ئات قىلىپ تاڭ ئاتقۇچە.

يا ۋىسالىڭ قەنتىنى بەرگىن نىگارىم ۋاقتىدا،
قىينالماي ئالغىن جېنىمنى يا كېلىپ تاڭ ئاتقۇچە.

بۇ ئېزگۇ كۈيلەر سىنى ئېزىپلاۋەتتى. پىچىرلىدىڭ: «زۇمرەت بىر ئاڭلاپ قويىدىغان ناخشىكەن بۇ!» بىراق، ئۇنىڭ ئاڭلاۋاتقانلىقىنى ئۇقمايتتىڭ.

سەن سەل توڭلاشقا باشلىدىڭ. ئورنۇڭدىن تۇرۇشقا تەمشەلدىڭ، بىراق تۇرالمىدىڭ. چۈنكى، كىملەرنىڭدۇر پىچىرلىشىشلىرى قولىقىڭغا كىرىپ قالغانىدى.

- مىنى سېغىنمىدىڭما، جېنىم؟
- سېغىنماي! سېغىنىپ... ئىككى ئاينى ناھايىتى مۇشەققەتتە ئۆتكۈزدۈم.

ئاۋاز بىراقلا پەسىيىپ كەتتى.

كىمدۇ بۇ؟...جىنمۇيا؟ جىنلارمۇ بىر- بىرىنى سېغىنامدىغاندۇ؟ بىر- بىرى بىلەن مۇھەببەتلىشەمدىغاندۇ؟ جەڭچىلەردىن بىرى مۇھەببەتلىشىۋاتامدۇيا؟ نېمىش قىلسا قىلمامدۇ. مەنمۇ يا ئەتە، يا ئۆگۈن زۇمرەتنى ئەكېلىپ...

سەن شۇلارنى پىچىرلاپ قويۇپ ئورنۇڭدىن تۇردۇڭ. پىچىرلىشىشلار يەنە ئاڭلاندى:

- بايىقى ناخشا ئەجەپ مۇڭلۇقكەن-ھە؟!
- ھەئە.

سەنمۇ قاچان ماڭا كۆڭلۈڭنى بېرىسەن؟

- ماڭە، قېلىن تاز! مېنىڭ ئېرىم بار جۇما؟!
بىرى ئېرى بار خوتۇن بىلەن مۇھەببەتلىشىۋېتىپتۇ ـ دە؟ ۋاي نامەرد گۇي!

سەن كەينىڭگە ئۆرۈلدۈڭ، بىراق شىپپىدە توختاپ قالدىڭ. چۈنكى، بۇ پىچىرلىشىشلار ساڭا كىملەرنىڭدۇر پىچىرلىشىشىنى ئەسلىتىپ قويغانىدى.

بۇ... بۇ... زۇمرەت بىلەن مەتسالىمۇ نېمە؟ ياق! ياق! ھەرگىز ئۇلار ئەمەس!

يۈرىكىڭ قارتتىدە قىلىپ قالدى. سەن رەشكتىن شۈركۈنگەن ۋۇجۇدۇڭنى قومغا سۈركەپ، پەسكە ئاستا-ئاستا سىيرىلىپ چۈشتۈڭ- دە، دىڭگوسلىغىنىڭچە ئۇلارغا پەم بىلەن يېقىنلاشتىڭ. بىر تۈپ يۇلغۇننىڭ تۈۋىگە مۆكۈنۈپ، ئۇلارنى مارىدىڭ، خۇددى توشقان ئوۋچىنى مارىغاندەك، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىككىسىمۇ ئوۋچى ئىدى.

سەن ئۇلارنى ناھايىتى ئېنىق كۆردۈڭ. يۈرىكىڭ جىغغىدە قىلىپ، بېغىشلىرىغا دەز كەتتى، گويا جانان چىنىگە دەز كەتكەندەك. ئۇستىخانلىرىڭ قاراسلاپ كەتتى، مىسالى يىقىلغان چىنار قاراسلىغاندەك. زېمىن تەۋرەپ، كۆك چۆرگىلىدى، بەئەينى سېنى بىرى چۆرگىلىتىپ - چۆرگىلىتىپ قويۇپ بەرگەندەك. تولۇن ئاي قارىداپ، يۇلغۇنلۇق قاراڭغۇلۇق ئىلكىدە قالدى. خۇددى زۇلمەتتەك.

قېنى، نېمە دېيىشىدۇ، نېمە ئىش قىلىشىدۇ؟...

سەن ئۆزۈڭنى تۇتۇۋېلىپ قۇلاق سالدىڭ:

- تېخى مەن سېنى مېنى ئۇنتۇپ كەتتىمىكىن دەپتىمەن.

- ئۇنتۇپ كېتەي دېگەن، بىراق ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنتۇپ كېتەلمىدىم. سېغىنماي دېگەن، ئەمما يۈرىكىم چىدىمىدى.

ئۇلار بىر-بىرىگە سىڭىشىپ كەتتى- باغىرلىشىپ سۆيۈشۈپ كەتتى.

يۈرىكىڭ، بېغىش-بېغىشلىرىڭ پىژىلداپ ئېچىشىپ كەتتى.

كۆزۈڭدىن ياشلار تاراملاپ تۆكۈلدى.

«ئاھ، خۇدا بۇ نېمە ئىش؟ بۇ نېمە كۈرگۈلۈك ماڭا؟ سەن ماڭا نېملەرنى كۆرستىۋاتىسەن؟ بۇ سىنىڭ ماڭا بەرگەن جازايىڭمۇ؟ قايسى گۇناھىم ئۈچۈن ؟... جەڭگە بېرىش نىيىتىمدىن يېنىۋالغىنىم ئۈچۈنمۇ ئايالىمنىڭ سىڭلىسىنى نىكاھىمغا ئالغىنىم ئۈچۈنمۇيا؟... مەن ئالمىسامۇ، باشقىلارمۇ، بىزدىن بۇرۇن ئېلىپ كەتمەكچىدى؟»

ئىچ-ئىچىڭدىن شۇنداق ئازابلىق نىدا پارتىلاپ چىقتى. تىترەپ كەتتىڭ، سوغۇقتىن ئەمەس، ئەلەمدىن! شۇڭا، ئۆزۈڭنى مىڭ مۇشەققەتتە بېسىۋېلىپ، يەنە قۇلاق سالدىڭ:

- ئەسلىي شۇ چاغدا كېپىڭگە ئۇناپ، سەن بىلەن قېچىپ كەتسەممۇ بوپتىكەن.

شۇنچە يالۋۇرسام ئۇنىمىدىڭ، ئادەمنى يىغلىتىپ خۇددى. ئاناڭ بىر-ئىككى كۈن يىغلاپ بېقىپ توختاپ قالاتتى.

- ئۆيدە دادام بولمىسا، مەنمۇ قېچىپ كەتسەم، قانداق بولار؟ دەپتىكەنمەن.

- مۇشۇنداق بولدى ئەينا!

ئەسلىي مەتسالىنىڭ ئاشقى زۇمرەتكەن - دە. مەن ئۇنى خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولغانلىقىم ئۈچۈن، قېيناناممۇ «سەمەندەرگە بېرىمەن» دەپ تۇرۇۋالغاچقا، مەتسالى توساتتىن جەڭگە كېتىپتىكەن- دە.

توغرا قىياس قىلدىڭ.

ئەمما، سەن ھەرقانچە قىلىپمۇ مەتسالىنىڭ زۇمرەت بىلەن خوشلىشىدىغان كۈنى ئۇنى تۇنجى قېتىم باغرىغا بېسىپ، يۇمران لەۋلىرىگە، لەۋلىرى ئارقىلىق ئاپئاق قەلب بېتىگە سۆيگۈ مۆھۈرى باسقانلىقىنى قىياس قىلالمايتتىڭ؛ زۇمرەتمۇ ئۆكسۈپ تۇرۇپ مەتسالىنىڭ بويىنغا چىڭگىدە گىرە سېلىپ، قېلىن، يىرىك لەۋلىرىدىن مۇھەببەتنىڭ تۇنجى شېرىن شەربىتىنى سۈمۈرگەنلىكىنى قىياس قىلالمايتتىڭ؛ شۇ

چاغدا زېمىننىڭ بايىقىدەكلا، ئۇلارنىڭ چۈجۈدلىرىنىڭ بايىقى شېرىن تەسەۋۋۇرلىرىڭ تەرىپىدىن مەستخۇشلانغان ۋۇجۇدۇڭدەكلا مەستخۇشلانغانلىقىنى، مەتسالى مەستخۇشلۇق ئىلكىدە زۇمرەتنىڭ قولىقىغا: «مەن جەڭدە ئۆلۈپ كېتىشىم مۇمكىن. شۇڭا، ئامانىتىمنى بېرىۋەتكىن!...» دەپ پىچىرلىغانلىقىنى قىياس قىلالمايتتىڭ؛ زۇمرەتمۇ مەستخۇشلۇق ئىلكىدە ئۈنىگدىن: «خۇدادىن قورقمامسەن؟ مېنى تەگلىكتە قويما! بىز ئۇ دۇنيادا مۇرادىمىزغا يېتىمىز...» دەپ ئۆتۈنگەنلىكىنى قىياس قىلالمىدىڭ؛ مەتسالىنىڭ ئاخىر ئەسەبىيلەشكەن شەيتىنى ئۈستىدىن غالىب كېلىپ: «ماقۇل، سەمەندەرنىڭ ئالدىدا تىلىڭ قىسىلىپ قالمىسۇن، يەرگە قاراپ قالما، بىر ئۆمۈر خورلىنىپمۇ يۈرمە. سەن بەختلىك بولساڭلا، مەن رازى. سېنىڭ بەختىڭ-مېنىڭ بەختىم، مەن سېنىڭ بەختىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلىمەن» دەپ پىچىرلاپ، زۇمرەت بىلەن پەرىشتىلەرچە خوشلاشقانلىقىنى تېخىمۇ قىياس قىلالماتتىڭ.

ئەگەر قىياس ئىنسانلارنىڭ ھەممىنى توغرا قىياس قىلىش مۇمكىنچىلىكىگە ئىگە بولغان بولسا، دۇنيا گۈزەللىك بىلەن تولغان بولاتتى. سەنمۇ مۇھەببەتنى ھەقىقي ماھىيتى بىلەن چۈشىنىپ: «زۇمرەت خوتۇنۇم. خوتۇن كىمنىڭ بولسا، مۇھەببەت شۇنىڭ! خوتۇن كىمنىڭ بولسا ئاشىقىمۇ شۇ!» دەپ غەزەپ بىلەن پىچىرلىمىغان بولاتتىڭ؛ مۇھەببەتنى چۈشەنگەن بولساڭ، مەشۇقى بىلەن باغىرلىشىپ سۆيگۈ لەززىتىنى تېتىۋاتقان دوستۇڭ مەتسالىنى جەڭدە يوشۇرۇن ئېتىۋېتىش قارارىغا كەلمىگەن بولاتتىڭ.

ھەر ئىككىلىسى تۈيمايلا قالسۇن؛ مېنىڭ بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ قالغانلىقىمنى ھەر ئىككىلىسى ئۇقمايلا قالسۇن. ئەگەر زۇمرەت ئۇقۇپ قالسا، مەتسالىنى مېنىڭ ئېتىۋەتكەنلىكىمدىن گۇمانلىنىپ قالىدۇ... مەتسالى، سەن مېنى قۇتقۇزغان بىلەن، مەن سېنى قۇتقۇزمايمەن؛ سەن مېنى ئېتىۋېتىشكە پېتىنالمىغان بىلەن مەن پېتىنىمەن. چۈنكى، زۇمرەت

مېنى خوتۇنۇم!

خىيالىڭ ئۈزۈلدى.

- مەن ئەمدى سەمەندەرگە ھەرگىز خوتۇن بولمايمەن. ئۇرۇش تۈگىگەندە...

سەن زۇمرەتنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىغا قۇلاق سالمىدىڭ.

ھىم، خوتۇن بولمىغىنىڭنى بىر كۆرەي!

ئەلەملىك كۆز ياشلىرىڭ يۇلغۇن تۈۋىگە - چاڭقاق قۇملۇققا سىڭىپ كېتىۋاتاتتى؛ يۈرىكىڭدىن سىرغىپ چىقىۋاتقان قان سۇغا تەشنا قۇملۇقنى زىنىنەتلاۋاتاتتى.

توي كۈنى ئۇمۇ مەندەك مۇشۇنداق يىغلىغان بولغىيمىدى؟ ناتايىن، چۈنكى زۇمرەت ئۇنىڭ خوتۇنى ئەمەس- دە! ئاشىق، نېمە ئۇ ئاشىق دېگەن؟ خوتۇنىنىڭ ئالدىدا، نىكاھىنىڭ ئالدىدا ئاشىق- مەشۇق دېگەنىنىڭ ھەممىسى بىر تىيىن! بولدى قىل، ئەبلەخ! يولۇڭغا ماڭ! ھېلى بىكار!...

يۈرىكىڭ ئۆسۈيتتى؛ يۇلغۇنلۇق ئۆسۈيتتى؛ خوتۇنۇڭ ۋە رەقىبىڭ مەستخۇشلۇق ئىلكىدە ئۆكسۈيتتى.

ئاخىر ئۇلار ئۆكسۈپ تۇرۇپ خوشلاشتى.

ئۇھ، - ئەركىن تىن ئالدىڭ.

* * *

نېمە مۇگىدەپ ئولتۇرىلا كىتابقا قاراپ؟

«پەرىشتە»لىك شۇنداق دەپ سېنى خىيالىڭدىن ئويغىتىپ قويدى.

كىتاب قولۇڭدا ئېچىقلىق پېتى تۇراتتى.

يا ئوقۇسىلا، يا ئۇخلىسىلا.

ئوقۇيمەن ھازىر،- دېدىڭ كىتابقا تىكىلىپ،- ماڭا چاي ئەكىلىپ بەرگىن.

«پەرىشتە»لىك ئۆيگە كىرىپ كەتتى. سەن پۈتتۈگىنى ئۈزۈن سۈنۇپ، كەينىڭدىكى يوتقان-كۆرپىلەرگە يۆلىنىپ، كىتابنىڭ «يامغۇرلۇق كېچە» دېگەن قىسمىنى ئوقۇشقا باشلىدىڭ.

# 13

## يامغۇرلۇق كېچە

سېغىنىش، تەلپۈنۈش، ھىجران، ئىزتىراپ، تەشۋىش يۈرىكىڭنى ئېكەكدەپ، ھالىڭنى ئازلا قويغان بىر كۈنى سەن ئۆيۈڭنىڭ ئالدىدا بۇغداي ئۆگۈت ئېتىۋاتاتتىڭ. كۆزنىڭ غۇر - غۇر شاملى ئەخلەت - چاۋارلارنى ئۇچۇرۇپ تۇراتتى. ئادالانغان بۇغدايلىرىڭ كەچكى قۇياش نۇرىدا يالتىرايتتى، خۇددى ئالتۇندەك.

سەن ئېرىڭ سەمەندەر بىلەن ئەمەس، ئاشىقىڭ مەتسالى بىلەن غايىبانە مۇڭدىشاتتىڭ، ئاللاغا خىتاب قىلاتتىڭ: «جېنىم مەتسالى، سەن ھازىر نەدە؟ نەدە جەڭ قىلىۋاتىسەن؟ چوپانغا قاچان كېلىسەن؟ چوپاننى قاچان ئازاد قىلىسلەر؟... مەن سېنى شۇنداق سېغىندىم، شۇنداق كۆرگۈم كەلدى!... تېزرەك كەل، تېزرەك كېلىپ، مېنى جەڭگە بىللە ئەكەت. بىز بىللە جەڭ قىلايلى! سەن بىلەن بىللە بولسام، بىللە جەڭ قىلسام، قۇچىقىڭدا جان ئۈزسەم قىلچە ئارمىنىم يوق! بۇ غوجەخمەتكە خوتۇن بولۇپ، يۇسۇپ بەگكە كېلىن بولغاندىن مىڭ مەرتىۋە ياخشى!... نېمە، ھەيران قېلىۋاتامسەن؟ ھەيران قالما، سەن بىلمەيسەن، غوجەخمەت ماڭا تويى قىلىش تەلىپىنى قويغان، مەن ئۇنىمىغانىدىم. ئۇ بازارغا (قاغىلىققا)كېتىپ، كېلىپ بولغۇچە، مەن سەمەندەرگە تېگىپ بولدۇم. بولمىسا مەن سەمەندەرگىمۇ ئاشمايتتىم. غوجەخمەتنىڭ دېيىشىچە ئۇ ماڭا

ئاشىقكەن. ئۇ مېنى بوش قويمايدۇ. ئۇ يۈسۈپ بەگنىڭ ئەتىۋارلىق ئوغلى، دادىسىغا شۇنداق بىر دەيدىغان بولسا، يۈسۈپ بەگ مېنى شۇ زامىتىلا بۇلاپ كېتىدۇ. ئەنسىرەپلا تۇرىمەن. ئاھ، مەن نېمىدىگەن شور پېشانە! سەندىن جۇدا بولۇپ، سەمەندەرگە تەگسەم، ئەمدى سەمەندەردىن جۇدا بولۇپ، غوجەخمەتكە تەگسەم... ئەي ئۇلۇغ پەرۋاردىگارىم، مەتسالىنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلا، ئۇنىڭ بىلەن پات - پات دىدارلىشىپ تۇرۇشنى نېسىپ ئەت...ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىغا نۇسرەت ئاتا قىل!...»

مۇھەببەتلىك خىياللىرىڭ، مۇھەببەتلىك ئىلتىجالىرىڭ شامال بىلەن ئۇچۇپ كەتتى، خۇددى ئەخلەت - چاۋارلاردەك. خىياللىرىڭ ئۇچۇپ-ئۇچۇپ بېرىپ، مەتسالىنىڭ قولىقى ئارقىلىق ئوتلۇق قەلبىگە ئۇيسۇپ كىرەمدىكىن؟ ئىلتىجالىرىڭ ئەرشكە ھېرىپ قالماي چىقىپ، تەڭرىنى تەسىرلەندۈرەلىدىمىكىن؟

شامال ياخشى بولغاچقا بۇغدايلىرىڭنى بىردەمدىلا ئۇگۇت ئېتىپ بولدۇڭ. ئادالانغان بۇغدايلىرىڭنى خالتىغا ئېلىشقا باشلىۋىدىڭ، «گۈدۈ-گۈدۈڭ» قىلغان ئاۋاز قولىقىڭغا كىرىپ قالدى. بېشىڭنى كۆتۈردۈڭ. بىر توپ چېرىكلەر ئۆيۈڭنىڭ ئالدىدىنلا ئۆتىدىغان مەھەللە يولىنىڭ دوقمۇشىدىن چىقىپ كەلدى. ئۇلارغا- ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىرىگە ناھايىتى چاققانلىق بىلەن كۆزۈڭ چۈشتى، كۆزۈڭ چۈشتىيۇ، يۈرىكىڭ قارتتىدە قىلىپ، دۈكۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. بىرقولۇڭ خالتىنىڭ ئاغزىنى ئاچقان، بىر قولۇڭ بۇغداينى تۇرتكەن ھالدا قېتىپلا قالدى. ئۇلار ساڭا يېقىنلاپ كەلدى. خالتىنى قويىۋەتتىڭ.

مەتسالى شۇمىدۇ؟

سەن ئۇلىنىڭ مەتسالى بولۇپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلاتتىڭ، چەكسىز ئۈمىد قىلاتتىڭ.

كىيىمى ئوخشىغىنى بىلەن، مەتسالى ئەمەس ھەي!

سەن ئۆزۈڭگە شۇنداق تەسەللى بەردىڭ، شۇنداق دەپ ئۆزۈڭنى

ئالداشقا ئۇرۇندۇڭ. ھەتتا ئۇنىڭ مەتسالى ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈرۈپ بولۇپمۇ، يەنە ئۆزۈڭنى ئالداۋاتاتتىڭ.

بۇ تولىمۇ ئەخمىقانە ئالداش ئىدى؛ بۇ تولىمۇ ئۇلۇغۋارانە ئالداش ئىدى! چۈنكى، بۇ ئالداشقا پۈتمەس - تۈگىمەس ئارزۇ - ئىستەك چىرمىشىپ كەتكەنىدى؛ بۇ ئالداشقا پۈتمەس - تۈگىمەس ھايات تەشنالىقى گىرەلىشىپ كەتكەنىدى؛ بۇ ئالداشقا پۈتمەس -تۈگىمەس سۆيگۈ - مۇھەببەت سىڭىپ كەتكەنىدى!

«ئاھ، خۇدا، ئۇنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلا!...»

يۈرىكىڭنىڭ قات - قېتىدىن ئۇرغۇپ چىققان بۇ نىدايىڭ كەچ كۈز شامىلىدا پىرقىراپ - پىرقىراپ ئۇچۇپ كەتتى، خۇددى بايىقى ئەخلەت-چاۋارلاردەك.

ئۇلار تېخىمۇ يىقىنلاپ كەلدى. مەتسالى- ئوتلۇق ناخشىلىرى، غۇبارسىز سۆيگۈ - مۇھەببىتى ئارقىلىق ھاياتىڭغا يېڭىدىن -يېڭى مەزمۇن قوشقان، ۋۇجۇدۇڭغا جۇشقۇن روھ بەخش ئەتكەن. سۆيۈملۈك ئاشىقىڭ بىر توپ چېرىكنىڭ ئوتتۇرىدا كېلىۋاتاتتى. يەنە ئىككى ھەمراھىمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ قوللىرى مەھكەم باغلانغان، بىرى ئازراق ئاقساپ قالغانىدى. يەنە بىرى ئەللىك ياشلارغا كىرىپ قالغان كىشى بولۇپ، مۈكچىيىپلا قالغانىدى، خۇددى دوك ئادەمدەك. مەتسالىنىڭ بولسا پىشانىسىدىن قان تەپچىرەپ تۇراتتى. بۇنى كۆرۈپ تېنىڭ سىرقىراپ، يۈرىكىڭ ئېچىشىپ، قان سىرغىپ چىقتى.

«بىچارە!»

سەن ئاستا ئورنۇڭدىن تۇردۇڭ. ئۇ ئۇدۇلۇڭغا كەلگەندە، بۇرۇلۇپ ساڭا قارىدى؛ مۇھەببەت بىلەن قارىدى؛ سۆيگۈ تەشنالىقى بىلەن قارىدى! ئېچىشىپ تۇرغان يۈرىكىڭ پىژىدە كۆيۈپ، ۋۇجۇدۇڭغا شىرىن بىر تىترەك تويپى يامرىدى. باغرىڭ، پۈتكۈل ۋۇجۇدۇڭ ئۇنىڭغا تەلپۈندى، ئىنتىلىپ-ئىنتىلىپ توختاپ قالدىڭ. ئۆزۈڭنىڭ سەمەندەرنىڭ نىكاھلىق

خوتۇنى ئىكەنلىكىگنى ئۇنتۇپ، ئېتىلىپ بارغۇلۇق، بىرىپلا ئۇنى باغرىغا باسقۇلۇق، قان بىلەن زىننەتلەنگەن لەۋلىرىگە سۆيگۈلۈك، چوگقۇر-چوگقۇر مۇھەببەت بىلەن ئەسەبىيلەرچە سۆيۈۋالغۇلۇق كەلدى!...

مەتسالى غالىبانە تەبەسسۇمى ئارقىلىق سەن بىلەن خوشلاشتى؛ ئۇ چەكسىز سۆيگۈ-مۇھەببەت بىلەن يۇغۇرۇلغان غەيۇرانە تەبەسسۇمى ئارقىلىق سەن بىلەن ۋىدالاشتى؛ ئاخىرقى قېتىم قايرىلىپ قاراپ، ئاشىقانە تەبەسسۇمى ئارقىلىق ساڭا بەخت تىلىدى!... سەن ئۇنىڭ تەبەسسۇمزارىغا مەستخۇشلىنىپ يىقىلدىڭ. مەستخۇشلۇق ئىلكىدە ئازابلىق زارلاندىڭ، ئازابلىق تولغاندىڭ. تولغىنىپ-تولغىنىپ نىدا قىلدىڭ: «شەپقەتلىك خۇدا، مەتسالىنى-ئاشۇ يۈرەك پارەمنى، شېرىن جېنىمنى بەخت-تەلىيىمنى، بارلىقىم ۋەسلىمنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغىن!...»

كۆز ياشلىرىڭ تاراملاپ تۆكۈلەتتى، ۋۇجۇدۇڭ كەچ كۈز شامىلى سوققان گۈل بەرگىلىرىدەك تىترەپ سىرقىرايتتى.

ئۇلار ئۇزاپ كەتتى. سەن ئۆگۈتلىرىڭنى خالتىغا ئالدىراپلا ئالدىڭ-دە، ھويلاڭغا ئەكىرىپ، سۇپىنىڭ لېۋىگىلا قويدۇڭ. توخۇلار چوقۇلاپ تېشۈۋەتمىسۇن، دەپ كىگىز بىلەن يۆگەپ قويدۇڭ.

ئۇلار قانداق بولۇپ قولغا چۈشۈپ قالغاندۇ ؟ ئۇلارنى نەگە ئاپىرىدىغاندۇ؟ ئېتىۋېتەرمۇ؟ چوقۇم ئېتىۋېتىدۇ !...

بۇ مۇدھىش خىياللىرىڭنى زەربىسىدىن ئۇستىخانلىرىڭ قاراسلاپ، بوشىشىپلا كەتتى. ياشلىرىڭ ئاۋۇپ، كۆز ئالدىڭ قاراڭغۇلاشتى. تېخى بىر ھەپتە بۇرۇن بەش نەپەر يىگىت خانىقا ئالدىدا يۇرت-جامائەتنىڭ كۆزىچىلا ئېتىپ ئۆلتۈرگەنىدى. بۇگۈن...

- ۋاي نېمە بولدى، بالام؟

قېينانىڭ ئۆيدىن چىقىپلا شۇنداق دېدى. سەن ياشلىرىڭنى سۈرتىۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمىدىڭ.

- نېمىگە يىغلايسىز ؟ دەگەە ، نېمە بولدى زادى؟

قېيىناناڭ يېرىك ئالقانلىرى بىلەن ياشلىرىڭنى سۈرتتى.

- ئانام... يۇ... يۈسۈپ بەگنىڭ ئۆيىدە... تونۇر بېشىدا... بېشى قېيىپ، يىقىلىپ چۈشۈپتىمىش.

سەن دۇدۇقلاپ تۇرۇپ يالغان گەپ قىلدىڭ. قېيىناناڭ ئىشىنىپلا قالدى. چۈنكى، ئاناڭنىڭ بېشى قېيىپ يىقىلىپ چۈشىشى تۇنجى قېتىملىق ئىش ئەمەس ئىدى. پۇرسەتنى قولدىن بەرگۈڭ كەلمىدى:

- بېرىپ كېلەيمىكى.

- ماقۇل بېرىپ كېلىڭ، قىزىم. مىجەزى پىشكى ياخشىلانسا، كەچتە يېنىپ كېلىڭ. بولمىسا ئەتە ئەتىگەندە كېلەرسىز.

سەن يۈز - قولۇڭنى پاك - پاكىز يۇيۇدۇڭ-دە، يۈسۈپ بەگنىڭ ھويلىسىغا قاراپ ماڭدىڭ. چۈنكى ئاناڭ يۈسۈپ بەگكە كۆنۈلۈك ئىشلەيتتى- ئۇنىڭ ئىشلەمچىلىرىگە كۆنلۈك نان ياقاتتى. تاماق ئېتەتتى. داداڭ بولسا، بىر يىل بۇرۇن چېرىكلىككە تۇتۇپ كېتىلگەن بولۇپ، ھازىرغىچە ھېچبىر خەت - خەۋىرى يوق ئىدى.

ئۆتكەندىكى يىگىتلەرنىمۇ يۈسۈپ بەگنىڭ ئۆيىگە سولاپ قويۇپتىكەنمىش، بۇلارنىمۇ ھەرقاچان شۇ يەرگە ئاپىرىدۇ...

سەن شۇ خىيال، شۇ ئۈمىد بىلەن يۈسۈپ بەگنىڭ قورۇسىغا كىرىپ كەلدىڭ. ئاناڭ ھويلىنىڭ سول تەرىپىدىكى چەللە ئاستىدا تونۇرغا نان يېقىۋاتاتتى. ئۇ سېنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

ئاناڭنىڭ ئاق سېرىق يۈزى ئوت تەپتىدە قىپقىزىل قىزىرىپ كەتكەنىدى.

- نېمىشقا كەلدىڭ؟ - دەپ سورىدى ئاناڭ قوپاللىق بىلەن. چۈنكى، سەن ئادەتتە ئاناڭنى ئىزدەپ بۇ ھويلىغا كەلمەيتتىڭ. بولۇپمۇ غوجەخمەت ساڭا تەلەپ قويغاندىن بېرى كېلەي دېسەڭمۇ، ئاناڭ ھەرگىز قويمايتتى.

- ھېچ...ھېچنېمىشقا...كەلدىم مۇنداق.... بېشى قېيىپ، يىقىلىپ

چۈشۈپتۇ دەيدۇ، شۇڭا بېرىپ باقاي دەپ...

سەن تونۇر بېشىغا چىقىپ نان راسلاشقا باشلىدىڭ. ئاناڭ نان ياققاچ سورىدى:

- بىر يېرىڭ ئاغرىمىدۇ قىزىم ؟

- ياق... قانداق؟

- چىرايىڭ تاتىرىپلا كېتىپتۇيا؟

- تاڭ خېنىم.

گەرچە سەن ئاناڭغا گەپ قىلىۋاتساڭمۇ، كۆزۈڭ، قولىقىڭ ھويلىدا ئىدى.

نانلار يېقىلىپ بولۇشىغىلا، ئاناڭ سېنى ئۆيگە كېتىشكە ھەيدىگىلى تۇردى:

- ماڭ قىزىم، سەن كەت.

- بىللە كېتەيلى ئەمدى.

مېنىڭ ئىشىم تۈگىمىدى تېخى. ماڭ، سەن كېتىپ، قازان ئاسقاچ تۇرغىن.

- بىردەم قېشىڭدا تۇرغىلى قويى، خېنىم. ئەمدى كېلىپ بولغۇچە خۇددى. ھەيدىمىسەڭمۇ كېتىمەن ھازىر!

سەن دوق قىلغاچ زورۇقۇپ كۈلۈمسىرىدىڭ، زورۇقۇپ ئەركىلىدىڭ، بىراق ئەركىلەشلىرىڭ كارغا كەلمىدى.

- بىر تىللايمەن بىكارا! - دېدى ئاناڭ پەس ئاۋازدا سېنى كۆزى بىلەن دۈمبالاپ، - غەرەز ئۇقمايدىغان! ھويلىدا چېرىكلەر بار. ھوي قىلىن، چېرىكلەرگە خوتۇن بولغۇڭ بارمۇيا؟!...

ئاناڭنىڭ ئەنسىرەشلىرى ئورۇنسىز ئەمەس ئىدى، ئۇ سەندىن ئەنسىرەۋاتاتتى. قىز بالىۋاقىنى ساق-سالامەت، ئامان ئېسەن ساقلاش خۇددى ئالتۇن-كۈمۈشنى ساقلاشتىنمۇ قىيىن بولۇۋاتقاندەك بۇنداق ئەنسىز يىللاردا سەندەك ئاھۇ كۆزلۈك پەرىدىن ئەنسىرىمەي بولامدۇ؟

ھە، ئۇلار مۇشۇ يەردىكەن-دە.

سەن شۇنداق شۇرلاپ، يۈرىكىڭنى ھويلىدا تاشلاپ قويۇپ چوڭقۇر ھويلا - ئاناڭنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدىڭ.

يىگىتلەرنى قەيەرگە سولاپ قويغاندۇ؟ ئۆتكەنكى يىگىتلەرنىڭ قازناقتا سولاپ قويپتۇ، دەيتتى ئانام. بۇلارنى...

سەن جىنچىراغنىڭ سۇس يورۇقىدا ئېڭىكىڭنى يۆلەپ، تەشۇىشلىك خىياللارنى سۈرىۋاتقاندا، ئاناڭ قايتىپ كەلدى. ئۇ كېلىپلا ئۆزىنى سۇپىغا تاشلىدى. ئېغىر - ئېغىر ھاسراشلىرىدىن ئۇنىڭ بەك ھېرىپ كەتكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. سەن ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، ئاناڭغا ئاش ئەكەلدىڭ. ئاناڭ ئاشنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن:

- چېرىكلەر ئۈچ يىگىتنى تۇتىۋاپتۇ، - دەپ ئۆزى ئېغىز ئېچىپ قالدى. ئەگەر ئاناڭ بىر دەم ئېغىز ئاچمىغان بولسا، ئۆزۈڭ بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچماقچىدىڭ.

- ھە، مەنمۇ ئاڭلىدىم، خەقلەر شۇنداق دەيدۇ.

- ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مەتتوختاخۇننىڭ بالىسىمۇ بار ئىكەن.

- قايسى مەتتوختاخۇننىڭ؟

- تۆگمەنچى مەتتوختاخۇننىڭ.

سەن ھېچنېمىنى ئۇقمىغان بولۇۋېلىپ سوراۋەردىڭ:

- قايسى بالىسى؟

- مەتسالى دېگەن بالىسىچۇ.

- ھە!؟ - سەن تولىمۇ ھەيران قالغان بولدۇڭ،- ياقەي...

راست شۇ، بىچارە !

ئاناڭ ئۇھسىنىپ قويدى. يۈرىكىڭ شۇررىدە ئاغقاندەك قىلىپ قالدى.

سەن يەنە ئەتەي سورىدىڭ:

- ئۇلارنى ئۆجمىگە ئېسىپ قويۇپتۇ دەيدۇيا، ئانا؟

بۇ گېپىڭ قىپقىزىل يالغان ئىدى.

-ياق، قازناققا سولاپ قويۇپتۇ.
سېنىڭ بىلمەكچى بولغىنىڭمۇ دەل مۇشۇ ئىدى.
- پەنجىرىدىن ئىككى نان تاشلاپ بەردىم ئۇ بىچارىلەرگە.
ئاناڭنىڭ ھىممىتىدىن چەكسىز سۆيۈندۈك.
- ئەتە جامائەتنىڭ ئالدىدا ئاتىدىغان ئوخشايدۇ...
ئاناڭ ھەسرەتلىك ئۇلۇغ-كىچىك تىندى.

يۈرىكىڭ ئاۋۋال قارتتىدە قىلىپ، ئاندىن پىژىلداپ ئېچىشىپ ئاغرىپ كەتتى. خۇددى پىچاق بىلەن تىلغاندەك. تولغاندىڭ. تومۇر-تومۇرلىرىڭدا مۇزدەك بىر سوغوق ئېقىم كۆۋەرەشكە باشلىدى. ھېس-تۇيغۇلىرىڭ شۇ قەدەر قىرتاقلىشىپ كەتتى، گوياكى زەھەردەك. پۈتكۈل ۋۇجۇدۇڭدىن يىغا قايناپ چىقىپ، كۆزلىرىڭ قاتمۇقات ياش پەردىلىرى بىلەن توسۇلۇپ قالدى. مىششىدە يىغلىۋېتىشتىن قورقۇپ، سىرىتقا چىقىپ كەتتىڭ. ئۇجمە تۈۋىگە كېلىپ بۇقۇلداپ يىغلىدىڭ. يىغانلىق، ھەسرەتلىك كۆز يېشىڭ يۈرىكىڭدىن چىقىپ، يەنە يۈرىكىڭگە ئاقاتتى. كۆك قاپقارا نەشتەردەك سانجىلىپ، يۈز - كۆزۈڭنى ئېچىشتۇراتتى، گوياكى يۈرىكىڭدەكلا. يامغۇر ھازىرلا يېغىۋېتىدىغاندەكلا قىلاتتى، مىسالى كۆز يېشىڭدەك.

قاتتىق ھېرىپ - چارچاپ كەتكەن ئاناڭ بىردەمدىلا ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. سەن ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنىڭ راسا ۋايىغا يېتىشىنى كۈتۈپ جىممىدە ياتاتتىڭ. ئۆگزىگە يامغۇر تورۇۋكلاپ چۈشۈشكە باشلىدى. خۇددى يۈرىكىڭگە تۆكۈلگەن كۆز ياشلىرىڭدەك. بوران گۈركىرەيتتى، گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەيتتى...

پەيت يېتىپ كەلگەنىدى. سەن ئاستا ئورنۇڭدىن تۇردۇڭ. پۇتۇڭنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، ناھايىتى بوش تىنىپ بېرىپ، ئىشىكنى ئاچتىڭ. سەن ئاناڭ كېلىشتىن بۇرۇنلا ئىشىكنىڭ ئۇلگۇجەكلىرىنى ياغلاپ قويغانىدىڭ. شۇنىڭغا يارىشا ئىشىك غىچىرلىمىدى. سەن ئالدىن تەييارلاپ قويغان

ئايپالتاڭنى ئېلىپ هويلاڭدىن چىقتىڭ.

يامغۇر شارقىراپ ياغاتتى... چاقماق چاقاتتى... گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەيتتى... ئەتراپ قارا سىياھتەك قارايغان، ھەتتا ئالقىنىڭنى كۆزۈڭگە يېقىنلاشتۇرساڭمۇ كۆرەلمەيتتىڭ. ھەر بىر چاقماق چېقىلغاندا ئەتراپ ۋاللىدە يورۇيتتى. سەن شۇ يورۇقلۇقتىن پايدىلىنىپ، يولنى غىل-پاللا ئىلغا قىلۋالاتتىڭ. يول پاتقاق - تېيىلغاق بولۇپ كەتكەچكە، پات - پات تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشەتتىڭ. كىيىم -كېچەكلىرىڭ، پۇت - قوللىرىڭ ھۆل، لاي - لاتقا بولۇپ كەتكەنىدى. قەلبىڭدە ئاجىزانە بىر ئۈمىد بىر يورۇپ، بىر ئۆچۈپ تۇراتتى، خۇددى چاقماققا ئوخشاش.

سەن يۈسۈپ بەگنىڭ بېغىنىڭ سۆڭگۈچىدىن تولغىنىپ- سوزۇلۇپ باغقا كىردىڭ، خۇددى يىلاندەك. يامغۇر شارقىراپ ياغاتتى... چاقماق چاقاتتى... گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەيتتى... زېمىن جىغىلدايتتى... يامغۇرلۇق بۇ كېچە شۇنداق قورقۇنچلۇق ئىدى. گوياكى قىيامەتتەك!

گۈلدۈرمامىلىق بۇ كېچە شۇنداق قەدىرلىك ئىدى، خۇددى شۇبىقەدىرى كېچىسىدەك!

«ئاھ، خۇدا، رەھمەت ساڭا! رەھمەت يامغۇرلىرىڭغا! رەھمەت چاقماقلىرىڭغا! رەھمەت گۈلدۈرمامىلىرىڭغا!»

قەلبىڭدىن رەھمەت - تەشەككۈر تورۇكلاپ تۆكۈلەتتى، خۇددى يامغۇردەك.

«ماڭا بۇ ياخشى پۇرسەتنى يارىتىپ بەرگەن ئۇلۇغ تەڭرىم، ئەمدى ھىممەت، نۇسرەتمۇ ئاتا قىلغايسەن!»

سەن قازناقنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ، ئەتراپنى ئوبدان كۆزەتتىڭ. ئەمەلىيەتتە بۇنى كۆزىتىش دېگىلىمۇ بولمايتتى. چۈنكى، كۆزەتكىنىڭ بىلەن ھېچنىمىنى كۆرەلمەيتتىڭ.

بۇنداق يامغۇردا قانداق تۇرالايتتى ئۇ مۇناپىقلار...

سەن شۇنداق ئويلىغاچ دۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقان يۈرىكىڭنىڭ ئىزنىغا

چۈشۈشىنى كۈتۈپ، بىردەم جىممىدە تۇرۇۋالدىك. يامغۇر سۈيى چاچلىرىڭدىن سىرغىپ، يۈزۈڭ بويلاپ ئاقاتتى. گەدەنلىرىڭدىن سىرغىغانلىرى ئىسسىق بەدىنىڭدە خۇددى قۇرتەك ئۆمىلەپ، سېنى ئەندىكتۈرەتتى.

«ئەمدى باشلاي... قادىر ئىگەم، ماڭا مەدەت بەر، چېرىكلەرگە شېرىن ئۇيقۇ نىسىپ قىل!»

سەن ئايپالتا بىلەن تامنى تېشىشكە باشلىدىڭ. ئايپالتاڭنىڭ ھەربىر تاۋۇشلىرىنى گۈلدۈرماما يۇتۇپ كېتەتتى. ئاسمان خۇددى كۆكۈم- تالقان بولۇپ، يەرگە قۇم كەبى تۆكۈلدىغاندەك سەت، ۋەھىملىك گۈلدۈرلەپ، ئادەمگە گويا زېمىن كرووران شەھىرىگە ئوخشاش قۇم ئاستىدا قېلىۋاتقان تۇيغۇ بېرىپ، يۈرەكلەرنى خۇددى زېمىنغا ئوخشاش جىغىلدىتاتتى...

سەن بار كۈچۈڭنى يىغىپ تامنى تېشەتتىڭ. تام شۇنداق قاتتىق ئىدى، خۇددى ئۇيۇپ كەتكەن سېمونت لايدەك. ئەتراپ پات - پات ۋال-ۋۇل قىلىپ يورۇپ، تامنىڭ تېشىلىپ ئازلا قالغانلىقىنى كۆرسىتىپ، سېنى ئۈمىدلەندۈرەتتى، ئالدىرىتاتتى، ۋۇجۇدۇڭغا كۈچ بېغىشلايتتى...

تامنى ئاخىر تېشىپ بولدۇڭ، ناھايىتى مۇشەققەتتە مۇشتۇمچىلىك تۆشۈك ئاچتىڭ. سەن «ئۇلار مۇشۇ ئۆيدە بارمۇ -يوقمۇ؟» دېگەن گۇمان بىلەن ئېغىزىڭنى تۆشۈككە يېقىن ئەكىلىپ شىۋىرلىدىڭ :

- مەتسالى؟

شۇ ھامانلا مەتسالىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

- ھە...

- سەن بارمۇيا؟

- بار، بار!

يۈرىكىڭ شادىيانە كۈي بىلەن ئويناقشىدى. شادلىقلىرىڭ كۈچ-قۇۋۋەتكە ئايلاندى. قوللىرىڭنىڭ تىلىپ، ئالقانلىرىڭنىڭ قاپىرىپ، تېشىلىپ كەتكەنلىكىنىمۇ سەزمەي، كامارنى يوغىنىتىۋەردىڭ.

- قېنى، تېز چىقىڭلار!

يەنە مەتساللىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

- سەن كىرگىن، بىز تۇۋرۇككە باغلاقلىق.

«ما رەھىمسىز مەلئۇنلارنى كۆرۈڭ!»

سەن كامارنىڭ سوزۇلۇپ-تولغىنىپ قازناققا كىردىڭ.

- قېنى سىلەر؟

- مانا... بۇيەردە.

سەن تامنى سىيپاشتۇرۇپ، تىمسقلاپ يۈرۈپ، ئۇلارنى تەستە تاپتىڭ. ئۇلار بىر - بىرىگە كەينىچە قىلىنىپ، چەمبەرچاس باغلىۋېتىلگەنىدى. سەن ئايپالتا بىلەن ئارغامچىنى كېسىپ، ئۇلارنى بوشاتتىڭ.

- رەھمەت ساڭا!

- رەھمەت سىزگە قىزىم!

-...

ئۇلار ساڭا بىر ئېغىزدىن رەھمەت ئېيتىشتى. سىلەر كامارنىڭ ئاغزىغا كەلدىڭلار.

- ئاۋال مەن چىقاي، -دېدى پىشقەدەم كىشى.

ئۇ چىقىپ كېتىپ بىردەمدىن كېيىن شۇئىرلىدى:

- قېنى، چاپسان چىقىڭلار.

ئۇلارنىڭ مەسلىھەتى - بۇيرۇقى بويىچە ئاخىرقى نۆۋەت ساڭا كەلدى. سەن كامارغا ئەمدىلا بېشىڭنى تىقىشىڭغا تۇيۇقسىز «قىمىرلاشما!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. يۈرىكىڭ قارتتىدە قىلىپ، يەنە دۈپۈلدەشنى باشلىۋەتتى. سەن كەينىڭگە يېنىپ ئولتۇرۇپلا قالدىڭ. پۈت - قولۇڭدا جان دىدارى قالمىغانىدى، سەن قەۋەتلا قورقۇپ كەتكەنىدىڭ. جاھاندا قورقمايدىغان ئادەم بولمايدۇ. لېكىن، قورقۇشتىن كېيىنلا ئۆز ئەسلىگە كېلەلەيدىغانلارمۇ، كېلەلمەيدىغانلارمۇ بولىدۇ.

پەقەت ۋە پەقەت قورقۇشتىن كېيىن تولۇق ئەسلىگە كېلەلەيدىغانلارلا ھەقىقىي ئادەم. قەھرىمانمۇ پەقەت ۋە پەقەت شۇنداقلارنىڭ ئىچىدىن چىقىدۇ.

سەنمۇ ئەسلىڭگە كېلەلەرسەنمىكىن؟

«ھەي، تۇتۇلۇپ قالدۇق!... تۆگەشتۇق! مەيلى، مەتسالى بىلەن بىللە ئۆلۈش ئۆلۈمنى كۆرۈشتىن مىڭ ئەۋزەل!»

يۈرىكىڭ ئورنىغا چۈشۈپ، پۇت-قولىڭغا قايتا ماغدۇر كىرىۋاتقاندا، سىرتتا بىر نەرسە «ۋاققىدە» قىلىپ قالدى. كىمدۇر بىرى «ۋايجان»دەپ ئىڭراپ، «گۈپپىدە»يىقىلغاندەك قىلدى. ئارقىدىنلا «پاكىڭدە»قىلغان ئوق ئاۋازى گۈلدۈرمامىغا قوشۇلۇپ كەتتى. سەن ھەيران قېلىۋەردىڭ، مەتسالىنىڭ بۇيرۇقى كامارىدىن بۆسۈپ كىردى:

- زۇمرەت، تېز چىق!

سەن كامارىدىن ئوقيىلاندەك ئېتىلىپ چىقىپ، ئەمدىلا ئۆرە بولۇشۇڭغا، «ئىتتىك قېچىڭلار!» دېگەن بۇيرۇق ۋۇجۇدۇڭنى قاراسلىتىپ، نېرۋىلىرىڭنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتى. شۇڭا، سەن گاڭگىرىغىنىڭدىن جايىڭغا مىخلىنىپلا قالدىڭ. چۈنكى، سېنىڭ ئاڭلىغىنىڭ ئاناڭنىڭ بۇيرۇقى ئىدى.

سەن ئاناڭنىڭ كەينىڭدىن ئىز بېسىپ كەلگەنلىكىنى، سەن تامنى تېشىۋاتقاندا، ئۆرۈكنىڭ دالدىسىدا ئەتراپنى كۆزىتىپ تۇرغانلىقىنى ئۇقمايتتىڭ؛ بىر چېرىك ئاستا كېلىپ، مەتسالى قاتارلىق ئۈچ يىگىتكە قورال تەڭلەپ، ئۇلارنى قىمىرلىيالماس ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغانلىقىنى ئۇقمايتتىڭ؛ ئاناڭ پۇتىنىڭ ئۇچىدا ئاستا دەسسەپ كېلىپ، چېرىكنىڭ بېشىغا كالتەك بىلەن بىرنى قويۇپ يىقىتىۋەتكەنلىكىنى، چېرىك جان ئاچچىقىدا كۆجۈكنى بېسىۋەتكەنلىكىنى ئۇقمايتتىڭ.

شۇڭا، سەن بۇ مۆجىزىلەردىن ھەيران قېلىپ، ھەرىكەتسىز، خىيال - تەپەككۇرسىز قېتىپلا قالغانىدىڭ.

- زۇمرەت، ئىلدام ماڭ!

ھېلىقى چالا ئۆلۈك چېرىكنىڭ پوكىنىغا دەسسەپ تۇرغان مەتسالى شۇنداق دېدى.

لېكىن سەن قىمىرلىمىدىڭ. پەقەت مەتسالى كېلىپ بىلىكىڭدىن تۇتقاندىلا، ئاندىن ئېسىڭنى يىغدىڭ.

«ئانام...ئانام قېنى؟»

- ئانا؟!...

بوشقىنە تولغاندىڭ، سادا كەلمىدى. چۈنكى، ئاناڭ تۈن قوينىدا غايىب بولدى، خۇددى پەرىشتىدەكلا.

چېرىكلەر ئويغىنىپ كېتىشكەنىدى. ئۇلارنىڭ كالدۇر ـ كۇلدۇرلىرى، قالايمىقان ۋارقىراشلىرى يامغۇر بىلەن بىللە تۆكۈلۈشكە باشلىغانىدى.

سەن ئاناڭنىڭ كەينىدىن ئەگىشىۋېلىپ، مەتسالى تۇتىۋالدى.

- بىز بىلەن قاچ، چېرىكلەر سېنى قوغلايمىز دەپ، ئاناڭنىمۇ تۇتىۋالدۇ.

ئۇنىڭ دېگىنى راست ئىدى. ئەگەر ئاناڭغا تارتىشىپ، ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىدىغان بولساڭ، شەكسىزكى، ھەر ئىككىڭلار تۇتۇلۇپ...

- ماڭ بىز بىلەن بىللە قاچ، يەنە قايتىپ كېلىسەن.

كۆڭلۈڭدىن شۇنداق ئويلار لىپىلداپ ئۆتۈشكە باشلىدى: سەن مەتسالىنى شۇنداق سېغىنغاندىڭغۇ؟ ئۇنىڭدىن تېزرەك كېلىپ، ئۆزۈڭنى جەڭگە ئەكىتىشنى، بىللە جەڭ قىلىشنى غايىبانە ئۆتۈنگەنىدىڭغۇ؟ ئۇنىڭ قۇچىقىدا جان ئۈزۈشكە رازى بولغانىدىڭغۇ؟ مەتسالى دېگەن ئاشۇ شۇ، ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن بىللە قاچماي، نېمىگە تېپىشىپ تۇرىسەن؟

قەلبىڭدىكى بۇ سوئاللىق سادا سېنى ئويغاتتى، سېنى قەتئىي نىيەتكە كەلتۈردى: ئۇلارغا ئەگىشىپ قاچتىڭ.

- ئوق ئېتىپ قوي! ئۇلار بىزگە ئەگەشسۇن،- دېدى پېشقەدەم كىشى.

ھېلىقى چېرىكنىڭ مىلتىقىنى ئېلىۋالغان ياش يىگىت دۈشمەنلەرگە

قارىتىپ ئىككى پاي ئوق ئېتىپ قويىدى. شۇنىڭ بىلەن چېرىكلەرنىڭ ھەممىسى سىلەرنىڭ ئارقاڭلاردىن قوغلاشقا باشلىدى.

سىلەر يىقىلىپ - قوپۇپ قاچاتتىڭلار. دۈشمەنلەر تاپ بېسىپ قوغلاپ كېلىۋاتاتتى. مەتسالى قولۇڭدىن چىڭگىدە تۇتۇۋالغانىدى. يىقىلساڭ يۆلەيتتى، ئارقىدا قالساڭ سۆرەيتتى. ئوقلار باش ئۈستۈڭلاردىن، يان - بىلىڭلاردىن ۋىژىلداپ ئۇچۇپ ئۆتۈپ كېتەتتى. ئوق ئاۋازلىرىنى، ئېغىر - ئېغىر ھاسىراشلىرىڭنى گۈلدۈرماما يۇتۇپ كېتەتتى. چاقماق مەنزىلىڭلارنى پات - پات يورۇتۇپ بېرەتتى. سەن ھالسىراپ بولالمايۋاتاتتىڭ.

پېشقەدەم كىشىنىڭ بۇيرۇقى ئاڭلاندى:

- بۆلۈنــۈپ قاچــايلى!... ئەتە ســەھەردە گىــرىڭلا جىلغىســىدا ئۇچرىشىمىز!

ھازىر شۇنداق قىلماي بولمايتتى.

ئىككى يىگىت دەريا كېچىپ تارس تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. مەتسالى بىلەن سەن يۇلغۇنلۇقلارنى ئارىلاپ گىرىڭلا جىلغىسى تەرەپكە قاچتىڭلار. سىلەر قېچىپ - قېچىپ بىردەمدىلا گىرىڭلا جىلغىسىنىڭ ئاغزىغا - «يەتتە قىز ئەۋلىيا مازىرى» نىڭ ئاستىغا يېتىپ كەلدىڭلار.

- مەت...مەتسالى...توخ...توختا،- دېدىڭ سەن تىرەجەپ توختاپ، ئاران - ئاران نەپەس ئېلىپ، -بىردەم... بىردەم ھاردۇق ئاللى، مەن...مەن ماڭالمىدىم...

سىلەر بىر توپ يۇلغۇننىڭ دالدىسىدا ئولتۇردۇڭلار. يامغۇر شارقىراپ ياغاتتى. يۇلغۇن سىلەرنى يوشۇرۇپ قالالىغىنى بىلەن، يامغۇرغا دالدا بولالمايتتى.

شۇ چاغدىمۇ -بۇددىزىم دەۋرىدە بۇددىستلار يەتتە مۇسۇلمان قىزنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قوغلىغانىكەن. يەتتە قىز قاچار - قاچار مۇشۇ جىلغىنىڭ ئاغزىدىكى تىك تەرىپى شەرققە قارايدىغان، ئاستىدا چوپان دەرياسى ئۆركەشلەپ ئېقىپ تۇرىدىغان مۇشۇ تاغنىڭ يانتۇ تەرىپىدىن

ئۇستىگە چىقىپتۇ-دە، ئۆزلىرىنى چوپان دەرياسىغا ئاتماقچى بولۇشۇپتۇ. دەل شۇ چاغدا غايىبتىن «كىرىڭلار!» دېگەن بىر جەلىپكار خىتاب ئاڭلىنىپتۇ. يەتتە قىز قارىغۇدەك بولسا،تاغ يېرىلىپ، ئۆزلىرىگە باغرىنى ئېچىپ تۇرغۇدەك. يەتتە قىز تاغنىڭ يېرىقىغا كىرىپ كېتىپتۇ، تاغ يەنە يىملىشىپ قاپتۇ. بۇددىستلار كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، يەتتە قىزنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ، پەقەت تاغنىڭ يېرىقىغا بىر قىزنىڭ چېچىنىڭ قىسلىپ قالغانلىقى كۆرۈنۈپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ تاغ «يەتتە قىز ئەۋلىيا مازىرى» دەپ شۆھرەتلىنىپتۇ. جىلغىنىڭ نامىمۇ «گىرىڭلار جىلغىسى» دەپ ئاتىلىپتۇ. ئەمما، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «كىرىڭلار» دېگەن سۆز «گىرىڭلا» غا ئۆزگىرىپ قاپتۇ.

چوپانلىقلارغا ياد بولۇپ كەتكەن بۇ رىۋايەت خىيالىڭدىن لىپلا قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى، كۆڭلۈڭدە شىۋىرلاپ قويدۇڭ: «تاغ يېرىلسا، مەتسالى بىلەن بىللە كىرىپلا كەتسەك، مەڭگۈ قايتىپ چىقمىساق!...»

ئەپسۇسكى بۇ تاغ يەتتە قىزنى باغرىغا ئالغىنى بىلەن، سىلەرنى ئالالمايتتى. شۇڭا، سەن:

- مەتسالى، مەن... مەن ئۆيگە كېتەي، سەن ئۆيۈڭگە بارساڭ بولمايدۇ. شۇڭا، مۇشۇ يەردە... تونۇش بىر كىمنىڭكىدە...- دېۋىدىڭ، مەتسالى ئېتىراز بىلدۈردى:

- ياق، بولمايدۇ!

- نېمىشقا؟

بىرىنچىدىن، دۈشمەنلەر تولا، خۇددى ئىتنىڭ قۇرتىدەك. بۈگۈن كېچە دۈشمەن ئاسانلىقچە تىنچىمايدۇ. ناۋادا دۈشمەنلەرگە ئۇچراپ قالساڭ...؛ ئىككىنچىدىن، مەن بىر كىمنىڭكىدە ياتسام، ناۋادا دۈشمەنلەر ئاختۇرۇپ كىرىپ قالسا، ئۆزۈمنىمۇ، خەقنىمۇ ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىمەن؛ ئۈچىنچىدىن، مەنغۇ مەيلى، سەن... ناۋادا ھېلىقى ئىككىسى تۇتۇلۇپ قالسا، سېنى پاش قىلىپ قويسا...

مەتسالىنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى توغرا تېپىپ:

- ئەمسە قانداق قىلىمىز؟ - دەپ سورىدىڭ.

بىز بىلەن قوشراپقا بىللە چىق، بىز بىللە جەڭ قىلايلى، ماقۇلما؟

سەن ئويغا پاتتىڭ. يامغۇر شارقىراپ ياغاتتى...گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەيتتى... چاقماق چاقاتتى... چوپان دەرياسى شاۋقۇنلايتتى...

نېمىگە ئارىسالدى بولۇپ تۇرىمەن؟ تېخى بايىلا مەتسالىنىڭ پاتراق كېلىپ، مېنى جەڭگاھقا ئەكېتىشىنى زارىقىپ كۈتكەنىدىمغۇ؟

جەڭگە كەتسەممۇ كېتەي. بۇ سەمەندەرگە قىلغان ۋاپاسىزلىقىم ئەمەس. غوجەخمەتكە خوتۇن بولغاندىن جەڭگە بېرىپ، ساداقەت بىلەن ئۆلگەن ياخشى! پاش بولۇپ قېلىپ دۈشمەنگە قارىتىپ بىر پاي ئوق ئاتماي قىيناپ ئۆلتۈرۈلگەندىن جەڭگە بېرىپ، پۇخادىن چىققۇچە جەڭ قىلىپ، شەرەپ بىلەن قۇربان بولغان ياخشى!

مەتسالى نېمىدېگەن ئەقىللىق، مەردانە يىگىت-ھە! سادىقلىق!...مەردلىك!

سەن مەتسالىدىن - سۆيۈملۈك ئاشىقىڭدىن چەكسىز سۆيۈندۈڭ؛ شۇنداق بىر ئاشىقىڭ بولغانلىقىدىن ئالەمچە پەخىرلىنىش تۇيغۇسىغا چۆمدۈڭ. بۇ تۇيغۇ سېنى ئۇ قەيەرگە باشلىسا، شۇ يەرگە مېڭىش قارارىغا كەلتۈردى؛ بۇ ئىلاھىي تۇيغۇ سېنى ھەتتا ئۆلۈمگىمۇ باش ئەگمەسلىك قارارىغا كەلتۈردى؛ بۇ مۇقەددەس تۇيغۇ يۈرىكىڭنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا سىڭىپلا كەتتى، خۇددى تەكلىماكان قۇملۇقىغا سىڭگەن يامغۇر سۈيىدەك!

- يامغۇر پات توختايدىغاندەك ئەمەس. قوپ، جىلغىنىڭ ئىچىدە كىچىككىنە بىر گەمە بولىدىغان، شۇ گەمىنى تاپىلى.

سىلەر گەمىنى ئاخىرى تاپتىڭلار. بۇ پادىچى باللارنىڭ يامغۇردىن پاناھلىنىش ئۈچۈن كولاپ قويغان گەمىسى بولۇپ ئىككى-ئۈچ ئادەم

ئارانلا سىغاتتى.سەن گەمىگە كىرىپلا ئولتۇرۇۋالدىڭ. پۈتۈڭنى ئۇزۇن سۇنۇپ، تامغا يۆلەندىڭ، كۆزۈڭنى يۇمدۇڭ. ئۆپكەڭ شۇ تاپتىمۇ گويا يېرىلىپ كەتكۈدەك دەرىجىدە كېرىلەتتى. ھاسىراشلىرىڭ يامغۇرنىڭ شارقىراشلىرىغا ئارىلىشىپ كېتەتتى. مەتسالىمۇ يېنىڭدا ئولتۇرۇپ، ھاسىراشلىرىڭغا جور بولدى. سەن پات-پات كۆزۈڭنى ئېچىپ، گەمە سىرتىغا قارايتتىڭ. ھارغىن نىگاھلىرىڭ چەكسىز قاراڭغۇلۇققا سىڭىپ كېتەتتى، خۇددى سەندەك، مەتسالىدەك.

بىر چاغدا ھاردۇقى چىققان مەتسالى ئورنىدىن تۇرۇپ، گەمىنىڭ ئاغزىغا كېلىپ، كىيىملىرىنى سېلىپ سىقىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا سەنمۇ خېلىلا يېنىكلەپ قالغانىدىڭ.

- مەتسالى، ئانام قېچىپ كېتەلىگەنمىدۇ؟-دەپ سورىدىڭ ئاناڭدىن ئەنسىرەپ.

- نېمىشقا قېچىپ كېتەلمەيدۇ؟ خاتىرجەم بول.

- ئانامنىڭ پۇتى ئاغرىق، ئىتتىك ماڭالمايدۇ. ئۆيگە بېرىپ بولغۇچە...

- ئەنسىرىمىگىنە، ئۇلار بىزنى قوغلىغان تۇرسا. ئاناڭنى قاچالمايدۇ دەپ دۈشمەننى ئۆزىمىزگە ئەگەشتۈردۇقيا.

چاچلىرىڭدىن سۇ سىرغىپ بولغانىدى. پۈتۈن ئەزايىڭ چىلىق-چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەچكە، كۆز سوغۇقى ۋۇجۇدۇڭغا يامراۋاتاتتى. پاختىلىق چاپىنىمنى كىيىۋالسامۇ بوپتىكەن...

- قوپ، زۇمرەت، كىيىملىرىڭنى سال، سىقىپ بېرەي،- دېدى مەتسالى.

ئۇنىڭ گەۋدىسىنىمۇ پەرق ئەتكىلى بولمايتتى.

- سىقمىساقمۇ بولار

- ھەييامۇ سەن؟ سىقمىساق...كېچىچە توڭلاپ قالىسەن جۇما! ئىسسىتىپ قوياي دېسەم ئۇنىمايسەن ھېلى.

- ئەلۋەتتە ئۇنىمايمەن!
- نېمىشقا؟
- نېمىشقا دېگىنىنى... نېمىشقىدى؟ يامان بولىدۇ شۇ! مەن سېنىڭ خوتۇنۇڭ ئەمەس، سەمەندەرنىڭ خوتۇنى.
- ھازىر... ئەمدى...مېنىڭ خوتۇنۇم بولىسەن.
- نىيىتىڭ بۇزۇلغان ئوخشىمامدۇ سېنىڭ؟!
-...
- مۇشۇنداق دەيدىغان بولساڭ كېتىمەن جۇما!
- چېرىكلەر تۇتىۋالسا مەيلىما؟
- مەيلى.
- ساڭا مەيلى بولغان بىلەن، ماڭا مەيلى ئەمەس.
- نېمىشقا؟
- نېمىشقا دەيسەنيا؟ ماڭا سەن بولمىساڭ بولمايدۇ!
ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن مۇھەببەت ئۇرغۇپ چىقىپ، گەمىنىڭ ئىچىنى بىر ئالدى. ئىچىك ئىسسىقىنە بولۇپ قالدى.
- ماڭىمۇ شۇ!- سەن بىردەم جىم بولۇپ قىلىپ قوشۇپ قويدۇڭ، - لېكىن... يامان نىيەتتە بولساڭ...
- بولدى، خاتىرجەم بولغىنە-دېدى ئۇ سۆزۈڭنى بۆلۈپ،- چاقچاق قىلىقپ قويسام ئەمدى.
ئۇنىڭغا ئىشىنەتتىڭ. شۇڭا، خاتىرجەم بولۇپ، كىيىملىرىڭنى سىقىش نىيىتىگە كەلدىڭ. كىيىملىرىڭنى ۋاقتىدا سىقىۋەتمىسەڭ بولمايتتى. چۈنكى، سېنى سوغۇق- پۇت قوللىرىڭدىن يۇمشاق بەدىنىڭگە قاراپ ئۆمۈچۈكتەك ئۆمۈلۈپ كېتىۋاتقان تىترەتكۈچ سوغۇق كىيىملىرىڭنى سىقىۋېتىشكە قىستاۋاتاتتى. نېپىز پاختا سېلىنىپ تىكىلگەن جىلتىكەڭدىن يامغۇر ئۆتۈپ كەتمىگەن بولسا... ئەمدى ئورنۇڭدىن تۇرمىساڭ، پۈتۈن ۋوجۇدۇڭنى تىترەك بېسىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا،

ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، چاپىنىڭنىڭ تۈگمىسىنى يەشتىڭ.

- ئۆزۈم سىقاي، سەن كۆزۈڭنى يۇمۇپ ئولتۇر جۇما.

- ساراڭ، كۆزۈمنى يۇمىساممۇ كۆرەلەمتىم سېنى؟

- كۆرەلمىسەممۇ، غوجام، ئىزا تارتىدۇ ئادەم، يۇمە كۆزۈڭنى!

- ئىزا تارتىمىش تېخى! ۋاي، قىز بالارەي!...

- قىز بالا شۇ مەن تېخى.

- ھىم، قىز بالىمىش تېخى...

ئۇ ئىشەنمىدى، ئەلۋەتتە ئىشەنمەيتتى؛ بۇ سۆزۈڭگە ئۆزۈڭدىن، سەمەندەردىن باشقا ھېچكىم ئىشەنمەيتتى. سەن ئۇنىڭ ئۆزۈڭنىڭ قىز ئىكەنلىكىڭگە ئىشىنىشىنى ئۈمىد قىلمايتتىڭ. شۇڭا، ئۇنىڭ ئىشەنمىگىنى ئۈچۈن خوشال بولدۇڭ. چۈنكى سەن بۇ گەپنى ئالدىراپ دەپ سالغىنىڭغا قاتتىق پۇشايمان قىلىپ قالغانىدىڭ.

- كۆزۈڭنى يۇمدۇڭمۇ يا؟

- ھە، يۇمدۇم مانا

سەن تاتلىققىنە كۈلۈپ قويدۇڭ، كىيىملىرىڭنى سېلىپ، سىقىشقا باشلىدىڭ. مەتسالى چاپىنىنى ئۇستۇڭگە يېپىپ قويدى. يامغۇردا ھۆل بولۇپ كەتكەن بۇ چاپان شۇنچە ئېغىر، ئەمما ھۆل ئىچىگە ئۆتۈشكە ئۈلگۈرمىگەنىدى. شۇڭا، سەن بىردىنلا ئىسسىپ قالدىڭ. يۈرىكىڭگىمۇ بىر خىل ئىللىق سېزىم ئاستا-ئاستا ئېقىپ كىرىپ، تىترەكلىرىڭنى شىپپىدە بېسىقتۇرىۋەتتى.

ئاشقانە سۆيۈنۈش ئىلكىدە سېنى ئاشىقىڭ بىلەن مۇشۇنداق پىنھان كېچىدە ئۇچراشتۇرغان تەقدىرىڭگە رەھمەت ئېيىتتىڭ.

ئاشىقانە تەلپۈنۈش ئىلكىدە سېنى ئاشىقىڭ بىلەن مۇشۇنداق پىنھان، گەمىگە جەم قىلغان تەقدىرىڭدىن سۆيۈنۈپ، پىسىڭڭىدە كۈلۈپ قويدۇڭ.

- سىقىپ بولدۇڭمۇيا؟

- ھەئە، سىقىپ بولدۇم. مانا، نېمىگە ئالدىرايسەن؟

- ئىتتىك بول، بەك توڭلاپ كەتتىم.

راست، ئۇنىڭ توڭلاپ كېتىشى تۇرغان گەپ ئىدى.

سەن كىيىملىرىڭنى كىيىپ، مەتساللىنىڭ يېنىغا كەلدىڭ. چاپىنىنى ئۇنىڭغا يېپىپ قويۇپ، يېنىدىلا ئولتۇردۇڭ. ئۇنىڭ تىترەكلىرى بىقىنىڭغا ئۇرۇنۇپ تۇراتتى. كۆز سوغۇقى گەمگە شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىۋاتاتتى.

سەن مەتسالىغا يۆلەندىڭ.

- ھەي زۇمرەت، - دېدى مەتسالى بېشىنى ساڭا تىرەپ، - مېنى دەپ كەينىمدىن ماڭغىنىڭ راستمۇ؟

پەخىرلىنىش ئىلكىدە جاۋاپ بەردىڭ:

- سېنىمۇ دەپ، ئىنقىلابنىمۇ دەپ!

- بەك ئىنقىلاب قىلغۇڭ بار ئوخشىمامدۇ سېنىڭ؟

- بولماي ئەمىسە، سېنىڭچۇ؟

- راستىنى ئېيتسام، ئىنقىلاب قىلغۇم يوق.

- نېمە، يوق!؟... - سەن بەكمۇ ھەيران قالدىڭ،- نېمىشقا ئەمدى؟

- سەل رايىم يېنىپ كەتكىلى تۇردى مېنىڭ، نېمىشقا دېسەڭ، ئىككى - تۆت سوك - سوك ئادەم بىلەن قانداق ئىنقىلاب بولىدۇ؟ تېگىمىزدە قورال، تېگىمىزدە كالتەك، چوماق... چېرىكلەرنىڭ قورالىرى شۇنداق تولۇق ھەم خىل...

مەتسالى مەيۈسانە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى.

كۆڭلۈڭ بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى.

ئۇنداق دېمە، ئۇنچىۋالا ئۈمىدسىزلىنىپ كەتمە، مەتسالى. ئىنقىلاب دېگەن دەسلەپتە شۇنداق بولىدۇ،- دېدىڭ سەن ۋە ئاخىرقى جۈملىنى ئىشەنچ، ئىپتىخار بىلەن ئېيتتىڭ،- قاراپ تۇر، بىز چوقۇم غەلىبە قىلىمىز!

- ۋاي تاڭەي، قانداق بولاركىن.
- ئەمىسە نېمىشقا ئىنقىلابقا قاتناشتىڭ؟
ئۇ ھەسرەتلىك تىنىپ قويدى.
- سېنى ئۇنتۇپ كېتەي دەپ، ئۆلۈپلا كېتەيچۇ دەپ! بىراق، ھەر قانچە قىلىپمۇ ئۇنتۇپ كېتەلمىدىم، يا ئۆلۈپمۇ كەتمىدىم. راستىنى ئېيتقاندا، ئۆلگۈم كەلمىدى. ساڭا كۆزۈم قىيمىدى؛ سېنى سەمەندەرگە شۇنداقلا تاشلاپ بېرىپ كەتكىلى چىدىمىدىم؛ سېنىڭ ۋەسلىڭگە يەتمەي تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتكىلى زادىلا رايىم بارمىدى.
ئۇنىڭ ساڭا بولغان پاك مۇھەببىتىدىن، چەكسىز ساداقىتىدىن شۇ قەدەر سۆيۈندۇڭ. كۆزۈڭگە ئىسسىق ياش كەلدى. سېنى مەتسالىدىن جۇدا قىلغان تەقدىرنى ئىچىڭدە غەزەپ بىلەن تىللىدىڭ، قارغىدىڭ.
- ئۇمىدۋار بول، ئەمدى مەن ھەرگىز سەمەندەرگە خوتۇن بولمايمەن، ماڭا ئىشەنگىن!
- ئەمىسە بىز قېچىپ كېتىلى.
- نەگە؟
- نەگە بولسا مەيلى، ئىشقىلىپ يىراق - يىراقلارغا قېچىپ كېتىلى، ماقۇلما؟
- ماقۇل، بىراق ھازىر ئەمەس.
- قاچان؟
- ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندا.
- ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندا؟ ئۇرۇش قاچان ئاخىرلىشىدۇ؟ ئۇنداق دېگۈچە «تۆگە قۇيرۇقى يەرگە تەگكەندە» دېسەڭچۇ؟ ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ بولغۇچە بىز بارمۇ، يوقمۇ، كىم بىلىدۇ؟ مەن ئۆلۈپ كېتىپ، سەن ھەسرەتتە قالامسەن ياكى سەن ئۆلۈپ كېتىپ، مەن ھەسرەتتە قالىمەنمۇ؟
گەمىنىڭ ئىچىگە لىققىدە تولغان پىراق، جۇدالىق، پىغان، ھەسرەت

ۋۇجۇدۇڭنى مىجىپلاۋەتتى، خۇددى تاش چۈمۈلىنى مىجىۋەتكەندەك.
يۈرىكىڭنى پەيلەپ يىغىدىن ئاران توختاتتىڭ ـ دە، دېدىڭ:
- دېدىميا ئۈمىدۋار بول دەپ. خۇدايىم ساقلار!
- ئەڭ ياخشىسى، يىراقلارغا قېچىپ كېتىپ، جاھان تىنچىغاندا قايتىپ كېلىلى، قانداق دېدىم؟
- جاھان قاچان تىنچىيار سېنىڭچە؟
- ئىشقىلىپ هامان تىنچىيدۇ، تىنچلىق كۈنلىرى هامان يېتىپ كېلىدۇ.
مەتسالىنىڭ بۇ گېپى ساڭا سەمەندەرنىڭ تاغىسى - پەننىي مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى مامۇت ئەپەندىنىڭ بىر جۈملە سۆزىنى ئەسلىتىپ قويدى. سەن مەتسالىنى مامۇت ئەپەندىنىڭ شۇ سۆزى ئارقىلىق قايىل قىلماقچى بولدۇڭ:
- بىلىپ قوي مەتسالى، تىنچلىق هەرگىز تىنچلىقنى جىمجىتقىنە كۈتۈپ تۇرغۇچىلارغا مەڭگۈ نېسىپ بولمايدۇ!
مەتسالى جىممىدە بولۇپ قالدى.
ئۇ قايىل بولدىمىكىن؟ بىلمەيتتىڭ. ئەمما، ئۇنىڭ قايىل بولۇشىنى شۇنداق ئۈمىد قىلاتتىڭ.
كۆز سوغۇقى غالجىرانە هۇجۇمغا ئۆتكەندى.
- بۇنداق قىلىپ جان تۇشۇمىدى، زۇمرەت، - دېدى مەتسالى خېلى ئۇزاق داۋام قىلغان جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، - كەل، ئالدىمغا ئۆت، ماڭا يۆلەن، چاپىنىمنىڭ پېشىدا سېنى يۆگەي.
ئۇ سېنى تارتتى، سەن قىمىرلىمىدىڭ، پەقەت تىترەپ ـ سىلكىنىپ قويدۇڭ.
- مەن كىيسەم، سەن توڭلىساڭ، سەن كىيسەڭ، مەن توڭلىسام، قانداق قىلىمىز ئەمىسە؟ تاڭ ئېتىشقا خېلى تۇرسا.
ئۇ سېنى يەنە تارتتى. يۈزۈڭ چىملدايتتى، يۈرىكىڭ دۈك ـ دۈككە

چۈشكەندى. ئۇنىڭ زورلاپ تارتىشى بىلەن ئالدىغا ئۆتۈپ ئولتۇردۇڭ. ئۇ سېنى چاپىنىنىڭ پېشى بىلەن يۆگەپ، چىڭگىدە قۇچاقلىدى. يۈرىكىڭنىڭ دۈپۈلدىشى تېزلىشىپ، يۈزۈڭ قىزىپلا كەتتى، خۇددى ئوتتەك. ئۇنىڭ بەدىنىدىن تارقىغان ھارارەتتىن ئىللىغان ۋۇجۇدۇڭ يېنىك تىترەيتتى.

مۇشۇنداق تىترەۋېرىدىغان بولساڭ، ساڭا شۇتاپتا مىختەك قادىلىپ تۇرغان سەمەندەرمۇ كۆزۈڭدىن غايىب بولۇشى مۇمكىن ئىدى؛ مۇشۇنداق تىترەۋېرىدىغان بولساڭ، ئۆزۈڭنى تامامەن يوقىتىپ قويۇشۇڭ مۇمكىن ئىدى؛ مۇشۇنداق تىترەۋېرىدىغان بولساڭ، خۇددى سىمابتەك ئېرىپ، مەتسالىنىڭ تەكلىماكان قۇملۇقىدەك چاڭقاق ۋۇجۇدىغا سىڭىپلا كېتىشىڭ مۇمكىن ئىدى!

سەن شۇنداق ئىلاھىي تۇيغۇلار ئىلكىدە كەلگۈسى بەختىڭ، گۈزەل كېلەچىكىڭ ھەققىدە شېرىن تەسەۋۋۇرلارنى قىلىۋاتقىنىڭدا، بوينۇڭ قايرىلىپ، ئوتلۇق، ناھايىتىمۇ ئوتلۇق بىر لەۋ لەۋلىرىڭگە سۈركىلىپ، ئاجايىپ شېرىن بىر سەزگۈ قەلبىڭگە ئۆملەپ كىرىۋاتاتتى.

- ئۇنداق قىلما... ئۇنداق قىلما دېدىم... ئەسكى... ما قىلىن تازنى!...

سەن تېپىرلاپ - تېپىرلاپ توختاپ قالدىڭ، گويا كى قىسماققا چۈشكەن قۇشقاچتەك. ئاشىقىڭنىڭ ئاق قۇ كۆكسىدەك يۇمشاق باغرىدىن تارقالغان قايناق ھارارەت ئۇگە - ئۇگىلىرىڭنى ئېرىتىپ، سېنى لاسسىدە بوشاشتۇرۇپ قويغانىدى؛ ئۇنىڭ گەز باغلاپ يېرىلغان چوغدەك لەۋلىرىدىن پاتلاپ چىققان پاك مۇھەببەتنىڭ ھاياتبەخش تەپتى ۋۇجۇدۇڭنى كۆيدۈرۈپ، يۈرىكىڭنى سېھىرلەپ قويغانىدى!...

سەن قاچانلاردۇر ئۇنىڭغا ئالدىڭنى قىلىپ، ئۇنى تەلۋىلەرچە سۆيۈشكە باشلىغىنىڭنى بىلمەيتتىڭ. ئىشقىلىپ، ئېسىڭنى تاپقاندا، ئۇنى سۆيۈپلاۋاتاتتىڭ؛ سۆيۈپ - سۆيۈپ قانمايۋاتاتتىڭ. سەزگۈلىرىڭ مۇشۇنداق مەستخۇشلۇققا تەشنا ئىدى.

دۇنيانىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۇنتۇلغانىدى!

سەمەندەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۇنتۇلغانىدى!

ئۆزۈڭنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۇنتۇلغانىدى!

يۈرىكىڭنىڭ گۈزەل ناخشىدەك يېقىملىق تىنىشى يىراق بىر دۇنيادىن ئەكس سادا قايتۇراتتى: «شەپقەتلىك، ئۇلۇغ تەڭرىم، دادامنى ھەققانىيەت مەيدانىغا قايتۇرۇپ كەل!... مېھرىبان پەرۋەردىگارىم، مەتسالىنى مەن ئۈچۈن جەڭلەردە ئامان قىل!... پاختا ئېچىدە چوغ ساقلىغۇچى ھەممىگە قادىر ئاللا، مەرھۇم ئاچامنىڭ روھىنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن سەمەندەرنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلا!... ئەدلى - ئادالەتلىك ئىگەم، ئىنقىلابىمىزغا نۇسرەت ئاتا قىل! يۇرتۇمغا ئاسايىشلىق، خەلقىمگە ئازادلىق نېسىپ ئەت!... »

*    *    *

- چاي ئىچسىلە.

«پەرىشتە» نىڭ سۆزى بىلەن كىتاپتىن بېشىڭنى كۆتۈردۈڭ. كۆزۈڭدىن كۆزەينەكنى ئېلىۋېتىپ، چاينى قولۇڭغا ئالدىڭ.

- ماڭا قارىسىلا.

«پەرىشتە»گە قارىدىڭ. ئۇ ھەيران قېلىۋاتاتتى.

- تاتىرىپ كېتىپلىيا؟

يالغان ئېيتتىڭ:

- سەل مىجەزىم يوق.

گۇگۇم يېپىلغانىدى. سەن كەچلىك تامىقىڭنى يەپ بولۇپلا يوتقانغا كىرىۋالدىڭ. چۈنكى، ئازاپلىق ئەسلىمىلەر سېنى ئىللىق قوينىغا چاقىرىۋاتاتتى.

14

سـەن ياتاققـا كىرگەنـدە، يارىـدارلارنىڭ ھەممىسـى ئـۇخلاپ قېلىشـقانىدى. يېشـىنىپ ياتتـىڭ. ئەممـا، ھەر قـانچە قىلىپمـۇ ئۇخلىيالمىـدىڭ، ئۇيقـۇ سـەندىن يـۈز ئۆرۈگەنـدى، خـۇددى زۇمـرەت سەندىن يۈز ئۆرۈگەندەك. رەشىك يۈرىكىڭنى غاجايتتى، مىسالى قۇرتتەك.

خەپ، مەتسالى! سـەن نىمىـدىگەن نـامەرد ـ ھە؟! تەپتارتماسـتىن خوتۇنۇمنى قۇچاقلاپ، سۆيۈپ يۈرسەنيا؟ نېمىشقا دوستلۇقىمىزنىڭ يـۈز خاتىرىسىنى قىلمايسەن؟ زۇمرەت مېنىـڭ خوتۇنـۇم بولمىسىغۇ كاشكى، ئۇنىـڭ خوتۇنـۇم ئىكەنلىكىنـى بىلمىسـەڭغۇ كاشـكى. ئۇنىـڭ مېنىـڭ نىكاھلىق خوتۇنـۇم ئىكەنلىكىنـى بىلىـپ تـۇرۇپ... نـوچى بولسـاڭ، مەن ئېلىشتىن بۇرۇن ئېلىۋالساڭ بولمامدۇ؟

ھىم، ئۇنداق ئاسان ئىـش يـوق! تەييـار خوتـۇننى سـاڭا تۇتقـۇزۇپ قويىـدىغان ئەخـمەق سـەمەندەر تېخـى تۆرەلمىـدى! ئـۇنى سـاڭا تاشـلاپ بەرگۈچە ئىلاھىم!...

يۈرىكىڭدىن ھەسرەت - نادامەتلىك رەشك ئۆملەپ چىقىپ، ئۈگە - ئـۈگىلىرىڭنى غاجـاپ، سـىنى بىئـارام قىلاتتـى، ئىزتىراپقـا سـالاتتى، مەتسالىنى قارغاشقا، ئۆزۈڭنى ئەيىبلەشكە مەجبۇر قىلاتتى:

«ئالدىمىزدىكى جەڭدە ئوق تېگىپ ئۆلەرسەن ئىلاھىم!

ئۇنىمـۇ دەيـمەن، بۇنىمـۇ دەيـمەن، ھەممـە گۇنـاھ ئۆزۈمـدە، مەن ئەزەلـدىن ئەخـمەق زادى! يەنە قىرىـق كـۈن توختـاپ، ئامـانىتىمنى ئېلىۋېلىپ، ئاندىن كەلگەن بولسام، بۇ خاپىلىق يوق ماڭا. ئۇ چاغدا مەن زۇمرەتنـى ئەمەس، زۇمـرەت مېنـى قـوغلايتتى. مەتسـالى چۆشـىگىمۇ كىرمەيتتى...

زۇمرەتمـۇ ئۇسـال زادى، ئۆزىنىـڭ ھـازىرغىچە «قىـز» ئىكەنلىكىنـى مەتسالىغا دەپ قويغان گەپ. شۇڭا، مەتسالى ئۇنىڭدىن ئۈمىد ئۈزەلمەيدۇ.

يەنە قىرىق كۈن توختاپ، زۇمرەتنى چوكان قىلىپ تاشلاپ قويغان بولسام، ھەر قانچە ئاشىق ـ مەشۇق بولغان تەقدىردىمۇ، مەتسالى ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمايتتى...»

خاتالاشقانىدىڭ!

چۈنكى، سەن مۇھەببەتنىڭ قارشى تەرەپ نىكاھلىنىپ، بىر ئۆيگە جەم بولۇپ، بىر ياستۇققا باش قويۇش بىلەنلا ئېرىشكىلى بولىدىغان ئۇنداق ئاددىي نەرسە ئەمەسلىكىنى ئۇقمايتتىڭ؛ مۇھەببەتنىڭ «قىز»نىڭ «چوكان»غا ئايلىنىپ قېلىشى بىلەنلا يوقاپ كېتىدىغان ئۇنداق چاكىنا نەرسە ئەمەسلىكىنى ئۇقمايتتىڭ. ئۇققان بولساڭ، بىر قېتىمدىلا، بىر كېچىدىلا ئۇنى زورلۇق بىلەن ئۆزۈڭگە مەپتۇن، ئاشىق ـ بىقارار قىلىۋېتىش خام خىيالدا بولمايتتىڭ.

شېرىن خىياللار، گۈزەل ئىستەكلەر سېنى خىيالىي دۇنياغا باشلاپ كەتتى:

زۇمرەت بىلەن باغرىلاشسام، سۆيۈشسەم، مامۇقتەك يۇمشاق باغرىدا سۆيگۈ شارابىغا قانمىسام، قىزلىق باھارىنىڭ گۈل ـ چېچەكلىرى تاراتقان خۇش پۇراقتىن مەستخۇشلىنىپ يېتىپ كەتسەم!

پىراق لەشكەرلىرى سېنى تەقەززالىق ئىلكىدە تىپىرلىتاتتى:

ئىتتىكرەك تاڭ ئاتسا، ئىتتىكرەك كەچ بولسا! زۇمرەتنى يۇلغۇنلۇققا ئاچىقىپ، كۆتۈرۈپ بېسىپ...

گۇمان سېنى غەزەپلىك پىچىرلىتاتتى :

«ئەگەر... ناۋادا... قىز چىقماي قالسىچۇ؟ ئۇنىڭ قىزلىقىنى مەتسالى ئېلىپ بولغان بولسىچۇ؟... ياق! ياق! زۇمرەت دېدىغۇ : «ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندا» دەپ. ناۋادا... ناۋادا، شۇنداق بولۇپ قالىدىغانلا بولسا، مەتسالىنىڭ جاجىسى بىر پاي ئوق. «پاڭ» قويىمەن!»

قاپقارا، قوپقۇرۇق قەلب بېتىڭدە شۇملۇق دومىلىناتتى، خۇددى كىرپىدەك.

بىر كېچىنى مۇشــەققەتتە ئۆتكــۈزدۈك. لــېكىن، كۈنــدۈزنى يېگىــدىن كەلگەن بىر يارىدارنىڭ قىزىقارلىق كەچۈرمىشلىرى بىلەن خېلى ئىتتىكلا ئۆتكۈزۈۋەتتىڭ:

- قاپقارا‌غۇ بىر كېچىدە قاراۋۇللۇق قىلىۋاتاتتىم. يېرىم كېچە بـولاي دېگەنــدە، كــۆزۈمگە بىــر كــۆلەڭگە چېلىقىــپ قالــدى. مەن كۇرجۇكقــا بارمىقىمنى ئېلىپ: «پارول!» دەپ ۋارقىرىدىم. بىراق ئۇ يەنە كېلىۋەردى، يەنە ۋاقىرىــدىم. كــۆلەڭگە توختىــدى. يەنە ۋارقىرىــدىم، كــۆلەڭگە يــا مىدىرلىمىدى، يا پارولغا جاۋاپ بەرمىدى. ئۇق چىقىرىشىم كېرەك ئىــدى، لېكىن تۆتىنچى قېتىم يەنە ۋارقىرىدىم. دەل شۇ چاغدا بېشىمغا بىر نەرسە ۋاققىدە تەگدى. بىر چاغدا كۆزۈمنى ئاچسام، بېشىم تېڭىقلىق هالدا ياتاقتا يــاتىمەن. هېلىقــى كــۆلەڭگە كــۆزۈمنى غەلەت قىلىــپ تۇرۇپتــۇ، ئۇنىــڭ شــېرىكى يانــدىن كېلىــپ، بېشــىمغا تــاش بىــلەن بىرنــى قويــۇپ ئايلانــدۇرۋېتىپتۇ. ئــۇلار مېنــى «تىــل» قىلــىش ئۈچــۈن، ئاتقا ئارتىــپ ئەكېتىۋاتقانــدا، چارلاشــقا چىققــان يىگىــتلەرگە ئــۇچراپ قېلىــپ، قولغــا چۈشۈپتۇ.

- پارولغــا ئــۈچىنچى قېــتىم جــاۋاپ بەرمىگەنــدىكىن، نېمىشــقا ئــوق چىقارمىــدىڭىز؟ - دەپ ســورىدىڭ ســەن بېشــى بېنــت بىــلەن تېڭىــپ قويۇلغان، تېخى ئەمدىلا ئون سەككىز - ئون توققۇز ياشلارغا كىرگەن بۇ يىگىتكە ئىچ ئاغرىتىش نەزىرى بىلەن قاراپ.

- ئەسلىي ئوق چىقارسام بوپتىكەن. لېكىن، يەنە بىر قېتىم سورىغۇم كېلىپ قالدى.

- نېمىشقا؟

- چۈنكى، ئۇنىڭ ئالدىدىمۇ شۇنداق بىر ئىش بولغان: شۇنداق بىــر قاراڭغۇ كېچە ئىدى. جىگدىلىكتىن بىــر كــۆلەڭگە شــاخلارنى پۇلاڭلىتىــپ ئىلدىمغا كېلىشكە باشلىدى. مەن: «پارول!» دەپ ۋارقىرىدىم، بىــراق ئــۇ يەنە كېلىۋەردى. يەنە ۋاقىرىدىم، يەنە كېلىۋەردى. يەنە ۋاقىرىدىم، يەنە

كېلىۋەردى. ئاخىر كۇرجۇكنى باستىم، «گۇپپىدە» يىقىلدى. بىرىپ قارىسام، ۋاي خۇدايىم، ما ئىشنى كۆرۈڭ، كەلگىنى ئادەم ئەمەس، جىگدە غازىڭىنى سىرىپ يەپ كېلىۋاتقان تۆگىكەن.

بۇنى ئاڭلاپ ھەممىڭلار كۈلۈشۈپ كەتتىڭلار.

- سىزگە نېمە بولدى؟ - دېدىڭ سەن يىگىرمە تۆت - يىگىرمە بەش ياشلاردىكى بەش بارمىقىنى گرانات ئۇچۇرتۇۋەتكەن، خىرقىراپ ئاۋازىنى دىمىغىدىن ناھايىتى تەستە چىقىرىدىغان يەنە بىر يىگىتنىڭ كەچۇرمىشىگە قىزىقىپ. سەن شۇ ئارقىلىق ئازاپلىق ھېس - تۇيغۇلىرىڭدىن قۇتۇلماقچى بولۇۋاتاتتىڭ.

- راستىنى ئېيتسام، ئۆلۈمدىن قورقۇپ، جەڭگە بارغۇم كەلمەي تۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە دادام قازا قىلىپ كەتتى.

- نېمە بولۇپ؟

- دادام نەدىن تېپىۋاپتىكىنتاڭ، بىر گرانات تېپىۋاپتۇ. ئېشەككە مىنىپ كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭغا ئۆرۈپ - چۆرۈپ قاراپ كېتىپتۇ. قارىغانسېرى چىرايلىق كۆرۈنۈپ كېتىپتۇ - دە، ئەجەپ چىرايلىق نېمىكەن، قامچىغا دەستە قىلايچۇ، دەپ ئويلاپ، پىچاق بىلەن قوڭنى كولاپتىكەن، ئىچىدىن بىر يىپ چىقىپتۇ. يىپنى بىر تارتىپتىكەن، كۈشۈلداپ تۈتۈن چىقىشقا باشلاپتۇ. دادام: «قانداق نېمە بۇ؟» دەپ ھەيران قاپتۇ ۋە دۈككىدە بىر ئىش يادىغا يېتىپ، تاشلىۋېتەي دەپ بولغۇچە «گۈممىدە» پارتلاپ...

يىگىتنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، سۆزلىيەلمەي توختاپ قالدى. ئۇ شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ داۋام قىلدى:

- شۇنداق قىلىپ دادام ئەتىسى سەھەردە قازا قىلدى. يىغلىدىم، قاقشىدىم!... ئاخىر جەڭگە بارمىسىمۇ، ئەجىلى توشسا، بەربىر ئۆلىدىغان گەپكەنغۇ؟ دەپ ئويلاپ جەڭگە كەلدىم... تووۋا، بۇ تەقدىرنىڭ ئوخشاشلىقىغا، قىل - قىل قالدىم مەنمۇ دادامدەك گراناتتا پارتلاپ

ئۆلگىلى...

ئـۇ بىـردەم توختــاپ قېلىۋىــدى، ســەن يەنە تەقەززالىــق بىــلەن سورىدىڭ:

- قانداق؟

- بىــر قانچىمىزنىــڭ ئوتتۇرىغــا پوككىــدە بىــر گرانــات چۈشــتى. پارتلىسا، بەش - ئالتىمىز تەڭلا ئۆلەتتۇق. شۇڭا مەن :«يېتىڭلار!» دەپ ۋارقىرىغاچ گراناتنى قولۇمغا ئالدىم - دە، دۈشمەنگە قارىتىپ ئاتماقچى بولدۇم، بىراق دەل شۇ چاغدا گرانات پارتلاپ كېتىپ...

كەچۈرمىشلەر تۈگەپ قېلىۋاتاتتى. كەچ كىرىشكە يەنە خېلى ۋاقىت بار ئىدى، ئۇنىڭغىچە يۈرىكىڭنى يەنە ئالداپ تۇرمىساڭ بولمايتتى. شۇڭا، سەن نەچچە كۈنــدىن بېرى بىــر ئېغىزمۇ زۇۋان سۈرمەي گەپ تىڭشاپلا ئولتۇرغان ئېگىز، ئورۇق، چىرايى تاتىراڭغۇ يىگىتكە قاراپ:

- ئاداش، سىلىنىڭ بىرەر ئېغىــز بولســىمۇ قىزىــق گېپىڭلا يوقما؟ - دېدىڭ.

- بار.

- دېمەمسىلە ئەمىسە؟

- قىسقا بولسىمۇ مەيلىما ئەمىسە؟

- مەيلى بىر ئېغىز بولسىمۇ.

- بىر كۈنى پولك شتابىنىڭ ئالدىدا ئايلىنىپ يۈرسەم، بىر ئۆزبېك ئوفىتسېر ئېتىنــى مومىغا باغلاۋېتىــپ ماڭا قــاراپ: «ھەي يىگىــت، مانى ئۇشاپ تۇر » دەپ قامچىنى ماڭا تۇتقۇزۇپ قويۇپلا شتابقا كىرىپ كەتتى.

ئـۇ دەستىســگە ئاجايىــپ چىرايلىــق نەقىشــلەر ئويۇلغــان، مۈڭگــۈز دەستىلىك قامچا بولۇپ، بەكمۇ چىرايلىق ئىــدى. ئۇنىڭغــا ئىچىم كۆيۈپ قالدى، دەستىسىنى زادىلا ئۇچلىغۇم كەلمىــدى. بىــراق، ئۇچلىماي نىمە ئامــال، ئـۇ: «ئـۇچلاپ تـۇر» دېــگەن تۇرســا. مەن ئاتنىــڭ دۈمبىســگە ســانجىيدىغان ئوخشــايدۇ، دەپ ئــويلاپ، ئۇنىــڭ دەستىســنى ئــۇچلاپ

قويدۇم، خۇددى بىگىزدەك.

بىر چاغدا ئوفىتسېر چىقتى. قامچىنى ئۇنىڭغا بەردىم. ئۇ قامچىنى قولىغا ئېلىپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. غەزىپىنى باسالماي: «ھۇ، كىسپۇرۇش!...» دەپ تىللاپ، دۈمبەمگە قامچا بىلەن بىرنى قويدى. مەن ۋارقىراپ يىلاندەك تولغىنىپ كەتتىم. ئۇنىڭغىچە شىتابتىن باشقا ئوفىتسېرلار يۈگۈرۈپ چىقىشتى- دە، ئۇنىڭدىن:

ــ نېمە بولدى؟ - دەپ سورىدى.

ئوفىتسېر ئۇلارنىڭ گېپىگە جاۋاب بەرمەستىن، مەندىن سورىدى:

ــ قايسى ئانىكاڭ ساڭا قامچىنى ئۇچلاپ قوي دېدى؟

ــ سىلى... سىلى: ئۇچلاپ تۇر دەپلە، ئۇچلاپ قويدۇم ئەينا.

ــ مەن ساڭا: ئۇچلاپ تۇر دېمىدىم، ئۇشاپ تۇر دېدىم!

ئەھۋالنى چۈشەنگەن ئوفىتسېرلارنىڭ بىرى ماڭا قاراپ:

ــ ئۆزبېكچە «ئۇشاپ تۇر» دېگەن گەپ ئۇيغۇرچە «تۇتۇپ تۇر» دېگەنلىك بولىدۇ، - دېدى.

ــ مەن بىلمىسەمىيا.

بۇنى چۈشەنگەن ئۆزبېك ئوفىتسېرمۇ خىجىل بولغىنىدىن قىزىرىپ كەتتى ۋە ماڭا ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ، بۇ قەلەمنى بەردى.

يىگىت قەلەمنى يانچۇقىدىن چىقاردى. قەلەم ناھايىتى چىرايلىق ئىدى. سىلەر بىردە قەلەمگە، بىردە ھېلىقى يىگىتكە قاراپ بىرھازا كۈلۈشتۇڭلار.

كېيىنكى ۋاقىت ناھايىتى ئاستا ئۆمىلەۋاتاتتى، خۇددى پىتتەك. بۇ سۇرئەتتە كۈننى كەچ قىلىش سەن ئۈچۈن مۈشكۈل ئىدى. شۇڭا، سەن «يەنە قايسىڭلارنىڭ قىزىق گېپىڭلار بار؟» دېگەن مەنىدە ھەممىسىگە بىر قۇر قاراپ چىقتىڭ. ھەممىسى «تۈگىدى» دېگەن مەنىدە تۈگۈلۈۋېلىشتى. بىردەمدىن كېيىن تاشئاخۇن ساڭا قاراپ:

ــ بويتۇ، سىلەرنى كېتىدىغان چېغىمدا بىر كۈلدۈرۈپ قوييۇپ

كېتەي، - دېدى - دە، سۆزلەشكە باشلىدى، - يىگىتلەر پىتلاپ كېتىۋاتاتتى. شۇڭا، پىت بېقىشتىن ھېچقايسىمىز نۇمۇس قىلمايدىغان بولۇپ قېلىشقانىدۇق. بىر كۈنى بىر دوستۇم ئوچاقنىڭ ئالدىدا كۆڭلەكىدىكى پىتلارنى بېقىۋاتاتتى. مەن سۇپىدا - ئۆينىڭ تۆرىدە سوزۇلۇپ ياتاتتىم. بىر چاغدا ئۆينىڭ ئىچىدە «پاك- پۇك»غا تۇرغىلى بولماي قالدى. قورقۇپ تۆگۈلۈپ يېتىۋالدىم. «پاك- پۇك» بېسىققاندا، بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، مورا ئۆرۈلۈپ چۈشۈپتۇ. ئۆينىڭ ئىچىگە كۈل، قوقاس- چوغ سورۇلۇپ كېتىپتۇ. مەن گەپ سوراي دەپ بولغۇچە، پولك كوماندىرى لەشكەر قاتارلىق بىر قانچە ئوفىتسېر كىرىپ بولدى.

ـ نېمە بولدى؟ ـ دەپ سورىدى پولكوۋنىك لەشكەر، ــ نېمە ئۇ ئېتىلغان؟

چېھرى تاتىرىپ، تامغا يۆلىنىپ قالغان ھېلقى يىگىتنى «نېمە دەپ جاۋاب بەردى؟» دېمەمسىلەر، سوزۇپ تۇرۇپ:

ـ پىت! ــ دەپ جاۋاب بەردى.

ـ پىت؟ پىتمۇ شۇنداق ئېتىلامدۇ؟

ھەممىمىز پاراقلاپ كۈلۈپ كېتىشتۇق.

سەنمۇ تېلىقىپ كۈلۈۋېتىپ سورىدىڭ:

ـ پارتىلىغىنى راست پىتمىكەن؟

ـ ياق، ئوق. ئۇ كۆڭلىكىنى ئوتقا تۇتۇپ پىتنى قېقىپتىكەن، مەيدە يانچۇقىدىكى بىر چازا ئوق ئوتقا چۈشۈپ كېتىپ....

ھەممىڭلار يەنە تېلىقىپ ـ تېلىقىپ كۈلۈشتۈڭلار، كۈلۈپ بولالماي، كۆزلىرىڭلاردىن پۇرچاقتەك ياشلار تۆكۈلۈپ كەتتى.

ياتاقنى يەنە جىملىق كۆتۈرۈپ باستى. جاھىلانە رەشىك ۋە ۋىسال تەقەززاسى يەنە يۈرىكىڭنى غاجاپ، سېنى ئازابلاشقا باشلىدى. شۇڭا سەن بۇ ئازابلىق سۈكۈتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئاخىر ئۆزۈڭ ئېغىز ئاچتىڭ:

-تاشئاخۇنمۇ ھېلى كېتىدۇ، ئاڭلىيالماي قالمىسۇن. شۇڭا دادامنىڭ

بىر شېئىرىنى ئوقۇپ بېرەي، قانداق؟

ـــ ناھـايىتى ياخشـى گەپ بولـدى، ئوقۇڭـا ئەمسـە، ـــ دېـدى تاشئاخۇن.

ھەممىسى قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىشتى، سەن ھېسسىيات بىلەن ئوقۇشقا باشلىدىڭ.

ياتاق ئېغىر سۈكۈت، ئېغىر تىنىقلار بىلەن تولغانىدى؛

ھەممىڭلار چوڭقۇر ئويغا پاتقانىدىڭلار!

مېڭىش ئالدىدا تاشئاخۇن ئېغىر سۈكۈنات، ئېغىر تىنىقلارنى يۇدۇپ ئورنىدىن تۇردى.

سەن داداڭنىـڭ ئـۇ شـېئىرىنى چىرايلىـق كۆچـۈرۈپ، تاشـئاخۇنـغا يادىكار قىلدىڭ. تاشئاخۇن ئـۇنى ناھـايىتى قىممەتلىـك بويـۇم قاتارىـدا قۇبۇل قىلىپ:

ـ مېنىڭ سىزگە يادىكار قالدۇرغۇدەك ھېچقانداق نەرسەم يوق، پەقەت خەيرلىـك تىلەكلىـرىملا بـار، ئـاللا سـىزنى ۋە سـىلەرنى ئـۆز پاناھىـدا ساقلىغاي! ـــ دېدى.

ـــ رەھـمەت! ـــ دېـدىڭ سـەن ئۇنىـڭ قـوللىرىنى مەھـكەم سـىقىپ تۇرۇپ، ـ سىز ماڭا ئاللىبۇرۇن يادنامە قالدۇرۇپ بولغان.

ئۇ ساڭا ھەيرانلىق بىلەن قاراپلا قالدى.

ـــ سـىزنىڭ قەيسـەرانە روھىڭـىز ۋۇجۇدۇمـدا، روھىمـدا مەڭگۈ ئۇرۇۋاتىدۇ. ئۇ سـىزنىڭ ماڭـا قالـدۇرۇپ كەتـكەن ئەڭ قىممەتلىـك، ئەڭ ئۇلـۇغ يادنـامىڭىز، ھەرقانـداق يادنـامە ئۇنىڭـدىن قىممەتلىـك، ئۇلـۇغ بولمايدۇ!... مەن بۇ يالـدامىڭىزنى ئـۆزۈمگە مەڭگـۈ يـار قىلىـمەن. مەڭگـۈ مەۋج ئۇرغۇزىمەن.

ئۇنىـڭ كـۆزلىرىگە ئىسسـىق يـاش كەلـدى. سـىلەر مەھـكەم قـۇ-چاقلاشتىڭلار. ھاياجانلىق ياشلىرىڭلار قوشۇلۇپ كەتتى، خـۇددى يـامغۇر ئانا زېمىنغا چۈشۈپلا قوشۇلۇپ كەتكەندەك.

ـ مەنمۇ سىزنىڭ قەيسەر روھىڭىزنى مەڭگۈ يادنامە قىلىمەن!ـــ دېدى تاشئاخۇنمۇ ھاياجانلىق تەلەپپۇزدا.

سىلەر خەيرلىك تىلەكلىرىڭلار ئارقىلىق ئۆزئارا قىيىشمىغان ھالدا خوشلاشتىڭلار.

## 15

ـــ زۇمرەت، مېڭىڭ، بىردەم پاراڭلىشىپ كېلىلى.

ئۇ ماقۇل بولدى. سەن چەكسىز مەمنۇن بولدۇڭ، گويا ھاجىتى راۋا بولغان ھاجەتمەندەك.

كەچكى قۇياش غەربىي ئۇپۇقتا جىلۇىلىنىپ تۇراتتى. قەلبىڭدە شېرىن ئارزۇ كۆۋەيتتى: گۈگۈم چۈشسىلا، يۇلغۇنلۇققا سۆرەپ كىرىپ، كۆتۈرۈپ باسىمەن. كىمنى ئەخمەق قىلىدۇ بۇ؟

سىلەر چىغىر يولنى بويلاپ ئاستا قەدەملەر بىلەن مېڭىشتىڭلار. زۇمرەت قولىغا بىر تال قۇرۇق يۇلغۇن شېخىنى ئېلىۋالغان بولۇپ، ئۇنى باللارچە ئويناپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ پات- پات ئەتراپىدىكى چىغ ۋە يۇلغۇن شاخلىرىغا «قاس- قاس» قىلىپ ئۇرۇپ قوياتتى، خۇددى پىراق لەشكەرلىرى قامچا بىلەن يۇرىكىڭگە ئۇرغاندەك. سەن گەپنى نەدىن، قانداق باشلاشنى ئۇقمايۋاتاتتىڭ. ۋاقتىنى كەينىگە سۈرۈش خىيالىڭ سېنى ئالدىرىماي، ئويلىنىپ سۆزلەشكە ئۈندەپ تۇراتتى. سىلەر ئۈن- تىنسىز ئاستا قەدەم يۆتكەيتتىڭلار. ئەمدى گەپ قىلمىساڭ، ئۇنى گەپكە سالغاچ گۈگۈم قوينىغا سۆرەپ كىرمىسەڭ بولمايتتى.

ـ ھە زۇمرەت، بىر ئەر ـ خوتۇنمۇ، ئەمەسمۇ؟

سەن گەپنى شۇ يەردىن باشلىدىڭ.

ـ...

ـ گەپ قىلىڭ.

ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، چېھرىگىدىكى تەھدىتنى كۆرۈپ، قوشۇمىسىنى تۈردى- دە، جاۋاب بەردى:

ــ تاڭ !

غۇژژىــدە ئاچچىقــڭ كەلــدى، ئــۆزۈڭنى بېســۋالدىڭ. يۈرىكىــڭ پىژژىرىدە ئېچىشتى، چىدىدىڭ.

ــ ماڭا قارىگە؟

ئۇ قارىدى. كۆزلىرىڭلار ئۇچراشتى.

ـــ مەن ســىزگە دەپ قويــاي، بىــز دېــگەن نىكــاھلىق ئەر - خوتــۇن جۇماڭ!

ــ ئەر - خوتۇن بولساق، ئەمىسە سۆزۈمنى بىرىڭ.

ــ ۋاي تېخى، - سەن زورۇقۇپ تاتلىققىنە كۈلدۈڭ، ــ نېمىشقىكى؟

ــ ھېچ... نېمىشــقا... ئاچامنى ئالغانــدىكىن، بولــدى ئەمــدى. باشــقا خوتۇن تېپىلمىغاندەك خۇددى، مېنىڭ سىزگە خوتۇن بولغۇم يوق!

ـــ بىــراق، مېنىــڭ ســىزنى خوتــۇن قىلغــۇم بــار، مەن ســىزنى شــۇڭا ئالغان.

ــ ئەمدى باشقا بىر كىمنى خوتۇن قىلىۋېلىڭ.

ــ مېنى ياخشى كۆرمەيسىز؟

ئۇ كېسىپلا جاۋاب بېرىۋەتتى:

ــ ھەئە!

يۈرىكىــڭ ئېچىشــىپ كەتتــى. بىــراق چاندۇرمــىدىڭ. كۆڭلــۈڭ بىــر قىسمىلا بولۇپ قالــدى، لــېكىن ئۈمىدســىزلەنمىدىڭ. پىچىــرلاپ قويــدۇڭ: «قــاراپ تــۇرۇڭ، ھــازىرلا ياخشــى كــۆرۈپ قالســىز. كۆتــۈرۈپ بىــر باسىمەن!...»

سەن گۇگۇمنى زارىقىپ كۈتەتتىڭ. شۇڭا، گۇگۇمنى يۇقىلاڭ گەپلەر بىلەن كۈتۈۋالماقچى بولدۇڭ:

ــ ئەگەر سۆزىڭىزنى بەرمىسەمچۇ؟

ـ بەرمىسىڭىز مەيلى، كارىم يوق، پەرۋايىم پەلەك! ئىشقىلىپ ئەمدى سىزگە خوتۇن بولمايمەن. سىزگە خوتۇن بولغۇچە ئىگەكىم !...

ئۇنىڭغا قاراپلا قالدىك. ئۇ ئۆزىنى ئاران- ئاران تۇتۇپ تۇرغاندەك قىلاتتى. سەن ئۇنىڭ بۇنداق «يۈزسىز» ، «بىشەم»لىكىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدىڭ.

تووا، بۇ كىم؟ بۇ بىر چاغلاردىكى ياۋاش، ئىتائەتچان زۇم- رەت شۇمۇ، ئەمەسمۇ؟

ئۇنىڭ زۇمرەت ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيلا قالدىڭ، ئەمما ئىشەنمەي بولمايتتى. چۈنكى، ئۇ بىر چاغلاردىكى سىنى «ۋاي ئاكا» دېسە، «ۋاي ئاكا» دەپ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان، ھەر بارساڭ ئالقىنىڭغا ئۆرۈك مېغىزى تۆكىدىغان، نېمە دېسە ماقۇل دەيدىغان ياۋاش، ئىتائەتچان سىڭلىڭ زۇمرەت شۇ ئىدى.

بىردىنلا جۇدۇنۇڭ ئۆرلىدى. شۇڭا، سەنمۇ ئۇنىڭغا ئۆزۈڭنى بىر كۆرسىتىپ قويماقچى بولدۇڭ:

ـ مەنمۇ سىزگە ئېنىق دەپ قوياي، خېنىم. سىزنى مەتسالىغا تاشلاپ بەرگۈچە ئىگەكىم!...

بۇ گەپنى دەپ بولۇپ «ئىم!» دەپ قالدىڭ.

مەتسالى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى مېنىڭ ئۇقۇپ قالغانلىقىمنى زۇمرەت بىلىپ قالدى ـ دە! ھەي... ۋاي ئېسىت! مېنىڭ مۇشۇ ئاغزىمنىزە...

شۇڭا، سەن ئۇنىڭغا قاراشنىڭ ئورنىغا قۇياشقا قارىدىڭ. ھۇرۇن قۇياش ئۇپۇققا قاراپ ناھايىتى ئاستا، بىلىنەر- بىلىنمەس ئۆمىلەپ كېتىۋاتاتتى، خۇددى كەچ كۈزدىكى نىمجان قۇرتتەك.

سەل كەچرەك تەكلىپ قىلسامۇ بوپتىكەن...

سەن ئۆزۈڭنى بېسىۋېلىش قارارىغا كېلىپ توختىدىڭ.

ـ كېلىڭ، بىردەم ئولتۇرۇپ، ئاندىن كېتىلى.

سىلەر مۇزدەك سوغۇق قورام تاش ئۇستىدە روبىرو ئولتۇرۇشتۇڭلار.
سوغۇق كۈچىيىۋاتاتتى. جىمجىتلىق، جاھىلانە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. ئەتراپتا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى.
كۆتۈرۈپلا باسايمىكىن ئەمدى؟...
جىمجىتلىق ۋە تەقەززالىق ئىلكىدىكى ئىستەكلىرىڭنى زۇمرەت بۇزدى:
ـ سەمەندەر، ئاچامنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن، مېنىڭ سۆزۈمنى بىرىڭ، ماقۇلما؟ مەن خۇش بولاي، خۇدايىممۇ خۇش بولار، ئاچامنىڭ روھىمۇ خۇش بولار سىزدىن، ماقۇلما؟!
ئۇنىڭغا قارىدىڭ. ئۇنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىدىن بىچارىلەرچە ئۆتۈنۈش يېغىپ تۇراتتى.
سەن مۇشۇ ھەقتە ئويلىنىۋاتقان بولۇۋالدىڭ. ئەمما، ئويلىنىۋاتقىنىڭ باشقا ئىدى: ئەخمەق ئەمەس مەن، قىز خوتۇن ئىلىپ، قولىنىڭ ئۈچىنى تۇتمايلا، ئۇنىڭ سۆزىنى يەنە قىز پېتى بىرىدىغان!... ھىم !...
ـ ماقۇل، بەرسەممۇ بېرەي،ـ دېدىڭ سەن ئۇزاق ئويلىنىشتىن كېيىن،ـ بىراق، بىر شەرتىم بار.
ـ شەرت؟ نېمە شەرت ئۇ؟
ـ كۆنسىڭىز دەيمەن.
ـ دەڭ ئاۋۋال.
ـ سىزنى تويلاپ- نىكاھلاپ ئىلىپ، تىرنىقىڭىزنىڭ ئۈچىنىمۇ تۇتماي، يەنە موشۇنداقلا سۆزىڭىزنى بەرسەم، سىزنىڭچە، ئادىللىق بولارما؟
ئۇ ساڭا تەئەججۇپ بىلەن قارىدى.
ـ مېنىڭ ئورنۇمدا سىز بولغان بولسىڭىز سۆزۈمنى بېرەمتىڭىز؟
ـ...
ـ شۇڭا بۇگۈن...

مەقسىتىگە چۈشەنگەن زۇمرەت يۈزىنى قامالالاپ، ئۆكسۈپ- ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ يىغىسى شۇ قەدەر ھەسرەتلىك، شۇ قەدەر ئازابلىق ئىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىپ قالغانىدى.

بىراق، ماڭا كىمنىڭ ئىچى ئاغرىيدۇ؟ خوتۇنىنى دەپ، دادىسىدىن ئايرىلىپ قالغان مەندەك بىر بىچارىگە كىمنىڭ ئىچى ئاغرىيدۇ؟ قىز خوتۇن ئېلىپ، يەنە قىز پېتى سۆزىنى بەرگەن مەندەك ئەخمەققە كىمنىڭ ئىچى ئاغرىيدۇ؟

گۇگۇم چۈشكەنىدى، ئۆزۈگنى زۇمرەتكە ئاتتىڭ، خۇددى توشقانغا ئېتىلغان بۆركۈتتەك. بىراق، قورام تاشنى قۇچاقلاپلا قالدىڭ. چۈنكى، ئۇ قوينۇڭدىن سۇغۇرۇلۇپ چىققانىدى، گوياكى ئالتۇن بېلىقتەك.

ئۇ ئون نەچچە قەدەم نېرىدا ساڭا غالىبانە نەزەردە قاراپ تۇراتتى. پۈتۈك زىڭىلداپ ئاغرىيتتى، يۈرىكىڭ پىژىلداپ ئىچىشاتتى. تەشنا قەلبىڭ تېخىمۇ قاغجىراپ كەتكەنىدى.

- ئۇنداق قىلماڭ،- دېدىڭ سەن بىچارىلەرچە يىلىنىپ، — بۇنداق كېتىۋەرسەك، ئۇچىلىمىزگە ئوبدان ئەمەس.

— ئۇچىلىمىزگە؟... ھىم!

بىردىنلا چىڭگىدە بېسىپ تۇرۇۋالغان جۇدۇنۇڭ يەنە ئۆرلەپ قالدى، بۇ قېتىم ھەرقانچە قىلىپمۇ بېسىۋالالمىدىڭ.

— مەن سىزگە دەپ قويىاي، خېنىم، مەتسالى سىزنى دەپلا مېنى قۇتقۇزۇپ يۈرگەن بىلەن، مەن ئۇنى...

- مەنمۇ سىزگە دەپ قويىاي، غوجام! — دېدى زۇمرەت سۆزۈگنى بۆلۈپ، ساڭا رەقىبانە نەزەردە تىكىلىپ، - مەتسالىغا بىر ئىش بولۇپ قالىدىغان بولسا، مەن سىزدىن ھېساب ئالىمەن!... يەنە دەپ قويىاي، «مېنى خوتۇن قىلىمەن» دەپ خام خىيال قىلىپ يۈرمەڭ!

ئۇ شۇنداق دېدى -دە، كېيىكتەك تاقلاپ - تاقلاپ كۆزۈگدىن

غايىب بولدى. سەن ئۆزۈڭنى مۇزدەك قۇملۇققا دۆم تاشلاپ، ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ، ھەسرەت بىلەن، ئەلەم بىلەن، يىغان بىلەن يىغلاپ كەتتىڭ، مىسالى زۇمرەتتەك، مەتسالىمۇ تويۇڭ بولغان كۈنى موشۇنداق يىغلىغان بولغىيمىدى؟

ناتايىن!

مەتسالىنىڭ شۇ كۈنى خۇددى سەندەكلا يىغلىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتىڭ، تەسەۋۋۇر قىلالىغان تەقدىردىمۇ، ئۆزۈڭ قىلغان تەسەۋۋۇرغا ئۆزۈڭ ئىشەنمەيتتىڭ، چۈنكى ئاساسىڭ بار ئىدى: ئاشىقىدىن ئايرىلىپ قالغانغىمۇ يىغلامدۇ بىر كىم؟ ئەڭ يامىنى خوتۇنىدىن ئايرىلىپ قېلىش.

زۇمرەت راستىنلا ماڭا خوتۇن بولماسىما؟ راستىنلا قولۇمدىن قىز پېتى چىقىپ كېتەرما؟ مەتسالى دېگەن نامەرد گۈيغا قىز پېتى نېسىپ بولۇپ كېتەرما؟ ياق، ياق! ھەرگىز... دادام قۇربان بولمىغان بولسىمۇ بىر كاشكى... مەن مۇشۇ مايماقنى دەپ، دادامدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپ قالمىغان بولسامۇ بىر كاشكى! مەتسالىگە مۇشۇنداقلا تاشلاپ بەرگۈچە ساڭىمۇ يوق، ماڭىمۇ يوق قىلىۋېتەرمەن ئىلاھىم!

قەلبىڭ شۇملۇقانە پىلانلار بىلەن تولغانىدى؛ قەلبىڭ گۈزەل كۈيلەر — جەننەت ساداسى بىلەن تولغانىدى.

قەلبىڭدىكى بۇ شۇملۇقانە پىلانلار بىلەن جەننەت ساداسى ئۆز- ئارا تىركىشىشكە باشلىغانىدى. قايسىسى غالىب كېلەركىن؟

بىلمەيتتىڭ.

16

پۈتۈك ساقىيىپ، پولك دوختۇرخانىسىدىن چىقىپ، ئۇرۇش قايناملىرىغا قوشۇلۇپ كېتىش ئالدىدا سەن پولك شتابىغا چاقىرتىلىپ،

جىددىي ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالدىڭ.

ـــ بىز پات يېقىندا قاغىلىق بازىرىغا ھۇجۇم قىلىمىز،ـــ دېدى پولكوۋنىك تۇردىقارىي بەگ، ـــ قاغىلىق بازىرىدىكى پارتىزانلارنىڭ ھۇجۇمغا ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىشى ئۈچۈن، ئۇلارغا بىر تۈركۈم قورال - ياراغ كىرگۈزگەندۇق. ئىگىلىگەن ئاخباراتلارغا ئاساسلانغاندا، دۈشمەنلەر ھەرىكەت پىلانىمىزنى بايقاپ قالغاندەك تۇرىدۇ. ئىككى نەپەر ئالاقىچىمىز تۇتۇلۇپ كەچ قولغا ئېلىنىپتۇ. ئۇلار ناۋادا ئىقرار قىلىپ قالسا، قورال - ياراغلار ۋە بىر تۈركۈم ئىنقىلابچىلىرىمىز دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ كېتىدۇ. شۇڭا، سىزنىڭ ۋەزىپىڭىز قاغىلىق بازىرىغا كىرىپ، قورال - ياراغلارنى باشقا بىر جايغا يۆتكىۋېتىش؛ پارتىزانلارنىڭ يىغىلىش ئورنىنى ئۆزگەرتىپ، ۋاقتى كەلگەندە ئۇلارغا قورال- ياراغلارنى تارقىتىپ بېرىش ۋە ئۇلارغا قوماندانلىق قىلىش. ئەسلى بۇ ۋەزىپىگە مەتسالىنى ئەۋەتمەكچىدىم، ئۇ پوسكامغا...

سەن ئورنۇڭدىن دەس تۇرۇپ، چاس بەردىڭ - دە، پولكوۋنىكنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ:

- مېنى ئەۋەتكىنىڭىزگە رەھمەت. ئازادلىق ئۈچۈن جېنىم پىدا!ـــ دېدىڭ جەڭگىۋار ھالەتتە تىك تۇرۇپ، - ۋەزىپىنى چوقۇم ئورۇندايمەن!

- سالامەتلىكىڭىز...

ـــ سالامەتلىكىم تولۇق ئەسلىگە كەلدى، خاتىرجەم بولۇڭ، پولكوۋنىك!

پولك كوماندىرى چەكسىز مەمنۇنىيەت بىلەن سەن ئۈچرىشىدىغان ئادەم، ئۈچرىشىدىغان جاي ۋە پارولنى ئېيتىپ بېرىپ سورىدى:

- تەكرارلايمۇ؟

- ياق، ئېسىمدە تۇتۇۋالدىم.

سەن قاغىلىق بازىرىغا يېتىپ كېلەي دېگەندە، قۇياش باش ئۈستۈڭگە كېلىپ توختىغانىدى. سەن ئېتىڭنى بىر دەڭگە ئەكىرىپ

قويۇپ، چوپان دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدىڭ. چىرىكلەر كىرىپ- چىقىۋاتقانلارنى ناھايىتى قاتتىق تەكشۈرۈۋاتاتتى. قوينۇڭدىكى تاپانچاڭنى بۇ دەرۋازىدىن ئۆزۈڭ بىلەن بىللە ئەكىرەلىشىڭگە كۆزۈڭ ئىلىنمىدى. شۇڭا، قارلىغاچ دەرۋازىسىغا، ئان- دىن بەشئىبرىق دەرۋازىسى، سەبزەگۈل دەرۋازىسىغا كەلدىڭ. بازارغا كىرىپ - چىقىدىغان بۇ تۆت دەرۋازىدىكى قاراۋۇللۇق بىر- بىرىدىن قاتتىق، تەكشۈرۈش بىر- بىرىدىن چىڭ ئىدى. گەرچە قاغىلىق بازىرىنىڭ سېپىلى بولمىسىمۇ، لېكىن تۆت ئەتراپى ئاھالىلەر بىلەن ناھايىتى زىچ قورشالغاچقا، موشۇ تۆت دەرۋازىدىن كىرىپ- چىقماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

شۇڭا، سەن ھاجەت قىلغان بولۇپ تاپانچاڭنى بىر تۈپ دەرەخ تۈۋىگە كۆمۈپ قويۇپ، يەنە چوپان دەرۋازىسىغا كەلدىڭ. گەرچە قۇياش بار كۈچى بىلەن پارلاپ تۇرسىمۇ، لېكىن ۋىژ- ۋىژ سوغۇق جاندىن ئۆتەتتى. ئەمما، سەن سوغۇقتىن قورقۇپ ئەمەس، چىرىكلەرنىڭ، يۇقىراچە كىيىنگەن پايلاقچىلارنىڭ تونۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ، سالۋا تەلپىكىڭنى راسا چۆكۈرۈپ كىيىۋالغاچقا، قاش- كۆزۈڭ كۆرۈنمەيلا قالغانىدى؛ تاشلانمىغان ئاق كۈرەك جۇۋاڭ ئۈستىدىن بېلىڭنى پۆپۈكلۈك قۇ بىلەن باغلىۋالغاچقا، بېلىڭ قورۇلۇپ، قەددىڭ خۇددى ئوتياشلىقتىكى قارانچۇقىلا ئوخشاپ قالغانىدى ؛ شىرەڭنىڭ شوينىلىرىنى قايتىدىن چىگىتىپ، ئىشتىنىڭنىڭ پۇچقىنى ئاق چەگدەم پايپىقىڭنىڭ ئىچىگە تىقىپ، پۆپۈكلۈك رەڭدار قۇ بىلەن چىرايلىقىنە يۆگىۋالغاچقا، ئۆمۈر بويى شەھەرگە ئەمەس، بازارغىمۇ كىرىپ باقمىغان مالچىغىلا ئوخشاپ قالغانىدىڭ. شۇ تاپتا قەددى - قامىتىڭدە جەڭچىگە خاس سالاپەتتىن قىلچىمۇ ئەسەر قالمىغانىدى. ناۋادا ۋۇجۇدۇڭ يۈرىكىڭدە خۇددى كۆك بۆرىدەك ھۇۋلاپ تۇرغان ياۋايىلارچە روھىي قۇدرەتنى زاھىر قىلىپ قويمايدىغانلا بولسا، سېنىڭ ئۆلۈمنى مەنسىتمەيدىغان،

ئەزرائىلنىڭ ئالدىغىمۇ مەردانە قەدەملەر بىلەن كۈلۈمسىرەپ بارالايدىغان قەيسەر بىر جەڭچى ئىكەنلىكىڭگە ھېچكىممۇ ئىشەنمەيتتى.

شۇنداق بولغاي ئىلاھىم!

ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولدى: تەكشۈرۈشتىن ئاسانلا ئۆتۈپ كەتتىڭ. سۆيۈملۈك تاپانچاڭنى بىللە ئېلىۋالمىغىنىڭغا بەكمۇ ھەسرەتلەندىڭ.

سەن مالچىلارغا خاس مەزمۇت قەدەملەر بىلەن ناھايىتى چەبدەس مېڭىپ، «گۇمبەز ئالدى» دەپ ئاتىلىدىغان قايناق بازارغا كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە يېتىپ كەلدىڭ - دە، ھېلىقى بەلگىلەنگەن جاي — بىر دۆۋە تۇگمەن تېشىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇردۇڭ. كۆزۈڭ يىگنە ساتقۇچىدا، قۇلىقىڭ ئۇنىڭ كۈلكىلىك ئاۋازىدا ئىدى. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇنىڭ خوتەن شىۋىسىدىكى ئاۋازى قۇلىقىڭغا كىردى:

— يىگنە ساتتىمەن يىگنە! تويلاق يىگنە! ئۇچى ئۇچلۇق، تۆۋى كۇچلۇق! ئىشتىمىسىمۇ كىرىتتو، تارتمىسىمۇ چىقىتتو! ئەرزان يىگنە!

يىگنىچى شۇنداق دەپ خېرىدار چاقىرغىنىچە سېنىڭ ئۇدۇلۇڭغا كەلدى. ئۇ سەن كۆرۈشىدىغان ئادەمنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. شۇڭا:

— ھوي يىگنىچى، يىگنە ساتامسىزا؟! — دەپ ۋارقىرىدىڭ سەنمۇ خوتەن شىۋىسىدە.

ئۇ سېنى كۆرۈپ قېشىڭغا كەلدى.

— ساتمايزە، ساتتىمەن شۇ! ساتمىسام بىكارغا كاركىرامتىما، ھوي ئۆز غوجام؟!

سەن تەلپىكىڭنى سەل ئۈستۈنرەك قىلىپ قويۇپ، پەسكە چۈشۈپ بىر ئاق چەگدەمگە ھەرخىل چوڭ- كىچىك يىگنىلەرنى سانجىۋالغان، تاز چىراي كەلگەن، ئوتتۇز تۆت - ئوتتۇز بەش ياشلاردىكى يىگنىچىدىن سورىدىڭ:

— ئالتۇن يىگنىڭىز بارمۇيا؟

— بار، نەرخىگە يېتەلىسىڭىز.

سىلەرنىڭ پارولىرىڭلار ئەنە شۇنداق ئاددىي ئىدى. ئاڭلىغان ئادەم ئۇنى ھەرگىزمۇ «پارول» دېمەيتتى.

ـ مەن «ئالتۇن يىڭنە»گە كەلدىم، ئۇ قەيەردە؟ ـــ دېدىڭ سەن تەمكىنلىكىڭنى يىچىرلاپ، ئەمما ئۇ:

ـ راشىددىن مۇپتى ھاجىمنىڭ ئۆيىدە، ـــ دېدى ناھايىتى ئەنسىز پىچىرلاپ، ـ ئېھتىيات قىلىڭ، پايلاقچى باردەك قىلىدۇ.

ئۇ قولۇڭغا بىر نەچچە تال يىڭنىنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ، كۆزدىن غايىب بولدى. ئەمما، ئاۋازى قۇلىقىڭ تۈۋىدىن خېلى ئۇزاققىچە يوقالمىدى:

ـ يىڭنە ساتىمەن يىڭنە!... ئالتۇن يىڭنە!... ئىشتىمىسىمۇ كىرىتتو! تارتمىسىمۇ چىقىتتو!...

سەن قولۇڭدىكى يىڭنىنى يۇتۇڭغا يۇتلىشىپ تۇرغان ئالقانچىلىك بىر سامان قەغىزىگە يۆگەپ يانچۇقۇڭغا سالدىڭ ـ دە، ئۇيان - بۇيان ئۆتۈشۈپ تۇرغان چېرىكلەرگە كۆز قىرىڭنىمۇ سېلىپ قويماستىن، مەردانە قەدەملەر بىلەن جايىڭغا ئۆستىڭنى بويلاپ، بازارنىڭ غەربىدىكى ھۆرۈنباغقا قاراپ ماڭدىڭ. چۈنكى، قورسىقىڭ بەكلا ئېچىپ كەتكەنىدى، ھۆرۈنباغدىكى ئاشپۇزۇلغا كىرىپ، نەغمە - ناۋا ئاڭلىغاچ قورسىقىڭنى توقلىماقچى بولغانىدىڭ.

تۆت مو كۆلەمدىكى بۇ ساياھەت باغچىسىنىڭ ئەسلىي نامى «ھۆزۈرباغ» بولۇپ، ئۇ يەردە يېتىپ ئۇخلايدىغان ھورۇن - بىكار تەلەپلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەر ئۇنى «ھۇرۇنباغ» دەپ ئاتىشقالغانىدى. بۇ باغ 1937-يىلى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان بولۇپ، 1938-يىلى 4-ئايدا شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئورۇنلاشتۇرغان «12-ئاپرېل» بايرىمىمۇ مۇشۇ باغدا ئۆتكۈزۈلۈپ، تەنتەربىيە، سەنئەت مۇسابىقىلىرى، كۆرگەزمە قاتارلىق ھەرخىل مەدەنىي پائالىيەتلەر بىر ئاي داۋام قىلىنغانىدى.

پايلاقچى؟ راستىنلا پايلاقچى بارمىدۇ؟

سەن ئىلدام كېتىۋېتىپ، ئالدى- ئارقاڭغا قاراپ قويىدۇڭ، ھېچبىر پايلاقچى باردەك قىلمايتتى.

«راشىددىن مۇپتى ھاجىمنىڭ ئۆيىدە؟»

سەن ھۇرۇنباغقا يېقىنلاشقانسېرى، قىزىل مەگىزلىك، قوڭۇر كۆزلىرىدىن مېھىر، ئەقىل- پاراسەت نۇرلىرى چېقنىداپ تۇرىدىغان ئۇستازىڭ راشىددىن مۇپتى ھاجىمنىڭ نۇرانە سىيماسى ساڭا يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى...

سەن داداڭدىن، ئۇستازىڭدىن، ئۇنىڭ بالا- چاقىلىرىدىن راشىددىن مۇپتى ھاجىمنىڭ 1897- يىلى قاغىلىقنىڭ بەشئېرىق يېزىسى تۆۋەن ئۆراڭ كەنتىدىكى مەرىپەتپەرۋەر دىنىي زات يۈسۈپ ھاجىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەنلىكىنى، باللىق دەۋرىدە قاغىلىق بازىرىدىكى دۆڭ مەدرىسىدە روزاخۇنلۇقۇم، سوپى قازىئاخۇنۇم قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تەربىيىسىدە، كېيىن مەۋلانە ھۆسەيىنخان تەجەللىنىڭ ھۇزۇرىدا ئىلىم تەھسىل قىلغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىڭ؛ 1914- يىلىدىن 1926- يىلىغىچە ئېلىخان مەخسۇم، ئۆمەر ھاجى داموللام، يۈسۈپ ئاخۇن داموللام قاتارلىق ھەمساۋاقلىرى بىلەن قەشقەر خانلىق مەدرىسىسىدە ئابدۇقادىر داموللام، شەمشىددىن داموللام قاتارلىق مەرىپەت پېشىۋالىرىنىڭ تەربىيىسىدە ئەرەب، پارس تىللىرى ۋە ئەدەبىيات، ئەلجەبىر (ماتېماتىكا)، پەلسەپە... پەنلىرى بويىچە ئون ئىككى يىل ئىلىم تەھسىل قىلغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىڭ؛ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ياش - ئۆسمۈرلەرنى يىغىپ ئوقۇتۇپ، ئۇلارغا مول بىلىملەرنى سىڭدۈرۈش ئارقىلىق يۇرت ئىچىگە ئىلىم - مەرىپەت ئۇرۇقلىرىنى چېچىپ، نادانلىق، خۇراپاتلىق، قاتارلىق روھىي ئىللەتلەرگە دەسلەپكى قەدەمدە داداللىق بىلەن ئوت ئاچقانلىقىنى ئاڭلىغانىدىڭ؛ ئۇزاق ئۆتمەي ناھىيىنىڭ مەھكىمە شەرئىينىڭ مۇپتىلىقىغا تەيىنلىنىپ، ئىنسانپەرۋەرلىكى ۋە ئادالەتپەرۋەرلىكى بىلەن خەلقنىڭ

چەكسىز ئىززەت- ئىكراملارغا مۇيەسسەر بولغانلىقىنى، 1936- يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانغا بېرىپ، بەيتۇلمۇقەددەسنى تاۋاپ قىلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، «راشىددىن مۇپتى ھاجىم» دېگەن نام بىلەن تېخىمۇ شۆھرەتلەنگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىك؛ 1937- يىلى قاغىلىقتا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، دەسلەپ ئەۋقاپ (مالىيە) مۇدىرى، كېيىن ئۇيۇشمىنىڭ ئورۇنباسار رەئىسى بولۇپ، ئاتۇشلۇق تەرەققىيپەرۋەر دىنىي زات، كاتتا باي، ئۇيۇشمىنىڭ رەئىسى ئابدۇۋەلى باي قاتارلىق ئۇيۇشما رەھبەرلىرى بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ، ئۇيۇشمىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى بەرپا قىلىپ، قەلبلەرنى ئىلىم مەشئەللىرى بىلەن يورۇتقانلىقىنى، دارىلئېيتام، دارىلئاجىزىنلارنى قۇرۇپ، يېتىم- يېسىرلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش كاپالەتكە ئىگە قىلغانلىقىنى... ئاڭلىغانىدىك؛ ھازىر سەن كىرىپ كېتىۋاتقان ھۇرۇنباغ ئىچىدە «ئون ئىككى مۇقام» ۋارىسى تۇردىئاخۇن ئاكا بىلەن بىرلىشىپ بىر مۇزىكىلىق چايخانا ماڭدۇرغانلىقىنى، چايخانا مۇقام، ئەلنەغمە، مەشرەپلەر بىلەن راسا قىزىپ كېتىدىغانلىقىنى، كېيىن راشىددىن مۇپتى ھاجىمنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشى بىلەن بۇ چايخانا كېڭەيتىلىپ، چايدىن باشقا يەنە لەڭمەن، پولۇ، مانتا قاتارلىق ھەرخىل تائاملار سېتىلىدىغان بولغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىك؛ 1938- يىلى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە مۇقامچى تۇردىئاخۇن ئاكا، ئوغلى ھوشۇر ئاخۇن ۋە قەمبەر ئېلى ئىشان، ئابدۇغوپۇرجان، جۇمە ئىمىن قاتارلىق ئۇيغۇر، ئۆزبېك سەنئەتكارلىرىدىن تەشكىل تاپقان ئون بەش كىشىلىك سانايىنەپىسە قۇرۇلغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن چايخانا تېخىمۇ كېڭەيتىلىپ، يېنىغا كىچىككىنە بىر سەھنە ياسىلىپ دەسلەپ مۇقام، ئەلنەغمە، ناخشا، كۆلدۈرگىلەرنىڭ ئورۇنلانغانلىقىنى، كېيىن ئويۇن قويۇش ئورنى چايخانىدىن ئانار بازىرى باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئىككى يۈز ئەللىك كىشىلىك زالىغا يۆتكىلىپ، خوتەن ۋىلايەتلىك سانايىنەپىسەدىن

قاغىلىق سانايىنەپىسەنىڭ خىزمەتلىرىگە ياردەم بەرگىلى كەلگەن دراماتورگ ئەمەت ئۆمەرنىڭ رېژىسسورلۇقىدا مەيدانغا كەلگەن «ئۇيۇشقان كۆچ»، «قۇياش قىزى»، «قارا چوقۇر»، «غېرىب - سەنەم»، «پەرھاد- شېرىن»، «تاھىر - زوھرا»، «ئەييار تاز» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ ئوينالغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىڭ ھەم ئىسكەندەر بىلەن راشىددىن مۇپتى ھاجىمنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، نەۋائىي، سوپى ئاللايار، خوجا ھاپىز، ھۇۋەيدا... لارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىۋاتقان كۈنلەردە، بۇ ئويۇنلارنى بىر قۇر كۆرۈپ بولغانىدىڭ. ئەگەر ئاتا - ئاناڭ تەڭلا كېسەلگە چۈشۈپ قېلىپ، ساڭا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالمىغان بولسا، ئۇستازىڭ بىلەن بىر يىل بولار -بولمايلا خوشلاشمىغان، ئۇستازىڭنىڭ ئوغلى ئابدۇلھەمىدتەك، دوستۇڭ ئىسكەندەردەك ياپپاش تۇرۇپلا ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەن بولاتتىڭ؛ قىساسىڭنى قەستەنگە ئۇنتۇپ، يېرىم يولدىلا غايە ۋە ئېتىقادىڭدىن يېنىۋېلىپ، قەلبىڭدىكى گۈزەل كۆيلەر - جەننەت ساداسىدىن مەھرۇم قېلىپ، بىچارە - مىسكىن، غېرىپ - غۇرۋا، ۋىجدان - غورۇرسىز، قۇرۇق ئۇستىخان ئادەمگە ئايلىنىپ قېلىپ، داداڭدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپ قالمىغان بولاتتىڭ. گەرچە سېنىڭ راشىددىن مۇپتى ھاجىمدىن ئۆگەنگەنلىرىڭ ناھايىتى ئاز بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەققىدە بىلىدىغان - ئاڭلىغانلىرىڭ ئەنە شۇنداق كۆپ ئىدى. ئەمما، سەن راشىددىن مۇپتى ھاجىم ھەققىدە شۇنچە كۆپ نەرسىلەرنى بىلگىنىڭ بىلەن، لېكىن ئۇنىڭ بىر ئاي بۇرۇن قوشراپتا قوماندانلىق شتابىنىڭ كېڭەشمە يىغىنىغا قاتنىشىپ، قاغىلىقنى ئازاد قىلىش توغرىسىدا قىممەتلىك پىكىر - تەكلىپ، مەسلىھەتلەرنى بەرگەنلىكىنى، يىغىندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، گومىنتۇەن بىلەن جىڭساجۇي (ساقچى ئىدارىسى) نىڭ مۇداپىئە خەرىتىسىنى نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈشكە سېتىۋېلىپ، شتابقا يەتكۈزۈپ بەرگەنلىكىنى بىلمەيتتىڭ. شۇڭا، يىگىنچىدىن «مالنىڭ» قۇرال -ياراغلارنىڭ راشىددىن مۇپتى ھاجىمنىڭ

ئۆيدە ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، قۇلىقىڭغا ئىشەنمەيلا قالغانىدىڭ.

«كەينىمدە پايلاقچى بارمۇ تېخى...»

سەن يولنىڭ ياقىسىغىراق چىقىپ، شەرەڭنىڭ شوينىلىرىنى چىڭىتقان بولۇپ ئەتراپقا چاندۇرمايلا بىر قۇر قاراپ چىقتىڭ. ھېچبىر پايلاقچى بار دەك قىلمايتتى - ھەر كىم ئۆز يولى بىلەن ئۆز ئىشىغا كېتىشىۋاتاتتى.

سەن چايخانىغا كىردىڭ. چايخانا خۇددى تىنىچلىق يىللىرىدەك، سەنئەتخۇمار كىشىلەر بىلەن لىق تولغانىدى. ساڭا چايخانىنىڭ بىر بۇلۇڭىدىن ئارانلا ئورۇن تەگدى. چايخانا ئىللىق ئىدى. سەن تەلپىكىڭنى ئۇستۇنرەك قىلىۋېتىپ، ئەتراپىڭغا قارىدىڭ. ساڭا قارىغىلى ھېچكىمنىڭ چولىسى يوق — ھەممىنىڭ كۆزى، قۇلىقى سەھنىگە قادالغانىدى. چۈنكى، سەھنىدە تۇردىئاخۇن ئاكا بىلەن ئوغلى ھوشۇر ئاخۇن تەمبۇر بىلەن ساتارنى تەڭكەش قىلىپ «راك مۇقامى» نىڭ پەشرۇسىنى ئورۇنداۋاتاتتى.

ئالەم ئەھلىدىن كۆڭۈلنىڭ مۇددەئاسى قالمادى،
ئۆتتى ئۆمرۈم، ئۇشبۇ ئالەمنىڭ ۋەفاسى قالمىدى.

بار ئىمىشدۇر دەھرنىڭ ئانچە بەلاسى جانىمە،
بارغالى ئۇل سەۋرى گۈلشەنىنىڭ ھەۋاسى قالمادى.

ئەي ئايازى، جان بېرىپ ئۆزنى خەلاس ئەتمەك كېرەك،
مۇندىن ئۆزگە ھېچ بىر دەردنىڭ دەۋاسى قالمادى.

ئىلھامبەخش ئېزگۇ كۈيلەر ئەنە شۇنداق مۇڭ بىلەن ئاخىرلىشىۋىدى، ھەممەيلەن ئۇلۇغ- كىچىك تىنىشىپ، پىيالىلىرىنى

قولىغا ئېلىشتى. سەن خۇددى يىگىنچى دېگەن پايلاقچى ئارقاڭدىن دەمبەس قەدەم كېلىپ، سېنى تۇتقۇن قىلىدىغاندەك، ئىشىككە بويۇنداپ قارىدىڭ. ھېچكىم كىرمىدى. دەل شۇ چاغدىلا ئاندىن بىر مۇلازىم ئالدىڭغا كېلىپ:

ــ يىگىت، سىزگە نېمە لازىم؟ ـــ دەپ سورىدى.

سەن بىلىنگىدىكى قۇنى يېشۋېتىپ جاۋاب بەردىڭ:

ــ چاي، مانتىدىن ئوننى.

مۇلازىم يېنىگىدىكى ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشىدىن سورىدى:

ــ سىلىچۇ ؟

ــ لەگمەن.

ــ يېرىمما، پۈتۈنما؟

ـــ يېرىم، يېزىلىق ئەمەس مەن پۈتۈن لەگمەن يېگىلى.

مۇلازىم ئۇنىڭ يېنىدىكى ياشقىنە بىر يىگىتتىن:

ــ ئۆزلىرىچۇ، غوجام؟ ـــ دەپ سورىۋېدى، ئۇ ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن جاۋاب بەردى:

ـــ پۈتۈن، بازارلىق ئەمەس مەن يېرىم لەگمەن يەپ، قورسىقى تويماي ئاش سۈيىگە نان چىلاپ يېگىلى.

«پاراققىدە» كۈلكە كۆتۈرۈلدى. سەنمۇ ھوزۇرلىنىپ شۇنداق كۈلدۈڭكى، كۆزلىرىڭدىن قويۇلغان ياش كۆڭلۈڭدىكى پايلاقچى ھەققىدىكى تەشۋىشنى غەرق قىلىۋەتتى. ھەتتا قۇلاق تۈۋىگىچە قىزىرىپ كەتكەن ھېلقى چاقچاق باشلىغان ئادەممۇ.

مۇلازىممۇ كۈلكىسىنى باسالمىغان ھالدا قېشىڭلاردىن كەتتى. كۆزۈڭنىڭ قۇيرۇقىدا نەزەر سالدىڭ، ھەممىسى تاماق يېيىش، چاي ئىچىش بىلەن بولۇپ كېتىشكەنىدى. شۇڭا، سەنمۇ كېرىلىپ ئولتۇرۇپ، تامىقىڭنى ئالدىرىماي يېيىشكە باشلىدىڭ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالدىرىشىڭنىڭمۇ ھاجىتى يوق ئىدى. چۈنكى، بىرىنچىدىن،

ئۇستازىڭىنىڭ ئۆيىگە ھەر ئېھتىمالغا قارشى قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن بارمىساڭ بولمايتتى؛ ئىككىنچىدىن، كەينىمدە پايلاقچى باركەن دەپ، ۋەزىپىنى ئورۇندىمايلا ئالدىراپ - سالدىراپ قېچىشقا بولمايتتى؛ ئۈچىنچىدىن، مەيلى قانداق بولمىسۇن، ۋەزىپىنى چوقۇم ئورۇندىمىساڭ بولمايتتى. ئورۇندىيالامسەنكىن؟

چوقۇم ئورۇندايمەن!

سەن ۋەزىپىنى بىر جېنىڭ بىلەن ئەمەس، مىڭ جېنىڭ بىلەن ئورۇنداش قارارىغا كەلگەنىدىڭ. شۇڭا، تاماق كېلىپ بولغۇچە بۇ ھەقتە ئەمدىلا پىلان تۈزۈشكە باشلىغانىدىڭ، پىلانىڭنىڭ مۇقەددىمىسىنى بىقىنىڭدىكى ئىككىيلەننىڭ دېيىشكەن گەپلىرى ئۈزۈۋەتتى:

- ئاخشاملىققا «ئەييار تاز» نى قويىدىكەن، بارامسەن؟

- سەنچۇ؟

- مەن چوقۇم بارىمەن.

- ئەجەب تويمايدىكەنسەن شۇ «ئەييار تاز» غا.

- كۆرسەم كۆرگۈم كېلىدۇ.

شۇنداق، سېنىڭمۇ «ئەييار تاز» نى كۆرسەڭ كۆرگۈڭ كېلەتتى. ئۇستازىڭدىن ساۋاق ئېلىپ يۈرگەن كۈنلىرىڭدىمۇ ئۇنى ئىسكەندەر بىلەن كۆرۈپ - كۆرۈپ قانمىغانىدىڭ. چۈنكى، «ئەييار تاز» ئاجايىپ قىزىقارلىق كۈلدۈرگە ئىدى. ئۇنىڭدا بىر مۇتتەھەم يىگىت بىلەن بىر بېشەم خوتۇننىڭ ئائىلە ماجىراسى تەسۋىرلىنەتتى. ئۆمرىدە كۈلۈپ باقمىغان ئادەم، ھەتتاكى ئازاب - ھەسرەت دەرياسىدا ئۈزۈپ يۈرگەن ئادەممۇ «ئەييار تاز» نى بىر كۆرسە، بولۇپمۇ «ئەييار تاز» نىڭ مۇنۇ قوشاقنى ئوقۇپ تۇرۇپ، خوتۇننى ئۇرۇشقا تەمشەلگەن كۆرۈنۈشنى بىر كۆرىدىغان بولسا، ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلايتتى.

پەيغەمبەرمۇ چاچ قويغان،

خوتۇننى ئاچ قويغان.
ئۇنىمسا گېپىگە،
بىقىنغا گاچ قويغان.

گەرچە بۇ جىمىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ پەزىلىتىگە مۇخالىپ قوشاق بولسىمۇ، لېكىن سەنئەتلىك خۇسۇسىيىتى بىلەن كىشىلەرگە ھۇزۇر بەخش ئەتمەي قالمايتتى.
مۇقام يەنە باشلاندى. سەن ئىچىۋاتقان چىيىڭنى قويۇپ، مۇقامغا قۇلاق سالدىڭ:

سەنەمنىڭ دەردىنى دەفتەر قىلىپ خەتكە پۈتۈپ بولماس،
ئانىڭ ئەسرازىنى بىغەھمىلەرگە شەرھ ئېتىپ بولماس.

جۇدالىق خەنجەرى بىرلە يۈرەكىم چاك - چاك بولدى،
يۈرەك زەخمىن ئاچىپ بىدەردلەرگە كۆرسەتىپ بولماس.

فەلەكنى ئەختەرىن قىلسا بىلەدۇرلار ھىسابىنى،
يۈرەكىم زەخمىنىڭ ھەرگىز ھىسابىنى بىلىپ بولماس.

ئەلەم تارتىپ يۈرەكىمدە قارا كۆز دەپ تۆكۈلگەن ياش،
قازاننىڭ ئاستىغە ئوت ياقماغۇنچە قايناتىپ بولماس.

ھۇۋەيدا، ھەر ئىشىكىم بىمۇشەققەت بولماغاي ھاسىل،
مۇشەققەت تارتماغۇنچە يار ۋەسلىگە يېتىپ بولماس.

ئۆمىد بەخش كۈيلەر تۆگىشى بىلەن سەنمۇ خۇددى باشقىلاردەك

ئېغىر ئۇھسىنىپ قويدۇق، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدىك. كىمدۇر بىرىنىڭ: « ئاھ، خۇدا، ئۆزۈڭ بار!...» دېگەن ئىلتىجاسىغا پەقەت يۈرىكىڭدە ھەمدەم بولدۇڭ...

گۈگۈم باستۇرۇپ كەلگەنىدى. سەن ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، ئېزگۈلۈك، گۈزەللىك ۋە سەنئەت بىلەن تولغان بۇ چايخانىدىن چىققۇڭ كەلمەي چىقىپ كەتتىڭ. باغدىن چىقىپلا ناۋادا كەينىمدە پايلاقچى بولسا، ئېزىقتۇرۇۋېتەي دەپ ئويلاپ، ئىلدام قەدەملەر بىلەن ھېلى ئۇ كوچىغا، ھېلى بۇ كوچىغا كىرىپ قويۇپ، ئاخىر تۆگىچى كوچىسىغا كىرىپ كەلدىڭ. كەينىڭدە ھېچبىر پايلاقچى باردەك قىلمايتتى.

پايلاقچى بولسىمۇ ئېزىقىپ كەتتى بايىتىنىڭكىياقى...

سەن شۇنداق ئويلاپ ھويلىغا كىردىڭ. ئۇستازىڭ بىلەن قىسقا، جىددىي ھال ـ ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن، كېلىش مەقسىتىڭنى ئېيتتىڭ. ھەر ئىككىڭلار ئويغا پاتقانىدىڭلار. چۈنكى، ئۆيىنىڭ ئەتراپىدا «پايلاقچى يوق» دەپ ھېچكىم بىر نەرسە دېيەلمەيتتى. سەن بىردىنلا ھويلىدىكى ئوتتۇن بېسقلىق تۇرغان ھارۋىنى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈردۈڭ ـ دە، ئەقىل تېپىپ:

ـ مۇنداق قىلىلى، ھاجىم. ھويلىدىكى ئوتتۇن بېسقلىق ھارۋىنى ماڭا قېتىپ بەرسىلە، مەن ھەيدەپ ماڭاي. ئەگەر پايلاقچى بولسا، چوقۇم كەينىمدىن ئەگىشىپ ماڭىدۇ. سىلى باللار بىلەن قۇراللارنى باشقا يەرگە يۆتكىۋەتسىلە.

ئۇستازىڭ ماقۇل بولدى. چۈنكى، بۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق ئىدى.

سەن ئوتتۇننىڭ ئۇستىگە بىر ئەسكى كىگىزنى يېپىپ، ھارۋىنى ھەيدەپ دەرۋازىدىن چىقتىڭ ـ دە، پايلاقچىلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزۈڭگە تارتىش ئۈچۈن، قەستەن ئېشەكنى تاياق بىلەن راسا قۇيۇپ: «خىتا خىت! ھۇ، بەرمىگەن بوغازنى يىمىگەن قوتا!» دېگىنىڭچە تۆگىچى كوچىسىدىن بەشئېرىق كوچىسىغا، بشئېرىق كوچىسىدىن گۇمبەز ئالدىغا

كەلدىڭ، جىمجىت.

قەغەزچى مەھەللىسىگە مېڭىپ باقاي قېنى. شۇ يەرگىچە تىنىچلىق بولسا يېنىپ كېتەي.

سەن شۇنداق ئويلاپ مېڭىۋەردىڭ. دەل قەغەزچى مەھەللىسىگە بارغاندا، ئاندىن:

ـ توختا!ــ دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

سەن يوختىدىڭ، ئېشىكىڭنى ناھايىتى تەستە توختاتتىڭ.

ـ نىمە ئادەم سەن؟

ـ ئوتۇنچى.

ئېشىكىڭ يەنە مېڭىپ كەتتى. ئۇنى نۇختىسىدىن سىلكىپ تارتىپ، باياتىنقىدىنمۇ تەستە توختاتتىڭ، خۇددى ھېلىقى سۆگەتنىڭ ئاستىدا قالغان تاپانچاڭ ھەققىدىكى سېغىنىش ھىسياتلىرىڭنى توختىتالمىغاندەك. سۈيۈملۈك تاپانچاڭ كۆزۈڭدىن ئۇچۇشقا باشلىغاندى، گوياكى سۈيۈملۈك خۇتۇنىڭ زۇمرەتنىڭ گۈزەل سىماسى كۆز ئالدىڭدىن ئۇچقاندەك.

ـ ھارۋىدىكى نىمە ئۇ؟

ـ ئوتۇن.

ــ ئوتۇن، ھىم، ئوتۇنمىش تېخى! قورالدۇ؟

يۈرىكىڭ قارت قىلىپ قالدى.

خەپ، تاپانچام بولغان بولسا خۇدى! قورالىڭ نىملىكىنى كۆرسىتىپ قۇياتتىم سەنلەرگە.

- نىمە چۈرگىلىتىپ يۈرۈيسەن ئوتۇنۇڭنى؟

- ساتالماي... ناۋايلار ئالامتىكى دەپ...

- ھاجىمنىڭ ھويلىسىدىن ئاچقىتىڭ يا ئەمسە؟

- ئاپتى، ھويلىسىغا ئەكىرىپ بولغاندا، دىيىشكەن پۇلنى بەرگىلى ئۇنىمىدى. شۇڭا، ياندۇرۇپ چىقتىم.

سەن ئۇن نەچچە چېرىكنىڭ قورشاۋىدى قالغانىدىڭ.

ـ ئاختۇرۇڭلار!ـ دېدى چېرىكلەرنىڭ بىرى.

بىر چېرىك ئارغامچىنى شارتتىدە كېسىۋىدى، ئوتتۇنلار يەرگە «تاراڭ ـ تۇرۇڭ» تۆكۈلۈپ، خۇپتەنگە ئېيتىلغان مۇڭلۇق ئەرزان كۈيدىن مەستخۇشلانغان نۇرلۇق يۇلتۇزلارنى دىررىدە چۆچۈتىۋەتتى.

چېرىكلەر ئوتۇنلارنىڭ ئارىسىنى ئاختۇرۇپ، ھېچنېمە تاپالمىغاندىن كېيىن، بىر ئېغىزدىن ئىنكاس قايتۇرۇشتى:

ـ ھېچنېمە يوقكەن.

ـ بىزنى ئالداپتۇ.

بىرى ئالدىڭغا دەۋەيلەپ كېلىپ: «تامادى!...» دەپ سېنى تۆت تەستەك ئۇرىۋەتتى.

يۈزۈڭ كۆيۈشۈپ شۇنداق ئاغرىپ كەتتىكى، كۆكتىكى ياقۇت يۇلتۇزلار توپلىشىپ، ئاچال كۆزۈڭگە بىر ـ بىرلەپ كىرىشكە، ئاندىن يەنە بىر ـ بىرلەپ چىقىپ كېتىشكە باشلىدى.

ـ راستىنلا ئالدىنىپتۇق!ـ دېدى بىرى ھەسرەت بىلەن، ـ تېز بولۇڭلار، ھاجىمنىڭ ئۆيىگە بارايلى!

تۆت نەپەر چېرىك سېنى يالاپ، جىڭساجۇيگە ئېلىپ ماڭدى، باشقىلىرى پالاقشىپ تۆگىچى كوچىسىغا كىرىپ كېتىشتى.

سەن كېتىۋېتىپ يىڭنىچى بىلەن خوشلاشقاندىن بېرى كەينىڭدە پايلاقچى بارلىقىنى، بىلىقنىڭ يوغىنىنى تۇتۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ يىپنى ئۇزۇن قويۇپ بەرگەنلىكىنى جەزم قىلدىڭ. ئەمما، يىڭنىچىنىڭ سەندىن ئايرىلىپلا قولغا ئېلىنغانلىقىنى، ھەممە قىيناققا چىداپ، لېكىن زەكىرىگە قىل تىقىلغاندا زادىلا چىدىيالماي، قورال ـ ياراغلارنىڭ راشىدىن مۆپتى ھاجىمنىڭ ئۆيىدە ئىكەنلىكىنى، سېنىڭ «مال» غا شۇ قورال ـ ياراغلارغا كەلگەنلىكىڭنى ئىقرار قىلىپ قويغانلىقىنى قىياس قىلالمىدىڭ.

ھاجىم قوراللارنى يۆتكىۋېتىپ بولالىغانمىدۇ؟ ئۆزىنى، بالا ـ چاقىلىرىنى چەتكە ئېلىشقا ئۈلگىرەلىگەنمىدۇ؟

بىلمەيتتىك، ئوغۇللىرى ئارقىلىق قورال ــ ياراغلارنى ئارقا ئىشىكتىن يۆتكىۋېتىپ، ئۆزى ئەمدىلا «قاچاي» دەپ تۇرىشىغا ھويلىغا چېرىكلەر باستۇرۇپ كىرىپ، خۇددى سەندەكلا قولغا ئېلىنغانلىقىنى بىلمەيتتىك.

سوراقخانىغا ئەكىرىلىدىك، سوراقخانىنى گازۋاي چىراق گۇگۇگا يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇدۇلدا ئاقپىشماق، بېلىق كۆز بىر سوراقچى، ئىككى يېنىدا قولىرىدا سىم قامچىلىرى يىلاندەك تولغىنىپ تۇرىدىغان ئىككى چاپارمەن سېنى تەقەززارلىق بىلەن كۈتۈپ تۇراتتى. يەنە بىر ياندا ــ چوغداندا قىپقىزىل چوغلار خۇددى يۈرىكىڭدەك يالىلداپ، يۈرىكىڭنى داغلاش ئۈچۈن بىر قانچە داغمالنى قىزىتىۋاتاتتى.

سوراقچى ئىككى چاپارمەنگە كۆز قىسىۋىدى، ئۇ ئىككىسى كېلىپ، قولۇڭنى قايرىپ تۇتۇپ، گەدىنىڭدىن ئىتتىرگىنىچە بىر تۆمۈر رىشاتكىنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ، «ئاۋۇنى كۆرۈپ باق» دېگەندەك قىلىپ، بېشىڭنى رىشاتكىغا تىرىدى. سەن كۆزۈڭنى يوغان ئېچىپ قارىدىڭ. بىرى ئىككى قولىدىن ئېسىپ قويۇلغانىدى. سەن ئۇنىڭ يىگىنچى ئىكەنلىكىنى جەزىم قىلدىڭ. ئەمما، ئۆلۈك ــ تىرىكلىكىنى جەزىم قىلالمىدىڭ. چۈنكى، ئۇنىڭ بېشى كۆكسىگە چاپلىشىم قالغان، يالىڭاچلانغان تېنىنىڭ ساق يېرى قالمىغان، سىرغىپ چۈشكەن قانلار ئاللىبۇرۇن قېتىپ بولغانىسى. بۇنى كۆرۈپ يۈرىكىڭ پىژژىدە قىلىپ ئېچىشىپ كەتتى، تېنىڭ سىرقىراپ، سىلكىنىپ كەتتىڭ. چاپارمەنلەر سېنى سوراقخانىغا قاراتتى. سېنىڭ بۇ روھى ھالىڭدىن ئۈمۈدلىنىپ قالغان سوراقچىنىڭ چىھرىگە ۋىللىدە رەزىلانە كۈلكە يۈگۈرۈپ قالغانىدى. سەن ئىچىڭدە شىۋىرلاپ قويدۇڭ: «ئۇخلاپ چۈشۈڭ!...»

سەنمۇ يالىڭاچلىنىپ ئېسىلدىڭ، خۇددى يىگىنچىدەكلا. سوراق باشلاندى:

ــ قورال ــ ياراغلار نەدە؟

ــ......

ــ پارتىزانلار قاچان، قەيەرگە يىغىلماقچى؟

ـــ.......

سەن ھەممىدىن تېنىپلا تۇرۋالدىڭ، گەرچە تېنىۋېلىشقا بولمىسىمۇ. سىم قامچىلار تاراسلاپ تىگىشكە باشلىدى. تولغاندىڭ، يۇلقۇندۇڭ، ئەمما ۋاقىرمىدىڭ. لېۋىڭنى چىڭگىدە چىشلەپ، يەنە سەممەندەرلەرچە خىسلىتىڭنى نامايەن قىلىپ، سوراقچىنى ھەيران قالدۇرۇۋەتتىڭ. ئاخىر قەلبىڭدىكى گۈزەل كۈيلەر - جەننەت ساداسى ئۈستىگە گۈپپىدە يىقىلىپ، ھۇشۇڭدىن كەتتىڭ...

ئەتىسى سەھەردىلا سوراقخانىغا ئەكىرىلىپ، ئاخشامقىدەكلا رىشاتكا ئالدىغا ئەكىلىنىپ، بىشىڭ رىشاتكىغا تىرەلدى. ئەمما، بۇ قېتىم كۆرگىنىڭ يىگىنچى بولماستىن، ئۇستازىڭ راشىددىن مۇپتى ھاجىم بولدى. ئۇنىڭ ھالى يىگىنچىنىڭ ھالىدىنمۇ بەتتەر ئىدى: قىپقىزىل مەگزى، قاپقارا ساقال ــ بۇرۇتلىرى پىشانىسىدىن ئاققان قان بىلەن قىپقىزىل بويالغانىدى. يالىڭاچ تېنىدىكى قامچا ئىزلىرىدىن قان تەپچىرەپ تۇراتتى.

ــ قورال ــ ياراغلار نەدە؟

ــ مەندە قورال ــ ياراغ يوق!

ــ پارتىزانلار قاچان. قەيەرگە يىغىلماقچى؟

ــ بىلمەيمەن!

ـــ...

ـــ...

ئۇستازىڭ سوئاللارغا تولىمۇ زەئىپ، ئەمما كەسكىن جاۋاب بىرەتتى. ئاخىرى ئىچى پۇشۇپ كەتكەن سوراقچى بىر نىملەرنى دىۋىدى، ئۇستازىڭنى تولا ئۇرۇپ ھېرىپ قالغان چىرىك قامچىسىنى تاشلاپ، ئۇنىڭ سول قۇلىنى بىر كۆتەككە بىسىپ، ئايپالتىنى تەڭلەپ تۇرۇپ سوراقچىغا قارىدى. سوراقچى يەنە سورىدى:

ــــ ئېيتە، قــورال ــــ يــاراغلار نەدە؟ پــارتىزانلار قاچــان، قەيەرگە يىغىلماقچى؟

ـ بىلمەيمەن!... مېنىڭ پارتىزانلار بىلەن ئالاقەم يوق!

ـ بۇنى تونۇمسەن؟

هاجىم بېشىنى ناهايىتى تەستە كۆتۈرۈپ، ساڭا قاراپ:

ـ ياق!ــ دەپ جاۋاب بەردى.

سـوراقچى كـارنىيى يىرتىلـىپ كەتكـۈدەك سـەت ۋارقىـراپ بـۇيرۇق قىلدى:

ـ كەس!

ئايپالتىنى كۆتۈرۈپ تۇرغـان چېرىـك راشـىددىن مـۇپتى هاجىمنىـڭ چىمچىـلاق بـارمىقىنى گاچچىـدە قويـۇپ كېسـىۋەتتى، يۈرىكىڭنىـڭ بىـر پارىسىنمۇ! ئۇسـتازىڭ ۋارقىـردى - چىرقىـردى، خـۇددى يۈرىكىڭـدەك؛ تولغانــدى، يۇلقۇنــدى، پىلتىڭلــدى، مىسـالى يۈرىكىڭـدەك؛ چېرىكنــى تىللىدى، قارغىـدى، بەئەينـى يۈرىكىڭـدەك؛ ئـاخىر هوشـىدىن كەتتـى، گوياكى يۈرىكىڭدەك!

سەنمۇ ئۇستازىڭ قىينالغان ئۇسۇللار بىلەن قىيلىنىپ، قەلبىڭدىكى گــۈزەل كــۈيلەر - جەنــنەت ساداســىغا ســىڭىپ كەتتىــڭ، خــۇددى ئۇستازىڭدەك!

شۇ كۈنى گۇگـۇم بىـلەن تەڭ ئۇسـتازىڭ بىـلەن سـېنى بىـر ئۇسـتى ئۈچۈق مەپىگە چىقىرىپ، مەپىنى ئۇيغۇرچە كىيىندۈرۈلگەن بىر چېرىككە هەيدىتىپ، بازار كوچىلىرىنى بىر قۇر ئايلاندۇرۇپ، يەنە ئايرىم ـ ئايرىم كامىرغـا سولىۋېتىشـتى. ســىلەر ئۈنسـىز، هەرىكەتسـىز، كـۆز يېشىسـىز ۋىدالاشتىڭلار. ئەمما، يۈرىكىڭلار دەل بۇنىڭ ئەكسىچە ۋىدالاشتى. چۈنكى گومىنداڭچىلارنىڭ بۇ ساختا كورۇنۇشى سىلەرنىڭ ۋىدالىۋېلىشىڭلارنىڭ بىشارىتى ئىدى.

شۇ كېچە پولكىڭلار قاغىلىق بازىرىغا هۇجـۇم قىلـدى. سـەن هايـات

قالدىڭ. ئەمما ئۇستازىڭنى ئىزدەپ تاپالمىدىڭلار. ئاڭلىغىنىڭلار پەقەت «ھاجىم بىر ئۇيغۇر مەپكەشىنىڭ مەپىسىگە ئولتۇرۇپ، ياشقىنە بىر يىگىت بىلەن تۇگمەنئېرىق بويىدا كىتىپ بارغاندەك قىلىتتى....بورا بازىرىدا كىتىپ بارغاندەك قىلىتتى... يار كوچىدا كىتىپ بارغاندەك قىلىتتى.... ئوردا كۆلدە كىتىپ بارغاندەك قىلىتتى...» دېگەنلەرلا بولدى.

شۇنداق بولسىمۇ يەنە ئىزدەۋەردىڭلار، شۇنچە ئىزدىسەڭلارمۇ، ئۇنىڭ يا ئۆلكى، يا تىرىكى ۋە ياكى ھىچبىر ئىز ــ دېرىكى تېپىلمىدى.

سىلەر يىگىرمە توققۇز كۈندىن كىيىن قاغىلىقتىن چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولدۇڭلار، چىكىنەر ــــ چىكىنەر يەنە قوشراپقا كېلىپ توختىدىڭلار!

*　　　*　　　*

زۇمرەتنى ھەق نىكاھلاپ ئالغان تۇرۇقلۇق قولىنىڭ ئۇچىنى تۇتالمىسام ــ ھە؟ ئۆتكەندە مەتسالىنى قۇتقۇزىۋالمىسامۇ بوپتىكەن... ئەمدى ھەرگىز قۇتقۇزۇۋالمايمەن. ئالدىمىزدىكى جەڭدە ئوق تىگىپ ئۆلەرسەن ئىلاھىم!

سەن مەتسالىنى ئېتىۋىتىمەن دەپ پۈتكۈل ۋۇجۇدۇڭ تىترەپ، يۈرۈكۈڭ چىدىغۇسىز ئېچىشىپ، ۋىجدان ۋە قەلبىڭدىكى گۈزەل كۈيلەر - جەننەت ساداسى سەندىن يىراقلاپ كېتىپ، كۆرجۈكنى باسالمىغاندىن كىيىن، ئۇنى يۇقۇرقىدەك قارغاشقا باشلىغانىدىڭ. قارغىشىڭ تۇتتىمۇ قانداق، بىر قېتىملىق قۇچاقلاشما جەڭدە بىر دۈشمەن مەتسالىنىڭ قورسىقىغا مىنىۋېلىپ، خەنجەرنى ئۇنىڭ كۆكسىگە تىقىشقا تەمشىلۋاتاتتى، چېرىكنىڭ پىچاق تۇتقان قوللىرىنى تۇتىۋالغان مەتسالىنىڭ قولىرىنىڭ بارغانسېرى بوششىپ كىتىۋاتاتتى. سەن خەنجەرنىڭ ئۇنىڭ كۆكسىگە پېقىنلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، سۈكۈت

قىلماقچى بولغان، لېكىن ھەرقانچە قىلىپمۇ سۆكۈت قىلالماي، ئۇنى يەنە قوتقۇزۇپ قالغانىدىك.

گەرچە سەن مەتسالىنى ئېتىۋتەلمىگەنلىكىڭدىن ئۆكۈنمىسەڭمۇ، لېكىن قوتقۇزۇپ قالغانلىقىڭغا پۇشايمان قىلىپ، ئۇنى ئەنە شۇنداق قارغايتىڭ؛ ئىرادەڭگە بويسۇنماي، ساڭا ئاسىيلىق قىلغان ۋىجدان — غۇرۇرۇڭنى، ھېس- تۇيغۇلىرىڭنى قارغايتىڭ، قارغىشلىرىڭ تۇتارمىكىن؟ بىلمەيتتىڭ، ئەمما تۇتۇشىنى داۋاملىق تىلەيتتىڭ.

«خەپ، زۇمرەت، مېنى ئەجەپ بوزەك قىلدىڭيا سەن؟ بۇگۇن بېرىپ...»

سەن شۇنداق پىچىرلاپ، ئۆزۈڭگە شۇنداق ۋەدە بېرىپ، پولەك دوختۇرخانىسىغا قاراپ ماڭدىڭ.

ئەمدى سۆرەپ ئاچىقىپ، كۆتۈرۈپلا باسىمەن، چۈنكى ئۇ مېنىڭ خۇتۇنۇم، بۇ قېتىم قانداق قىلسام قىلىپ، ئامانىتىمنى ئالىمەن... ئامانىتىم ساق بولمىسىنچۇ قېنى!

سەن شۇنداق خىياللار بىلەن پولەك دوختۇرخانىسىغا يېتىپ كەلدىڭ. ئەمما، زۇمرەتنى تاپالمىدىڭ.

*        *        *

— قويپسلاھوي، مۇسۇلمان، كۆن چىققتى.

«پەرىشتە» نىڭ تۆرتۆپ ئويغىتىشى بىلەن كۆزۈڭنى ئاچتىڭ. خىيال ئىلكىدە يېرىم كېچىگىچە ئۇخلىيالماي، مۇشۇنداق قاتتىق ئۇخلاپ كەتكەنىدىڭ. ئورنۇڭدىن تۇرۇپ ئالدىراپ — سالدىراپلا نامىزىڭنى ئۇقۇدۇڭ، ھاپلا - شاپىلا ناشتا قىلدىڭ - دە، كىتابنى قوينۇڭغا سېلىپ، سىرتقا قاراپ ماڭدىڭ. ئەتىگەنلىك ساپ ھاۋادىن نەپەسلەنگەچ كىتاب ئۇقۇپ كىرمەكچى بولغانىدىڭ. سەن بىر بېسىپ ئىككى بېسىپ بېغىڭنىڭ

ئارقىسىغا ئۆتتۇق ــ دە، قىياق باسقان قاشتا پۇتۇگىنى سۇنۇپ ئولتۇردۇق. قۇياش نەيزە بويى ئۆرلىگەن، چوپان ۋادىسى يېشىللىققا پۈركەنگەن، چوپان قۇشلىرى مۇشائىرىگە چۈشۈپ كېتىشكەنىدى. سەبىي قۇياشنىڭ تال ـ تال نۇرىدا چوپان دەرياسى ۋال ــ ۋۇل چاقناپ، خۇددى دېڭىزدەك چايقىلىپ ئاستا- ئاستا ئاقاتتى.

سەن كىتابنىڭ قاتلاپ قويغان بېتىنى ئېچىپ «قىساس ئوتى» دېگەن قىسمىنى ئوقۇشقا باشلىدىڭ.

## 17

# قىساس ئوتى

سەن تاجىك پولكىنىڭ كوماندىرى لەشكەرگە يىغلاپ تۇرۇپ يالۋۇرۇپ، ئاخىر تاجىك پولكىغا يۆتكىلىپ كەتتىڭ. يەنە يىغلاپ تۇرۇپ يالۋۇرۇپ ھەمشىرىلىكتىن قۇتۇلۇپ، قولۇڭغا قورال ئېلىپ يۇرتۇڭ چوپاننى ئازاد قىلىش جېڭىگە قاتناشتىڭ. بۇ سېنىڭ تۇنجى قېتىم جەڭگە قاتنىشىشىڭ بولۇپ، چوپاندىكى دۈشمەنلەر سىلەرگە ئاران ئىككى سائەتلىك بولغانىدى.

سەن دۈشمەندىن غەنىمەت ئالغان ئاپتوماتىڭنى مۈرەڭگە ئېسىپ، كېيىكتەك تاقلاپ-تاقلاپ يۇرتۇڭ-شەيخلىغا قاراپ ماڭدىڭ. خوشاللىقىڭ ئىچىڭگە سىغمايتتى. يوللاردا ئېغىننىغۇڭ، سەكرىگۈڭ، ۋارقىرىغۇڭ، ناخشا ئېيتقۇڭ كېلەتتى؛ يوللاردا ئۇچرىغان ھەربىر يۇرتدىشىڭ بىلەن ئۇزاق-ئۇزاق مۇڭداشقۇڭ كېلەتتى؛ يوللاردا ساڭا ھەۋەسلىنىپ قاراپ قېلىشقان توپا چىراي، كۆڭلى سۇنۇق سەبىي باللارنىڭ توپىلىرىنى قېقىپ، باش-كۆزلىرىنى سىلاپ، پىشانىسىگە سۆيۈپ قويغۇڭ كېلەتتى؛ ئۇلارغا ئاپتوماتىڭنى تۇتقۇزۇپ ئېتىشنى ئۆگىتىپ قويغۇڭ كېلەتتى. ئۆيمۇ ئۆي

كىرىپ، ئازادلىقنىڭ ئاخىر قۇچاق ئاچقانلىقىنى يەتكۈزۈپ قويغۇدەك كېلەتتى؛ يۇرتۇمنىڭ ئۇچار-قۇشلىرىغا: «بىزمۇ سىلەردەك ئەركىن-ئازاد بولدۇق» دەپ پەخىرلەنگۈدەك كېلەتتى؛ يۇرتۇمنىڭ ھايۋانلىرىغا، تاغۇ-تاشلىرىغا، گۈل-گىياھلىرىغا... ئىپتىخار بىلەن بېقىپ: «ھەتتا سىلەرمۇ ئازاد-ھۆر بولدۇڭلار» دەپ ئۇلارنىمۇ خوشاللىق-شادلىقلىرىڭغا، ئىپتىخارلىرىنىش ھسياتلىرىڭغا شېرىك قىلغۇدەك كېلەتتى!

ئاناڭنى كۆرۈشكە ئالدىرىمىغان، بۇلۇپمۇ ئاپتومات ئاسقان گىگانىت بۆيۈڭنى ئاناڭغا كۆرستىشكە شۇنچىلىك تەقەززا بولۇپ كەتمىگەن بولساڭ، بەلكىم شۇنداق قىلىشىڭ مۇمكىن ئىدى.

دەرۋازاڭ ئالدىغا كېلىپ شىپپىدە توختاپ قالدىڭ. چۈنكى، دەرۋازاڭ قۇلۇپلاقلىق تۇراتتى.

ئانام ئاچامنىڭ ئۆيىگە كەتكەن ئوخشايدۇ.

سەن ئاچاڭنىڭ ئۆيىگە ئىتىلىپلا كىردىڭ.

-ئانا! مەن...مەن كەلدىم!

بىراق، ئالدىڭغا ئاناڭ ئەمەس، ئاچاڭ چىقتى. بىلىدىكى ئاققا، بېشىدىكى ئاق لېچەككە قاراپ يۈرىكىڭ جىغغىدە قىلىپ كەتتى.

بالىسى تۇگەپ كېتىپتۇ-دە!

چۈنكى، ئاچاڭنىڭ تۇت ياشلىق قىزىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىڭ.

ئەمما ھازا ئويلىمىغان يەردىن ئېچىلدى:

- ۋاي ئانام!...جەگچى بالاڭ كەلدىيا، ئانام!...مىلتىق ئېسىپ كەلدىيا، ئانام!

ئۆزۈڭنى ئاچاڭنىڭ قۇچىقىغا ئاتتىڭ. ئاناڭنىڭ قازا قىلىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ، ئاچاڭنىڭ ھازىسىغا چۈر بولدۇڭ. مەھەللىنى ھازا، قەلبىڭنى قايغۇ قاپلىدى. مەھەللىدىكىلەر بىردىن-ئىككىدىن كىرىپ:

- ئەلھۆكمىلىللا، قىزىم، سەۋر قىلىڭ. قانداق قىلىمىز ئەمدى،

تەقـدىر-مـۇقەددىر شـۇنداقكەن...- دەپ سـىلەرنى يىغىـدىن ئـاران توختاتتى.

سەن ئۆيگىمۇ كىرمەي، كاۋا بارىگى ئاستىدىكى سۇپىدا ئولتـۇرۇپ، ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلىدىڭ. قۇرۇپ قالغان باراڭغا قونۇۋېلىشقان ئـاق قۇشقاچلار ۋىچىرلاشتىن توختاپ، ئازاپلىق سۆكۈتكە چۆمۈشكەندەك بولدى.

ـ ئانام...نېمە سەۋەپتىن قازا قىلدى؟

سەن ئۆزۈڭنى تۇتىۋېلىپ سورىدىڭ.

ـــ سەن قىچىپ كەتكەن كۈنى چۈشتە، دەپ سۆزىنى باشلىدى ئاچاڭ. ـ ئاش ئېتىپ ئولتۇرسام، رابىيە يۈگۈرۈپ كىرىپتۇ «چوڭ ئانامنى چىرىكلەر تۇتۇپ كەتتى.» دەپ. يۈسۈپ بەگنىڭ ئۆيىگە قاراپ يۈگۈردۈم. بارسام ئانامنى ئىككى چىچىدىن قاپاقتېرەككە ئېسىپ قويۇپتۇ. ئـۆزۈمنى تۇتالماي يىغلىدىم، قاقشىدىم، چاچلىرىمنى يۇلدۇم. ياش ئورنىغا قان تۆكۈپ تۇرۇپ يۈسۈپ بەگكە: «ئۇبدان بىگىم، سىلىگە بىر ئۆمۈر قـۇل بولـۇپ ئىشلەي، ئانامنىڭ گۇناھىنى تىلىۋالسىلا...» دەپ يالۋۇردۇم. بىراق، يۈسۈپ بەگ: «ئاناڭ پوق يېگەن خۇتـۇنكەن ئـۇ! سىڭگەن نېنى يىمەي، نېمە قىلىدۇ تاغ ئوغرىلىرىنى قاچۇرۇۋېتىپ؟ پىرقە سەن خەقنى تۇمشۇقلۇقا چۇقۇتماي، قاناتلىقا سوقتۇرماي ئاسراپ، غېمىڭنى يەپ، تاغ ئوغرىلىرى بىلەن جان تىكىپ جەڭ قىلىۋاتسا، سەنلەر ئۇچۇن جېنىنى پىدا قىلىۋاتسا...»

ئاچاڭنىڭ دېيىشىچە، يۈسۈپ بەگ ئاچاڭنى، ئاناڭنى، ھەممىڭلارنى بىرمۇنچە تىللاپ، گومىنداڭچىلارنى بىرھازا ماختاپ، ئاناڭنى تېلىۋېلىشنىڭ ئورنىغا: «خوپ بوپتۇ! ئوبدان بوپتۇ، جاجىسىنى يەپتۇ!...» دەپتۇ.

ئاناڭ جامائەت جۈمە نامىزىدىن يانغۇچە شۇنداق ئېسىقلىق تۇرۇپتۇ. يۇرت ـ جامائەت مەسچىت ـ مەسچىتلەردىن ھەيدەپ كېلىنىپ، قاپاقتېرەك تۈۋىگە توپلىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاناڭنىڭ توققۇز يىرىگە ئوق ئېتىلىپ

قىيناپ ئۆلتۈرۈلۈپتۇ...

ــ يىگىتلەرنى ئانامنىڭ قاچۇرۇۋەتكەنلىكىنى چېرىكلەر قانداق بىلىپ قاپتۇ؟ــ دەپ سورىدىڭ سەن ئاخىردا.

ــ سىلەر ئايپالتىنى تاشلاپ كېتىپتىكەنسىلەر. دادام ئايپالتىنىڭ سېپىغا ئۆزىنىڭ ئىسمىنى پىچاق بىلەن ئويۇپ قويۇپتىكەن...

سەۋەنلىكىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ، يۈرەك - باغرىڭ قايتىدىن ئۆرتەندى. ئۆكسۈشلىرىڭ تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى.

«ئانا، جېنىم ئانا، مېنى كەچۈرگىن!... سەۋەنلىكىمنى كەچۈرگىن!»

ئازابلىق كۆز يېشىڭ تاراسلاپ تۆكۈلەتتى.

سەن ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، ئاپتوماتىڭنى چىڭگىدە قامالىدىڭ.

قەلبىڭدە قىساس ئوتى يېلىنجىدى؛ تومۇرلىرىڭدا غەزەپ ــ نەپرەت مەۋج ئۇردى؛ ۋۇجۇدۇڭدا ئۇلۇغۋار قەسەم ئەكس ئەتتى.

سەن مۇھەببەت ئۈچۈن ئەمەس، قىساس، ئازادلىق، باراۋەرلىك ئۈچۈن جەڭگاھقا قاراپ ماڭدىڭ. ئاچاڭ، قوشنا - قولۇملىرىڭ ساڭا نۇسرەت تىلەپ قالدى.

*　　　*　　　*

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

سەن كىتابنى بېشىڭنى كۆتۈرۈپ، جامائەتنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالدىڭ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مەتسالىمۇ بار ئىدى. ئۇ يوغان بىر كۆك ئىشەككە مىنىۋالغان، بېشىغا قازاندەك سەللە ئورىۋالغان. خىزىرنىڭ ساقىلىدەك ئاپئاق ساقاللىرى سەھەر شامىلىدا يەلپۈنۈپ تۇراتتى.

ــ سەمەندەر ئاخۇن، قوپاڭلا، تار ئاغزىدا نەزىر باركەن، بىرىپ كېلىلى، ــ دېدى مەتسالى.

سەن چىرايلىق رەت قىلدىڭ.

ــ تازا مىجەزىم يوق، سىلەر بېرىپ كېلىڭلار.

ئۇلار ئۇزاپ كېتىشتى. ئەمما، خىياللىرىنىڭ مەتسالىنىڭ ئېشىكىگە مىنىۋالغانىدى.

## 18

ئاخىر پۇرسەت كەلدى، لېكىن يۈرىكىنىڭ تىترەپ، پۇت ـ قوللىرىنىڭ ماغدۇرى قېچىپ، كۆرجۈكنى يەنە باسالمىدىڭ.

چۈنكى، سەن زۇمرەتنىڭ ھېساب ئېلىشىدىن ئەمەس، ۋىجدانىڭنىڭ ھېساب ئېلىشىدىن قورققانىدىڭ؛ زۇمرەتتىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەمەس، قەلبىڭدىكى گۈزەل كۈيلەر ــ جەننەت ساداسىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورققانىدىڭ. لېكىن، قەلبىڭنىڭ يەنىلا شۇملۇقتىن، تىلىڭ شورلۇق قاغىشتىن خالىي ئەمەس ئىدى؛ «ئىتتىكرەك ئوق تېگىپ ئۆلەرسەن ئىلاھىم!...»

ئەپسۇسكى، ئوق ئۇنىڭغا ئەمەس، ساڭا تەگدى.

بۇ يۇلتۇزلار جاراقلاپ يېنىپ تۇرغان قاراڭغۇ بىر كېچە ئىدى. مەتسالى، سەن، ئىسكەندەر ئۈچۈڭلار پوسكامنىڭ كۈيباغ يېزىسىغا ئاخبارات ئالغىلى كەلگەنىدىڭلار.

ــ ئىككىڭلار مۇشۇ يەردە قاراپ تۇرۇڭلار، مەن باراي، ــ دېدىڭ سەن.

مەتسالى بىلەن ئىسكەندەر تاپانچىسىنى چىقىرىپ، بىر دوڭغاق سۆگەتنىڭ دالدىسىدا قالدى. سەن ئېھتىيات بىلەن بىر بېسىپ ــ ئىككى بېسىپ ئۆستەڭ بويىدىكى بىر پور تېرەكنىڭ تۈۋىگە كېلىپ، ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتۈڭ. ئۇ تەرەپ سايلىق بولۇپ، قورام تاشلار قارىيىپ كۆرۈنەتتى، خۇددى قەبرىستانلىقتەك. سول تەرەپتىكى جىگدىلىك ئۈيقۇغا غەرق بولغانىدى، گوياكى كۆجۈم مەھەللىدەك. پەقەت ئۆستەڭ سۈيىلا

ئۇخلىمىغان، تەشۋىشلىك شىۋىرلايتى. سەن تېرەكنىڭ كاۋىكىغا قۇلۇغىنى تىقتىڭ.

«يوقىيا؟»

يەنە كولىدىڭ، ئاختۇردۇڭ؛ قايتا ـ قايتا ئاختۇردۇڭ. قۇلۇغىغا پوردىن باشقا ھېچ نەرسە چىقمىدى. ئىككىسىگە بەلگە بېرىشكە تەمشىۋىدىڭ، قورام تاشلار ئارىسىدىن بىر ئايالنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى:

– پارول.

– «پارول؟»

سەن ھەيران قالدىڭ. پولك كوماندىرى ساڭا بۇ ھەقتە بىر نەرسە دېمىگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سەنمۇ بىلمەيدىغان نامەلۇم ئالاقىچىنىڭ بۇ يەرگە كېلىشى، سەندىن «پارول» سورىشى بەلگىلىمىگە خىلاپ ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، سەن ئەمدى پارولغا جاۋاپ بەرمىسەڭ بولمايتتى.

– كۆك كەپتەر، – دېدىڭ سەن ئۇ ئاران ئاڭلىغۇدەك قىلىپ ۋە سەنمۇ ياندۇرۇپ سورىدىڭ، – پارول؟

ئەگەر پاروللار توغرىلانمىسا، بىر مەيدان ئېتىشىش باشلىناتتى. شۇڭا، ئۆزۈڭنى تېرەكنىڭ دالدىسىغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا تاپانچىنى توغرىلاپ، ئوق چىقىرىشقا تەل بولۇپ تۇردۇڭ.

سەن پارولنىڭ توغرا چىقىشىنى شۇ قەدەر ئارزۇ قىلاتتىڭ؛ ھايات قېلىپ، زۇمرەتنىڭ ۋىسالىغا يېتىشنى شۇ قەدەر ئارزۇ قىلاتتىڭ. چۈنكى، ئۇنىڭ پىراقى كۆنسېرى جېنىڭغا پېتىپ، ساڭا بىر دەممۇ ئارام بەرمەيۋاتاتتى؛ ۋىسال كۆنسېرى نازاكەتلىك جىلمىيىپ، سېنى تەقەززارلىق ئىلكىدە ئىزتىراپقا، ساراسىمىگە سالاتتى.

ئەمما، سەن كۈتۈلمىگەن جاۋاپقا ئېرىشتىڭ:

– «پەرىشتە»

«نېمە؟ ‹پەرىشتە› ؟»

سەن تېخىمۇ ھەيران قالدىڭ ۋە تېخىمۇ سەگەكلىشىپ، جەڭگىۋار ھالەتكە ئۆتتۈڭ.

ـ بۇ يەرنى دۈشمەنلەر بىلىپ قاپتۇ.

قورام تاشلار ئارىسىدا بىر كۆلەڭگە پەيدا بولۇپ، سەن تەرەپكە كېلىشكە باشلىدى، بىراق كۈرجۈكنى باسالمىدىڭ. چۈنكى، تېرەكنىڭ كاۋىكىدا ئاخباراتنىڭ يوقلۇقى بىلەن «پەرىشتە»نىڭ «بۇ يەرنى دۈشمەنلەر بىلىپ قاپتۇ» دېگەن سۆزلىرى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش سېنى ئارسالدى قىلىپ قويغانىدى.

ـ سىز...سىز كىم؟ـ دەپ سورىدىڭ سەن.

ـ دىدىميا، مەن «پەرىشتە»

ئۇ يېقىنلاپ كەلدى. سەن گاڭگىرىغىنىڭدىن تىپىرلاپ قالدىڭ.

ـ توختاڭ، بولمىسا ئوق چىقىرىمەن!

ئۇ توختىدى. ئارلىقىڭلار ئونىنەچچە قەدەملا قالغانىدى، ئۇ شىۋىرلىدى:

ـ «كۆك بۆرە» قۇربان بولدى... بۇ يەر پاش بولۇپ قاپتۇ... ئاخباراتنى، تۆگەتاشنى بىلەمسىز؟...ھە، شۇ تۆگەتاشنىڭ ئاستىغا كۆمۈپ قويۇپتۇ. بۇ يەردىن تېز كېتىڭ!

ئۇنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ، كەينىڭگە ئۆرۈلدۈڭ.

ـ ھە راست، توختاڭ.

سەن شىپپىدە توختىدىڭ.

ـ ئاخبارات چىگىلگەن قولياغلىقنىڭ ئۇچىغا بىر دانە گراناتنىڭ يىپىنى چىگىپ قويۇپتۇ. پايلاقچىلار كۆرۈپ قالغان بولسا، پارتلاپ ئۆلسۇن دېگەن چېغى. پەخەس....

ئۇنىڭ گېپى ئۈزۈلۈپ قالدى. چۈنكى، مەتسالى بىلەن ئىسكەندەر جىگدىلىكتىن يۈگۈرۈپ چىقۋاتقان ئون نەچچە چېرىككە قارىتىپ ئوق ئۈزگەنىدى.

ــ تېز قېچىڭلار! ــ دېدىڭ سەن «پەرىشتە»گە.

«پەرىشتە» قورام تاشلار ئارىسىدا غايىپ بولدى. خۇددى پەرىشتىدەكلا. سەن دۈشمەنگە قارىتىپ ئوق ئۈزگەچ مەتسالىنىڭ قېشىغا يۈگۈردۈڭ.

ئۇزاق ئېتىشىش خەتەرلىك ئىدى. شۇڭا، بۇيرۇق قىلدىڭ:

ــ چېكىنىڭلار!

سىلەر بىر ــ بىرىڭلارنى قوغداپ چېكىنىدىڭلار. بىراق، پۇتۇڭغا ئوق تېگىپ گۈپپىدە يىقىلدىڭ. ئىككىسى قېشىڭغا يۈگۈرۈپ كەلدى.

ـ سەمەندەر، قانداقراق؟

ــ مەن ساق، ــ سەن شۇنداق دەپ، ئېھتىيات بىلەن يۇپۇرلۇپ كېلىۋاتقان دۈشمەنگە ئوق ئۈزگەچ ئىككىسىگە بۇيرۇق قىلدىڭ، ــ پۇتۇمغا ئوق تەگدى، مەن قاچالمايمەن، سىلەر چاپسان قېچىڭلار! مەن سىلەرنى قوغداي!

بىراق، ئىككىسى بۇيرۇقنى ئىجرا قىلمىدى.

ـ مەتسالى، مەن دۈشمەننى قايمۇقتۇراي. سەن سەمەندەرنى ئېلىپ، مەسچىتنىڭ كەينىدىكى پۇچۇق تاملىققا بارغىن. بىز شۇ يەردە كۆرۈشەيلى!ــ دېدى ئىسكەندەر ۋە سېنىڭ جاۋابىڭنىمۇ كۈتمەستىن، يان تەرەپكە ئۆتۈپكەت. سەن: «ئىسكەندەر!...»دەپ قالدىڭ.

ـ سەمەندەر، تېز ھاپاش بول!ــ دېدى مەتسالى.

ـ ياق، سەن تېز قاچ. ئىككىلىمىز تۇتۇلۇپ قېلىپ، ئىنقىلاب زىيانغا ئۇچرايدۇ. ئىسكەندەر ئاخباراتنىڭ كۆمۈلگەن يەرنى ئۇقمايدۇ، ئاخبارات...

سەن ئۇنىڭغا ئاخباراتنىڭ كۆمۈلگەن جاينى ئېيتىپ بەرمەكچى بولۇۋىدىڭ، مەتسالى سۆزۈڭنى بۆلۈپ:

ــ ياق، بىللە قاچىمىز!ــ دېدى. ئۆستەڭ قېشىغا چىققان بىر دۈشمەننى يەر بىلەن چىشلىتىپ.

ئۇنىڭ جاۋابى قەتئىي ئىدى. شۇڭا، سەن ئۇنى قېچىشقا زورلاپ بۇرۇنقىدەك تاتىشىپ تۇرمىدىڭ ھەم تاتىشىپ تۇرۇشقىمۇ ۋاقىت يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن مەتسالىنىڭ سېنى ھەرگىز تاشلاپ قاچمايدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنەتتىڭ. بۇنى بۇنىڭدىن بۇرۇنقى بىر قانچە قېتىملىق ئەمەلىيەت ئىسپاتلىغانىدى. چۈنكى، سەن مەتسالىنىڭ ئاچچىقىغا پايلىماي، سېنى: «ئوق تېگىپ ئۆلەرسەن ئىلاھىم!» دەپ خۇددى سەندەكلا قارغىغانلىقىنى، بۇنى ئاڭلىغان زۇمرەتنىڭ ئۇنىڭ سېنى مەخپىي ئېتىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭغا: «ئاغزىڭنى ئۈششۈتمە، ئەگەر ئۇ ئۆلمەي سەن ئۆلۈپ كەتسەڭچۇ؟ ‹دۈشمىنىڭنىڭ ئۆلۈمىنى تىلىگىچە، ئۆزۈڭنىڭ ئۆمرىنى تىلە.› دىگەن گەپ بار جۇما!» دەپ تەنبىھ بەرگەنلىكىنى ئۇقمايتىڭ؛ زۇمرەتنىڭ بۇ گەپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پۇشايمان قىلىپ، نېمە دىيىشىنى بىلمەي قالغان مەتسالىنىڭ قاپقارا، نۇرلۇق كۆزلىرىگە ھەم ئاشىقانە، ھەم شاھانە نەزەردە مىختەك تىكىلىپ تۇرۇپ: «ئەگەر ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندا، ‹مېنى ئالىمەن، سەمەندەرنى ئوبدان قوغدا. مەن ھەر ئىككىڭلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىنى خالىمايمەن. شۇڭا، بىر ـــ بىرىڭلارنى دوستانىلىك بىلەن باتۇرلارچە قوغداڭلار. بىلىمەن، بۇ ھەر ئىككىڭلار ئۈچۈن ناھايىتى مۈشكۈل ۋەزىپە، بولۇپمۇ سەن ئۈچۈن! ئوبدان ئاڭلا، جېنىم مەتسالى، ئىككىڭلار بىللە بولغان ھەرقانداق جەڭ ۋە ۋەزىپىلەردە سەمەندەرگە ياكى ساڭا بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، قايسىڭلار ھايات قالساڭلار، شۇنى ھەرگىز كەچۈرمەيمەن، چوقۇم ھېساب ئالىمەن!» دەپ ئۇنىڭدىن بۇ ھەقتە ۋەدە ئالغانلىقىنى ئۇقمايتىڭ؛ شۇڭا، مەتسالى سېنى دوستلۇق ۋە ئىنقىلاب ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ۋە پەقەت زۇمرەت ئۈچۈن، زۇمرەتنىڭ ۋەسلىدىن قۇرۇق قالماسلىق ئۈچۈن قوتقۇزۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى تېخىمۇ ئۇقمايتىڭ. ئۇققان بولساڭ، بەلكىم ئۇنىڭ بۇنداق پاسىقانە قۇتقۇزۇش ـــ شەپقەتلىرىنى رەت قىلىشىڭ مۇمكىن ئىدى؛ ھازىرمۇ ئۇنىڭغا ھاپاش

بولماسلىقلىقىڭ مۇمكىن ئىدى.

مەتسالى سىنى يىۋدۇپ ئەمدىلا تۆت ـــ بەش قەدەمچە مېڭىۋىدى، مۇرەڭگە يەنە بىر پاي ئوق تەگدى. سەن ئىنجىقلاپلا قالدىڭ. مەتسالى سىنى يىۋدىگەن پېتى ئۆزىنى جىلغىغا ئاتتى. گەرچە قۇتۇلۇپ كېتىشىڭلاردىن تولۇق ئۇمىد بولمىسىمۇ، ئۇ يەنىلا بار كۈچىنى يىغىپ، ھاسىراپ تۇرۇپ قاچاتتى. مۇرەڭدىن ئاققان قان ئۇنىڭ تەرلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ۋۇجۇدۇڭغا سىڭىپ كېتەتتى. سەن ئۇنىڭغا مەھكەم چاپلىشىپ خىيال سۈرەتتىڭ: بۇ نىجىس ئوقلار ئەجەپ مېنىلا تاپىدۇ يا؟ ئۆتكەندىمۇ پۇتۇمغا تېگىدۇ، ئەمدى پۇتۇم بىلەن مۇرەمگە. نېمىشقا كۆكسۈمگىلا تېگىپ، جېنىمنى بىراقلا ئالمايدۇ؟... نېمىشقا ئوق مەتسالىغا تەگمەيدۇ؟ زادى نېمىشقا؟... ماڭا تەككۈچە مەتسالىغا تەگسە بولمامدۇ؟

ـــ سەمەندەر، ئەھ...ئەھۋالىڭ قانداقراق؟

شۇملۇقانە خىياللىرىڭنى مەتسالىنىڭ سۆزى بۇزدى.

ـ ياخ...ياخشى...

ـ بەرداشلىق بەر، ئاداش. بىز...چوقۇم قۇتۇلۇپ كېتىمىز......

خۇدايىم مېنى خوتۇنۇمنىڭ سىڭلىسىنى نىكاھىمغا ئالغىنىم ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرۇۋاتامدۇ ياكى بىر جۈپ ئاشىق- مەشۇقنى بەختسىز قىلغىنىم ئۈچۈنمۇ؟

بىلمەيتتىڭ.

ئوق ئاۋازى سىلەردىن بارغانسىرى يىراقلاپ كېتىۋاتاتتى. سىلەر ئاخىر قۇتۇلۇپ قالدىڭلار. مەتسالى سىنى ھېلىقى پۇچۇق تاملىققا ئەكىرىپ، تامغا يەم بىلەن يۆلەندۈردى.

ـ قانـ... قانداقراق ئەھۋالىڭ؟

مەتسالى گويا ئۆپكىسى يېرىلىپ كەتكۈدەك دەرىجىدە ھاسىراپ تۇرۇپ سورىدى.

ـ مەن... مەن...

- بەرداشلىق بەر دوستۇم، مەن ئۇچۇن قەتئىي بەرداشلىق بەرگىن! سەن... چوقۇم بەرداشلىق بېرەلەيسەن!

يەنە شۇ سۆيۈنۈش، يەنە شۇ پەخىرلىنىش! سەن مەتساللىنىڭ ھىممەت ۋە شەپقىتىدىن سۆيۈنۈۋاتاتتىڭ؛ سەن مەتسالىدەك ئاق كۆڭۈل سادىق بىر رەقىبانە دوستۇڭنىڭ بارلىقىدىن پەخىرلىنىۋاتاتتىڭ!

ئۇ يانچۇقىدىن ئالقانچىلىك بىر پارچە داكىنى ئېلىپ مۇرەڭگە باستى.

سەن قانسىراپ كېتىۋاتاتتىڭ. ئەمما، شۇملۇقانە خىياللىرىڭ تېرەن ئىدى: ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ؟... ئەزرائىل ماڭا ئىككى قېتىم بېشارەت بېرىپ بولدى. بۇ قېتىم ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن. زۇمرەت... زۇمرەت مەتسالىغا قىز پېتىچىلا نېسىپ بولۇپ كېتەرمۇ؟ ئاھ!

يۈرىكىڭ پىژىلداپ ئېچىشتى، ھەسرەتلىك ياشلىرىڭ تاراملاپ تۆكۈلدى. مەتسالى يىغلىغىنىڭنى كۆرۈپ:

— نېمىگە يىغلايسەن؟... قېنى سېنىڭ قەيسەرلىكىڭ؟ بىز ئەزرائىلنىڭ ئالدىغىمۇ كۆلۈپ تۇرۇپ بارىدىغان بولغانغۇ؟ چىدىغىن، يەنە ئازراقلا چىدا، ئاداش. ئىسكەندەر كەلسىلا...

ئۇ مۇزدەك ئالقانلىرى بىلەن ياشلىرىڭنى سۈرتتى. رەزىلانە خىياللىرىڭ داۋام قىلاتتى: ياق!... ياق!... ھەرگىز... دادام قۇربان بولمىغان بولسىمۇ بىر كاشكى؛ زۇمرەتنىڭ مىق-مىق قوينىدا بىر كېچە يېتىۋالغان بولسامۇ بىر كاشكى... مەتسالى دېگەن نامەرد گۈينى ھازىرلا ئۆلتۈرۈۋېتىمەن...

سەن بارغانسېرى قانسىراپ كېتىۋاتاتتىڭ. ئەزرائىلنىڭ شەپىسى ئاڭلىنىپ، قەلبىڭ گۈزەل كۈيلەر — جەننەت ساداسى بىلەن تولۇشقا باشلىغانىدى. شۇڭا، سەن پۈتۈن كۈچۈڭنى يىغىپ:

— ئىسكەندەر كېلىپ بولغۇچە سەن بېرىپ ئاخباراتنى ئەكەل،— دېدىڭ ۋە ئاخبارات كۆمۈلگەن جاينى ئېيتىپ بەردىڭ.

مەتسالى ئورنىدىن تۇردى.

«ئۆل! »

سۆكۆت قىلىدىغان بولساڭ، مەتسالى چوقۇم ئۆلەتتى. ئەمما، سۆكۆت قىلالمىدىڭ، يۈرىكىڭ تېپىرلاپ سۆكۆت قىلدۇرمىدى؛ ھېس - تۇيغۇلىرىڭ، ۋىجدان - غۇرۇرۇڭ ساڭا ئاسىيلىق قىلىپ سۆكۆت قىلدۇرمىدى؛ قەلبىڭدىكى گۈزەل كۈيلەر — جەننەت ساداسى سۆكۆت قىلدۇرمىدى.

سەن قەلبىڭدىكى شۇ گۈزەل كۈيلەر — جەننەت ساداسىدىن مەھرۇم قىلىشنى خالىمايتتىڭ. چۈنكى، سەن جەننەت ساداسىغا ناھايىتى مۇشەققەتتە، ناھايىتى زور بەدەللەرنى تۆلەپ ئېرىشكەنىدىڭ؛ سەن جەننەت ساداسىدىن مەھرۇم قىلىشنىڭ دەردىنى بولىدى دېگۈچە تارتقانىدىڭ؛ سەن جەننەت ساداسىدىن مەھرۇم قىلىشنىڭ شۇ قەدەر قورقۇنچلۇق، شۇ قەدەر ئازابلىق ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلغانىدىڭ. شۇڭا، مەتسالىنى توختىتىۋالدىڭ:

— توختا!

بار ئاۋازىڭ بىلەن ۋارقىرىدىڭ، ۋارقىراشلىرىڭدىن زەرەپشان ۋادىسى لەرزىگە كەلدى. ئەمما، بۇ ئاۋازىڭنى مەتسالىنىڭ ناھايىتى تەستە ئاڭلىغانلىقىنى ئۇقمايتتىڭ. شۇڭا، مەتسالى يېنىپ كېلىپ:

— مېنى قىچقىردىڭما؟— دەپ سورىدى.

— ئاخباراتنىڭ... ئاخبارات چېگىلگەن قولياغلىقىنىڭ ئۇچىغا... بىر دانە گراناتنىڭ... يىپى چېگىكلىككەن. ئاستىراق ئال. ئېھ... ئېھتىيات... قىل.

— ماقۇل، رەھمەت ساڭا!

تومۇر- تومۇرلىرىڭغا بىر خىل شېرىن ئېقىم شۇررىدە تارقالدى. قەلبىڭ يەنە گۈزەل كۈيلەر — جەننەت ساداسى بىلەن لىق تولدى. پۈتۈگىنىڭ، مۇرەگىنىڭ ئاغرىقى شىپپىدە پەسلەپ، جېنىڭ يايرىدى،

خۇددى سۇغا چۈشكەن چاڭقاق بىلىقتەك.

سەن سەزگۈلىرىڭدىكى، ھېس - تۇيغۇلىرىڭدىكى بۇ خىل جىددىي ئۆزگىرىشتىن تولىمۇ ھەيران قالدىڭ. نېمشقا؟ زادى نېمشقا؟ بىلمەيتتىڭ.

بىلمىگەنلىكىڭ ئۈچۈن، بىلىشكە قىزىقىپ قالدىڭ. شۇڭا، داداڭ، زۆھرەت، مەتسالى، دوستلۇق، مۇھەببەت، نىكاھ، ئازادلىق، ئەركىنلىك، بەخت، ھاياتلىق ھەققىدە ئويلىنىشقا باشلىدىڭ: راستىنى ئېيتقاندا، مەتسالىنى ئېتىۋېتىش قولۇمدىن كەلمەيدىكەن، ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە چىدىمايدىكەنمەن. نېمشقا قولۇمدىن كەلمەيدىغان، ئۆزۈم خالىمايدىغان ئىشقا ئۆزۈمنى زورلاپ، ئۆزۈمنى ئۆزۈم قىينايمەن؟ مەتسالى ئادەممۇ ياكى مېنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈنلا ئەۋەتىلگەن پەرىشتىمۇ؟ ياق، ياق، ئادەم، مېنىڭ ھەقىقىي دوستۇم! نېمىشقا شەخسىي مۇھەببىتىمنى دەپ، مۇھەببەتتىنمۇ ئۇلۇغ، مۇھەببەتتىنمۇ بۈيۈك بولغان ئازادلىق، باراۋەرلىك، تىنچلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان بىر سادىق دوستۇمغا، سادىق ئىنقىلابچىغا قەست قىلىش كويىدا بولىمەن؟ ئۆلۈمنى تىلەپ قارغايمەن؟ مۇھەببەت زورلۇق، زۇلۇم، نىكاھ ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدىغان ئۇنداق چاكىنا نەرسە ئەمەسكەن - دە؟ بەخت ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋېتىپ، يەنە بىر جۈپ ئاشىق- مەشۇقنى بەختسىز قىلغىنىم نېمىسى؟ ئەگەر مەتسالىنىڭ ئورنىدا مەن بولغان بولسام، قانداق قىلاتتىم؟ بولدى، قىساسقا قالماي، مۇھەببەتنىڭ قىساسىغا قالماي! ماڭىمۇ يەنە خۇتۇن تېپىلار...

سەن بۇ ھەقتە ئۇزاق ئويلىدىڭ؛ تەكرار-تەكرار ئويلىدىڭ؛ توپتوغرا يىگىرمە بەش كۈن ئويلىدىڭ. ئويلىغانسېرى ئۆزۈڭگە، ئۆزۈڭنىڭ سەمەندەر ئىكەنلىكىڭگە ئىشەنمەيلا قالدىڭ؛ روھىي دۇنيايىڭدا يۈز بەرگەن بۇ غايەت زور ئۆزگىرىشلەرگە ئىشەنمەيلا قالدىڭ؛ ئاخىرقى قارارنى ئۆزۈڭنىڭ چىقارغانلىقىغا ئىشەنمەيلا قالدىڭ؛ ھەتتا بۇ قارارىڭنى

زۇمرەت بىلەن مەتسالىنى چاقىرىپ كېلىپ، ئىلاھىي تۇيغۇلار ئىلكىدە مەردلەرچە جاكارلىغىنىڭغىمۇ ئىشەنمەيلا قالدىڭ!

زۇمرەت ياتىقىڭغا دەل سەن دوختۇرخانىدىن چىقىپ كېتىدىغان كۈنۈڭ كىرىپ كەلدى، سىلەر قىزغىن هال-ئەهۋاللاشتىڭلار.

ـ مەتسالى تىنچلىقتۇ؟

ـ تىنچلىق.

ـ كەلمەپتۇ يا؟

ـ كەلگەن، سىرتتا بىرى بىلەن مۇڭدىشىپ قالدى، هازىر كىرىدۇ.

ـ زۇمرەت، ماڭا سىڭىل بولۇشنى خالامسىز؟

ئۇ تۇرۇپلا قالدى. هەيرانلىقتىن كۆزلىرى چەكچىيىپ، گىلاستەك قىپقىزىل لەۋلىرى لىپىلداپ كەتتى، خۇددى باهار قۇياشىنىڭ نۇرىنى تويماي سۈمۈرۈۋاتقان گۈل بەرگىدەك.

ـ...

ـ مېنىڭ سىزگە شۇنداق ئاكا بولغۇم بار!

بۇ گەپلەر ئاغزىمدىن ئەمەس، جەننەت ساداسى بىلەن لىق تولغان يۈرىكىڭنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئۇرغۇپ چىققانىدى.

ـ چاقچاق... چاقچاق قىلىۋاتمايدىغانسىز؟

ـ ياق، بۇ چاقچاق ئەمەس، يۈرەك سۆزۈم!

ـ نېمىشقا... ئەجەب...

ـ سىلەرگە ئۇۋال قىلغۇم كەلمىدى.

ـ رەهمەت... رەهمەت سىزگە!

زۇمرەت ۋىلىلدە قىزىرىپ، زىبا قەددى تىترەپ كەتتى، خۇددى نەرگىس ياپراقچىلىرىدەك.

ـ ئەرگە تېگىڭ!

ـ هەشقاللا، رەهمەت سىزگە، سەمەندەر ئاكا!

ئۇنىڭ كۆزلىرى پارلاپ كەتتى، گوياكى ياز سەهىرىنىڭ چوغىدەك

ئۇيۇقىدا پەيدا بولغان سەبىي قۇياشتەك!

سەن ئۇنىڭغا قېرىنداشلارچە تەبەسسۇم سوۋغا قىلغاچ:

ــ مەتسالى ئەجەب كىرمەيدۇ يا؟ــ دېدىڭ تەقەززالىق بىلەن.

ــ مەن قىچقىرىپ كىرەي.

زۇمرەت شۇنداق دەپ، ئۇچقاندەك يۇگۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

سەنمۇ سىرتقا چىقتىڭ. باغلار رەڭمۇ رەڭ گۇل -چېچەكلەر بىلەن تولغان، بۇلبۇللار، كاككۇكلار، تومۇچۇقلار... خۇش زوۋانلىرى بىلەن چاك-چاك سايرايتتى. ئەتراپقا شىددەت بىلەن چېچىلىپ تۇرغان خۇش ھىدلار كۆڭۇللەرنى مەستخۇشلايتتى. ئېرىقلاردا سۇپسۇزۇك سۇلار شىرىلدىشىپ ئېقىپ تۇراتتى. بۇ دەل سېنىڭ قەلبىڭ ئىدى. ئاستىڭدىكى ياپيېشىل چىملىقتا ئۆزۈڭنى تاشلاپ، جەننەت ساداسىنى تىڭشىغۇڭ كېلەتتى. ئۆزۈڭنى تاشلىماقچى بولغان بۇ ياپيېشىل چىملىقمۇ دەل ئۆزۈڭنىڭ قەلبى ئىدى.

مەتسالى پولكىنىڭ ئابدۇكېرىم ئىسمىلىك دوختۇرى ـــ يېڭىسارلىق، چېھرىنى چېچەك ئىزى بىلەن سەپكۈن قاپلاپ كەتكەن، يۇمغاقسۇتنىڭ ھەدىچىلىك تېۋىپلىقنى بىلىدىغان، قىرىق ياشلاردىكى ئادەم بىلەن مۇڭدىشىۋاتاتتى. زۇمرەت ئۇن نەچچە قەدەم نېرىدا ئۇلارنىڭ پارىڭىنىڭ تۈگىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇراتتى.

سەن ياتاققا يېنىپ كىرىپ، يوتقان - كۆرپىلەرگە يۆلىنىپ، كۆزۈڭنى چىڭ يۇمدۇڭ. باغدىمۇ، قەلبىڭدىمۇ خىلمۇ خىل قۇشلار سايرايتتى؛ باغمۇ، قەلبىڭمۇ تىل بىلەن تەسۋىرلىگۇسىز ئاجايىپ ئىزگۇ، ئاجايىپ ھاياتبەخش، ئاجايىپ سېھىرلىك كۈيلەر بىلەن تولغانىدى. تېخىمۇ بۇيۇكلەشكەن، تېخىمۇ جانبەخشلەنگەن بۇ گۈزەل كۈيلەر ـــ جەننەت ساداسى ئىدى!

ئەمما، سەن بۇنىڭدىن قىلچە ھەيران قالمىدىڭ. چۈنكى، سەن بۇنداق جەننەت ساداسىنى بەختلىك ئادەملەرنىڭ ھەممىسىلا

ئاڭلىيالمايدىغانلىقىنى، لېكىن باشقىلارنى بەختلىك قىلالىغان بەختلىك ۋە بەختسىز ئادەملەرنىڭ ھەممىسىلا ئاڭلىيالايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغانىدىڭ؛ سەن مۇھەببەتنى ھەممىدىن بۈيۈك بىلگەن، لېكىن ئازادلىق، تىنچلىق، باراۋەرلىك ئۈچۈن شۇ بۈيۈك مۇھەببەتتىنمۇ كېچەلىگەن ئادەملەرنىڭ بۇنداق جەننەت ساداسىنى مەڭگۈ ئاڭلىيالايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئالدىغا جەننەت ئۆزى كېلىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغانىدىڭ! شۇڭا، سەن ھەيران قېلىشنىڭ ئورنىغا داداڭدىن، ئۆزۈڭدىن چەكسىز پەخىرلىنىۋاتاتتىڭ؛ ئۆزۈڭنى چەكسىز بەختىيار ھېس قىلىۋاتاتتىڭ.

شۇنداق، سەن چەكسىز بەختىيار ئىدىڭ!

ــ سەمەندەر ئاكا، مەتسالى كىردى.

كۆزۈڭنى ئاچتىڭ. قېشىڭدا مەتسالى ھەيرانلىقتىن قېتىپ تۇرۇپلا قالغانىدى. سەن ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۈڭ.

ــ نېمە چەكچىيىسەن؟

ــ بۇ... قانداق گەپ... مەن...

ــ بۇنى ساڭا سىڭلىم چۈشەندۈرۈپ قويىدۇ.

سەن زۇمرەتكە قاراپ كۆزۈڭنى قىسىپ قويدۇڭ.

سەن دوختۇرلار ۋە يارىدارلار بىلەن خوشلىشىپ چىققاندا، زۇمرەت مەتسالىغا ھەممىنى چۈشەندۈرۈپ بولغانىدى.

ئۈچىڭلار جەڭگاھقا قاراپ ماڭدىڭلار. قۇياش پارلاپ تۇراتتى. جەننەت ساداسى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەنىدى. چۈنكى، سىلەر جەننەتكە ئەمەس، جەننەت سىلەرگە يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى.

*            *            *

ــ سەمەندەر ئاخۇن!

«پەرىشتە»گىنىڭ ۋارقىرىشى بىلەن خىياللىرىڭ شۇ يەردە چىرتتىدە ئۈزۈلدى. سەن ئورنۇڭدىن تۇرۇپ ئۆيگە قاراپ ماڭدىڭ.

ـ ئۆيدە ئوقۇسا بولمامدۇ كىتاب دىگەننى؟ــ دېدى «پەرىشتە»ڭ ئالدىڭغا ئاش قويۇۋېتىپ،ــــ پىچاقنىڭ بىسىدەك كىتابنى ئىككى كۈننىڭياقى ئوقۇپ بولالماي ئەمدى... نېمانداق ئاستا ئوقۇيلا؟

ــ كۆزۈم ئىمىر-چىمىر بولۇپ...

تاماقنى يەپ بولۇپ، تال بارىڭى ئاستىغا قويۇلغان كارىۋاتقا چىقتىڭ- دە، كەينىڭدىكى يوتقان-كۆرپىلەرگە يۆلىنىپ، كىتابنىڭ «مۇشكۈل ۋەزىپە» دىگەن قىسمىنى ئوقۇشقا باشلىدىڭ.

19

## مۇشكۈل ۋەزىپە

سەن سەمەندەرنىڭ پىداكارانە خىسلىتى بىلەن نىكاھ سىرتىمىقىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، ئەركىن مۇھەببەت بىلەن تەقدىرلەندىڭ؛ چامسال، كاچۇك، خانلەگەر، قارىيانتاق، تۇمشۇقساراي جەڭلىرىدە ئۇيغۇر قىزلىرىغا خاس قەھرىمانلىقلارنى كۆرسىتىپ، پولىك شتابى تەرىپىدىن تەقدىرلەندىڭ.

قوش خۇشاللىق ۋۇجۇدۇڭغا غايەت زور ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتكەنىدى.

زەرەپشان بويلىرىدىكى ماكاپ بەرگىدەك جىلمايساڭ، كۆزلىرىڭدىن جەسۇرانە گۈزەللىك بالقىيتتى. قوشۇماڭ قارلىغاچ

قانىتىدەك تۈرۈلسە، مۇشتۇملىرىڭ ئۇمۇد①تەك تۈگۈلسە، سەدەپسىمان ئۈنچە-ئۈنچە چىشلىرىڭ گۈچۈرلىسا، كۆزلىرىڭدىن قىساسانە غەزەپ -

نەپرەت
بالقىيتتى. پەخىرلىنىش ھېسلىرىغا چۆمۈلۈپ، قىزىلگۈل غۇنچىسىدەك بەرق ئۇرۇپ كۈلسەڭ، گۈلسىمان چېھرىڭدىن، پۈتكۈل ۋۇجۇدۇڭدىن ئازادلىق تەشنالىقى، ئانا يۇرت مۇھەببىتى بالقىيتتى. ئىنقىلابىي ھايات، ئىنقىلابىي قۇربانلار ساڭا ئەنە شۇنداق ئەجداالارغا خاس ساغلام مۇھەببەت، ساغلام روھ ئاتا قىلغانىدى.

غەلبە تەنتەنىسى زەرەپشان ۋادىسىدىن ھالقىپ، خالاستان ۋادىلىرىنى لەرزىگە سالدى. 1946-يىلى 1-ئاينىڭ1-كۈنى قاغىلىق خەلقىگە ئازادلىق كەڭ قۇچاق ئاچتى. چەكسىز ئىشەنچكە تولغان قاغىلىق ياشلىرى تۈركۈم-تۈركۈملەپ پىدائىيلىققا يېزىلىپ، ئىنقىلاب سېپىنى زورايتتى.

ئەپسۇسكى، ساتقۇنلارنىڭ ئەڭ مۇھىم مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويۇشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قورال-ياراغلارنىڭ يېتىشمەسلىكى، جەڭچىلەرنىڭ جەڭ تەجرىبىسىنىڭ كەمچىل بولۇشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى 1-ئاينىڭ 29-كۈنى خوتەن، يەكەن تەرەپلەردىن بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇم قىلغان دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش قىيىن بولغانلىقتىن، قىسىم قاغىلىقتىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. سىلەر چېكىنىۋەردىڭلار، دۈشمەن قوغلاۋەردى. شۇ جەرياندا نەچچە مىڭ جەڭچىنىڭ ئىسسىق قانلىرى مۇقەددەس ئانا زېمىننى زىننەتلەپ، جەستى دەشت-چۆللەردە، تاغۇ تاشلاردا، دەريا-سازلىقلاردا قەبرىسىز قالدى. بۇنىڭ بىلەن دۈشمەننىڭ خورىكى ئۆسۈپ، جەڭچىلەرنىڭ روھى چۈشۈپلا كەتتى. قاچقۇنلار، ئىنقىلابنىڭ غەلبىسىدىن ئۈمۈدسىزلىنىپ، ئالتۇن-كۈمۈشكە سېتىلىدىغان ساتقۇنلار كۆپەيدى.

قىسىم قوشراپتا قايتىدىن تەرتىپكە سېلىندى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى قوماندانلىق شتابى تەرپىدىن زەرەپشان دەرياسى بويىدىكى بارلىق قوشۇن ئۇيغۇر ئون بەشىنچى ئاتلىق پولكى، تاجىك پولكى، قىرغىز

پولكى، ھەسەن ھاجى (يېڭىسار ناھىيسىنىڭ قىزىل يېزىسىدىن) پولكى قاتارلىق تۆت پولكقا بۆلۈندى. ئۇيغۇر ئون بەشىنچى ئاتلىق پولكى يەنە ئىككى پولكقا بۆلۈنۈپ، ئۇيغۇر ئون بەشىنچى ئاتلىق پولكى ۋە ئۇيغۇر ئون ئالتىنچى ئاتلىق پولكى دەپ ئاتىلىپ، ئۇيغۇر ئون بەشىنچى ئاتلىق پولكىغا بىرىگادا كوماندىرى ھاشىم خۇيجاڭ پولك كوماندىرى، ئۇيغۇر ئون ئالتىنچى ئاتلىق پولكىغا تۇردىقارىي بەگ پولك كوماندىرى، ناسىرئاخۇن ئورۇنباسار پولك كوماندىرى بولدى. خۇشاللىنارلىقى شۇكى، سەن يەنە ئۇيغۇر ئون ئالتىنچى ئاتلىق پولكىغا — سەمەندەر بىلەن مەتسالى تۇرۇشلۇق رۇتىغا تەقسىم قىلىنغانىدىڭ. بۇنىڭدىن شۇنداق رازى بولدۇڭ؛ تەقدىرىڭدىن شۇنداق سۆيۈندۈڭ.

شۇنداق قىلىپ، ئىنقىلاب يەنە يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. قانلار قايتىدىن قىزىپ، ئۇمىدلەر كۆۋرىدى، خۇددى زەرەپشان دەرياسىدەك.

سەن جەڭلەردە يەنە مەردانە ئىدىڭ. ئاللادىن ئىنقىلابىڭلارغا نۇسرەت ئاتا قىلىشىنى، مەتسالى بىلەن سەمەندەرنى ئۆز پاناھىدا ساقلاشنى، داداڭنىڭ ھەققانىيەت مەيدانىغا قايتىپ كېلىپ، كۈرەش ئارقىلىق گۇناھىنى يۇيۇشىنى تىلەيتتىڭ، ھەر نامىزىڭدا يىغلاپ تۇرۇپ ئىلتىجا قىلاتتىڭ: «ئەي، ھەممىگە قادىر خۇدا، دادامنىڭ كۆڭلىگە تەۋپىق-ھىدايەت ئاتا قىل! پاختا ئىچىدە چوغ ساقلىغۇچى شەپقەتلىك تەڭرىم، سەمەندەر بىلەن مەتسالىنى مەن ئۈچۈن ئۇلۇغ-ئۇششاق، ئېغىر-يېنىك بالا-قازالاردىن ساقلىغىن! ئۇلۇغ پەيغەمبىرىڭ — مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەققى-ھۆرمىتى ئۈچۈن، ئىنقىلابىمىزغا نۇسرەت ئاتا قىل!»

تىلىڭ ئىلتىجاغا شۇنداق جارى بولۇۋاتقان باش باھارنىڭ شامال ئۇچۇپ تۇرغان بىر كۈنى سەن پولك شتابىغا چاقىرتىلدىڭ.

— سالام، پولكوۋنىك!

سەن پۇتۇڭنى تاققىدە جۈپلەپ، قولۇڭنى چېكەڭگە ئېلىپ چاس

بەردىك.

پولك كوماندىرى تۇردىقارىي بەگ كۆرۈۋاتقان ھەربىي خەرىتىسىنى قاتلاپ، سىنى ناھايىتى قىزغىن كۈرۈۋالدى. ئوتتۇز ئالتە ياشلاردىكى، ئوتتۇرا بوي، ئاق پىشماق چىھرىگە قاپقارا بۇرۇتى خويمۇ ياراشقان، قوي كۆزلىرىدىن تەمكىنلىك، قەتئىيلىك نۇرى چىقىنداپ تۇرىدىغان بۇ ئادەم بىلەن سەن خېلى چوڭقۇر تونۇشاتتىڭ.

ئۇ ساڭا چاي قۇيدى. سەن چاينى ئىككى قوللاپ ئېلىپ، ئالدىڭغا پەم بىلەن قويدۇڭ. ئۇ سىنىڭ مەتسالى قاتارلىق يىگىتلەرنى قۇتقۇزۇپ قالغىنىڭنى ۋە كېيىنكى جەڭلەردىكى قەھرىمانلىقلىرىڭنى بىرمۇ بىر تىلغا ئېلىپ ماختىدى. بولۇپمۇ، چامسالدىكى جەڭدە دۈشمەن پوتىينى پارتىلىتىپ، كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقلىرىڭنى پەخىرلىنىش ھېسسىياتى بىلەن تىلغا ئېلىپ، ساڭا خەلق نامىدىن چوڭقۇر رەھمەت ئېيتتى.

سەن بۇنى ئاڭلاپ ئۆز- ئۆزۈڭدىن غۇرۇرلاندىڭ. قەلبىڭدە قىساسانە كۈچ-قۇۋۋەت ئۆركەشلىدى. كۆزلىرىڭدە ھاياجان ۋە سۆيۈنۈش ئەكس ئەتتى.

― سىزنى مۇھىم بىر ۋەزىپىگە ئەۋەتمەكچىمەن،― دېدى پولكوۋنىك ئەسلى مۇددىئاغا ئۆتۈپ،― ئورۇندىيالارسىزمۇ؟

ئۇنىڭ چوڭ-چوڭ كۆزلىرىدە چوڭقۇر ئۈمىد جەۋلان قىلىپ تۇراتتى.

سەن ئورنىڭدىن تۇرۇپ، قەيسەرانە قىياپەت بىلەن چاس بېرىپ:

― ئازادلىق ئۈچۈن جېنىم پىدا! ― دېدىڭ-دە، جەڭگىۋار ھالەتتە تىك تۇردۇڭ.

سىنىڭ بۇ جەڭگىۋار روھىڭدىن چەكسىز مەمنۇن بولغان پولكوۋنىك ساڭا ئولتۇرۇش ئىجازىتى بېرىپ:

― ياخشى!― دېدى ئىپتىخار بىلەن،― بۇ قېتىمقى ۋەزىپە ئىنتايىن نازۇك ھەم خەتەرلىك.

― جېنىم بىلەن ئورۇندايمەن، پولكوۋنىك!

ــ بۇ ۋەزىپە نازۇك ھەم خەتەرلىك بولغاچقىلا، سىزگە ئۆزۈم بىۋاستە تاپشۇرىۋاتىمەن،ــ ئۇ بىر دەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، داۋام قىلدى،ــــ ھازىر سېپىمىزدە ئايال جەڭچىلەر ئانچە كۆپ ئەمەس. شۇڭا، ئايالللاردىن ئانچە گۇمانلىنىپ كەتمەيدۇ دەپ سىزنى ئەۋەتىشنى قارار قىلدىم. بۇ ئەسلى ئىسكەندەرنىڭ ۋەزىپىسى ئىدى. سىزمۇ بىلىسىز، ئۇ چامسالدىكى جەڭدە قۇربان بولدى،ــ ئۇ سىنىڭ ۋەزىپەڭنى تەپسىلىي ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ،ـــ ئېسىڭىزدە بولسۇن، پارول...ـــ دەپ پارولنى قايتا-قايتا تەكرارلىدى ۋە سېنى بىر قېتىم تەكرارلاتقاندىن كېيىن، قولۇڭغا كىچىككىنە بىر تاپانچىنى تۇتقۇزۇپ، ساڭا مۇۋەپپىقىيەت تىلىدى.

يۈزۈڭگە بىر تەرىپى يىرتىلىپ كەتكەن بىر خۇرما رەڭ تور رومالنى يېپىپ، پاكار، ئەمما توپتەك سېمىز بىر ئېشەككە مىنىپ، كاچۇڭغا چۈش بىلەن يېتىپ كەلدىڭ.

سەن ئېشىكىڭنى بىر قاقشال دۈمچەك سۆگەتكە باغلاپ قويۇپ بازارغا كىردىڭ. بۇ كىچىككىنە كەنت بازىرى بۈگۈن خېلىلا قىزىغان بولۇپ، بۇ سەن ئۈچۈن ياخشى ئىدى. سەن بىر بېسىپ-ئىككى بېسىپ ھېكىم ئاخۇن تېۋىپنىڭ دورا دۇكىنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئىچىگە قارىدىڭ. دۇكان ئىچىدە قىرىق تۆت-قىرىق بەش ياشلاردىكى كۆتمەك ساقال، قارا چىراي، ناھايىتى ئورۇق بىر ئادەم ھاۋانچىدا دورا سوقۇپ ئولتۇراتتى. ياشانغان بىر ئەر ۋە ياشقىنە بىر چوكان ئۇنىڭ يېنىدا تۇراتتى.

ئوڭ يېنىڭغا قارىدىڭ. دۇكاننىڭ قىرىق قەدەمچە نېرىسىدا يەتتە-سەككىز ئادەم تۇنۇر بېشىغا چىقىۋېلىپ، ئوتىسىنىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئەتراپتا ھېچبىر گۇمانلىق ئادەم باردەك قىلمايتتى.

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

سەن پەرىشتىلەرنىڭكىدەك ئۈز سالىمىڭ بىلەن دۇكانغا كىردىڭ.

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.

تېۋىپ ئورنىدىن يېرىم-يارتىراق قوزغىلىپ قويۇپ، سالىمىڭنى

ئىلىك ئالدى.

سەن قىيسىيىپ، يىقىلاي-يىقىلاي دەپ قالغان بىر ئەبجەق كۇرسىدا ئولتۇردۇڭ، ئولتۇرۇپ بولغۇچە كۇرسى غىچىرلاپ-ۋايساپ كەتتى. دۇكان سوغۇق، تۆت تامدىن مۇز يېغىپ تۇراتتى.

ــ دورا ئالالا، خېنىم؟

ــ ھەئە.

تېۋىپ سوققان دورىلىرىنى قەغەزگە يۆگەپ، ھېلىقى ئەرگە بېرىپ، ئىچىش ئۇسۇلىنى ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن، ساڭا قاراپ سورىدى:

ــ نەلىرى ئاغرىيدۇ، خېنىم؟

ــ بىر يېرىم ئاغرىمايدۇ. ئىسسىقلىق دورا - دەرمان چېيى سوقۇپ بەرسىلە.

سەن رومىلىڭنى ئۆرۈۋەتتىڭ. تېۋىپ ساڭا تەئەججۇپ بىلەن لاپپىدە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، سوقۇقلۇق چايدىن ئېلىپ، قەغەزگە ئوراپ ساڭا ئۇزاتتى. سەن چاينى قولۇڭغا ئېلىپ:

ــ پۇلىنى ئاكام بېرىدۇ،ــ دېدىڭ. پارول مۇشۇ يەردىن باشلىناتتى.

تېۋىپ بېشىنى لىككىدە كۆتۈرۈپ، خۇددى سېنىڭ ئىچكى دۇنيايىڭنى تەكشۈرۈپ باقماقچى بولغاندەك، ئاۋۋال باش-ئايىغىڭغا، ئاندىن كۆزۈڭگە سىنچىلاپ قاراپ چىققاندىن كېيىن، سورىدى:

ــ ئاكىلىرى كىم؟

ــ «چىنتۆمۈر باتۇر»

نۆۋەت ئۇنىڭغا كەلدى:

ــ ئاكىلىرىنىڭ كۆزى ئېچىلدىمۇ؟

ــ ياق، شۇڭا «تۇتىيا»غا كەلدىم.

تېۋىپنىڭ چوڭقۇر كۆزلىرىدە تەشۋىش، ساراسىمە ئەكس ئەتتى. سەن ھەيران قالدىڭ. ئۇ ئىشىككە ئالمان-تالمان قاراپ قويۇپ، جىددى شىۋىرلىدى :

ــ ھە، نېمىشقا كەلدىڭىز؟

ــ ئاكام «تۇتىيا»غا ئەۋەتىپتى.

ــ نېمە، ئاكام «تۇتىيا»غا ئەۋەتىپتى؟!ــ ئۇنىڭ كۆزلىرى تېخىمۇ چەكچىيىپ كەتتى،ــ «تۇتىيا»نى بىرى تۇنۇگۈن ئەكەتتى يا؟

تېۋىپ قانداق ھەيران قالغان بولسا، سەنمۇ شۇنداق ھەيران قالدىڭ.

ــ نېمە، ئەكېتىپ بولدى؟

ــ تۇنۇگۈن بىرى كەپتىكەن،ــ دېدى ئۇ تېپىرلاپ،ــ پارولنى ئېيتىپ، ئاخباراتلارنى ئەكەتكەن. ئەستاغپۇرۇللا... قانداق گەپ بۇ؟ ئىسست-ئىسست، ئۇ كاچۇگىدىكى جەڭ ئۈچۈن بەكمۇ قىممەتلىكتى!

ئۇنىڭ چىرايى ئەلەمدىن تۈتۈلۈپ كەتكەنىدى.

ئىچىڭ ئېچىشىپ، ئىزتىراپ-تەشۋىشتىن ئولتۇرالمايلا قالدىڭ، خۇددى تېۋىپقا ئوخشاش.

ــ ئۇنىڭ ئىسمىنى سورىمىدىلىمۇ؟

ــ سورىمىدىم، خۇددى سىزنىڭمۇ ئىسمىڭىزنى سورىمىغاندەك. بۇ، سىزمۇ بىلىدىغانسىز، قائىدىگە خىلاپ.

ــ باشقا گەپمۇ قىلمىدى؟

ــ قىلدى، «ئۇ قۇربان بولغاچقا، ئاكام ئۇنىڭ ئورنىغا مېنى ئەۋەتتى» دېگەندەك قىلدى... ئۇ... ئۇ چوقۇم «قۇرغۇي» شۇ!

ئۇنىڭغا قاراپ ئاغزىڭ ئېچىلىپلا قالدى.

ئۇ جىددىي، چوڭقۇر ئويغا پاتقانىدى.

سەنمۇ، ئۇمۇ ئىسكەندەر كۆكۈلچەكلىك قىلىپ دوستىغا ــــ «قۇرغۇي»غا ئىشىنىپ پارولنى ئېيتىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، ئەتىسىدىكى جەڭدە «قۇرغۇي» تەرىپىدىن ئارقىسىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئۇقمايتتىڭلار؛ «قۇرغۇي» گەرچە تېخى «كۆك بۆرە» ۋە ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەكەتكەن ئاخباراتلارنى

«ئـاراڭلاردىكى بـىرى كاچۇڭـدىكى ھېكىمئـاخۇن تېۋىـپ ئـارقىلىق تـاغ ئوغرىلىرىغا ئاخبـارات يەتكـۈزۈپ بېرىۋاتـىدۇ» دېـگەن ئاخبـارات بىـلەن قوشۇپ، دۈشـمەن قولىغا يەتكـۈزۈپ بولغـانلىقىنى ئۇقمـايتتىڭلار. بـۇنى ئۇقۇش ئۈچۈن «قۇرغۇي»نـى تاپماي بولمـايتتى. بـىراق، ئـۇنى قانـداق تاپقىلى بولىدۇ؟ ئۇ قايسى روتا، قايسى ۋىزۋوت، قايسى ئودىلىنىيىدە؟ ئـۇ زادى كىم؟

بىلمەيتتىڭ؛ ھېچكىم بىلمەيتتى. ئەمما، بىلمەي زادى بولمايتتى.

ــ بولـۇڭ، چاققـان قايتىــپ بېرىــپ، ئاكامغـا خەۋەر قىلىـڭ!ـــ ئـۇ ھەيرانلىق، گاڭگىراش ئىچىدە سۈرگەن جىـددىي خيـاللىرىڭنى بۆلـۈپ، قېشىڭغا يېقىن كېلىپ شىۋىرلىدى،ـــ ناۋادا... ماڭـا بىـرەر خەۋەپ يېتىـپ قالسا، بۇنىڭدىن كېيىن «كۆك بۆرە» بىلەن ئالاقىلىشىڭ. ئۇنىڭ ئىسمى غوجەخمەت، چوپاننىڭ شەيخلا كەنتىدىن... خوش!

بۇ «خوش» قەتئىي بۇيرۇق تۈسىنى ئالغانىدى.

ئۇ نېمە ئۈچۈن قائىدىگە خىلاپ ھالدا «كـۆك بـۆرە»نـىڭ ھەقىقىـي ئىسمىنى ئېيتىپ بېرىدۇ؟

بىلمەيتتىـڭ؛ ئۇنىـڭ شـەرەپلىك بىـر قارارغـا كېلىــپ بولغـانلىقىنى بىلمەيتتىڭ.

شـۇنداقتىمۇ، سـىنىڭ ئاخبـاراتنى ئەكەتـكەن ھېلىقـى يىگىــت ـــ «قۇرغۇي»نىڭ چىراي-شەكلىنى بولسىمۇ سورىۋالغۇڭ بار ئىدى. بەلكىم، ئۇ «قۇرغۇي»نـىڭ چىرايـى، بەدەن قۇرۇلۇشـىدىكى ئېنىـق ـــ ئالاھىـدە بەلگىلەردىن بىرەرنى ئېيتىپ بېرەلىشى مۇمكىن ئىدى. بىـراق، دۇكانغـا ئىككى خېرىدار كىرىپ قالدى.

سەن تەشۋىش، گاڭگىراش، ھەيرانلىق ئىلكىدە دۇكاندىن چىقىپ، ئېشىكىڭنىڭ قېشىغا كەلدىڭ.

«كۆك بۆرە؟» تووۋا!

ئېشـىكىڭ گويـا كۆڭلۈڭـدىكىنى چۈشـەنگەندەك، «خىـت-خىـت»

دىگۈزمەي، تاياق سانجىتماي، پۇتى-پۇتىغا تەگمىگەن ھالدا ئىككى تەرىپى چىغلار بىلەن قورشالغان چىغىر يولدا مەنزىلگە قاراپ چاپاتتى...

خىيالىڭ ئېشەكنىڭ سۈرئىتىدىنمۇ ئىتتىك ئىدى: ئاخباراتنى ئەكەتكەن ھېلىقى يىگىت كىمدۇ؟ «قۇرغۇي»چۇ؟ تېۋىپ ئېيتقاندەك، بۇ ئىككىسى زادى بىر ئادەممىدۇ؟ ئۇ پارولنى قانداق بىلىۋالغاندۇ-ھە؟

ئالدى-ئارقاڭغا قاراپ قويدۇڭ. ئەتراپ تىپتىنچ، پارلاق قۇياش سېنى باشلاپ غەربىي ئۇپۇققا قاراپ كېتىۋاتاتتى. خىياللىرىڭمۇ قۇياشقا ئەگىشىۋالغانىدى: غوجەخمەت؟... راستىنلا شۇ غوجەخمەتمىدۇ؟ «كۆك بۆرە» يۇسۇپ بەگنىڭ ئۇرۇمچىدە ئوقۇپ كېلىپ، شەھەردە ئەپەندىچىلىك قىلىۋاتقان ئەتىۋارلىق ئوغلى غوجەخمەت شۇمىدۇ؟ «كۆك بۆرە» مەن ياخشىمۇ كۆرمەيدىغان، يامانمۇ كۆرمەيدىغان، كەينىمدىن سايىدەك ئەگىشىپ، ماڭا سۆيگۈ مەكتۇپلىرىنى ياغدۇرۇۋەتكەن، تىرنىقىنى تاتىلاپ تۇرۇپ مۇھەببەت ئىزھار قىلغان، رەت قىلسام، مىششىدە يىغلىۋەتكەن غوجەخمەت شۇمىدۇ؟ «كۆك بۆرە» مېنى بەختلىك قىلىشقا ۋەدە بېرىپ، ماڭا بىر ئۆمۈر قول بولۇشقا رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن غوجەخمەت شۇمىدۇ؟ ئۇ قانداق بولۇپ «كۆك بۆرە» بولۇپ قالغاندۇ ـ ھە؟

سەن تولىمۇ ھەيران قىلىۋاتاتتىڭ. «كۆك بۆرە»نىڭ غوجەخمەت ئىكەنلىكىگە زادىلا ئىشەنگۈڭ كەلمەيتتى. بىراق، ئىشەنمەي بولمايتتى. چۈنكى، سەن چوپاننىڭ شەيخلا كەنتىدە بىرلا غوجەخمەتنىڭ بارلىقىنى ئوبدان بىلەتتىڭ، تېۋىپنىڭ يالغان ئېيتىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

سەن يەنە ئالدى-ئارقاڭغا قاراپ قويدۇڭ. ئەتراپ يەنىلا تىپتىنچ. شۇڭا، يۈزۈڭنى ئېچىۋەتتىڭ. قۇياش غەربىي ئۇپۇققا قونۇشقا تەمشىلىپ تۇراتتى، خۇددى سۇمۇرۇغدەك. باھارنىڭ ئىزغىرىن شاملى يۈزۈڭگە ئۇرۇلۇۋىدى، خىياللىرىڭ يەنە قۇياشقا ھاپاش بولۇۋالدى: غوجەخمەت، سەن قانداق بولۇپ «كۆك بۆرە» بولۇپ قالدىڭ؟ ساڭا ئىشەنسەم

بولامدۇ؟ ساڭا ئاخىرغىچە ئىشىنىشكە بولامدۇ؟

بىلمەيتتىڭ؛ غوجەخمەتنىڭ قاغىلىقتىن كېلىپ، سېنىڭ ئاۋۋال سەمەندەر بىلەن توي قىلغانلىقىڭنى، كېيىن مەتساللار بىلەن جەڭگاھقا قېچىپ كەتكەنلىكىڭنى، ئاناڭنىڭ پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپلا، ئۇنىڭمۇ ئارتاشقا بېرىپ، پەدائىيلىققا يېزىلغانلىقىنى بىلمەيتتىڭ؛ بىراق، قايسىبىر ئوفىتسېرنىڭ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، دادىسى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭغا ئىشەنمەي، ئۇنى ئاچچىق، تەنە گەپلەر بىلەن شۇ كۈنىلا قايتۇرۇۋەتكەنلىكىنى بىلمەيتتىڭ؛ غوجەخمەتنىڭ ساڭا بولغان مۇھەببىتىنىڭ تۈرتكىسىدىلا ئەمەس، ھەققانىيەتنىڭ ئىلاھىي كۈچى، ئىلاھىي سادانىڭ تۈرتكىسىدە سەن ماڭغان يولغا كىرىشكە مەجبۇر بولغانلىقىنى بىلمەيتتىڭ؛ يۈكسەك نىيەت-ئىقبالى، نازۇك غۇرۇرى چەيلەنگەن غۇجەخمەتنىڭ ئاخىرى گومىنداڭ قوشۇنىغا قاتنىشىپ، ھەققانىيەت ئۈچۈن مەخپىي كۈرەش قىلىپ، دادىسىنىڭ، پۈتۈن جەمەتىنىڭ ئار-نومۇسىنى يۇيۇپ، شەرمەندە ھاياتىنى ئېرىغداپ، روھىي ئازاب، روھىي ھاقارەتتىن قۇتۇلۇش قارارىغا كەلگەنلىكىنى، بۇ قارارىنى مەسلەكداش دوستى ھېكىمئاخۇن تېۋىپقا ئېيتقانلىقىنى، ھېكىمئاخۇن تېۋىپ ئارقىلىق پولكوۋنىك تۇردىقارىي بەگ بىلەن جىددىي ئالاقىلىشىپ، سىلەرنى مۇھىم ئاخباراتلار بىلەن تەمىن ئېتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتىڭ. ئەگەر بىلگەن بولساڭ، ئۇنىڭدىنمۇ شۈبھىلىنىپمۇ يۈرمەيتتىڭ، ھەتتا ھەيرانمۇ قالمايتتىڭ. توساتتىن چىغلىقتىن ئىككى ئاتلىق ئادەم چىقىپ ئالدىڭنى توستى. خىيالىڭمۇ، ئېشىكىڭمۇ شىپپىدە توختىدى. سەن روپاشلارغا خاس قىلىق، تەلەپپۇز بىلەن: «ۋىيەي!...» دېگىنىڭچە ئوپۇل-توپۇل يۈزلىرىڭنى ياپتىڭ.

— نېمە ئايالسەن؟— دەپ سورىدى ئۇلارنىڭ بىرى.

سەن تور رومالىڭنىڭ تۆشۈكلىرىدىن سىنچىلاپ قاراپ، ئۇنىڭ تونۇر بېشىدا ئوتىسىنىپ ئولتۇرغانلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى جەزم قىلدىڭ.

ئۇ ماڭا باياتىن بىكار قارىماپتىكەن-دە؟

سەن يەنە بىرىنىڭ كىملىكىنى پەرق ئېتىشنىڭ ئورنىغا تاپانچاڭنى ئېلىشقا تەل بولۇپ تۇردۇڭ.

ــ مەن چىمدۇلۇق. بازارغا نەرسە-كېرەك سېتىۋالغىلى كەلگەن،ــ دېدىڭ سەن تەمكىنلىك بىلەن.

ــ ھىم، نەرسە-كېرەك ئالغىلى كەپتۇمىش تېخى!ــ دېدى يەنە بىرى،ــ ئاخبارات ئالغىلى كەلگەنسەن ھەرقاچان؟

سەن ھېچنىمىنى چۈشەنمىگەن بولۇۋېلىپ، مەتۇلارچە سورىدىڭ:

ــ نېمە؟ ئاق ناۋات؟

ــ ئاخبارات دېدىم!ــ ۋارقىرىدى ئۇ كانىيى يىرتىلىپ كەتكۈدەك.

ــ قانداق نىمە ئۇ ئاخبارات دېگەن؟ يەيدىغان نېمىمۇ، كىيىدىغان نىمىمۇ، زادى نېمە؟ ئادەم بىلمىگەن نېمىنى سوراپ خۇدى!

ـ خۇپسەنلىك قىلماي، چۈشە ئېشەكتىن! ئۇنىڭ قانداق نېمىلىكىنى ھازىرلا كۆرسىتىپ قويىمىز ساڭا!

سەن ئېشەكتىن چۈشۈۋېتىپ قەستەنگە يىقىلدىڭ. شۇ يىقىلىپ-قوپۇش جەريانىدا ئۇلارنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ، قوينۇڭدىن تاپانچاڭنى ئېلىپ، ناھايىتى چەبدەسلىك بىلەن ئۇلارغا قارىتىپ ئوق ئۈزدۈڭ. بىرى ئەسكى چاپانىدەك پالاققىدە يىقىلىشىغىلا، سەن چىغلىققا پارتىندە قاچتىڭ، خۇدى توشقاندەك. بىر تال ئوق قۇلىقىڭنىڭ قوناقتەك يېرىنى ئۇچۇرتۇپ كەتتى. قان مۈرەڭگە سىرغىپ چۈشتى. تور روملىڭ قايسىبىر ئازغانىنىڭ شېخىغا ئىلىنىشىپ قالغانىدى. ھېلىقى چېرىك سېنى ئات بىلەن قوغلاپ كېلىۋاتاتتى. سەن ئىچكىرىلەپ قېچىۋەرمەي، بىر ئويمانلىققا كىرىپ مۆكۈنۈۋالدىڭ. ئۇ سېنى «يارلىققا قاراپ قاچتى» دەپ قالدى بولغاي، يېنىڭدىنلا ئۆتۈپ كەتتى. سەن ئۇنىڭغا قارىتىپ ئوق ئۈزدۈڭ. ئۇ ئاتتىن دومىلاپ چۈشتى. ئات ئانچە يىراق بارمايلا توختىدى. سەن ئاتقا مىنىپ قاچتىڭ. ئەمما، سەن ئانچە ئۇزاققا بارمايلا قورشاۋدا

قالدىڭ.

*          *          *

سەن ئوقۇشنى شۇ يەردە توختاتماقچى بولدۇڭ. چۈنكى، سېنى ئۆزۈڭنىڭ ئەسلىمىسى ـــ ئىسكەندەر ھەققىدىكى ئەسلىمە ئۆز باغرىغا چىللاۋاتاتتى.

## 20

بۇ چامسالدىكى جەڭدە يۈز بەرگەن ئىشلار ئىدى:

چامسالنىڭ يەر تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ بولۇپ، مۇداپىئەلىنىشكە ئىنتايىن ئەپلىك جاي ئىدى. دۈشمەن دەل مۇشۇ ئەۋزەللىكتىن پايدىلىنىپ، سىلەرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يوللۇڭلارنى توسۇپلا تۇراتتى، خۇددى تاغدەك. گەرچە سىلەر ئۈچ قېتىم ھۇجۇم قىلغان بولساڭلارمۇ، لېكىن دۈشمەننىڭ مۇداپىئە سېپىنى بۆسۈپ چىقالمىغانىدىڭلار. چۈنكى، سىلەرنى يوشۇرۇن پوتەيلەر بىر قەدەممۇ ئالغا سىلجىتمىغانىدى.

سىلەر بۈگۈن پوزىتسىيىگە تاڭ سەھەردىلا يېقىنلاپ كەلدىڭلار-دە، ھۇجۇمغا ئۆتتۈڭلار. سىلەرنىڭ روتىنىڭ ۋەزىپىسى يان تەرەپتىن كېلىپ، يار ئۈستىگە چىقىپ، پوتەينى پارتىلىتىش ئىدى. شۇڭا، سىلەر شوتىلىرىڭلارنى كۆتۈرۈشۈپ ھۇجۇمغا ئۆتتۈڭلار. سىلەر يارنىڭ ئۈستىدىكى دۈشمەنگە يامغۇردەك ئوق ئۈزۈپ تۇرغان بولساڭلارمۇ، لېكىن يىگىتلەرنىڭ بەزىلىرى يار تۈۋىگە بارار-بارمايلا پاتقاققا يىقىلىپ، ئىسسىق قانلىرى بىلەن پاتقاققا سىڭىپ كېتەتتى. ئەگەر ئۇرۇش يەنە مۇشۇنداق داۋاملىشىۋېرىدىغان بولسا، يار ئۈستىگە چىقىپ، دۈشمەننىڭ يوشۇرۇن پوتېيىنى پارتىلىتىش ئۈياقتا تۇرسۇن، روتاڭلار پۈتۈنلەي تۈگىشىشى

مۇمكىن ئىدى.

دەل شۇ پەيتتە پولكنىڭ مىناميوتچىلار ۋزۋوتى يېتىپ كەلدى-دە، يار ئۈستىدىكى دۈشمەنگە ئايىماي ئوق ئېتىشقا باشلىدى. سىلەر بىردىنلا جانلىنىپ كەتتىڭلار.

ــ مەتسالى، بىزنى قوغدا!

سەن شوتىنىڭ ئالدىنى، ئىسكەندەر كەينىنى كۆتۈرۈپ يۈگۈردۈڭلار. مەتسالى سىلەرنى قوغداپ بىللە يۈگۈردى. ئاخىر يار ئاستىغا كەلدىڭلار-دە، شوتىنى يارغا تىرەپ، سەن شوتىغا ياماشتىڭ. يارنىڭ ئۈستىگە بېشىڭدىن بۇرۇن ئاپتوماتىڭنىڭ ئىستوۋۇلى چىقىپ بولدى. قارىسىغىلا سىيرىپ ئون نەچچە پاي ئوق ئېتىۋەتكەندىن كېيىن، يارنىڭ ئۈستىگە دىككىدە سەكرەپ چىقىپ، يۇمىلىنىپ تۇرۇپ ساڭا ئوق ئېتىشقا تەمشەلگەن ئۈچ دۈشمەننى يەر غاجاتتىڭ. ئۇمىد ئەمدى تۇغۇلغانىدى، خۇددى ئاۋۇ تاغ زۇلپىسىدىن تۇغۇلغان سەبىي قۇياشتەك.

ــ هۇررا!

گۇمبۇرلەشلەر ئارىسىدا ئاۋازىڭ جاراڭلىدى، گويا گۈلدۈرمامىدەك. سەن بىر قورام تاشنىڭ دالدىسىغا كىرىۋېلىپ، يار لېۋىگە قۇزغۇندەك قونۇۋېلىپ يېگىتلەرگە ئوق ياغدۇرۇۋاتقان چېرىكلەرگە ئوق ئۈزۈشكە باشلىدىڭ. ئۇلار يار ئاستىغا موللاقلاپ چۈشەتتى، مىسالى تاپقا ئۆزىنى ئاتقان قۇزغۇندەك. يار لېۋىدە ئاۋۋال ئىسكەندەرنىڭ، ئاندىن مەتسالىنىڭ بېشى كۆرۈنۈپ، «هايت-هۇيت» دەپ بولغۇچىلا يارنىڭ ئۈستىگە يېگىتلەر تېرىلىپ كەتتى، بەئەينى يەردىن ئۈنگەندەك. يېرىم سائەتتەك ئېتىشىشتىن كېيىن، دۈشمەن پوتەي تەرەپكە قاراپ قاچتى، سىلەر قوغلىدىڭلار، قوغلاپ-قوغلاپ ئۇلارنى ئىستىهكاملىرىغا قاماپ قويدۇڭلار. شۇنىڭ بىلەن يەنە بىر مەيدان جەڭ باشلاندى. دۈشمەننىڭ ئۈچ يوشۇرۇن پوتىيىدىن ئوق يامغۇردەك ياغاتتى. مۇشۇ پوتەيلەرنى پارتلاتمىغۇچە پولك ئومۇميۈزلۈك هۇجۇمغا ئۆتەلمەيتتى.

ــ ئىسكەندەر...

سەن ئىككى پوتەينى پارتلىتىشقا بۇيرۇق بېرىپ بولۇپ، ئۈچىنچى پوتەينى پارتلىتىشقا بۇيرۇق بېرىشكە تەمشىلىپ، ئەمەدىلا ئېغىز ئاچقان روتا كوماندىرىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ:

ــ مەن باراي!ــ دېدىڭ ئىسكەندەر ئۈچۈن.

ــ ماڭ!

پوتا كوماندىرى ساڭا بۇيرۇق بەردى. سەن يەر بېغىرلاپ پوتەيگە قاراپ ئىلگىرىلىدىڭ. ھەممىسى سىلەرنى - پوتەينى پارتلىتىشقا ماڭغانلارنى قوغداۋاتاتتى.

«ئەي مېھىر-شەپقەتلىك خۇدا، مېنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلا، ماڭا نۇسرەت ئاتا قىل، پوتەينىڭ ئۈچەي-قارنىنى كۆككە سورۇشنى نېسىپ ئەت!»

سەن شۇنداق ئىلتىجا قىلغىنىڭ بىلەن، جەننەت ساداسى بىلەن تولغان يۈرىكىڭنىڭ يان-بېلىڭدە ئۇچۇپ تۇرغان ئوقلار، تاغۇ تاشلارنى تىترىتىپ، زېمىننى لەرزىگە سېلىپ، گۈمبۈرلەپ پارتلاپ تۇرغان گراناتلار، مىناميوت ئوقلىرى بىلەن كارى يوق ئىدى. تاغۇ تاشلار تىترىگىنى بىلەن، يۈرىكىڭ تىترىمەيتتى؛ زېمىن لەرزىگە كەلگىنى بىلەن، ۋۇجۇدۇڭ لەرزىگە كەلمەيتتى. ئەگەر «تىترىدى، لەرزىگە كەلدى» دېيىش توغرا كەلسە، يۈرىكىڭ، ۋۇجۇدۇڭ كەلگۈسىدىكى ھۆر ھايات، ھۆر زامان تەقەززاسىدىن تىترەيتتى، لەرزىگە كېلەتتى.

سەن يېقىن كەلگۈسىدىكى دەل شۇ ھۆر ھايات، ھۆر زاماننىڭ تەلپۈندۈرۈشى بىلەن ئېھتىيات بىلەن ئالغا ئىگىرىلەيتتىڭ؛ سەن داداڭنىڭ، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ، بەختسىز، ئەركسىز خەلقىڭنىڭ قىساسى، بۈيۈك روھىنىڭ تۈرتكىسىدە جەسۇرانە ئالغا ئىلگىرىلەيتتىڭ...

ئاخىر پوتەيگە يەتتە - سەككىز قەدەم يېقىنلاپ كەلدىڭ. بىر ئۇيمانغا چۈشۈۋېلىپ، ئارقاڭغا قارىدىڭ. ئارقاڭدىن پوتەينى پارتلىتىشقا

كېلىشۋاتقان يىگىتلەر بىر - بىرلەپ يىقىلىشۋاتاتتى. سەن پارتىلاتقۇچنىڭ پىلىكىنى بارمىقىڭغا يۆگەپ، ئەمدىلا ئېتىلىپ چىقاي دەپ تۇرۇۋشۇڭغا، بىر نەرسە ئۈستىڭگە چۈشتى. سەن ئۇنىڭ ئاستىدا قالدىڭ. بۇنىڭ نېمە ئىشلىقىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە، غايەت كۈچلۈك پارتىلاش بىلەن تەڭ سەن پارتىلاتماقچى بولغان پوتەينىڭ كۆلى كۆككە سورۇلۇپ كەتتى. پارتىلاش بېسىققاندىن كېيىن، ئۈستۈڭدىكى ھېلىقى نەرسىنى كۆچەپ ئىرغىتتىڭ. ئۇ نەرسە ئۈستۈڭدىن سىيرىلىپلا چۈشتى. ئۇنى كۆرۈپ شۇنداق ھەيران قالدىڭ.

— زۇمرەت، زۇمرەت!

شۇنداق، ئۇ زۇمرەت ئىدى؛ خۇددى سەندەكلا كەلگۈسىدىكى ھۆر دۇنيا ھەققىدە پىچىرلاپ تۇرۇپ سەن پارتىلاتماقچى بولغان پوتەينىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇۋەتكەن سابىق سۆيۈملۈك خوتۇنۇڭ، ھازىرقى ئوماق سىڭلىڭ زۇمرەت ئىدى. ئۇ يۈز - كۆزى خۇددى لەۋلىرىسىمان قىپقىزىل قانغا بويالغان ھالدا ھوشسىز ياتاتتى. ئۇنى قۇچىقىڭغا ئالدىڭ.

— زۇمرەت، كۆزىڭىزنى ئېچىڭە!

يۈرىكىڭ شادىيانە كۈي بىلەن ئويناقشىدى، چۈنكى زۇمرەت كۆزىنى ئاچقانىدى.

— تېز !... تېز !...

ئۇ بۇيرۇق قىلدى. سەن پارتىلاتقۇچنى كۆتۈرۈپ، ئويماندىن خۇددى ئارسلاندەك ئېتىلىپ چىقتىڭ - دە، گاھ يۈگۈرۈپ، گاھ ئۆملەپ، گاھ ئويىداڭ - چوڭقۇرلارغا ئۆزۈڭنى ئېتىپ، ئاخىر يەنە بىر پوتەينىڭ ئاغزىغا كەلدىڭ. پارتىلاتقۇچنى يوشۇرۇن پوتەينىڭ ئۈستىگىلا تاشلاپ، ئۆزۈڭنى بىر ئويمانغا ئاتتىڭ، خۇددى زۇمرەتتەك. غايەت زور پارتلاش سېنى بايىقىدىنمۇ بەكرەك توپىغا كۆمۈۋەتتى. سەن ئورنىڭدىن تۇرۇپ، بار ئاۋازىڭ بىلەن توۋلىماقچى بولدۇڭ. لېكىن، دەل شۇ چاغدا زۇمرەتنىڭ ئاۋازى جاراڭلىدى:

ــ باتۇر يىگىتلەر!...

ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ ئاخىرى پەسىيىپ كېتتۈدى، سەن تولۇقلىدىڭ:

ــ ئالغا !...

يىگىتلەر ئۇچۇنچى پوتەينىڭ پارتىلىشىنى كۈتمەي، ھۇررا سادالىرىنى ياڭرىتىپ ئاتاكىغا ئۆتتى. شىددەتلىك ئېتىشىش باشلاندى... ئاخىر دۈشمەن كۆيباغقا قاراپ قاچتى. قىش قۇياشى تەنتەنە بىلەن كۈلۈپ، سىلەرنى باغرىغا ئالدى. خۇددى مەتسالى سېنى تەبرىكلەپ باغرىغا ئالغاندەك. بىردىنلا ھەمساۋاق دوستۇڭ ئىسكەندەر يادىڭغا كېلىپ قالدى. چۈنكى، سەن ئۇنىڭمۇ دوستانە باغرىلىشىغا، دوستانە تەبرىكلىشىگە تەشنا ئىدىڭ. ئەمما، ئۇ ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى.

ئۇ نېمىشقا قېشىمغا يۈگۈرۈپلا كەلمەيدۇ؟ نېمىشقا يۈگۈرۈپلا كېلىپ، مېنى باغرىغا باسمايدۇ؟ نېمىشقا خۇددى مەتسالىدەك غەلبەمنى، ھايات قالغانلىقىمنى تەبرىكلىمەيدۇ؟ جەڭدىن ساق چىقىش، بولۇپمۇ پوتەي پارتىلىتىشتىن ساق قايتىپ چىقىش جەڭچى ئۈچۈن بىر مۆجىزە ئەمەسمۇ !

شۇلارنى ئويلاپ، مەتسالىنىڭ باغرىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، ئۇنىڭدىن:

ــ مەتسالى، ئىسكەندەر قېنى؟ ــ دەپ سورىدىڭ.

ــ تاڭ؟

ئۇمۇ ئەتراپىغا ئەنسىزانە نەزەر بىلەن قارىدى. ئىسكەندەر يەنىلا ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى.

ــ ئۇ سەن بىلەن بىللە ئىدى يا؟

ــ بىللىغۇ ئىدى، ئاتاكىغىچۇ بىللە ئۆتكەن... ئارقامدىن ماڭغاندەكچۇ قىپتى شۇ... ۋاي خۇدايىمەي...

سىلەر ئۇنى ئىزدەشكە باشلىدىڭلار.

ــ ئىسكەندەر!

ــ ئىسكەندەر!

چامسالنىڭ تاغلىرىمۇ سىلەرگە ياردەملەشتى:

ـ ئىسكەندەر!

ئاخىر ئۇنى مەتسالى ئۆزى تاپتى.

ــ سەمەندەر، ئۇ بۇ يەردىكەن!

سەن يۈگۈرۈپلا كەلدىڭ. ئىسكەندەر دۈم ياتاتتى. ئۇق دۈمبىسىدىن تەگكەنىدى. ئۇنى قۇچىقىڭغا ئالدىڭ. ئۇ تېخى ھايات، ئەمما چىرايىدا قان دىدارى قالمىغانىدى.

ـ ئىسكەندەر، ئىسكەندەر، كۆ... كۆزۈڭنى ئاچقىنە، ئاداش!

ئۇ ناھايىتى تەستە كۆزىنى ئاچتى. ئۇنىڭ ئويچان كۆزلىرىدىكى ھايات مەشئىلى پىلدىرلاپلا قالغانىدى، گويا كى جىنچىراغدەك.

ــ مە... مە... مە...

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى ھايات مەشئىلى «مە... مە...» بىلەن ئۆچتى؛ ئۇنىڭ لەۋلىرى «مە... مە...» بىلەن جۈپلەشتى.

ئۇ نىمە دىمەكچى بولغىيتتى ؟

بىلمەيتتىڭ.

ـ ئىسكەندەر!

ـ ئىسكەندەر!

ئىككىڭلار شۇنداق ئەلەملىك ۋارقىراپ، ئۇنى تالىشىپ تۇرۇپ باغرىڭلارغا باستىڭلار؛ تالىشىپ تۇرۇپ يۈز - كۆزلىرىگە يۈز - كۆزلىرىڭلارنى سۈركەپ، ھەسرەت بىلەن يىغلىدىڭلار. ھەسرەتلىك ئۆكسۈشلىرىڭلار چامسالنىڭ تاغۇ تاشلىرىنى ئېزىپلاۋەتتى، بولۇپمۇ مەتسالىنىڭ يىغىسى؛ كۆز يېشىڭلار چامسال تۇپرىقىغا يامرىدى، مىسالى كەلكۈندەك، بولۇپمۇ مەتسالىنىڭ ياشلىرى؛ ئۇنى باغرلاپ - باغرلاپ، ئاخىر باغرىڭلارغا سىڭدۈرۈپلاۋەتتىڭلار، بولۇپمۇ مەتسالى!

سەن مەتسالىنىڭ دوستلىرىغا بولغان ساداقىتىدىن ئىلاھىي ھېسسىياتتا سۆيۈندۈڭ.

ــ ئۇ تەجەللى ھەزرىتىم ھەققىدە قىسسە يازماقچىدى!

ــ «قىسسەمنى ئەمدى قورال بىلەن يازىمەن» دېگەنتى!

ــ ئاخىرى دېگىنىنى قىلدى!

بېشىڭنى كۆتۈردۇڭ. يۈزۈڭگە موللا ئايۇپ، نىياز، سادىقلارنىڭ كۆز ياشلىرى تورۇكلاپ تۆكۈلدى، خۇددى يامغۇردەك.

شۇنداق، ئىسكەندەر تەجەللى ھەققىدىكى قىسسىسىنى يېزىپ تامانلىغانىدى، قەلەم بىلەن ئەمەس، قورال بىلەن.

ئۇ يەنە قورال بىلەن ئۆزى ھەققىدىكى قىسسىسىنىمۇ تاماملاپ بولغانىدى، بۇ مەڭگۈ يادلىنىدىغان، مەڭگۈ يادلىنىدىغان، مەڭگۈ ئوقۇلىدىغان، ئەۋلادلارغا مەڭگۈ ساغلام روھ ۋە ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىدىغان يوقالماس قىسسە ئىدى.

سەنمۇ شۇنداق قىسسە يازالارسەنمىكىن؟

يازىمەن، چوقۇم يازىمەن! شۇنداق ئۇلۇغۋار قىسسىلەرنى يېزىپ، دادامنىڭ، ئىسكەندەرنىڭ، بارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ روھىنى خۇش قىلىمەن! ئەۋلادلىرىمنى ئۆزۈمدىن پەخىرلەندۈرۈپ، ئۇلارغا ئوغۇزخانچە ساغلام روھ بەخش ئېتىمەن!

*　　*　　*

سەن خىيالىڭنى يىغىپ، ئىختىيارسىز پىچىرلىدىڭ:

راست، ئاتاكىغا ئۆتكەن ئادەمنىڭ قانداق بولۇپ دۇمبىسىدىن ئوق تېگىدۇ؟ بۇنىڭدىن ئەجەپ گۇمانلانماپتىكەنمەنىيا؟ ئەسلى ئىسكەندەرنى ‹قۇرغۇي› ئېتىۋېتىپتىكەن ــ دە؟...

قەلبىڭدە بىسىپ بولمايدىغان غەزەپ كۆۋدى: «خەپ، ‹قۇرغۇي!› »

«قۇرغۇي» كىم؟ «قۇرغۇي» زادى كىم بولغىيتى؟

سەن تەئەججۇپلىنىپ خىياللىرىڭنى يىغىپ، كىتابنىڭ «ئەجدىها ئاغزىدىن قايتىپ چىقىش» دېگەن قىسمىنى ناھايىتى ئالدىراپلا ئوقۇشقا باشلىدىڭ، خۇددى زۇمرەت ساڭا «قۇرغۇي» نىڭ كىملىكىنى ھازىرلا دەپ بېرىدىغاندەك.

# 21

## ئەجدىھا ئاغزىدىن قايتىپ چىقىش

سوراق باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. سەن ھەممىگە تەييارلىنىپ قويغانىدىڭ. سىم قامچىلارنىڭ ئۆتمەي قىلىشىدىن ئەنسىرىگەن چېرىكلەر سېنى كۆڭلەكچان قىلىپ، تۆۋرۈككە مەھكەم باغلىۋېتىشكەنىدى.

كەچكى قۇياشنىڭ پەنجىرىدىن بالقىپ كىرىۋاتقان قىزغۇچ نۇرلىرى قەتئىنىيەت چېقنداپ تۇرغان قەھرلىك چېھرىڭدە جىلۋە قىلىۋاتقاندا، سوراق رەسمىي باشلاندى.

ئوتتۇرا بوي، دوغلاققىنە كەلگەن، بارماقتەك يوغان قاشلىرى ئاستىدىكى چوڭ - چوڭ كۆزلىرى قاپقارا، قىزىرىپلا تۇرىدىغان يۇپيۇملاق يۈزى ئادەمنىڭ ھەۋىسى كەلگۈدەك دەرىجىدە چىرايلىق بۇ سوراقچىغا قاراپ، سېنىڭمۇ نەپرەتانە ھەۋىسىڭ كەلدى. چۈنكى، ئۇنىڭ كېلىشكەن شۇ قەددى - قامىتىدە ستەمكارانە جەزبىدارلىق ئەكسىلىنىپ تۇراتتى؛ ئۇنىڭ شۇ چىرايلىق نۇرانە كۆزلىرىدە شۇملۇقانە گۇزەللىك ئەكسىلىنىپ تۇراتتى؛ ئۇنىڭ شۇ ئايسىمان يۈز، ياقۇتسىمان لەۋلىرىدە شۇملۇقانە تەبەسسۇم ئەكسىلىنىپ تۇراتتى؛ ئۇنىڭ شۇ قايماقسىمان يۇمشاق تىللىرىدا ھىيلىگەرانە تىنىچلىق، ھىيلىگەرانە ئاق كۆڭۈللۈك، ھىيلىگەرانە ئىنسانپەرۋەرلىك بالقىپ تۇراتتى.

ئەمما، سەن سوراقلارغا ئۆز لايىقىدا جاۋاپ بېرىۋەردىڭ. سوراق

ۋاقتى ئۇزارغانسېرى جاۋابلىرىڭ «ھەئە» ، «ياق» ۋە جاھىلانە سۆكۈت بىلەن چەكلىنىپ قالدى. سوراقچى ئاخىر ئاساسىي مەقسەتكە ئۆتتى:

ـ تېۋىپ بەرگەن ئاخباراتلارنى نەگە كۆمۈپ قويدۇڭ؟

چۈنكى، سېنى ئاختۇرۇپ، ھېچ نەرسە تاپالمىغاندىن كېيىن، شۇنداق گۇمانغا كېلىشكەنىدى.

ـ تېۋىپ ماڭا ھېچنېمە بەرمىدى.

ـ ئەمسە نېمە دېدى؟

ـ ھېچنېمە.

ـ «كۆك بۆرە» دېگەن كىم ئۇ؟

ـ «كۆك بۆرە» دېگەن كۆك بۆرىدۇ شۇ!

ـــ سەن تولا خۇيپەسەنلىك قىلما، گەپ - سۆز، مېڭىش - تۇرۇشلىرىڭدىن پىشقان ھەرىبىيلىك مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدۇ، تېنىۋالىمەن دەپ خام خىيال قىلما. ئېيتە، سىلەرنى ئاخباراتلار بىلەن تەمىنلەۋاتقان بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى «كۆك بۆرە» دېگەن زادى كىم؟!

ـ تاڭ ئەمسە... بىلمىگەن گەپنى سوراۋېرىپ خۇدى!... ئۇنى سىلەر بىلمىسەڭلار، مەن نەدىن بىلەي؟

ـ ھىم، خۇيپەسەنلىك قىلىپ پايدا ئالالمايسەن، پاسكىنا جالاپ! ـــ دېدى تاقىتى تاق بولۇشقا باشلىغان سوراقچى سېنى ھاقارەتلەپ، ـــ ئېيتە، ئاخباراتلارنى نەگە كۆمۈپ قويدۇڭ؟! «كۆك بۆرە» دېگەن زادى كىم؟!

ـ...

سىم قامچىلار تارىسلداپ تېگىشكە باشلىدى. سەن قىيناقلارغا سەمەندەرچە روھ بىلەن بەرداشلىق بېرىش ئۈچۈن، لېۋىڭنى چىڭ چىشلىدىڭ. سىم قامچا جان - جىنىڭدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. كۆڭلەكلىرىڭ تىتىلىپ، قامچا ئىزلىرىدىن قان چۈۋۈلۈپ چىقىۋاتاتتى...

قاتتىق چىشلەنگەن لېۋىڭدىن قان سىرغىپ چىقىپ، لەۋلىرىڭ

قىپقىزىل بويالدى. خۇددى قىزىل ياقۇتتەك. كۆزلىرىگىدىن ياش بىلەن قوشۇلۇپ غەزەپ ـ نەپرەت ۋە قىساس يالقۇنى پارتىلاپ چىقتى، گوياكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى كۆيدۈرۈش ئۈچۈن يېقىلغان ئوت يالقۇنىدەك. ئەت ـ يېنىگىدىن قان بىلەن قوشۇلۇپ ئۇلۇغىۋارانە روھ ئېتىلىپ چىقتى، مىسالى ئوغۇزخان روھىدەك، سادىر پالۋان روھىدەك، نۇزۇگۇم روھىدەك!

ھوشۇڭغا كەلگەندە توڭلاپ، تىترەپ تۇراتتىڭ. ئاستا ئۆرە بولدۇڭ. قاپقاراڭغۇ، مۇز ئۆرلەپ تۇردىغان بۇ سوراقخانىدا قانچىلىك ھوشسىز ياتقانلىقىڭنى ھېس قىلالمىدىڭ. سوراقتىن بۇرۇن چاپىنىڭ تاشلاپ قويۇلغان بۇلۇڭغا ئۆمىلەپ بېرىپ، چاپىنىڭنى سىلاپ ـ سىيپاشتۇرۇپ تۇرۇپ ئاران تاپتىڭ.

تىترەكلىرىڭ توختىدى. سېنى قامچىنىڭ ئىزلىرى چىدىغۇسىز دەرىجىدە پىژىلداپ ئېچىشىپ، جېنىڭنى قاقشىتاتتى. «قۇرغۇي»نىڭ قىلمىشى يۈرىكىڭنى غاجايتتى. «كۆك بۆرە» نىرۇلىرىڭنى ھەيران قالدۇراتتى.

«كۆك بۆرە» راستىنلا شۇ غوجەخمەتمىدۇ؟ ئۇ قانداق بولۇپ «كۆك بۆرە» بولۇپ قالغاندۇ؟ «قۇرغۇي» زادى كىمدۇ؟ تېۋىپ قېچىپ كېتەلىگەنمىدۇ؟... ئەگەر قولغا چۈشۈپ قالغان بولسا، بەرداشلىق بېرەلەرمۇ؟ «كۆك بۆرە»نى ئاشكارىلاپ قويارمۇ؟

سەن جۆيلۈپ، كىملەرنىدۇر يەتمىش پۇشتىنغىچە تىللاپ ـ قارغاپ، كىملەرگىدۇر قەسەم بېرىپ، كىملەرنىڭدۇر ئىسمىنى چارقىرىپ دېگەندەك تاڭ ئاتقۇزدۇڭ.

كۆزۈڭنى ئاچقاندا، سوراقخانا ئىچى شەپەق جىلۋىسى بىلەن تولغانىدى. ئاخشام تاپالمىغان بۆز ياغلىقىڭ يەنە بىر بۇلۇڭدا توپىغا مىلىنىپ ياتاتتى.

ئورنىڭدىن تۇردۇڭ؛ ئورنىڭدىن ناھايىتى تەستە تۇرۇپ تامغا يۆلەندىڭ، ھوزۇرلۇق ئەسنىدىڭ. غۇلىچىڭنى كەڭ ئېچىپ كېرىلدىڭ،

خۇددى ئاق قۇدەك. ئەت - يېنىڭغا چاپلىشىپ كەتكەن كۆكلىكىلەك ئاجراپ، جاراھەتلىرىلەك پېژىلىداپ ئېچىشىپ كەتتى. چىرايىڭنى پۈرۈشتۈرۈپ، لېۋىڭنى يالىدىڭ. ئۇگە - ئۇگىلىرىڭ، بېغىش - بېغىشلىرىڭ سىرقىراپ ئاغرىيتتى. بېشىڭ قېيىپلا تۇراتتى. پېشانەڭگە چاپلىشىپ كەتكەن چاچلىرىڭنى چىداپ تۇرۇپ ئاجرىتىپ تۈزەشتۈردۈڭ.

جاراھەتلىك چېھرىڭدە قۇياش جىلۋە قىلاتتى.

«خەپ، ‹قۇرغۇي› ، تۇتۇۋالدىغان بولسام!...»

قەلبىڭدە قەسەم، غەزەپ مەۋج ئۇراتتى.

بىراق، بۇ قەسەم، غەزەپلىرىڭ ئۈمىدتىن دېرەك بەرمەيتتى. قەلبىڭنى چەكسىز ئۈمىدسىزلىك قاپلىۋالغانىدى. ھاياتىڭدىن پۈتۈنلەي ئۈمىد ئۈزگەنىدىڭ. بەلكىم، بۈگۈن يا ئەته... ئىشقىلىپ، دۈشمەنلىرىڭ سېنى سۆرەپ ئۆلتۈرمايدىغانلىقىنى بىلەتتىڭ.

«ئەي، مېھىر - شەپقەتلىك، ھەممىگە قادىر خۇدا، ئانامنىڭ ياتقان يېرىنى جەننەتتە قىلغىن!... دادامنى ھەققانىيەت مەيدانىغا قايتۇرۇپ كېلىپ، مېنىڭ، ئانامنىڭ، ئەجدادلىرىمنىڭ يۈزىنى يورۇق، روھىنى خۇش قىلغىن! سەمەندەر ئاكامنى، مەتسالىنى خەۋپ - خەتەر، بالا - قازادىن ساقلىغىن! ئىنقىلابىمىزغا نۇسرەت ئاتا قىلغىن!»

ماغدۇرسىزلىنىپ، سىيرىلىپ - سىيرىلىپ ئولتۇرۇپ قالدىڭ. توپىغا مىلىنىپ ياتقان ياغلىقىڭ شۇ پېتى قېلىۋەردى...

شۇنداقتىمۇ، سەن ئۆزۈڭنىڭ مەۋجۇتلىقىنى سېزىپ تۇراتتىڭ؛ سىرتتىكى قاراۋۇللارنىڭ يۆتىلىشلىرىنى، گازارمىدىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭلارنى، ھەريەكەت- تىۋىشلارنى سېزىپ تۇراتتىڭ؛ سوراقخانا ئىشىكىنىڭ «غا... ر...ت» قىلىپ ئېچىلىپ، قايسىبىر چېرىكنىڭ «نان يە...» دەپ دوق- ئاھانەت قىلغانلىقىنىمۇ ئاڭلىدىڭ. بىراق، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى سوراقخانىدا ئەمەس، باشقا بىر ساماۋى دۇنيادا سېزىپ تۇراتتىڭ.

ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە كېلىپ كۆزۈمنى ئاچتىم. ساماۋى دۇنيادا قانچىلىك ئۇزۇن ياشىغىنىمنى ئۇقمايتتىم.

چۈش بولدىمىكىن؟ پېشىن بولدىمىكىن؟

بىلمەيتتىم.

باش قېشىمدا بىر كۆيۈك زاغرا، بىر جام سۇ تۇراتتى.

«ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار» دەپتىكەن، يەپ ـ ئىچكەچ تۇراي، ئۆلسەكمۇ توقراق ئۆلەي.

ئۇسساپ كەتكەنىدىم. جامنى ئېلىپ، مۇزدەك سۇنى ئاچ كۆزلەرچە سۈمۈردۈم. ئېشىپ قالغان سۇغا ناننى ئۇششاق ـ ئۇششاق ئوشتۇپ چىلاپ قويۇپ، يۇمشىغاندا ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدىم. ئاستا ـ ئاستا ماغدۇرۇمغا كەلدىم. نېرۋىلىرىم تېتىكلىشىپ، تەپەككۇرۇم يەنە قاناتلاندى...

سەن ئىككىنچى قېتىملىق سوراقنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈشكە باشلىدىم.

كۈن ئولتۇرغۇچە كۈتتۈم...

قاش قارايغۇچە كۈتتۈم...

زېمىن قاپقارا تۈن پەردىسىگە ئورالغاندا، بەختىمگە يارىشا سوراق يەنە باشلاندى.

پانار سوراقخانىنى گۇگۇگا يورۇتۇپ تۇراتتى. تۈنۈگۈنكى سوراقچى گەلەپى شىمىنىڭ يانچۇقىغا قولىنى سېلىپ، ئۇيان ـ بۇيان ماڭاتتى. يەڭلىرى شىلمايلانغان ئىككى چېرىك بوتىدەك قېتىپ قېلىشقان، ئەمما قوللىرىدىكى سىم قامچىلىرى سۈرلۈك تولغىنىپ تۇراتتى، خۇددى چار يىلاندەك.

بۈگۈن سەن ئىككى قولۇڭدىن تورۇسقا ئېسىلغانىدىم. پۇتۇم يەرگە تېگەر ـ تەگمەي، لەرزان مىدىرلاپ تۇراتتى، گويا باھار شامىلىدىكى مەجنۇنتاللاردەك.

سوراق باشلاندى:

ئوخشاش سوئال، ئوخشاش جاۋاپ، ئوخشاش ھەيۋە، ئوخشاش تەھدىت، ئوخشاش قەھرىمانە سۈكۈت...

ئۇلار ئاخباراتىنىمۇ بەكرەك «كۆك بۆرە»گە قىزىقىۋاتاتتى.

سوراقچىنىڭ تاقىتى توشقانىدى؛ كۆزلىرى ۋەھشىيانە تەبەسسۇم بىلەن چاقناپ كەتكەنىدى. گىلاستەك قىزىرىپ تۈرىدىغان نىپىز لەۋلىرى تىنىمسىز لىپىلدايتتى.

ــ ئەكىرا! ــ دەپ ۋارقىرىدى ئۇ.

نېمىنى ئەكىردىغاندۇ؟... تېۋىپنى ئەكىرەمدىغاندۇ؟ يۈزلەشتۈرگىلى؟ يۈزلەشتۈرگۈدەك نېمە بار؟

ھىم، تېۋىپ ئىقرار قىلغان ئوخشىمامدۇ؟... ئۇ ئىقرار قىلغان بولسا، مېنى يەنە سوراق قىلىۋېرىشىنىڭ نېمە ھاجىتى؟... دېمەك، تېۋىپ قېچىپ كېتەلەپتۇ - دە.

خاتالاشتىڭ. چۈنكى، تېۋىپ قېچىپ كېتىشكە ئۈلگۈرەلمىگەچكە، تۇتقىلى كەلگەن چېرىكلەر بىلەن پۇخادىن چىققۇدەك ئېتىشىپ، ئاخىر مەردلەرچە قۇربان بولغانلىقىنى ئۇقمايتتىڭ.

ئىشىككە قارىدىڭ. ھايال ئۆتمەيلا بىر چېرىك ئوتقاشتەك قىزىتىلغان بىر لاخشىگەرنى كۆتۈرۈپ كىردى. سوراقچى لاخشىگىرنى ئۇنىڭ قولىدىن يۇلۇپلا ئېلىپ، ئالدىڭغا كەلدى ۋە يۈزۈڭگە يېقىن ئەكىلىپ:

ــ ئېيتە! ئېتمىساڭ...! ــ دېدى.

ئوت تەپتى يۈزۈڭنى قىزىتىشقا باشلىغانىدى. لاخشىگىرنىڭ تەپتى شۇنداق قايناق ئىدى، خۇددى مەتسالىنىڭ ئوتلۇق نەپەسلىرىدەك.

ــ مەن... مەن دەي!... مەن ھەممىنى دەي!...

كۆزلىرىڭ چەكچىيىپ، يۇلقۇندۇڭ، تىپىرلىدىڭ.

سوراقچىنىڭ چېھرىدە غەلبە شادلىقى ئەكس ئەتتى. ئۇ لاخشىگىرنى سەندىن يىراقلاشتۇرۇپ سورىدى:

ــ ئېيتە، «كۆك بۆرە» دېگەن زادى كىم؟

ــ «كۆك بۆرە»نىڭ كىملىكىنى بىلمەيمەن، بىراق... كۆمۈپ قويغان ئاخباراتنى تېپىپ بېرەي.

ــ ياخشى! ياخشى!

سوراقچى غالىبانە ھىجايدى.

سەن بوشىتىلدىڭ. كىيىملىرىڭنى كىيىپ، ياغلىقىڭنى مەھكەم ئورىدىڭ.

قانچىلىك دۆشمەن قوشار؟ بەلكىم، ئۆلۈپ كېتىشىم مۇمكىن... تەۋەككۇل! ئەلۋىدا، مەتسالى، سېنى ئاللا ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي... ئاللا ساڭا سېخىيلەرچە بەخت ئاتا قىلغاي!... بارلىق ساۋابلىرىمنى ساڭا ئاتىدىم... ئۇ دۇنيادا ــ جەنەتتە سېنى كۈتىمەن.

سەن ئۇن نەچچە چېرىكنى باشلاپ، تۈنۈگۈنكى نەق مەيدانغا كېتىۋاتاتتىڭ. قەلبىڭدە ئاجىزانە بىر ئۈمىد قىمىرلايتتى، خۇددى كەچ كۈزدىكى نىمجان قۇرتتەك.

ــ قەيەردە؟ ــ دەپ سورىدى چېرىكلەرنىڭ بىرى.

ــ قاراڭغۇدا... تازا پەرق ئېتەلمەيۋاتىمەن. بوشراق ئالدىرىتىڭلار ئادەمنى تەمتىرەتمەي.

سەن تۆت ئەتراپقا سىنچىلاپ قارايتتىڭ، ئۇيان - بۇيانغا ماڭاتتىڭ. بۇ دۆشمەن ئىشغالىيىتىدىكى زېمىن بولغاچقا، چېرىكلەر تولىمۇ خاتىرجەم ھالدا ساڭا يەتتە - سەككىز قەدەم ئارىلىق قالدۇرۇپ، بەخىرامان ئەگىشىپ كېتىۋاتاتتى.

تاپتىڭ، ئاخىر تاپتىڭ.

يوغان بىر تۈپ ئازغان، ئۈچىغا بىر گەز ئۇزۇنلۇقتا قىزىل لاتا چېگىلگەن...

سەن شۇ ئازغاننىڭ تۈۋىنى كولىدىڭ. چېرىكلەر بەش- ئالتە قەدەم نېرىدا غۇژمەكلىشىپ، سېنىڭ ھەركىتىڭگە قاراپ تۇرۇشاتتى. سېنىڭ بىر

كۆزۈك چېرىكلەردە ئىدى. ئاخىر ئۇنىمۇ تاپتىك ـــ قۇمغا كۆمۈلگەن ئاپتوماتنى ئېلىپلا دۈشمەنلەرگە قارىتىپ كۇرجۇكنى باستىڭ. ھەيران قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىگەن چېرىكلەر ئارقا - ئارقىدىن يىقىلىشتى. كېچە جىمجىتلىقى بۇزۇلۇپ، يۇلتۇزلار تەئەججۇپلۇك جىمىرلىشىپ كەتتى. چۈنكى، ئۇلار پەنجىرىدىن «... قىزىل لاتا چىگىپ قويۇلغان ئازغاننىڭ تۈۋىگە بىر ئاپتومات كۆمۈپ قويدۇم...

ــ ‹ كۆك بۆرە › »

«ياۋا ئۆردەك» ناھايىتى دەل ۋاقتىدا سايرىدى. سەن «ياۋا ئۆردەك» تىن پاناھلىق ئىزدەپ شۇ تەرەپكە قاراپ يۈگۈردۈڭ. «كۆك بۆرە» نىڭ ئاخباراتىدا دېيىلگىنىدەك، بىرى سېنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئەمما، ئۇ چېرىك ئىدى، ئۇ چېرىك ئىدى. شۇڭا، سەن شىپپىدە توختاپ قالدىڭ.

ـ قورقماڭ، تېز بولۇڭ! ـ دېدى ئۇ جىددى پىچىرلاپ.

سەن تەۋەككۇل دەپ، ئۇنىڭ قېشىغا ئىككى تاقلاپلا يېتىپ كەلدىڭ. ئۇ سېنى دەس كۆتۈرۈپ ئاتقا مىندۈرۈپ قويدى ـــ دە، ساڭا ئاتنىڭ چۇلۇۋۇرىنى تۇتقۇزدى، خۇددى تەڭرى ساڭا تەقدىر ئېتىگىنىڭ چۇلۇۋۇرىنى تۇتقۇزغاندەك. سەن ئۇنىڭغا «رەھمەت» دېيىش ئۈچۈن ئاغزىڭنى ئۆمەللىۋىدىڭ، ئۇ ئېغىز ئېچىپ، تېۋىپىنىڭ قۇربان بولغانلىقىنى ساڭا ئۇقتۇرۇپ قويدى، ئاندىن بۇنىڭدىن كېيىن ئاخباراتنى ئالىدىغان شەرتلىك جاينى ئېيتىپ بېرىپ، سېنىڭ رەھمىتىڭنى كۈتمەستىنلا ئاتنىڭ سۆگىچىگە «پاققىدە» بىرنى قويۇپ:

ـ خوش، ئامان بولۇڭ! ـ دېدى.

ئات قويۇندەك چېپىپ كەتتى. ئۇنىڭغا ئېيتىدىغان رەھمىتىڭ پەقەت يۈرىكىڭدىلا قالدى. ئەمما، «كۆك بۆرە»گە غايىبانە رەھمەت ئېيتماي تۇرالمىدىڭ: «رەھمەت سىزگە، ‹كۆك بۆرە›، سىزنى ماڭگۈ ئۇنتۇمايمەن!...»

پوللىك دوختۇرخانىسىدا داۋالىنىۋاتقان كۈنلىرىڭنىڭ بىر

كەچقۇرۇنلىقى مەتسالى سېنى يوقلاپ كەلدى. ئۇنى كۆرۈپ ئەس-هوشۇڭنى يوقىتىپ قويغىلى تاسلا قالدىڭ. چۈنكى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن چاچرىغان ئىشىق چېقىندىلىرى يۈرىكىڭنى كۆيدۈرۈپ كۆل قىلىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە سەن هاياتىڭدىن ئۈمىد ئۈزۈپ، ئۇنىڭ بىلەن غايىبانە ۋىدالىشىپ بولغانىدىڭ. شۇڭا، ئۇنى قايتا كۆرۈش سەن ئۈچۈن مۆجىزە ــ چەكسىز بەخت ئىدى.

ــ هەرنېمە بولسا هايات قاپسەن، بولمسا قانداقمۇ قىلىتتىمكى ـ هە؟

ــ دېدى مەتسالى ئوتلۇق كۆزلىرى بىلەن ساڭا تەبەسسۇم هەدىيە قىلىپ.

ــــ قانداق قىلىتتىڭ، ئاداشتىن يەنە بىرنى تۇتۇپ بولىتتىڭ هېلىغىچە، ــ سەن ۋىلىقلاپ كۈلدۈڭ.

ــــ هە، مەن شۇنداق ۋىجدانسىز، شۇنداق ئۇچمە كۆڭۈل كىمنى كۆرسەم ئاداش تۇتىدىغان،ــ ئۇ سەل خاپا بولۇپ قالدى.

ــ ۋىيەي، ما كۆك ئۈششۈقنى، چاخچاق قىلىپ قويسام ئەمدى، ئۆلمە يەنە!

ئۇنىڭ چېهرى پاللىدە ئېچىلىپ كەتتى.

سىلەر مۇهەببەتلىك قەدەملەر بىلەن دەريا بويلاپ ماڭدىڭلار. ئاسمان تۇمان بىلەن قاپلانغانىدى. خۇددى هازىرلا يامغۇر قۇيۇۋېتىدىغاندەك.

ــ سېنىڭ هايات قېلىشىڭ بىر مۆجىزە بوپتۇ، زۇمرەت.

ــ ياق، بۇ مۆجىزە ئەمەس، «كۆك بۆرە» نىڭ شەپقىتى.

ــ «كۆك بۆرە»؟...

مەتسالى هەيرانلا قالدى.

ــ ئۇنىڭ كىملىكىنى دەپ بەرسەم، ئىشەنگۈڭ كەلمەيدۇ، خۇددى مەندەك.

ــ كىمكەن ئۇ؟

ــ ئۇما، هېلىقى زالىم، قانخور يۈسۈپبەگنىڭ ئوغلى، غۇجەخمەت.

ـ غوجەخمەت؟! ـــ ئۇ تېخىمۇ ھەيران قالدى،ـــ يۈسۈپ بەگنىڭ ئەتىۋارلىق ئوغلى غوجەخمەت؟

ـ دەل شۇ! ئىشەنمەيۋاتامسەن؟

ـــ ئەلۋەتتە، سەمەندەر بىلەن ئىككىمىزنى قۇتقۇزۋالغاندىمۇ ئىشەنگۈم كەلمىگەن. توۋا...

ئىشەنمەي بولمايتتى، چۈنكى،ـــ ئۇ ئوغۇزخاننى ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇپ قېلىپ، نۇرانە مەنزىلگە باشلاپ بارغان شۇ «كۆك بۆرە» سەمەندەرنى، مەتسالىنى سىپنى گۆر ئاغزىدىن قۇتقۇزۇپ قالغانىدى.

ـ زۇمرەت، سەن بۇ قېتىم گۆر ئاغزىدىن قايتىپ كەپسەن...

سەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدۈڭ؛

ـ ياق، ئەجدىھا ئاغزىدىن.

ـ توغرا، ـ ئەجدىھا ئاغزىدىن، ـ دېدى ئۇ قەدىمىنى توختىتىپ، ـ «كوزا كۈندە سۇنمايدۇ، كۈندە» دېگەن گەپ بار. ئوق دىگەننىڭ كۆزى يوق. ناۋادا ئىككىمىزدىن بىرىمىز ئۆلۈپ كەتسەك، ئۆلگىنىمىز ئارماندا كېتىمىز، تىرىك قالغىنىمىز ھەسرەتتە قالىمىز، جۇدالىق يامان، چىدىماق تەس. شۇڭا...

ئۇ قەدىمىنىمۇ، سۆزىنىمۇ شۇ يەردە توختىتىپ، ساڭا تىكىلدى. كۆڭۈلدىكى گەپلىرىڭلارنى كۆزلىرىڭلار سۆزلەشتى.

ـــ خۇدايىم ساقلا، ـــ دېدىڭ سەن لېۋىڭنى بوشقىنە چىشلەپ قويۇپ، ـ خۇدايىم ئۇنداق كۈنلەرنى كۆرسەتمەس بىزگە.

ـــ بۇنىڭغا بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ، زۇمرەت. ئىمىشقىكىن، كۆڭلۈم پەرىشان، يۈرىكىم دۈك-دۈك. ماڭا بىرەر كېلىشمەسلىك يۈز بېرىدىغاندەكلا تۇيۇلۋاتىدۇ. مۆھەببىتىمىز ۋىسالسىز مۆھەببەت بولۇپ قالامسۇن. شۇڭا، يا قېچىپ كېتىلى، يا بىرەر موللام تېپىپ نىكاھىمىزنى ئوقۇتىۋېتىلى، ماقۇلما؟... سەمەندەرمۇ سېنىڭ بىكارغىلا سۆزۈڭنى بەرمىگەن، بىكارغىلا بەدەل تۆلىگەن بولۇپ قالامسۇن.

ئۇنىڭغا قارىدىك، ئۇ ساكا ئاشىقانە بىچارىلىك بىلەن تەلمۈرۈپ تۇراتتى. بۇنى كۆرۈپ يۈرىكىمدىكى چىممىدە قىلىپ قالدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭغا ئىچىمىك ئاغرىپ قالغانىدى. بىراق، بۇ ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلغانلىقىمدىن ياكى قوشۇلمىغانلىقىمدىن دېرەك بەرمەيتتى.

ــ مەيلى، ۋىسالسىز بولۇپ قالسا، ۋىسالسىز مۇھەببەت تېخىمۇ قەدىرلىك ۋە مەڭگۈلۈك بولىدۇ.

لېكىن، بۇ سېنىڭ مۇھەببىتىڭنىڭ ۋىسالسىز مۇھەببەت بولۇپ قېلىشىنى خالايدىغانلىقىڭدىن، ئۇمىد قىلمايدىغانلىقىڭدىن دېرەك بەرمەيتتى.

ـ بىراق، چىدىماق تەس، ماقۇل دە! بىز قېچىپ كېتەيلى...

ـ قاچساڭ سەن قاچ، مەن ھەرگىز قاچمايمەن؛

ـ ساراڭ بولۇپ قاپسەن، زۇمرەت...

ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدۈم؛

ـ ئىشقىلىپ ئىككىمىزدىن بىرىمىز ساراڭ بولغىلى قوپتۇق ھازىر!...

سەن مەتسالى بىلەن گەپ تەگىشىپ قېلىشتىن قورقۇپ، جىممىدە بولىۋالدىڭ.

ـ سەن قاچمىساڭ، مەن نىمە قىلىمەن قېچىپ؟

ـ مانا، ما گېپىڭ جايىدا بولدى.

ـ ئەمىسە، نىكاھىمىزنى ئوقۇتىۋتىلى.

ــ مەن ئۆتكەندىمۇ ساكا دېگەن، يەنە دەيمەن، ئۇرۇش ئاخىرلاشسۇن!

ـ شۇ چاغدا، گەمىدە جاجاڭنى بەرمىسەممۇ بوپتىكەن،ــ دېدى مەتسالى چەكسىز تەشنالىق ئېلكىدە.

ـ بولسا بىر شۇنداق قىلغان بولساڭ...

سەن گېپىڭنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرالمىدىڭ. راستىنى ئېيتقاندا، سېنىڭمۇ كۆڭلۈڭ بىر قىسملا بولۇپ قالغانىدى. ئۆزۈڭنى تۇتىۋالمايدىغان

بولساڭ پاڭگىدە يىغلىۋىتىشىڭ مۇمكىن ئىدى.

«لەنىتى ئۇرۇش...»

ئۇرۇشــنى ـــ ســىلەرنى مۇشــۇ كــۈنلەرگە قويغــان ۋە قويۇۋاتقــان چىرىكلەرنى مىلك مەرتىۋە قارغىدىڭ. سەن ئازاپلىق خىياللاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ چوغدەك لەۋلىرىگە، ئاققۇ كۆكسىدەك يۇمشاق، سىپھرلىك باغرىغا زارىقىپ تەلپۈندىڭ. كــۆزۈڭ ئۇنــىڭ ئاشــىقانە كــۆزلىرىگە بــۇ تەلپۈنىشلىرىڭنى يۈرىكىگە يەتكۈزۈپ قويۇشنى ھاۋالە قىلىپ بولغۇچە، ئــۇ ســىنى باغرىغــا مەھــكەم بىســىپ، لىۋىڭــدە چوغــدەك لەۋلىرىڭنــى يورغىلىتىــپ، قەلبىڭــدىكى قىرتــاق، ئــاچچىق، ئــازاپلىق ھىســلارنى مــۇھەببەت كەلكــۈنلىرىگە غەرىــق قىلىــۋەتتى. شــۇنىڭ بىــلەن يۈرىكىــڭ سۆيگۈ، ۋۇجۇدۇڭ ھاياتىي كۈچ بىلەن لىق تولدى.

ئۇنىڭغا قارىدىڭ؛ قاپقارا كۆزلىرىدە بەخىت جىلۋە قىلىپ تــۇراتتى. ســۆيگۈ لەززىتىــدىن نۇرلانغــان قــارىمۇتۇق چىھرىــدە ئىلاھــى تەبەسسۇم ئۇيــۇپ قالغانــدى. مۇھەببەتنىــڭ ســىھرى كۈچىــدە مەستخۇشــلانغان ۋۇجۇدىدىن ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇيتتى. ئىككىڭلار شــۇنداق مەستخۇشــلۇق ئېلكىدە خوشلاشتىڭلار.

*　　　*　　　*

ــ ئاش ئىچسلە.

كىتــابتىن بېشــىڭنى كۆتەردىــڭ. ئالدىڭــدا پــۇرقىراپ ھــور چىقىــپ تۇرغان بىر قاچا چۆچۈرە تــۇراتتى. ســەن «پەرىشــتە»ڭنىــڭ داستىخان سېلىپ، ئالدىڭغا ئاش قويغانلىقىنىمۇ تۇيماي قالغانىدىڭ. سەن ئــاش سوۋۇپ بولغۇچە «قۇرغۇي» دىگەن قىسمىغا تاقىۋىتەيچۇ، دەپ ئويلاپ، يەنە كىتابنى ئوقۇشقا باشلىدىڭ. ئەمما، شــۇ قىســمىغا كېلىــپ بولۇپمۇ، كىتابنى يەنە كىتابنى ياپقۇڭ كەلمىدى.

# 22

## «قۇرغۇي»

زەرەپشــان ۋادىســى كــۆكلەم پەيــزىگە چۈمگەنــىدى؛ زەرەپشــان قۇشلىرى باھار سىمفۇنىيىسىنى ئۆزمەي ئورۇنـدايتتى. زەرەپشان دەرياسـى ئويناقشىپ ئاقاتتى، خـۇددى بېھىشـقا تۇتىشـىپ كەتـكەن تومۇرۇڭـدىكى قاندەك.

ــ جەڭگـاھتىكى ھاياتــڭ شـۇنداق خۇشـال، شـۇنداق مەنىلىــك، شۇنداق بەختلىك! چۈنكى، سەن، سېنىڭ ئەڭ بۈيۈك ھۆرمىتىڭگە نائىل بولغان ئاكاڭ سەمەندەر، سۆيۈملۈك ئاشىقىڭ مەتسالى بىـلەن بىللە بىـر مەقسـەت، بىـر غـايە ئۈچـۈن كۆڭۈللـۈك جەڭ قىلىۋاتاتتىـڭ. ھاياتىڭـدىن چەكسىز رازى ئىدىڭ.

دۇنيـا سـەن ئۈچـۈن شـۇ قەدەر گـۈزەل، چـۈنكى مـۇھەببەت بىـلەن تولغانىدى.

ئۆز ـ ئۆزەڭدىن شۇنداق سورايتتىڭ: «قەيەردە مـۇھەببەت بولسـا، شۇ يەردە گۈزەللىك بولامدىكىن؟»

بۇنــداق چــاغلاردا يۈرىكىڭــدىن شــۇنداق ســادالار كۆتــۈرۈلەتتى: «شـۇنداق، قەيەردە مـۇھەببەت بولسـا، شـۇ يەردە گۈزەللــك بولــدۇ! بىراق، مۇھەببەتسىز گۈزەللىكنىڭ ھەممىسى ساختا. چۈنكى مۇھەببەتنىڭ ئۆزى ــ ئەڭ بۈيۈك گۈزەللىك!»

ســەن شــۇنداق بەختىيــارلىق ھېســلىرىغا چۈمكىلىــپ يــۈرگەن كۈنلىرىڭنىڭ بىرىدە «كۆك بۆرە» دىـن بىـر ئاخبـارات، ئەڭ توغرىسـى، قوماندانلىق شـتابىقا دوكـلات قىلىشـقا ئۆلگۈرمەيـدىغانلىقى ئۈچـۈن، شـۇ مىنۇتنىڭ ئۆزىـدىلا ئورۇنداشـقا كىرىشمىسـەڭ بولمايـدىغان جىـددى بىـر

ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالدىڭ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ۋەزىپىنى ئۆزۈڭ يالغۇز ئورۇندىمىساڭ بولمايتتى.

سەن «كۆك بۆرە» ئېيتىپ بەرگەن ھېلىقى ئېقىن ئاغزىغا كېلىپ توختاپ، ئەتراپقا ئېھتىيات بىلەن نەزەر سالدىڭ. ئەتراپ قاپقاراڭغۇ، يۇلتۇزلار يارقىن جىمىرلايتتى. دالا سۈكۈتكە چۆككەن، ئەتراپتىكى رەسىدە بولۇشقا باشلىغان چىغ، يۇلغۇن، ئازغانلار... جىممىدە ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.

سەن جومباق - جومباق شاخلاپ كەتكەن بىر تۈپ قىران يۇلغۇننىڭ ئارىسىغا پەم بىلەن كىرىپ، مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ ئېقىن ئاغزىغا كۆز تىكتىڭ. سەن ئېقىن ئاغزىنى ئوبدان كۆرەلەيتتىڭ. لېكىن، ئۇ ياقتىن قارىغان ئادەمنىڭ سېنى كۆرەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. سەن بۇركۈتنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرىڭنى ئېقىن ئاغزىغا تىككەچ خىيال سۈرەتتىڭ؛ كىلەرمۇ؟ قايسى كىلەر؟ «قۇرغۇي» مۇ ياكى... بىر كەلسىدى، بىر كۆرسەم، بىر تۇتسام شۇ «قۇرغۇي»نى! قاناتلىرىنى يۇڭداپ-يۇڭداپ، بويىنىنى تولغاپ-تولغاپ ئۈزۈپ، «قۇرغۇي» بولۇپ قالغانغا تويغازسام تازا!

ھىلال ئاي ئۇپۇقتىن لىككىدە بېشىنى چىقىرىپ، كۆز ئالدىڭدا گىرىمسەن، گۈزەل بىر دۇنيا زاھىر قىلدى. ئەتراپ يەنىلا شۇنداق جىمجىت، خۇددى تەبىئەتتە ھاياتلىق مەۋجۇت ئەمەستەك.

ئەي قادىر ئىگەم، ھەر ۋاقىت ماڭا نۇسرەت ئاتا قىلىپ كەلدىڭ، شەپقىتىڭگە يۈزمىڭ قەتلى شۈكۈر! بۈگۈنمۇ يەنە نۇسرەت ئاتا قىل، «قۇرغۇي» تۇتۇپ، ئانامنىڭ، ئىنقىلابى قۇربانلارنىڭ قىساسىنى ئېلىشىمغا يار-يۆلەك بول، سەمەندەرنى، مەتسالىنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلا، ئىنقىلابىمىزغا نۇسرەت، مەتسالى بىلەن ماڭا ۋىسال، بەخىت نىسىپ ئەت!

خىيالىڭ شۇ يەرگە كەلگەندە، ھىلال ئاي سەن بىلەن خوشلىشىپ، ئۇۋۇسىغا كىرىپ كەتتى. يۇلغۇنلۇق قاراڭغۇلۇق ئاستىدا قالدى.

خىيال، تەقەززالىق، سۈكۈت داۋام قىلاتتى...

ئاللاھتىن بۇگۈنكى ئەجرىڭنىڭ بىكار كەتمەسلىكىنى تىلەپ، «قۇرغۇي» نى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتىڭ. مۇشۇنداق ئۈچ سائەتچە كۈتكەندە، ئاندىن بىر ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. سەن تېخىمۇ سەگەكلەشتىڭ؛ قۇلىقىڭ، كۆزۈڭ بارلىق ھۆجەيرىلىرىڭ شۇنداق سەگەكلەشتى. يەڭگىلغىنە بىر يۆتەل ئاۋازى ئاڭلاندى.

«كەلدى...»

يۈرىكىڭ دۈپۈلدىدى. يۇلغۇن شاخلىرىنىڭ مىدىرلاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ جىمىمىدە تۇرىۋالدىڭ. بىر كۆلەڭگە ئالدىڭدىن (يىگىرمە قەدەمچە يىراقلىقتا) ئۆتۈپ، ئېقىنغا كىرىپ كەتتى.

ئۇ كىمدۇ؟ «قۇرغۇي» شۇمىدۇ ياكى «قۇرغۇي» نىڭ خېرىدارى — «قوزغۇن» مىدۇ؟

سەن ئۇنىڭ سىلەر تەرەپتىن ياكى گومىنداڭچىلار تەرىپىدىن كەلگەنلىكىنى بىلەلمىگەچكە، ئۇنىڭ «قۇرغۇي» ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈرەلمىدىڭ.

سەن ئاستا ئورنۇڭدىن تۇردۇڭ.

مەيلى، قايسى بولسا مەيلى. «قوزغۇن» نى تۇتسام، شۇ ئارقىلىق «قۇرغۇي» نىمۇ تۇتقىلى بولىدۇ.

سەن تاپانچاڭنى قولۇڭغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن پەم بىلەن ئەگەشتىڭ. نەپەسلىرىڭ ئۆزۈڭگىمۇ ئاڭلانمايتتى. يۈرىكىڭ بار-يوقنىڭ ئارلىقىدا سوقاتتى.

كۆلەڭگە بىر گەمىگە كىرىپ كەتتى. سەن گەمىنىڭ ئاغزىغا پەم بىلەن بېرىپ؛ «قىمىرلىما!... ئاستا بۇياققا چىق!...» دەپ ۋارقىرىماقچى بولدۇڭيۇ، لېكىن، يا ئۇ گەمىدىن چىققىلى ئۇنىماي، يا مەن گەمە ئىچىگە كىرەلمەي، ياكى مىنى «پاڭگىدە» ئېتىپ قويۇپ، ئىش بۇزۇلمىسۇن، دەپ ئويلاپ، بىر قورام تاشنىڭ دالدىسىغا مۆكۈنۈپ، ئۇنىڭ قايتىپ

چىقىشىنى كۈتتۈك. سەن تەسەۋۋۇر قىلالايتتىڭ؛ ئۇ ئالدىڭدىنلا ئۆتەتتى، سەن «قىمىرلىما!» دەپ ۋارقىرايتتىڭ، ئۇ دەررىدە چۆچۈپ جايىدا قېتىپلا قالاتتى.

ئەپسۇسكى، ئۇزۇڭ دەررىدە چۆچۈپ، جايىڭدا قېتىپلا قالدىڭ، چۈنكى، ئارقاڭدىن بىرى «قىمىرلىما!» دەپ ۋارقىراپ، گەدىنىڭگە تاپانچىنىڭ مۇزدەك ئىستوۋۇلىنى تىرەپ بولغانىدى.

يۈرىكىڭ ئەنسىز سوقاتتى.

بۇ نېمە كارامەت؟ بۇ نېمە ئىش؟ بۇ كىم؟ تونۇشلا ئاۋازىيا بۇ؟

ــ قورالنى تاشلا!

تونۇش ئاۋاز يەنە تەكرارلاندى. قورالنى تاشلىدىڭ. ئەسلى بۇنداق ئاسان تاشلىمايتتىڭ. قورال تاشلاشنىڭ ئورنىغا قىمىرلايتتىڭ ــ ھەركەت قىلالايتتىڭ. لېكىن، شۇنداق تونۇش بىر ئاۋاز سېنى گاڭگىرتىپ قويغانىدى.

شۇ چاغدىلا سەن گەمىگە كىرىپ كەتكەن كۆلەڭگىنىڭ «قۇرغۇي» ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈردۈڭ.

ــ تۇرە ئورنۇڭدىن!

بۇ شۇنداق تونۇش، شۇنداق يېقىملىق، شۇنداق سۆيۈملۈك ئاۋاز ئىدى. شۇنداق بولغاچقىلا، سەن ئورنۇڭدىن تۇرۇپ جىممىدە تۇردۇڭ. ئەگەر بۇ شۇنداق تونۇش، شۇنداق يېقىملىق بۇيۇك ئاۋاز بولمىغان بولسا، ئۇ تاپانچىغا دوگغايغاندا، سەن ئۇنىڭ جان يېرىگە ۋاققىدە بىرنى تېپىپ، ئۆزۈڭنى چەتكە ئېلىپ، «قۇرغۇي» نى تۇتۇشنىڭ كويىغا ئەمەس، ئۆزۈڭنى قۇتقۇزۇشنىڭ ئامالىنى قىلغان بولاتتىڭ. بىراق، بۇ شۇنداق سېھرى كۈچكە ئىگە مۇقەددەس ئاۋاز بولغاچقىلا، سەن ھېچقانداق تەدبىر قوللانمىدىڭ.

ئاھ، بۇ نېمە ئىش؟ بۇ مۇمكىنمۇ؟ زادى مۇمكىنمۇ؟ بۇ نېمە ئۈچۈن؟ نېمە ئۈچۈن مەن بىر ئىش قىلايلا دېسەم، ئاتا-ئانام ئارقامدا پەيدا بولۇپ

قالدۇ؟ بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ بۇ تاساددىپىي توغرا كېلىپ قېلىشمۇ ياكى تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىمۇ؟ بۇ تەڭرىنىڭ چاقچىقىمۇ ياكى جازاسىمۇ؟ بىر ئەرنىڭ نىكاھىدا تۇرۇپ، باشقا بىر ئەرگە ــ ئاشىقىمغا تەلپۈنگىنىم ئۈچۈنمۇ؟ مۇھەببەتنى نىكاھتىن ئۇلۇغ بىلگىنىم ئۈچۈنمۇ؟ نىكاھنى كۆزۈمگە ئىلماي، سەمەندەرگە قولۇمنىڭ ئۈچىنى تۇتقۇزماي، ئۇنىڭدىن سۆزۈمنى ئالغىنىم ئۈچۈنمۇ؟!

بىلمەيتتىڭ.

سەن خىيالىڭنىڭ قۇيرۇقىنى چورتلا كېسىپ، ئارقاڭغا ئۆرۈلدۈڭ ــ دە:

ــ دادا!... جېنىم دادا!... ــ دەپ ھاياجانلىق ۋارقىرىدىڭ.

شۇنداق، ئۇ سېنىڭ داداڭ ئىدى؛ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى يىتىمسىراپ سېغىنغان، تەڭرىدىن ئۇنىڭ ھەققانىيەت مەيدانىغا قايتىپ كېلىپ، گۇناھىنى يۇيۇشنى تىلىگەن مېھرىبان داداڭ ئىدى.

ــ بۇ سەنمۇ، قىزىم؟

داداڭنىڭ ئاۋازى دەسلەپ ھەيرانلىقتىن جىغىلداپ، كېيىن بوغۇلۇپ قالدى. سەن داداڭنىڭ باغرىغا تاشلانماقچى بولدۇڭ. ئۇنىڭ باغرىغا بۇقۇلداپ ياش تۆكمەكچى بولدۇڭ؛ بارلىق شادلىق، دەرت ـ خاپىلىقلىرىڭنى، كۆرگەن راھەت، تارتقان جەبىر-جاپالىرىڭنى، مۇھەببەتلىك كەچمىشلىرىڭنى، جۇدالىق ھەسرەتلىرىڭنى داداڭنىڭ باغرىغا تۆكۈۋەتمەكچى بولدۇڭ؛ ئاناڭنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمىنى تەسىرلىك سۆزلەر بىلەن بايان قىلىپ، داداڭنى تەسىرلەندۈرمەكچى، شۇ ئارقىلىق ئۇنى ھەققانىيەت مەيدانىغا ئەكەتمەكچى بولدۇڭ. ئەمما، «قورغۇي» نىڭ ئۇچۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، كەينىڭگە دەل شۇ چاغدا، «قورغۇي» گەمىدىن چىقىپ، ئالدىڭدىن ئۆتمەستىن، ئېقىنىنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ قاچتى.

ــ توختا!

ئاۋازىنى كىچە بوشلۇقىدا جاراڭلاپ، يۇلتۇزلارنى چۆچۈتۈپ تېخىمۇ جىمىرلىتىۋەتتى.

سەن داداڭنىڭ قولىدىكى تاپانچىغا ئېسىلدىڭ.

ــ دادا! تاپانچىنى ماڭا بىرىڭ !

بىراق، داداڭ تاپانچىنى بەرمىدى، ئەكسىچە؛

ــ «قۇرغۇي»، چاپسان قىچىڭ! ــ دەپ ۋارقىرىدى.

ئۇنى قوغلاشقا ئېتىلىۋىدىڭ، داداڭ بىلىكىڭدىن كاپپىدە تۇتىۋالدى.

ــ ئۇنداق قىلما، بالام، ئۆلۈپ كېتىسەن!

ــ مەيلى!... ئوبدان دادا، مەن خوش بولۇپ كېتەي سىزدىن، مېنى قويۇپ بىرىڭ.

سەن شۇنداق دەپ، ئىلتىجا بىلەن يۇلقۇندۇڭ، تىپىرلىدىڭ، داداڭنىڭ قوللىرىنى تاتىلىدىڭ. بىراق، داداڭ سېنى قويۇپ بەرمىدى.

ــ دادا!... ئۇ قېچىپ كېتىدۇ!

داداڭ تەمكىنلىك بىلەن دېدى؛

ــ ئۇ قېچىپ كەتمىسە بولمايدۇ، قىزىم.

شۇنداق قىلىپ «قۇرغۇي» ئۇچۇپ كەتتى، داداڭ ئۇچۇرىۋەتتى. داداڭ سېنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئۇمىد - ئىستەكلىرىڭنى ئۇچۇرىۋەتتى! سەن شۇ قەدەر داغدا قالدىڭ؛ شۇ قەدەر ھەسرەتتە قالدىڭ. شۇڭا، داداڭغا نىمە دېيىشىڭنى، قانداق مۇئامىلە قىلىشىڭنى بىلەلمەي يىغلىۋەتتىڭ؛ ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ ھەسرەت بىلەن يىغلىۋەتتىڭ.

داداڭ گەمىگە كىرىپ كېتىپ، ھايالشماي قايتىپ چىقتى - دە، بىر نەرسىنى قويۇن يانچۇقىغا تىققاندەك قىلدى. ئۇنىڭ «قۇرغۇي» تىقىپ قويغان ئاخبارات ئىكەنلىكىنى جەزىم قىلىپ، ئىچ-ئىچىڭدىن ئۆرتىنىپ تېخىمۇ بۇقۇلدىدىڭ.

يۇلتۇزلار ئۆكسۈيتتى؛ كېچە ئۆكسۈيتتى.

بەلكىم، بۇنداق شارائىتتا «قۇرغۇي» ئاخباراتنى تىقىپ قويۇشتىن

ئەنسىرەپ، يەنە ئۆزى ئەكەتكەندۇ... دادام قوينىغا بىر نەرسىنى تىققاندەك قىلدىغۇ ئەمسە؟ بەلكىم، قىچىشقان يېرىنى قاشلىغاندۇ.

بىراق، بۇ ئويلىرىڭ ساڭا قىلچە تەسەللى بولالمىدى.

نېمىلا ئويلىغان بىلەن، قۇرغۇي ئۇچۇپ كەتتى. ئۇ بۇگۈن بولمىسا ئەتە، ئەتە بولمىسا ئۆگۈن... ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن دۈشمەنگە يەنە ئاخبارات يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

ۋاي ئىست، ۋاي ئىست! «قۇرغۇي» ئەجەپ ئۇچۇپ كەتتىيا!؟

يۈرەك - باغرىڭ سىرقىراپ ئاغرىپ كەتتى. غەزەپتىن ئۆتۈك يېرىلىپ كەتكىلى تاسلا قالدى. بۈگۈنكى تەقدىرىڭدىن شۇ قەدەر يىرگەندىڭ.

سەن خىياللىرىڭنى يىغىپ، ئۆزۈڭنى تۇتىۋېلىپ، داداڭغا قىسقا- قىسقا دەرت تۆكتۈڭ. ئاناڭنىڭ ئېچىنىشلىق ئۆلۈمىنى ئازاپلىق كۆز ياشلىرىڭ بىلەن ناھايىتى تەپسىلىي ۋە تولىمۇ تەسىرلىك بايان قىلدىڭ.

ئەمدى دادام ماڭا ئوخشاشلا ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاپ، مېنى باغرىغا چىڭگىدە باسىدۇ، تىكەندەك يۇمشاق قوللىرى بىلەن كۆز ياشلىرىمنى سۈرتىدۇ، چاچلىرىمنى سىلايدۇ.

ئويلىغىنىڭدەك، داداڭ سېنى باغرىغا باستى، ئەمما يىغلىمىدى. ئۇنىڭ باغرىنىڭ قېتىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىڭ، خۇددى چېرىكلەرنىڭ باغرىدەك. چاچلىرىڭنى سىلىدى، كۆز ياشلىرىڭنى سۈرتتى. ئەمما، قوللىرى يۇمشاق ئەمەس، پەقەت تىكەندەك يىرىك ئىدى.

بەلكىم، تۇيغۇلىرىم خاتالاشقاندۇ...

- ئاناڭ بۇ ئىشتا خاتا قىلغان، قىزىم، بۇلۇپمۇ سەن. نىمە قىلاتتىڭلار تاغ ئوغرىلىرىغا ياردەم قىلىپ؟

كۈتۈلمىگەن بۇ جاۋاب تۇيغۇلىرىڭنىڭ خاتالاشمىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

ئەتراپ تېخىمۇ قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. سەن چەكسىز قاراڭغۇلۇق ئىلكىدە داداڭغا گۇمان بىلەن سىنچىلاپ قارىدىڭ.

ئالدىمدىكى مىنىڭ دادامۇ؟ ياۋاش، ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان دادام شۇمۇ؟

ئىشەنگۈڭ كەلمەيتتى.

دادامنى مۇشۇ ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغان نەرسە زادى نىمە؟ بىلمەيتتىڭ.

- ماڭ قىزىم، كېتىلى، -دىدى داداڭ.

- نەگە؟...چوپانغا - ئۆيگىما؟

ئەگەر داداڭ مۇشۇ شەرمەندە، پاسقانە ھاياتىدىن قول ئۈزىدىغانلا بولسا، سەنمۇ بۇشەرەپلىك ئىنقىلابىي ھاياتىڭدىن ۋاز كېچىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆيۈڭلارغا قايتىپ كېتىشكە رازى بولاتتىڭ. چۈنكى، سىنىڭ مۇناپىقنىڭ قىزى بولغۇڭ يوق ئىدى. ئەمما، داداڭ سېنى يەنىلا ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويدى:

- ياق، بىزنىڭ سەپكە.

ۋۇجۇدۇڭ يىقىمسىز تىترەك ئىسكەنجىسىدە مىجىلىپ، نېرۋىلىرىڭ زەخمىناك بولدى.

- ياق، دادا، بىزنىڭ سەپكە كېتىلى. خىزمەت كۆرسىتىپ، گۇناھلىرىڭىزنى يۇيۇڭ! ئانامنىڭ روھىنى خۇش قىلىڭ...

داداڭ سۆزۈڭنى بۆلدى:

- گۇناھ؟... مەن ھېچقانداق گۇناھ قىلمىدىم، مەن ھەرگىز گۇناھكار ئەمەس! گۇناھ ئۆتكۈزدۈم دىگەن تەقدىردىمۇ، ھەققانىيەت ئۈچۈن قىلىنغان ھەرقانداق ئەسكى ئىش گۇناھ ھىسابلانمايدۇ.

داداڭنىڭ ھەر بىر ئېغىز سۆزلىرىدىن مەغرۇرلۇق ۋە ئىپتىخار ئۇرغۇيتى.

مۇشۇ مىنىڭ دادامۇ؟- ھە؟!

ئىشەنگۈڭ كەلمەيتى، سورىدىڭ:

- سىلەرمۇ تېخى ھەققانىيەت ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتامسىلەر؟

- ئەلۋەتتە!

سەن گەپ قىلمىدىڭ. پەقەت بىر قورام تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئۈلۈغ - كىچىك تىنىپ قويدۇڭ.

كېچە سۈكۈت ئاستىدا قالغانىدى. يۈرىكىڭنى ھەسرەت مۇجۇيتى، خۇددى ئالۋاستى چاڭگىلىدەك. ئەسەبىلىرىڭ ئەلەم تەرىپىدىن ياۋۇزلارچە ئېزىلەتتى، گوياكى جۇۋازدا ئېزىلگەن زىغىردەك. غۇرۇرۇڭنى خورلۇق تاتىلايتى، مىسالى ئوغرى مۈشۈكتەك.

سەن ئويلىناتتىڭ؛ داداڭنى قايىل قىلىپ، ئۇنى گۇمرانلىقتىن توسۇپ، شەرمەندە، باش-ئاخىرى يوق تۈيۈق يولدىن قايتۇرىۋېلىپ، نۇرانە مەنزىلگە باشلاپ كىرىشنىڭ چارە - تەدبىرلىرى ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىناتتىڭ؛ شۇ تاپتا تاپانچام بولسا، ئاسمانغا قارىتىپ بىرلا ئاتسام، يىگىتلەر كىلىپ بولغۇچە، دادامنىڭ پۇتىدىن قۇچاقلاپ يېتىۋالسام، يىگىتلەر كىلىپ دادامنى تۇتۇپ، پوللىك شىتابىغا ئاپارسا، مەن پولكوۋنىكقا چۈشەندۈرسەم، يالۋۇرسام....

داداڭ خۇددى تۈلۈمدىن توقماق چىققاندەكلا خىياللىرىڭنى تىرىپىرەن قىلىۋەتتى:

- ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلەر ھەرگىز غەلبە قىلالمايسىلە.

سەن بېشىڭنى كۆتۈرمەيلا سورىدىڭ:

- نىمشقا؟

- چۈنكى سىلەرنىڭ ئۇرۇشۇڭلار ھەققانىي ئۇرۇش ئەمەس... سەن تېخى كىچىك، بىلمەيسەن، كىيىن چۈقۇم چۈشىنىپ قالىسەن...

داداڭ ساڭا بۇ ھەقتە بىر مۇنچە چۈشەنچە بەردى، سەن داداڭنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ھەيرانلا قالدىڭ، سەن داداڭنىڭ سىياسى سەۋىيىسىنىڭ بۇنچىۋىلا تېز ئۆسۈپ كېتىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدىڭ.

نۇمۇس سىنى تاشقا پاتۇرۇۋەتتى. شۇنداق بىر دادىنىڭ قىزى بۇلۇپ قالغانلىقىڭدىن نۇمۇس قىلىۋاتاتتىڭ؛ ھەق- ناھەقنى پەرق

ئېتەلمەيدىغان، ھەققانىيەت، ئازادلىق، باراۋەرلىكنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، ھەققانىيەت، ئازادلىق، ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان شۇنداق بىر پاسىق بەختىسىز دادىنىڭ قىزى بولۇپ قالغىنىڭدىن نومۇس قىلىۋاتاتتىڭ. سەن نومۇستىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن سۇمرۇغدەك پەرۋاز قىلىپ، كۆكتە چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا قوشۇلۇپلا كەتكۈڭ كېلىۋاتاتتى.

سەن داداڭنى قايىل قىلىشىنىڭ، قويىندىكى ئاخباراتنى ئېلىۋېلىشىنىڭ، «قۇرغۇي»نىڭ زادى كىملىكىنى ئېيىتقۇزىۋېلىشىنىڭ (گەرچە داداڭنىڭ «قۇرغۇي»نىڭ كىملىكىنى بىلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرساڭمۇ چۈنكى داداڭ «قۇرغۇي»نىڭ كىملىكىنى بىلگەن بولسا باياتىن: « ‹قۇرغۇي› ، تىز قېچىڭ» دەپ توۋلاشنىڭ ئورنىغا دىققەتسىزلىكتىن «پۈكۈنى، تىز قېچىڭ» دەپ توۋلاپ سېلىشى مۇمكىن ئىدى) مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چوڭقۇر ھس قىلدىڭ - دە، تاللىغان يۇلۇڭلارغا مېڭىۋېرىش قارارىنى چىقىرىپ، ئورنۇڭدىن لىككىدە تۇرۇپ، داداڭغا «خوش» دېدىڭ.

داداڭ كەينىڭدىن ئەگىشىپ نېمىلەرنىدۇ دەيتى، سەن ئېقىن ئاغزىغا چىقىپ، داداڭغا بۇرۇلدۇڭ:

- خوش، دادا، خۇدا سىزنى ئۆز پاناھىدە ساقلىغاي! ئۆلمىسەك، ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندا كۆرۈشەرمىز!

- شۇنداق قىلىپ مەن بىلەن بىللە ماڭمامسەن؟ ھېچ بولمىغاندا. ئۆيگىمۇ قايتىپ كەلمەمسەن؟

-ئەمىسە بىللە كېتىلىما؟

-...

ئۇنىڭ جاۋابىنى كۈتتۈڭ؛ بىر سائەت كۈتتۈڭ؛ ھەتتا بىر ئۆمۈر كۈتتۈڭ. جاۋاپ بەرمىدى. ئاخىر ئۆز مەنزىلىڭگە ئارقاڭغا قارا - قارا مېڭىپ كەتتىڭ. ھەتتا جاھاننىڭ ئۇ چېتىگە بېرىپ بولۇپمۇ ئارقاڭغا قارىدىڭ.

داداڭنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتى، قارىسى تۇگۇل، شەپىسىمۇ. شۇنداق بولسىمۇ، سەن ئارقاڭغا قاراۋەردىڭ. بىر ئۆمۈر قارىدىڭ. چۈنكى، سەن داداڭنىڭمۇ خۇددى سەندەك ئۇمىدتە ئىكەنلىكىنى ئۇقمايتىڭ.

ئاھ، خۇدا، ماڭا ئىچىڭ ئاغرىسۇن، دادامنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلا! ئۇنىڭ كۆڭلىگە تەۋپىق - ھىدايەت ئۇرۇقىنى چېچىپ، ھەققانىيەت مەيدانىغا قايتۇرۇپ كەل. ئاكام سەمەندەرنى،ئاشىقىم مەتساللىنى،مەن ئۈچۈن ئۇرۇشلاردا ئامان - ئىسەن قىل، بىزگە ۋىسال،بەخىت - تەلەي بەخش ئەت. ئىنقىلابىمىزغا نۇسرەت ئاتا قىل، ھەرگىزمۇ دادام ئېيتقاندەك قىسمەتكە دۇچار قىلما!

گازارمىغا كىلىپ قاتتىق چارچاپ كەتكەنلىكىڭنى ھىس قىلدىڭ؛ نىرۋىلىرىڭ قاتتىق زەخمىناك بولغانلىقىنى ھىس قىلدىڭ؛ شۇ ھارغىنلىك ئىلكىدە داداڭنى قانداق قىلىپ بولمىسۇن چۇقۇم ھەققانىيەت مەيدانىغا قايتۇرۇپ كىلىشنىڭ نەقەدەر زۆرۈرلىكىنى چوڭقۇر ھىس قىلدىڭ.چۈنكى سەن داداڭدىن ئايرىلىپ قېلىشنى، ئۆمۈر بويى خورلۇق، نومۇس ئىچىدە ياشاشنى خالىمايتىڭ؛ سەپداشلىرىڭ ئالدىدا، بولۇپمۇ سەمەندەر بىلەن مەتساللىنىڭ ئالدىدا «مۇناپىقنىڭ قىزى» دىگەن ئاتاققا قېلىشنى خالىمايتىڭ.

گازارما جىمىپ قالغاندەك قىلاتتى. ھەيرانلىق ئىلكىدە ئاشخانىغا كىردىڭ. قورسىقىڭ قەۋەتلا ئېچىپ كەتكەنىدى. ئاشپەز قاچا - قومۇشلارنى يىغىشتۇرىۋاتاتتى، ئۇنىڭدىن روتىنىڭ بۈيرۇقتىكى دۈشمەننى يوقىتىش ئۈچۈن كەتكەنلىكىنى ئۇقۇپ، تېپىرلاپ تۇرالمايلا قالدىڭ.

«قۇرغۇي» مۇشۇ ھەقتە دۈشمەنگە مەلۇمات بەرگىلى گەمىگە بارغان بولغىيمىدى؟ دادام ئاخباراتنى ئەكەتكەنمىدۇ ياكى «قۇرغۇي» ئاخباراتنى قۇيۇپ قويغىلى پېتىنالمىغانمىدۇ؟ شۇنداق بولغاندۇ ئىلاھىم!

سەن ھەرقانچە ئويلىغىنىڭ، ھەرقانچە تىلىگىنىڭ، ھەرقانچە ئىلتىجا قىلغىنىڭ بىلەن، داداڭنىڭ ئات چاپتۇرۇپ، ئاخباراتنى ھېلىغىچە

دۈشمەن قۇلىغا يەتكۈزۈپ بولغانلىقنى قىياس قىلالمىدىڭ، سەن ئات بىلەن روتىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ، ئەگرى - توقاي يارلىق ئىچىدە يېتىشىپ، روتا كوماندىرىغا ئەھۋالنى جىددى دوكلات قىلدىڭ.

روتا كوماندىرى دوكلاتىڭنى ئاڭلاپ، كۆپ ئويلىنىپ تۇرمايلا قۇشۇنغا چېكىنىشكە بۇيرۇق بەردى:

- چېكىنىڭلار!

بۇ بۇيرۇق سىلەرگە ئەمەس، گويا يارنىڭ ئىككى قاسىنقىدىكى ئۇيىداڭ-چوڭقۇر ۋە دالا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ دالدىلىرىغا يوشۇرۇنۇۋالغان دۈشمەنلەرگە بېرىلگەندەك، تۇيۇقسىزلا ئوق يامغۇرى ئىچىدە قالدىڭلار.

ئالدىن ماڭغان رازۋېدكىچىڭلار نېمىنى رازۋېد قىلدىكىن؟ چېكىنىڭلار...

سىلەر چېكىنەتتىڭلار، مۆكۈنەتتىڭلار، ئاتاتتىڭلار، ئەمما، دۈشمەن ئىگىزدە، سىلەر پەستە بولغاچقا ئاتقان ئوقۇڭلارنىڭ تولىسى زايە كېتەتتى گراناتلار گۈمبۈرلەپ پارتلاپ، سىلەرنى توزغاقتەك يۇمشاق توپىغا كۆمەتتى، زېمىننى لەرزىگە سالغاچ كىملەرنىڭدۇر جېنىنى ئالاتتى. كىملەرنىڭدۇر بېشىنى ياراتتى، كىملەرنىڭدۇر پۇت قوللىرىنى ئۈزەتتى، ئۇچەي قارىنىنى چۇۋۇۋېتەتتى، كۆزلىرىنى قۇياتتى.

- ۋايجان، قولۇم ئۈزۈلۈپ كەتتى!

- ۋايجان، كۆزۈم قۇيۇلۇپ كەتتى!

-...

مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق سادالار زەرەپشان ۋادىسىنى زىلزىلىگە كەلتۈرەتتى.

سىلەر چېكىنەر - چېكىنەر ئاخىرى يارنىڭ ئاغزىغا بېرىۋالدىڭلار. ئەمما بۇ سىلەرنىڭ ھالاكەتتىن قۇتۇلۇپ كەتكەنلىكىڭلاردىن دېرەك بەرمەيتى. چۈنكى، سىلەر يار ئاغزىدا يەنە دۈشمەننىڭ ئوت پىلمۇتچىسىغا دۈچ كېلىپ، تۆت ئەتراپتىن قاپسىلىپلا قالغانىدىڭلار. پىلمۇتچىلارنىڭ

ئاغزىدىن ئۇزۇلمەي ئوت چاچراپ تۇراتتى. مامات سىلەرگە قارا قانىتىنى سۆرەپ، لاغىلاپ كېلىۋاتاتتى. هازىرقى بىردىنبىر يول ئېقىنىنىڭ ئۇستىگە چىقىۋېلىپ، كېلىۋاتقان دۈشمەننى توسۇپ تۇرۇپ، يار ئاغزىنىڭ ئىككى بېشىدىكى پىلمۇتچىلارنى يوقىتىش ئىدى. بۇنىڭ ئۇچۇن يارنىڭ ئۇستىگە چۇقۇم بىر ئاماللارنى قىلىپ چىقىشقا توغرا كېلەتتى. لېكىن، يار ئېگىز، ئاسانلىققىچە چىققىلى بولمايتى، شۇڭا، بىر - بىرىگلارنىڭ دولىسىغا دەسسەپ چىقىشقا باشلىدىگلار. ئەپسۇسكى يارغا ياماشقانلىكى يېگىت يار ئۇستىدىكى دۈشمەنلەر تەرىپىدىن ئېتىلىپ، يارلىققا دومىلاپ چۈشەتتى.

تۇساتتىنلا سەمەندەر سىنى چاقىرىپ قالدى:

- زۇمرەت، بۇ يەردە يار ئۇستىگە چىققىلى بولىدىغان يول باركەن، ماڭا ياردەملىشىڭ.

راست، بۇ يار ئۇستىگە چىققىلى بولىدىغان يول ئىدى، سۇ ئويۇپ كەتكەن كىچىككىنە بىر ئېرىق سىلەرنى يارنىڭ ئۇستىگە باشلاپ چىقاتتى.

- زۇمرەت، مەن ئارقىمىزدىكى دۈشمەننى تورۇپ تۇراي، سىز پىلمۇتچىلارنى ئۇجۇقتۇرۇڭ،- دېدى سەمەندەر.

ئەللىك نەچچە قەدەم ئالدىڭدا ئوت ئۇچقۇندايتى. سەن شۇ ئوت ئۇچقۇنىغا ماڭدىڭ، شۇ ئوت ئۇچقۇنى ئۆچكەندىلا سىلەر پىستىرمىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلەيتتىڭلار.

شەرقى ئۇپۇق ئاقىرىپ تۇراتتى، خۇددى بىلىق قورسىقىدەك. خورازلار چىللىغاتتى، ئىتلار قاۋىشاتتى...

سەن ئوت ئۇچقۇنىغا ياندىن ئەمەس، ئايلىنىپ ئارقا تەرەپتىن يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدىڭ. سەن يەر بېغىرلاپ ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ئىلگىرلەيتتىڭ. ئەگەر پىلمۇتچىلار تۇيۇپلا قالسا ھەممە تىرىشچانلىقىڭلار يوققا چىقاتتى، ھەتتا ھەممىڭلار تۈگىشىشىڭلار مۇمكىن ئىدى. شۇڭا ئېھتىيات قىلمىساڭ بولمايتى.

سەن پىلمۇتچىغا يىگىرمە قەدەمچە قالغاندا، شەرقى ئۇپۇق ئوتتەك تاۋلانغان بولۇپ، نۇرانە قۇياش چۇمبىلىنى قايرىۋېتىشكە تەمشىلىپ تۇراتتى. دەل شۇ چاغدا، بىر پىلىموتچى كەينىگە ئۆرۈلۈپ، قولىغا بىر نەچچە گرانات ئالدى. سەن بىر تۇپ كۆتمەك يۇلغۇننىڭ دالدىسىدا ئىدىڭ. ئۇنى كۆرۈپ كۆزلىرىڭگە ئىشەنمەيلا قالدىڭ. يۈرىكىڭنىڭ قاررتىدە قىلىشىغا پەرۋا قىلماي، كۆزلىرىڭنى چىمچىقلىتىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىدىڭ. ئۇ قولىدىكى گراناتنى يىگىتلەرگە قارىتىپ تاشلىدى. قاتتىق پارتلاش بىلەن تەڭ باشلا، قوللار، قانلار كۆككە ئۇچۇپ چىقتى. ئۇپۇق قىپقىزىل قانغا بويالدى. پىلىموتچى كەينىگە ئۆرۈلۈپ، يەنە گرانات ئالدى.

«شۇ، دەل شۇ!... ۋاي خۇدايىم!»

ۋۇجۇدۇڭ قاراسلاپ كەتتى، ئارقا-ئارقىدىن قاراسلاۋەرگەن يۈرىكىڭدىن مېھرلىك سادا پارتلاپ چىقتى: «دادا!!!»

شۇنداق، ئۇ سىنىڭ داداڭ ئىدى؛ ئاتىلىق مېھرى بىلەن سېنى بېقىپ چوڭ قىلغان ياۋاش، مۆمىن، كۆيۈمچان، ساددا داداڭ ئىدى؛ تېخى تۆت - بەش سائەت بۇرۇن تەگرىدىن ئامانلىق، تەۋپىق ھىدايەت تىلىگەن، ھەققەنىيەت مەيدانىغا قايتۇرۇپ كېلىشىنى ئىلتىجا قىلغان، ئۆتۈنگەن، سۆيۈملۈك داداڭ ئىدى.

قۇلۇڭ كۇرجۇكتا قېتىپلا قالغانىدى.

داداڭ ھامانلا ئوق ئۈزەتتى. قوشلاپ - قوشلاپ گرانات تاشلايتتى. پارتلاشتىن زېمىن تىترەيتى، يۈرۈكۈڭ تىترەيتتى، ۋۇجۇدۇڭ تىترەيتتى. چىدىيالمىدىڭ، زادىلا چىداپ تۇرالمىدىڭ.

«دادا، ئۇنداق قىلماڭ!» دەپ توۋلايمىكىن؟ دادام ئارقىسىغا قاراپ بولغۇچە، يېنىدىكى چېرىك مېنى ئېتىۋەتسىچۇ؟ مەنلا ئۆلۈپ سەپداشلىرىم ھالاكەتتىن قۇتۇلۇپ قالسىغۇ مەيلىدى...نىمىشقا دادام كەينىگە قاراشتىن بۇرۇنلا كۇرجۇكنى بېسىۋەتمىگەن بولغىيدىم؟... كۆرمەيلا قالغان بولسام،

ئۇقمايلا قالاتتىم، مەڭگۈ ئۇقمايلا قالاتتىم!

داداڭ ھەدەپ گىرانات تاشلايتتى. كۆككە باشلار، قوللار ئۇچۇپ چىققاتتى، زېمىن قانغا بۇيىلاتتى.

زادىلا چىدىيالمىدىڭ. يەنە سۆكۈت قىلىش تېخىمۇ زور مەغلۇبىيەتتىن دېرەك بېرەتتى.

«ئاھ خۇدا، مېنى كەچۈر! دادا، ۋاپاسىز، رەھىمسىز، باغرى تاش قىزىڭىزنى كەچۈرۈڭ!»

چەكسىز غەزەپ - نەپرەت، چەكسىز مېھىر - مۇھەببەت، چەكسىز ئازاپ - ھەسرەت يۇدۇپ ئورنىڭدىن تۇردۇڭ - دە مەن دادامنى ئەمەس دۈشمەننى ئاتتىم، دېگەن ھېس - تۇيغۇ بىلەن ئۆزۈڭنى ئالداپ، كۆرجۈكنى قەھرىڭ بىلەن باستىڭ، ئوت ئۇچقۇنلىرى ئۆچتى. سەن يۈگۈرۈپلا كەلدىڭ. داداڭنىڭ بېشى پىلمۇتقا چاپلىشىپ قالغانىدى. يەنە بىر پىلمۇتچى ئوڭدىسىغا ياتاتتى.

سەن داداڭنىڭ پىلمۇتىنى ئالماقچى بولدۇڭ، لېكىن ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمىدىڭ. چۈنكى، داداڭنىڭ ئازابلىق چىرايىنى، ئازاپلىق ئۆلۈمىنى كۆرۈشتىن قورقاندىڭ شۇڭا يەنە بىر پىلمۇتچىنى قۇلۇڭغا ئېلىپ، ئاغزىنى قارشى تەرەپتىكى پىلمۇتچىلارغا قاراتتىڭ. پىلمۇتىڭنىڭ ئاغزىدىن ئوت ئۇچقۇنلىرى چاچرايتتى؛ پىلمۇتىڭنىڭ ئاغزىدىن ئىلتىجالىق كۆز يېشى چاچرايتتى؛ پىلمۇتىڭنىڭ ئاغزىدىن نەپرەتكە تولغان ئازاپ، ئازاپقا تولغان مۇھەببەت چاچرايتتى.

مۇھاسىرىنى ئاخىرى بۆسۈپ چىقىپ كەتتىڭلار. ئەپسۇسكى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئىنقىلاپ خۇددى ساڭا ئوخشاشلا ناھايىتى زور بەدەل تۆلىگەنىدى. چۈنكى بىر روتا جەڭچىدىن ئاران ئوتتۇز نەچچە جەڭچىلا ھايات قالغانىدى.

سەن «قۇرغۇي» ۋە داداڭ ھەققىدىكى ئىشلارنى پولك كوماندىرى تۇردىقارىي بەگكە تەپسىلى دوكلات قىلدىڭ. ئەمما، داداڭنى ئۆزۈڭنىڭ

ئېتىۋەتكەنلىكىنى ئېغىزغا ئالمىدىڭ. چۈنكى، سەن قەلبىڭنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا پاتۇرىۋەتكەن بۇ سىرنى قاتمۇقات قايغۇ - ھەسرەت تۇمانلىرى ئىچىدە بۇرۇقتۇرما قىلىۋەتمەكچى بولغانىدىڭ. بۇرۇقتۇرما قىلالارسەنمىكىن؟

بىلمەيتتىڭ.

پولكوۋنىكمۇ، سەنمۇ ئويغا پاتقانىدىڭلار. شۇ تاپتا سىلەرگە ھېكىماخۇن تېۋىپنىڭ قەدرى ئۆتۈلۈۋاتاتتى. ئەگەر ئۇ ھايات بولغان بولسا، جەڭچىلەر ئارىسىدىن «قۇرغۇي»نى تونۇپ بىرەلەيتى بۇ تامامەن مۇمكىن ئىدى. ئەمدى ئۇنى كىم تونۇپ بىرەلەيدۇ؟ ئۇنىڭ ھەقىقى سالاھىيتىنى كىم ئاشكارىلىيالايدۇ؟ ئۇنىڭغا كىم، قانداق قىلتاق قۇرالايدۇ؟ قۇرالىغان تەقدىردىمۇ، قۇرغان قىلتاققا ئۇ چۈشەمدۇ؟

بىلمەيتىڭ؛ بىلمەيتىڭلار؛ ھېچكىم بىلمەيتتى. ئەمما «قۇرغۇي» نى زادى تۇتماي بولماتتى.

- بۇنى ھېچكىمگە تىنماڭ، - دېدى پولكوۋنىك، - گەپ قۇلاقتىن قۇلاققا يېتىپ، «قۇرغۇي» ئۈركۈپ كەتمىسۇن، - ئۇ بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، جىددى بۇيرۇق قىلدى، - سىز بۈگۈنلا بېرىپ، «كۆك بۆرە» بىلەن ئالاقىلىشىڭ، ئىمكان بار بىۋاستە كۆرۈشۈڭ. ئۇ بىر ئامال قىلىپ «قۇرغۇي» نىڭ سالاھىيتىنى ئېنىقلىسۇن!

سەن بۇيرۇققا بىنائەن روتىغا قايتىپ كەتتىڭ. روتىغا كېلىپ، «قۇرغۇي» ، «كۆك بۆرە» ھەققىدىكى بۇ ئىشلارنى مەتسالىغا «ھېچكىمگە دېمە» دەپ سۆزلەپ بەردىڭ.

ئاردىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە پوللىك شتابىدا مەخسۇس رازۋېدكا بۆلىمى قۇرۇلۇپ، مەتسالى شۇ رازۋېدكا بۆلىمگە يۆتكەپ كېتىلدى. ئۇ مېڭىش ئالدىدا ئۆزىنىڭ «قۇرغۇي» ، «قۇزغۇن» ، «تۈلكە»... تۇتۇش ئالاھىدە ئەترىتىگە قاتنىشدىغانلىقىنى، «قۇرغۇي» نى چۇقۇم تۇتۇپ، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ قىساسىنى ئالىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، سەن بىلەن

ناھايىتى ئالدىراش خوشلاشتى. سەن ئۇنىڭغا خەيرلىك تىلەكلەرنى تىلەپ قالدىڭ.

ئارىدىن يەنە ئىككى كۈن ئۆتكەندە، سەن پوللىك شىتابىغا چاقىرتىلدىڭ. چۈنكى، ساڭا «كۆك بۆرە» بىلەن بىۋاستە ئالاقىلىشىشكە توغرا كەلگەنىدى. بۇ قېتىم سەن كۆك بۆرە بىلەن بىۋاستە كۆرۈشمىدىڭ. پەقەت شەرتلىك جاي ـ پور سۆگەتنىڭ كاۋىكىدىن ئاخباراتنى ئېلىپ قايتىپ كەلدىڭ. سەن ئاخباراتنى قوماندانلىق شىتابىغا تاپشۇرۇشتىن بۇرۇن ئۇقۇپ كۆرۈپ چۆچۈپلا كەتتىڭ.

«خاتا ئوقۇدۇمۇ يا؟!...»

قايتا ئوقۇدۇڭ: «سەمەندەر ـ «قۇرغۇي» ،

ـ ‹كۆك بۆرە› »

ۋاي خۇدايىمەي، بۇ نېمە ئىش؟ بۇ مۇمكىنمۇ؟ سەمەندەر ئاكام راستىنلا «قۇرغۇي» مىدۇ؟!

ئىشەنگۈڭ كەلمەيتتى؛ ئۇنىڭ «قۇرغۇي» بولۇپ قېلىشىغا زادىلا ئىشەنگۈڭ كەلمەيتتى. ئەمما ئىشەنمەي بولمايتتى. قۇلۇڭدىكى پاكىت سېنى ئىشىنىشكە قىستايتتى. ئىچ ـ ئىچىڭدىن يىغا قايناپ چىقتى.

زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ بۇقۇلدىدىڭ.

سەمەندەر ئاكام قانداقسىگە «قۇرغۇي» بولۇپ قالىدۇ؟...

ئۇنىڭ بىلەن بىر روتىدا بىللە جەڭ قىلغان تۇرساق، روتىدىن ئايرىلغان بولغىيمىدىيا؟ ياق، ياق! ئۇ ھەرگىز «قۇرغۇي» ئەمەس، بۇ بىر خاتالىق!

بىردىنلا بۇ پىكرىڭدىن يالتىيىپ قالدىڭ. چۈنكى سەن «كۆك بۆرە» نىڭ سىلەرنى ھازىرغىچە بىرەر قېتىممۇ خاتا ئاخبارات بىلەن تەمىنلەپ باققانلىقىنى ئۇقمايتتىڭ. ئۇنىڭ سىلەرگە ئىشەنچىسىز ئاخباراتنى ھەرگىز ئەۋەتمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتىڭ.

ناۋادا ئۇنىڭ شېرىكى بولسىچۇ؟... چۇقۇم شېرىكى بار! «ھايۋاننىڭ

ئالىسى تېشىدا، ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە» نىمىشقا ئۇ «قۇرغۇي» بولمايدىكەن؟ نىمىشقا ئۇنىڭ «قۇرغۇي» ئىكەنلىكىدىن گۇمانلانسام، «قۇرغۇي» ئىكەنلىكىگە ئىشەنسەم بولمايدىكەن؟... نامراتلىقتىن جاق تويۇپ، بىرەر يامبۇغا، بىرەر تىللاغا سېتىلغاندۇ تايىنلىق. ئۇ مىنىڭ سۆزۈمنى بىكار بەرمەپتىكەن - دە. ‹نېمانداق ئالىيجاناپ بۇلۇپ كەتتىكى› دېسەم تېخى!

ئاچامنىڭ يۈز - خاتىرسىنى دەپ، مىنىڭ ئۆزىگە چېتىلىپ قېلىشىمنى خالىماي، سۆزۈمنى بەرگەن گەپ! ئەزەلدىن دۇرۇس ئەمەس. دۇرۇس بولغان بولسا، شۇ چاغدا يېرىم يولدىن قايتىپ كەلمەيتى. ھۇ، تۇزكور، ۋىجدانسىز مۇناپىق!

رەھمەت ساڭا، ئالىيجاناپ مۇناپىق! ھەر نىمە بولسا سۆزۈمنى بېرىپتىكەنسەن، بولمىسا مۇناپىقنىڭ قىزى، مۇناپىقنىڭ خۇتۇنى بۇلۇپ قالىدىكەنمەن. ئاھ خۇدا، مەن ساڭا زادى نىمە گۇناھ قىلغان؟ باققان داداممۇ مۇناپىق چىقسا، يەگگەن ئېرىممۇ مۇناپىق چىقسا!

يىغلىدىڭ؛ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ ھەسرەت بىلەن يىغلىدىڭ. يىغلىغان پېتىڭ پوللىڭ شىتابىغا كىرىپ، ئاخباراتنى پولكوۋنىك تۇردىقارىي بەگگە تاپشۇردۇڭ. ئوفېتسىرلار ئاخباراتنى قولدىن - قولغا ئۆتكۈزۈپ، بىرمۇ بىر كۆرۈپ، ھەيرانلىقتىن بىر - بىرىگە قاراپلا قېلىشتى، ئۇلارمۇ سەمەندەردەك قەيسەر بىر جەڭچىنىڭ «قۇرغۇي» ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيۋاتاتتى.

چەكسىز قايغۇ ھەسرەت بىلەن تولغان يۈرىكىڭ، قەلبىڭ، تومۇر-تۇمۇرلىرىڭ، ئۆگە - ئۆگىلىرىڭ، چىگقىلىپ پارتلاپ كېتىشكە تەمشىلىپ تۇرغان نېرۋا - ھۆجەيرىلىرىڭ شۇ تاپتا مەتسالىنىڭ ئاشىقانە تەسەللىسىگە مۇھتاج بۇلىۋاتقانلىقىڭنى ھېس قىلىۋاتاتتىڭ؛ مەتسالىنىڭ تەلۋىلەرچە سۆيۈشلىرىگە مۇھتاج بۇلۇۋاتقانلىقىڭنى ھېس قىلىۋاتاتتىڭ؛ مەتسالىنىڭ پاك غۇبارسىز سۆيگۈ - مۇھەببىتىگە چوڭقۇر مۇھتاج

بۇلۇۋاتقانلىقىڭنى ھېس قىلىۋاتاتتىڭ. سەن مۇشۇنداق مۇھتاجلىق ئىلكىدە خامۇشانە قەدەملەر بىلەن روتىغا قايتىپ كەلدىڭ.

سەن مەتسالىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتىڭ. كۈتكىنىڭگە يارىشا ئۇ ئەتىسى سەھەردىلا تۆت نەپەر يىگىت بىلەن روتىدا پەيدا بولدى. ئۇ ساڭا ئاشىقانە تەسەللى بەرگىلى، مۇھەببەتلىك يېقىشلىرى، مۇھەببەتلىك باغرىلاشلىرى، مۇھەببەتلىك سۆيۈشلىرى ئارقىلىق، قەلبىڭدىكى ئەلەم ـ ھەسرەتنى قوغلاپ چىقىرىپ، كۆڭلۈڭنى خۇش قىلغىلى، روھىڭنى ئۇرغۇتقىلى ئەمەس، پوللىك شتابىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن سەمەندەرنى قولغا ئالغىلى كەلگەنىدى. شۇڭا بۇ قېتىم ساڭا ئۇنىڭ تەبەسسۇمزارىدا سەيلە قىلىش، ئەتەش باغرىغا سىڭىپ كىرىش نېسىپ بولمىدى؛ چوغدەك لەۋلىرىدىن مۇھەببەت زەمزىمى سۈمۈرۈپ، مەۋجۇتلۇقۇڭنى ئۇنتۇش نىسىپ بولمىدى. چۈنكى ئۇ كەلگەنىچە كىلىپ، سەمەندەرنى چەمبەرچاس باغلاپ، پوللىك شتابىغا ئېلىپ كەتكەنىدى. شۇ كۈنلەردە تىلىكىڭ، دىلىڭ، ئىلتىجادىن خالى بولمايتتى: «ئەي شەپقەتلىك قادىر ئىگەم، مەتسالىنى مەن ئۈچۈن جەڭلەردە، ۋەزىپىلەردە ئۆز پاناھىڭدا ساقلا! تاغدەك ئىشىنىپ يۈرگەن سەمەندەرمۇ ( ‹ئاكا› دىگۈڭ كەلمىدى) ساتقۇن مۇناپىق بۇلۇپ چىقتى. ئەمدى مىنىڭ بۇ دۇنيادا مەتسالىدىن باشقا تارتىشقۇدەك، تېۋىنغۇدەك، يۆلەنگۈدەك، كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇرۇپ، يۈرىكىمنى كۈلدۈرگىدەك ھېچ نەرسەم قالمىدى. سەمەندەردەك مۇناپىقنىڭ جاجىسىنى ۋاقتىدا بىرىپ، ئىنقىلابىمىزغا نۇسرەت ئاتا قىل. دادامنىڭ ياتقان يېرىنى جەننەتتە قىلغىن!»

گەرچە سەن مۇناپىقنىڭ جەننەتكە كىرەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇساڭمۇ، ئاللادىن يەنە داداڭغا جەننەتتىن ئورۇن بىرىشنى تىلەيتىڭ.

پوللىك شتابىغا يەنە چاقىرتىلدىڭ. سەمەندەرگە ئۆلۈم جازاسى بىرىلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، بېشىڭ پىررىدە قىيىپ، زۇلمەت ئىلكىدە قالدىڭ. يۈرىكىڭ پىژىلداپ ئېچىشىپ، قەلبىڭ ئۇنسىز نىدا قىلدى. سەن

«قۇرغـۇي»نـى تۇتـۇۋالـساڭ، تـۇكلىرىنى يۇڭـداپ-يۇڭـداپ، بـويىننى تولغاپ-تولغاپ ئۇزۇۋەتمەكچى بولغانغۇ؟ ئەمـدى ئۇنىڭغا ئۇلـۇم جازاسـى بىرىلگەنلىكىنى ئاڭلاپ نىمىشقا ئىـچ ئاغرىتىسـەن؟ نـىمە ئۇچـۇم ئۇنىڭغا قايغۇرۇپ، مەخپى ئازاپلىنىسەن؟

بىلمەيتتىڭ.

- سىز بىرىپ،- دىدى پولكوۋنىك،- «كـۆك بـۆرە» بىـلەن ئىمكـان قەدەر بىۋاستە كۆرۈشۈپ كىلىڭ. سەمەندەرنىڭ «قۇرغۇي»لىقى راسـتمۇ يـاكى بـۇ بىـر ئۇقۇشماسـلىقمۇ ۋە يـاكى قىلتـاقمۇ، قايتـا بىـر ئىـنقلاپ باقسۇن.

سـەن چەكسـىز شـادلىق ئىچىـدە ئورنۇڭـدىن تـۇردۇڭ، شـامالدەك يەڭگىـل قەدەمـلەر بىـلەن كۆيىباغقا قـاراپ ماڭـدىڭ. هەر بىـر قەدىمىـڭ ئىلتىجا ۋە ئۈمىد بىلەن بىسىلاتتى: «ئۇلۇغ پەرۋەتدىگارىم، سەمەندەرنىڭ ‹قۇرغۇي› بولۇپ قىلىشىدىن ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن!»

يۈرىكىڭنىـڭ هەر بىـر رىتىمـى ئىلتىجا ۋە ئۈمىـد بىـلەن سـوقاتتى «سەمەندەر ‹قۇرغۇي› بولۇپ قالمىيدى ئىلاهىم!»

ئۆپكەڭ ئىلتىجا بىلەن كىرىلىپ، ئۈمىد بىلەن يىغىلاتتـى: « ‹كـۆك بۆرە›، بىـر يۈرتلىقىمىزنىـڭ هەققـى - هـۆرمىتى ئۇچـۇن؛ ماڭـا بولغـان مۇهەببىتىنىڭنىڭ هۆرمىتى ئۇچۇن، يەنە بىـر تىرىشچانلىق كۆرسـىتىپ، ‹قۇرغۇي› نىڭ هەقىقى سالاهىيتىنى قايتـا بىـر ئىـنقلاپ بىقىـڭ، خاتـا بولۇپ قالمىسۇن!»

ئەپسۇسكى، قايىسى كۈنى كىچىدە سىنى ئاتقا مىندۈرۈپ، خەيرلىك تىلەكلىرى بىلەن ئۇزىتىپ قويغان هىلىقى «چىرىك» تىن «كۆك بـۆرە» نىڭ چىرىكلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئۇقۇپ، هەسـرەت ئىلكىـدە قالدىڭ. ئۈمىـد ئىلتىجالىرىـڭ پۇرريـدە تـوزۇپ كىتىشـتى، خـۇددى قـارا بوران سوققان توزغاقتەك.

- «ســەمەندەر - ‹قۇرغــۇي› » دىــگەن ئاخبــاراتنى ســۆگەتنىڭ

كاۋىكىغا سىز تىقىپ قويغانما؟-دەپ سورىدىك «چېرىك»تىن.

- مەن ھازىرغىچە سۆگەتنىڭ كاۋىكىغا ئاخبارات تىقىپ قويۇپ باقمىدىم. بۇ «كۆك بۆرە» نىڭ ئىشى. مىنىڭ ۋەزىپەم، دۈشمەنلەرنى يالغان ئاخبارات بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ ئۇرۇش سېپى ۋە پىلانىنى قالايمىقان قىلىش...

- ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ «قۇرغۇي» نىڭ زادى كىملىكىنى قايتا بىر ئېنىقلاپ باققىلى بولماسما؟

- «كۆك بۆرە» ھايات بولغان بولسا، تامامەن مۇمكىن ئىدى. بۇ بىر قىلتاقمۇ ياكى راست ئاخباراتمۇ، ئېنىقلىغىنى بۇلاتتى. «كۆك بۆرە» «قۇرغۇي» نىڭ سەمەندەر ئىكەنلىكىنى كىمدىن، قايسى ئۇسۇلدا ئېنىقلىدى، بۇنى مەن بىلمىسەم... شۇنداقتىمۇ تىرىشىپ باقاي،- ئۇ بىر دەم جىم بولۇپ قالغاندىن كېيىن، لىككىدە بېشىنى كۆتۈردى ـ دە، ئاخبارات يۇشۇرىدىغان شەرتلىك جاينى بىكىتىپ بولۇپ،- ھەر ئىككى كۈندە بىر قېتىم يوقلاپ تۇرۇي،- دەپ سەن بىلەن خوشلاشتى.

سەن چۈيۈندەك ئېغىر قەدەملىرىڭنى ھەيرانلىق ئىلكىدە سۆرەپ خىيال سۈرەتتىڭ: «كۆك بۆرە» قانداق بولۇپ ئاشكارىلىنىپ قالغاندۇ؟ كىم ئاشكارىلاپ قويغاندۇ؟ «قۇرغۇي»، «قۇرغۇي» پاش قىلىپ قويدى؟ توۋا، «قۇرغۇي» «كۆك بۆرە» نىڭ خوجا ئەخمەت ئىكەنلىكىنى قانداق بىلىپ قالغاندۇ؟ توغرا سەمەندەر راستىنلا «قۇرغۇي» ئىكەن! چۈنكى، ئۇنى غوجەخمەت قۇتقۇزۇپ قاپتىكەن. غوجەخمەت «كۆك بۆرە» بولمىسا، بىكاردىن ـ بىكارغا ئاشىقىنى خۇتۇن قىلىۋالغان رەقىبىنى قۇتقۇزۇۋالامدۇ؟ مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، سەمەندەر غوجەخمەتنى «كۆك بۆرە» دەپ ھۆكۈم قىلىپ ئۇنى دۈشمەنلەرگە ئاشكارىلاپ قويغان گەپ. چۇقۇم شۇ! سەمەندەر «قۇرغۇي»!

قەلبىڭدىن سۇئاللىق سادا كۆتۈرۈلۈپ قالدى: «ئەمىسە نېمىشقا سەمەندەر شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ‹كۆك بۆرە› نى ئاشكارىلاپ قويماي،

ئارىدىن تۆت ـ بەش ئاي ئۆتكەندە، ئاندىن ئاشكارىلاپ قويىدۇ؟»

دەلىل كۆرسەتتىلىك: «چۈنكى ئۇ چاغدا سەمەندەر تېخى ‹قۇرغۇي › بولمىغان بولغىيتى؛ ئۇ چاغدا تېخى گومىنداڭچىلار ئۇنىڭغا ئالتۇن-كۈمۈش بەرمىگەن بولغىيتتى؛»

قەلبىڭدىكى سادا يەنە رەت قىلدى: «ياق!»

بىراق سەنمۇ بوش كەلمىدىڭ؛ «ياق! چۈنكى، ئۇ: ‹قۇرغۇي› لۇق قىلسام، مەندىن ھېچكىم گۇمانلانمايدۇ. چۈنكى دادام ئىنقىلاپ ئۈچۈن قۇربان بولغان، مەن دېگەن ئىنقىلابى قۇربانىنىڭ ئوغلى، ئۆزۈممۇ قەھرىمان، دەپ ئويلىغان گەپ. شۇڭا سەمەندەر چوقۇم ‹قۇرغۇي› !»

ئاخىرى سەن غەلبە قىلدىڭ.

سەن بولغان ئەھۋالنى، ئۆزۈڭنىڭ بۇ ھەقتىكى ئوي-خىيال، پەرەز، گۇمان، ئىشەنچلىك قاراشلىرىڭنى ۋە ئاخىرقى ھۆكۈمۈڭنى پولك كوماندىرىغا تەپسىلى دوكلات قىلدىڭ. شۇنىڭ بىلەن سەمەندەرنىڭ «قۇرغۇي»لىقى مۇقىملىشىپ قالدى.

سەن پولك شتابىنىڭ رازۋېدكا بۆلىمىدە ئىشلەپ قېلىندىڭ.

ھېلىقى شەرتلىك جايدىن بىر قانچە قېتىم «كۆك بۆرە» ئىمزاسىدىكى ئاخباراتلارنى ئەكەلدىڭ.

سەن دۈشمەنلەرنىڭ «كۆك بۆرە»لەرنى ئۆلتۈرۈپ تۈگىتەلمەي بولالمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، تېخىمۇ زور ئۈمىد ۋە ھاياتى كۈچكە تولدۇڭ.

*　　　*　　　*

كىتابتىن بېشىڭنى كۆتۈردۈڭ. ئاخىرىنى ئوقۇغۇڭ كەلمىدى. چۈنكى، ئۆزۈڭنىڭ ئەسلىمىسى سېنى ئۆز قوينىغا شىددەت بىلەن سۆرەپ كېتىۋاتاتتى...

# 23

چوپان ۋادىسى كۆكلەم پەيزىگە چۆمگەنىدى. چوپان دەرياسىنىڭ شاۋقۇنى ئازادلىق، تىنىچلىقتىن ئىبارەت ئەق قىممەتلىك، ئېرىشمىسە قەتئىي بولمايدىغان بايلىققا ئېرىشكەن چوپان خەلقىنىڭ ئېزگۇ ناخشىلىرىنى، چوپان قۇشلىرىنىڭ هاياتبەخش كۈيلىرىنى يىراق - يىراقلارغا ئەكېتەتتى. سىلەر مۇشۇنداق خاسىيەتلىك مىنۇتلاردا ئىلىنىش كەنتىسكى چوپان داۋىنىنى ساقلىغاچ هۇررا سادالىرى ئىچىدە ئاتاكىغا ئۆتۈشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتىڭلار. بۇ ئىش دەل شۇ خاسىيەتلىك مىنۇتلاردا يۈز بەرگەنىدى:

بىر كۈنى ئايدىڭ كېچىدە سىلەر يامۇلنىڭ ئېلى دورغا.بىسمىلىك بىر دورغىسىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى ۋىزۋوت كوماندىرىنىڭ ئالدىغا ئەكەلدىڭلار. ۋىزۋوت كوماندىرى ئۇنى: «چوپانغا نېمىشقا ماڭغان؟» دەپ سوراق قىلدى، ئاندىن تاپانچىسىنى تەڭلەپ «راستىڭنى دېمىسەڭ،ئېتىۋېتىمەن!» دەپ قورقۇتتى. بىراق ئۇ: «يايلاققا مېڭىپتىم...» دەپلا تۇرۇۋالدى. سىلەر ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمىدىڭلار، بۇلۇپمۇ سەن قەتئىي ئىشەنمىدىڭ. چۈنكى سەن ئۇنىڭ قولىدىن شۇملۇقتىن باشقىسى كەلمەيدىغان ياۋۇز، رەھىمسىز چايان ئىكەنلىكىنى ئوبداق بىلەتتىڭ.

- ئاختۇرۇڭلار! - دېدى ۋىزۋوت كوماندىرى.

- سىلەر ئۇنىڭ ئىشتان - كۆڭلەك، چاپانلىرىنىڭ يانچۇق، ئەستەر - تاشلىرىنى، ئۆتۈكىنىڭ پىتەكلىرىنى ئالا قويماي ئاختۇرۇپ چىقتىڭلار، ھەتتا ئاختۇرمىغان ئېشكىنىڭ ئۇچۇلۇقىمۇ قالمىدى. شۇنداق ئاختۇرساڭلارمۇ ھېچنېمە تېپىلمىدى.

- ماڭە،يوقال!

ئۇنىڭ قارىسى كۆزدىن ئەمدىلا يۇقىلىپ تۇرۇشىغا، بىر ئىش دۆككىدە ئېسىگە كېلىپ قالدى. بار ئاۋازىنىڭ بىلەن ۋارقىرىدىڭ:

- ھەي ئېلى دورغا، توختا!

- سېنىڭ بۇ ياڭراق ئاۋازىڭدىن ھەممىسى چۆچۈپ كېتىشتى، ھەيران قېلىشتى، ھەتتا كۆكتە جىلۋىدە تۇرغان نۇرانە ئايمۇ، پۈتكۈل كۆچى بىلەن جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارمۇ، بەلكىم، ئېلى دورغىمۇ چۆچۈپ كەتكەندۇ!

- سەمەندەر، نېمە بولدى؟ - دەپ سورىدى سەپداشلىرىڭ. سەن جاۋاب بىرىشنىڭ ئورنىغا يەنە ۋارقىرىدىڭ:

- مىيەگە كەل. سۇرايدىغان يەنە گەپ چىقىپ قالدى!

ئۇ ئېشىكنى يېتىلەپ ئالدىڭلاردا يەنە پەيدا بولۇپ، پۈكلىنىپ ئېگىلدى.

- خوش غوجام.

- ئۆتۈكۈڭنى ساله!

بىراق، ئېلى دورغا: «ئى - مى، بۇ... بۇ... ھا... ھازىر ئاختۇردىڭلارغۇ؟» دەپ كېكەچلەپ، ئۆتۈكىنى سېلىشنى رەت قىلدى.

- ھازىر ئاختۇردۇقيا. - دەپ سورىدى ۋىزۇوت كوماندىرىمۇ.

- مەن ئۆزۈم قايتا ئاختۇرىمەن!

- ئاختۇردۇڭ، پىچىقىڭنى ئېلىپ، ئۆتۈكىنىڭ چەمنى كېسىپ ئاجراتتىڭ، رەختىنىڭ تىكىلىشىنى سۆكۈپ داستىخانىدەك يېيىۋەتتىڭ، ھېچنىمە چىقمىدى. لاسسىدە بۇلۇپ قېلىۋىدىڭ، كاللاڭدا «قارا!» دىگەن بىر نىدا زايە بولدى.

- «نەگە قارىسام بۇلار؟»

شۇنداق ئويلاپ بولغۇچە، كۆزۈڭ بىردىنلا بىر ياماققا چۈشۈپ قالدى. چوڭقۇر ئۇمىد بىلەن ياماقنى سۆكتۈڭ، بىر ۋاراق قەغەز چىقتى.

- بۇ نىمە!؟

ئېلى دورغا جاۋاب بەرمىدى، جاۋاب بىرەلمەيتتى. ئۇنىڭ جاۋاب بەرگۈدەك ھالى قالمىغان - لاغىلداپ تىترەككە چۈشكەن، تىلى تۇتۇلغانىدى.

بىرى چىراقنى تۇتۇپ بەردى، سەن خەتنى ئوقۇشقا باشلىدىڭ. خەتتە توختىمەتئاخۇن (قاراشور، ئىلىنىش، تۆۋەن ئويھاڭ كەنتلىرىنىڭ دىۋان بېگى)، ساۋۇر ئاخۇر (چوپانيولى كەنتىنىڭ ئىمامى) ھۇشۇر ئاخۇن موللام (توغراقئالدى مەھەللىسىنىڭ ئىمامى)، مامۇت ئەپەندى (تاغاڭ)، ياقۇپ ئاخۇنۇم (شەيخلا كەنتىنىڭ ئىمامى) توختىمەت مۇدىر (ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ چوپاندىكى ئاشلىق باشقۇرغۇچىسى)، مەمتىمىن پاششاپ قاتارلىق سەككىز كىشىنىڭ نامى ئاتىلىپ، ئۇلارغا دۇئايىسالام يوللانغاندىن كېيىن، ئاخىرىغا «... سىلەر تاغ ئوغرىلىرىغا ئالدىنىپ ھەرگىز دىلىڭلارنى بەرمەڭلار، بىز پات ئارىدا ئۇلارنى پاك-پاكىز يۇقىتىپ سىلەر بىلەن جەم بۇلىمىز... يۇرتىمىزغا تاغ ئوغرىلىرىنىڭ قانچە ئادىمى كەلدى، ئەھۋالى قانداق، نىمە ئىش قىلىۋاتىدۇ، كىملەرنىڭ ھويلىسىغا چۈشتى، ئۇلارغا كىملەر ياردەم بىرىۋاتىدۇ، كىملەرنىڭ مال مۈلۈكلىرىنى قاقتى- سوقتى قىلدى، مىنىڭ ۋەج- ئوقەتلىرىمگە كىملەر باش بۇلۇپ قول تەككۈزدى؟...» دىگەن مەزمۇنلار يېزىلغانىدى.

يۈرىكىڭ دۈپۈلدەپ، پۇت - قولۇڭ ماغۇرسىزلىنىپ، خەتنى ناھايتى تەستە ئۇقۇپ تۈگەتتىڭ. چۈنكى، تاغاڭ،- مامۇت ئەپەندىنىڭ ئىسمى پۈتكۈل نېرۋا - چۈجەيرىلىرىڭنى زەخمىناك قىلىۋەتكەنىدى.

- بۇ خەتنى كىم يازدى!؟ - دەپ سورىدى ۋىزۋوت كوماندىرى.

- يۈ...يۈسۈپ...

ئېلى دورغا بۇ خەتنى چوپان ئازاد قىلىنىشى بىلەنلا ناھىيىگە قېچىپ كىتىپ، چېرىكلەرنىڭ قويندا جان ساقلاۋاتقان يۈسۈپ بەگنىڭ ئۆز قولى بىلەن يېزىپ ئەۋەتكەنلىكىنى ئىقرار قىلدى. ۋىزۋوت كوماندىرى. ئۇنى شۇ يەردىلا ئېتىۋەتتى. جىمجىت كېچە جىمجىتلىقى

بۇزۇلدى. چوپان دەرياسى شاۋقۇن سېلىپ ئاقاتتى.

قەلبىڭ تەئەججۇپلىنىك پىچىرلاشلار بىلە تولغانىدى:

«بۇ نىمە ئىش؟ خەتتە نىمىشقا تاغامنىڭ ـ مامۇت ئەپەندىنىڭ ئىسمى بولۇپ قالىدۇ؟ بۇنىڭدا چوقۇم بىر جىن بار. يۈسۈپبەگ خەتنى ئۆزىنىڭ ئاكا ئىنىلىرىگە، ئۇرۇق ـ تۇققانلىرىغا، غالچا، ئاتارمەن ـ چاپارمەنلىرىگە ئەۋەتمەي، نىمىشقا ئەل بىلەن تەقدىرداش بولۇپ كېلىۋاتقان، ئەل ئىچىدە ئىززەت ـ ئىكرامغا ئىگە كىشىلەرگە ئەۋەتىدۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزگە ھېسداشلىق قىلىپ كېلىۋاتقان، قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىۋاتقان كىشىلەر ئەمەسمۇ!؟...»

شۇ كېچە زادىلا ئۇيقۇڭ كەلمىدى.

ئەتىسى جۈمە كۈنى ئىدى. سىلەر بۇيرۇققا بىنائەن، كەنتلەرگە بېرىپ، جۈمە نامىزىدىن پايدىلىنىپ، خەتكە ئىسمى چۈشكەن ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ، ۋىزۇت شتابىغا ئەكېلىپ، سوراق قىلدىڭلار. ھەممىسى يۈسۈپ بەگ بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوقلۇقى، بۇنىڭ يۈسۈپ بەگنىڭ ھىيلىسى ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرۇۋېلىشتى.

- سەمەندەر، - دېدى ۋىزۇت كوماندىرى،- سەن مۇشۇ يۇرتقا يەرلىك. سەنچە بۇلار راستىنلا يۈسۈپ بەگنىڭ يالاقچىلىرىمىدۇ؟

- ياق! ـ دېدىڭ سەن قەتئى تەلەپپۇزدا ۋە، - بەگلەرنىڭ، يامۇلنىڭ يالاقچىلىرىنى ئەل ياخشى كۆرەمدۇ؟ ئەل ھۆرمەتلەمدۇ؟- دەپ سورىدىڭ.

ۋىزۇت كوماندىرىمۇ خۇددى سەندەك كېسىپلا جاۋاپ بەردى:

- ياق! ئەل سۆيگەننى چېرىك ھاكىمىيەت ياخشى كۆرمەيدۇ. چېرىك ھاكىمىيەت ياخشى كۆرۈپ، ئەتىۋارلىغاننى ئەل سۆيمەيدۇ!

- توغرا!

سەن ئۇلار ھەققىدىكى كۆز قارىشىڭنى تەپسىلى سۆزلىدىڭ. ئاخىرى ۋىزۇت كوماندىرى سۆزۈڭگە قايىل بولۇپ، ئۇلارنى ئېتىۋېتىش قارارىدىن

يالتىيىپ، قوشراپقا ـ قوماندانلىق شتابقا بۇ ھەقتە مەلۇمات يوللىدى.

يۇرت ـ يۇرتلاردىن يۇرت كاتتىلىرى، يۇرت مۆتىۋەرلىرى كېلىپ ئۇلارنى ئاقلاشتى، گۇناھسىز ئىكەنلىكى ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىشتى، گۇناھلىرى بولسا، گۇناھلىرىدىن ئۆتۈنۈشتى، شۇ گۇناھلىرى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى جازالاشنى تىلەشتى، ئۆتۈنۈشتى. بۇلۇپمۇ مامۇت ئەپەندىگە ئۇۋال قىلماسلىقنى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق جازاغا تارتىلىشقا رازى ئىكەنلىكلىرىنى ئىزھار قىلىشتى.

بىراق، ئۇلارنىڭ تەلەپلىرى چىرايلىق رەت قىلىندى. ئۇلارنىڭ ئاقلاشلىرى، گۇۋاھلىقلىرى بىلەنلا ئۇلارنى قويۇپ بېرەلمەيتتىڭلار. مۇشۇنداق نازۇك پەيىتتە ئۇلارنى ئېتىۋېتىش قولۇڭلاردىن كەلگىنى بىلەن، قويۇۋېتىش كەلمەيتتى. چۈنكى، كىشلەر ئارىسىدىمۇ، جەڭچىلەر ئارىسىدىمۇ ساتقۇن - مۇناپىقلارنىڭ كۆنسىرى كۆپىيىپ قېلىشى سىلەرگە شۇنداق ھۇقۇقنى بەرگەنىدى. شۇڭا، ئازراقلا گۇناھ- سەۋەنلىك ئۆتكۈزگۈچى ھەرقانداق ئادەمگە خەلق نامىدىن ئۆلۈم جازاسى بۇيرۇش سىلەرگە خەلقنىڭ ئازادلىق،ھۆرلۈككە بولغان مەنىۋى چاڭقىشى، روھى تەقەززاسى بەرگەن ھۇقۇق ۋە مەجبۇرىيەت ئىدى.

سەنمۇ ئۇلار ئۈچۈن، بۇلۇپمۇ تاغاڭ، ئۇستازىڭ مامۇت ئەپەندى ئۈچۈن ھەرقانداق قازانى قوبۇل قىلىشقا تەييار ئىدىڭ. بىراق، بۇنداق جازا ساڭىلا ئەمەس، ھەممە ئادەمگە نېسىپ بولمايتى. سېنىڭ قولۇڭدىن پەقەت ئۇنى ـ ئۇستازىڭ مامۇت ئەپەندىنى قاچۇرىۋېتىشلا كېلەتتى. ئەمما، سەن ئۇنداق قىلالمايتىڭ. چۈنكى سەن بىر ھەربىي ئىدىڭ. شۇڭا. سېنىڭ ئۇلارغا... نىجاتلىق تىلەشتىن باشقا ئامالىڭ يوق ئىدى: «ئەي ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم، قوماندانلىق شتابىدىكىلەرگە ئۇلارنى قويۇپ بېرىشنى قارار قىلدۇرغايسەن!..».

ئەمما، كۆڭلۈڭ تەشۋىشتىن خالى ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئىلتىجايىڭنىڭ ئىجابەت بولۇش-بولماسلىقىغا بىر نەرسە دېيەلمەيتتىڭ،

ھەتتا بۇنىڭغا ھېچكىم بىر نەرسە دېيەلمەيتتى. دۇئا-ئىلتىجا بىلەن مەسىلە ھەل قىلغىلى بولىدىغان بولسا، دۇنيا، دۇنيادىكى ئىشلار - ئىنسانلارنىڭ تەقدىرى بۇنداق بولمىغان بولاتتى.

ئۈچ كۈن كۈتكەن بولساڭلارمۇ، قوماندانلىق شتابتىن ھېچقانداق بۇيرۇق كەلمىدى. ئاخىر ۋىزۋوت كوماندىرى ئورۇنباسار ۋىزۋوت كوماندىرىغا بۇلارنى قوشراپقا ئاچىقىپ، قوماندانلىق شتابقا تاپشۇرۇپ بېرىشنى بۇيرۇدى.

-سەن موشۇ يۈرتلۈق بولغاندىكىن، بىللە چىق، - دېدى ۋىزۋوت كوماندىرى.

بۇنىڭدىن شۇ قەدەر رازى بولدۇڭ ۋە چەكسىز سۆيۈنۈپ كەتتىڭ. چۈنكى، سەن قوماندانلىق شتابىغا چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالماقچى بولغانىدىڭ.

ئۇلارنى شتابقا چۈشەندۈرەلەرسەنمىكىن؟

«چوقۇم چۈشەندۈرىمەن!....»

شتاب مامۇت ئەپەندىنىڭ زەينىددىن زايىتوفنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىغا ئىشىنەرمىكىن؟

«چوقۇم ئىشىنىدۇ!...»

ئەمما، شتابتىكىلەر ئىشەنمەيتۇ.

«ئاھ، خۇدا!...»

سەن ئازابتىن نالە قىلدىڭ، قەلبىڭ قانغا بويالدى، خۇددى «رازىق»- زەينىددىن زايىتوفنى قۇتقۇزۇپ قالىمەن دەپ قامچا يېگەندە، ئوق تەگكەن پۇتۇڭ قوزۇق بىلەن كوچىلانغاندا، مەتسالىغا ھاپاش بولۇپ كىتىۋېتىپ مۈرەڭگە ئوق تەگكەندە، ئەزايىڭ قانغا بويالغاندەك. چۈنكى، ساڭا چۈشەندۈرۈش پۇرستى نېسىپ بولمىغاندى؛ سەن چۈشەندۈرۈش پۇرستىدىن مەھرۇم قالغانىدىڭ.

سىلەرگە ئۇلارنى يالاپ ئاتىرىس جىلغىسىغا كىرگەندە، ئېتىۋېتىش

تۇغرىسىدا بۇيرۇق كەلدى. بۇيرۇقنى ئاڭلاپ مېڭەڭدىن تۇتۇن چىقىپ كەتتى، زورلاپ كۆيدۈرۈلگەن ھۆل ئوتۇندىن چىققان تۇتۇندەك. شۇڭا، بۇيرۇق ئەكەلگەن يىگىتتىن جان ئاچچىقىدا سورىدىڭ:

- «يۇسۇپ بەگنىڭ شۇنچە يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، شۇنچە سادىق غالچىلىرى تۇرسا، خەتنى ئۇلارغا يازماي، نېمىشقا بىزنىڭ يېقىن كىشلىرىمىزگە يازىدۇ؟» دېمىدىڭمۇ؟!

- دېدىم...

- مامۇت ئەپەندىنىڭ چوپانلىقلارنىڭ دەردىنى يۇتۇپ، غېمىنى يۇدۇپ يۈرگۈچى سۆيۈملۈك ئۇستازى ئىكەنلىكىنى دېمىدىڭمۇ؟!

- دېدىم...

- ئۇنىڭ قاراڭغۇ دىللارنىڭ نۇرلۇق چىرىغى، مەنزىلىنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلەلمىگۈچىلەرنىڭ مەنىۋى يېتەكچىسى، چۈشكۈن قەلبلەرنىڭ روھى تۈۋرۈكى ئىكەنلىكىنى دېمىدىڭمۇ ؟!

- دېدىم...

- ئۇنىڭ زەيىنددىن زايىتوفنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىنى دېمىدىڭمۇ؟!

- دېدىم...

- « ئۇ يالاقچى بولسا، نېمىشقا مىللى ئارمىيە رەھبىرىنى قۇتقۇزىۋالىدۇ؟» دەپ سورىمىدىڭمۇ؟!

- سورىدىم...

- ئەمىسە نېمىشقا ئىشەنمىدى ؟!

- زادى نېمىشقا؟!

- بەلكىم... ئۇ سېنىڭ يۇرتلۇقۇڭ... سېنىڭ تاغاڭ بولغاچقا، «چاپان ياپتى» دەپ..

سەن ئورۇنباسار ۋىزۋوت كوماندىرىدىن ئۇلارنى قوماندانلىق شتابقا ئاچىقىشنى ئۆتۈندۈڭ. بىراق، ئۇ ئۇنىمىدى، يېلىندىڭ، يالۋۇردۇڭ، يەنىلا ئۇنىمىدى، يېلىنىش-يالۋۇرۇشلىرىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن يوققا

چىقىرۋەردى، خۇددى كۆپۈكتەك. چۈنكى، سىلەرگە شىپىخىبۇغا چىقىپ، ئۇ يەردىكى يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلىۋاتقان دۈشمەننى يوقىتىش بۇيرۇقى بېرىلگەنىدى. شۇڭا، بۇيرۇقنى كىچىككىنە قەتئىي بولمايتتى.

«ئاھ خۇدا، نېمىشقا ئېلى دورغىنى قايتا ئاختۇرغان بولغىيتتىم؟! مولدادا، جېنىم مولدادا، مېنى كەچۈرسىلە! مەن سىلى ئۈچۈن باتۇرلارچە جەڭ قىلىپ، روھلىرىنى خۇش، يۈزۈمنى يورۇق قىلىمەن!».

تاغاڭ بىلەن باغىرلىشىپ ۋىدالىشىۋېتىپ، شۇنداق پىچىرلىدىڭ، ئۆز-ئۆزۈڭگە شۇنداق دەپ قەسەم بەردىڭ.

«پاك !!!...»

سەن ئۆزۈڭنى قۇملۇققا دۇم تاشلاپ ئەلەم بىلەن يىغلىدىڭ؛ پىغان بىلەن يىغلىدىڭ؛ ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ ھەسرەت بىلەن يىغلىدىڭ. ئارقا-ئارقىدىن ئېتىلغان ئوقلار بىلەن كۆكسۈڭ ئۆتمە تۆشۈك بولۇپ، يۈرىكىڭدىن ئاققان قىپقىزىل قان بىلەن قوشۇلۇپ قۇملۇققا سىڭىپ كەتتىڭ. كۆزۈڭدىن ئاققان ھەسرەتلىك ياشلار بىلەن قوشۇلۇپ، ئاتىرىس قۇملۇقىغا سىڭىپ كەتتىڭ.

## 24

سىلەر ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولۇپ، بىر ھەپتىدىن كېيىن قوشراپقا يېنىپ چىقتىڭلار. شۇ كۈنى داداڭنى، تاغاڭنى سېغىنىپ زادىلا ئۇخلىيالمىدىڭ. بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ گازارمىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، ئۆزۈڭنى يۇلغۇن تۈۋىگە دۇم تاشلاپ، قۇملۇقنى ئاراپ بىلەن مۇجۇپ، يۈزۈڭنى قۇملۇققا سۈركەپ ھەسرەت بىلەن ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلىدىڭ.

«دادا، مېنى كەچۈرگىن، مېنىڭ يارىماسلىقىمنى، قىساسىنى ئۇنتۇپ، ئۆز ۋىجدان - غۇرۇرىغا، ئۆز ئېتىقادىغا ئاسىيلىق قىلغان

مەندەك گۇمراھ بەندىنى، يېرىم يولدىن قايتىپ كېلىپ، دادىسىدىن، جەننەت ساداسىدىن مەھرۇم قىلىپ، كىچىكىپ ئەقىل تاپقان نادان ئوغلۇڭنى كەچۈرگىن!

«مولدادا، جىنىم مولدادا، قەيسەرلىكىم، ئۆلۈمدىن قورقماسلىقىم بىلەن پولىك رەھبەرلىرىنىڭ ۋە جەڭچىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن شۆھرەتلىك بىر جەڭچى تۇرۇپ، سىزنى ئاقلىيالمىدىم، سىزنى قۇتقۇزۇپ قالالمىدىم. مېنى كەچۈرۈڭ! مەن سىز ئۈچۈن جەڭ قىلىپ، قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ، روھىڭىزنى خۇش، يۈزىڭىزنى كۈندەك يورۇق قىلىمەن.».

ئەمما، شۇنى ئويلاپ ئۇزاق ئۆتمەي، سەنمۇ خۇددى تاغاڭغا ئوخشاشلا تۆھمەتكە قالدىڭ.

گەمدە ناخشا ئاڭلاۋاتاتتىڭ. ناخشىنى ھىلالدىن ئىسىملىك بىر يىگىت تاغ راۋىبى بىلەن تەڭكەش قىلىپ ئوقۇۋاتاتتى:

ئۇچراتمىدىم ئالەم ئارا سەندەك ئوماقتىن، قۇرغۇيۇم،
بىر تامچىسى مىڭ جانغا تەڭ زەمزەم بۇلاقتىن، قۇرغۇيۇم.

بولدۇم جۇدا سەندىن ۋىسال ـ قۇت پەيتىدە مەستخۇشلىشىپ،
قىلماي ھەزەر قەددە زىبا، كۆڭلى قۇراقتىن، قۇرغۇيۇم.

تۇرغاچ تەبەسسۇمزارلىقىڭ تەلپۈندۈرۈپ كۈندۈز- كېچە،
ئىزدەپ سېنى كەلدىم ئۇزاق، بەكمۇ ئۇزاقتىن، قۇرغۇيۇم.

پۈت-پەيلىرىڭ يىپتا بوغقۇچلانغاچ، ئۇچالماي كەلمىدىڭ،
يا مەن ئۆتەلمەي بارمىدىم قاپقان ـ تۇزاقتىن، قۇرغۇيۇم.

شەپقەت كۈتۈپ كەتتى ئۆتۈپ گۈلدەك گۈزەل ياش ئۆمرىمىز،

ئەمدى مېھىر كۈتمەيلى بەس، قەلبى دوزاختىن، قورغۇيۇم.

چۈش كەپتىرىلىك كەلگەنىكەن، قايچا ئەۋەتتىم، يىپىنى كەس،
قاپقان چاقاي، دەرھال ئەۋەت گۈرزە-چوماقتىن، قورغۇيۇم.

نۇسرەت قازاندىم ئاخىرى، كەلگىن باغىرلاش مەن بىلەن،
قانىماي سۆيەي مەھكەم تۇتۇپ ئىككى قولاقتىن، قورغۇيۇم.

ئۇنىڭ ناخشىلىرى شۇنداق ئېزگۈ، راۋىبىنىڭ پەي تارلىرىدىن تارقالغان كۈي ئادەمنى مۇڭغا سالاتتى؛ ئۇنىڭ راۋىبىنىڭ پەي- تارلىرى ئارقىلىق سوزۇلۇپ-سوزۇلۇپ چىققان يۈرەك تىۋىشلىرى قەلبلەردە تاغ شارقىراتمىلىرىدەك ئەكس سادا قايتۇرۇپ، نىمجان روھ يىلتىزلىرىغا ئۈمىد بولۇپ قۇيۇلاتتى؛ ئۇنىڭ ئىلھامبەخش كۈيلىرى تومۇر-تومۇرلارغا، ئۆگە -ئۆگىلەرگە يامراپ كىرىپ، يۈرەكلەرنىڭ ھاياتى كۈچىنى ئۇرغۇتاتتى !

تەگرىگە يازغان خېتىم تەگكەنمىدۇ ؟
دەرتلىرىم دىل تارىنى چەككەنمىدۇ ؟

....

ئەپسۇسكى، ناخشىنىڭ داۋامىنى ئاڭلىيالمىدىك. چۈنكى، سىنى روتا كوماندىرى جىددى چاقىرتقانىدى. شۇڭا، سەن ناخشىغا قىيمىغان ھالدا ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، سىنى قىچقىرغىلى كىرگەن ھېلقى جەڭچىدىن:
- كوماندىر نىمە دەيدىكەن ؟- دەپ سورىدىك.
- تاڭ، پولك شتابىدىن بىر قانچە رازۋېدكىچى كەپتىكەن، شۇلار بىلەن مۇڭدىشىپ تۇرىدىغۇ. كۆزلىرى چەكچىيىپ كىتىپتۇ.
سەن گەمىدىن چىقتىڭ. سىم-سىم يامغۇر تېخىچە يېغىۋاتاتتى.

تاغلارغا قاپقارا تۇمانلار مىنگىشىۋالغانىدى. سىم-سىم يامغۇرنىڭ راھەتبەخش سوغۇقى قەلبىڭدىكى ئەكس ساداغا تېخىمۇ ھاياتى كۈچ بەخش ئېتەتتى:

تەڭرىگە يازغان خېتىم تەگكەنمىدۇ؟

دەردلىرىم دىل تارىنى چەككەنمىدۇ؟

پىچىرلىدىڭ: «دەردلىرىمىز تەڭرىگە يەتكەنمىدۇ؟ يەتكۈزەلەرمىزمۇ؟ تەڭرى تەسىرلەنگەنمىدۇ؟ تەسىرلەندۇرەلەرمىزمۇ؟... دەردىمىزنى چوقۇم يەتكۈزىمىز، چوقۇم تەسىرلەندۈرىمىز. چۈنكى، بىز ئەرز - دادىمىزنى تەڭرىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىمىز؛ تەڭرىنى تەسىرلەندۈرۈش ئۈچۈن، ھۆرلۈك-باراۋەرلىك، تىنىچلىق ئۈچۈن تىنىچسىزلىق قىلىۋاتىمىز!...»

سەن يۈرىكىڭدە شۇنداق پىچىرلىغاچ، ئىتتىك قەدەملەر بىلەن روتا كوماندىرىنىڭ قېشىغا كەلدىڭ. ئۇ مەتسالى قاتارلىق تۆت نەپەر يىگىت بىلەن ساڭا ئۇن-تىنسىز قاراپ تۇرۇشاتتى؛ ئۇلارنىڭ چېھرىدە ھەيرانلىق، گۇمان، نەپرەت لەيلەپ تۇراتتى، خۇددى ئاۋۇ تۇمانلاردەك.

سەن مەتسالى بىلەن كۆرۈشمىگىلى بىر قانچە كۈن بولغانىدى. ئۇنى دوستانە مېھرىڭ بىلەن سېغىنغانتىڭ. شۇڭا، ئۇنىڭ قاپقارا كۆزلىرىگە بېلىقتەك شۇڭغۇپ، باغرىغا سىڭىپ كەتمەكچى بولدۇڭ؛ شادلىق نىگاھلىرىڭ بىلەن قوللىرىنى مەھكەم سىقىپ، سەممىي سېغىنىشلىرىڭنى ئىزھار قىلماقچى بولدۇڭ:

- بارمۇ سەن؟!...

- بار!

مەتسالى شۇنداق دەپ قولۇڭنى تۇتتى-دە، قاتتىق قىسىپ، شارتلا قايرىدى. سەن تۇيۇقسىز قالغاچقا، قولۇڭ «قاراسسىدە» قايرىلىپ، ئاغرىققا چىدىيالماي تولغىنىپ كەتتىڭ، خۇددى ئېشىپ قويۇپ بېرىلگەن ئارقاندەك. شۇنىڭ بىلەن قولۇڭ بىردەمدىلا دۈمبەڭگە ئۆتۈپ قالدى.

ئۇنىڭغىچە يىگىتلەرنىڭ بىرى يەنە بىر قولۇڭنىمۇ دۈمبەڭگە ئاچىقىپ بولدى. ئۈچىنچى بىر يىگىت قولۇڭنى چەمبەرچەس باغلىۋەتتى. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچىلىك بولغان ئارىلىقتا يۈز بەرگەن بۇ ئىشلاردىن سەن شۇنداق ھەيران قالدىڭكى، بۇنىڭ ئوڭ-ۇڭ ياكى چۇشۇڭ ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالمايلا قالدىڭ؛ قاراسلىغىنىڭ بىلىكىڭ ياكى ئەسەبلىرىڭ ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالماي قالدىڭ؛ ئاغرىق ئازابىدىن كۆزۈڭدىن سىرغىپ چۈشكەن سۈيۈقلۇقنىڭ ياش ياكى سىم-سىم يامغۇر ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالماي قالدىڭ، شۇڭا:

- بۇ... بۇ... مەن... مەن... - دەپلا قالدىڭ روتا كوماندىرىغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ.

ئۇمۇ ھەيرانلىقتىن نېمە دېيىشنى، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالغانىدى. سەن مەتسالىغا قاراپ ئېغىز ئاچتىڭ:

- ئاداش، بۇ...

- ئاغزىڭنى يۇم، ئەبلەخ! - دېدى مەتسالى كاچىتى بىلەن ئاغزىڭغا بىرنى ئۇرۇپ، - كىم سېنىڭ ئادىشىڭكەن؟ سېنىڭ ماڭا ئاداش بولۇش سالاھىيىتىڭ بارمۇ تېخى؟ ئۇقۇپ قوي، بۈگۈندىن باشلاپ مېنىڭ سەندەك مۇناپىق ئادىشىم، ساتقۇن «قورغۇي»ۇم يوق!

بۇنى ئاڭلاپ ئەسەبلىرىڭ ھەيرانلىقتىن تېخىمۇ قاتتىق قاراسلاپ كەتتى. شۇڭا، ئاغزىڭدىكى تۈكۈرۈك ئارىلاش قاننىڭ تەمىنى سېزىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەي يۇتۇۋېتىپ دېدىڭ:

- نېمە؟ كىم مۇناپىقكەن؟! كىم «قورغۇي»كەن؟!

گەمىلەردىن يىگىتلەر چۈۋۈلۈپ چىقىشىپ ئەتراپىڭغا غۇژژىدە ئولاشتى. يامغۇر سىمىلداپ ياغاتتى، تۇمانلار تېخىمۇ قويۇقلىشىۋاتاتتى، مەتسالى ئۆزىنى ئاران-ئاران تۇتۇپ تۇراتتى.

- سەن بولماي، مەنمىدىم ئەمىسە؟! - دېدى ئۇ زەردە بىلەن.

سەنمۇ ئېسىڭنى يىغىپ دېدىڭ:

- ئاغزىڭغـا بىقـىپ سـۆزلە جۇمـا، كـىم مۇنـاپىقكەن؟ كـىم «قۇرغۇي»كەن؟..«قۇرغۇي» ئۆزۈڭمۇ تېخى؟!

ئۇ ئاچچىقىنى باسالماي يۈزۈڭگە يەنە بىر كاچات سالدى. يۈزۈڭ كۆيۈشۈپ ئېچىشىپ، قۇلىقىڭ جۇڭگۇلداپ كەتتى. كۆزۈڭدىن ئوت چاقناپ، تۇمانلىق دۇنيانى نۇرىستانغا ئايلاندۇرىۋەتتى. سەن سىم-سىم يامغۇر يېغىۋاتقان تۇمانلىق دۇنيادا ئەمەس، قەلبىڭدىكى نۇرانە دۇنيادا تۇراتتىڭ. قەلبىڭ گۈزەل كۈيلەر - جەننەت ساداسى بىلەن تولغانىدى. چۈنكى، سەن ھەرگىزمۇ مۇناپىق - «قۇرغۇي» ئەمەس ئىدىڭ.

ئەگەر روتا كوماندىرى ۋە ئۈچ يىگىت مەتسالىنى تۇتۇۋالمىغان بولسا، ئـۇ سـېنى قانچىلىـك ئـۇرۇپ كېتەتـتىكىن؟ ئـۇرۇپ نېمىلەرنـى قىلىۋېتەتتىكىن؟

بىلمەيتتىڭ.

چۈنكى، ئۇنىڭ ئەلپازى يامان، ساڭا ئېتىلىپلا تۇراتتى، خۇددى باغلاقتىكى ئىتتەكلا. شۇڭا، سەن ئۇنىڭ مەتسالى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيلا قالغانىدىڭ.

- بولدى يىگىت، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال!

روتا كوماندىرى ئۇنىڭغا بىر مۇنچە نەسىھەت قىلىۋىدى، ئۇ بىر ئاز پەسكويىغا چۈشتى. ئەمما، يىگىتلەرگە قاراپ:

- يىگىتلەر، قاراڭلار، كۆرۈپ قويۇڭلار!- دېدى ئۇ ئۇنلۇك قىلىپ،- ئۆزىنى قەھرىمان چاغلاپ يۈرگەن، - بېگىز بارمىقى بىلەن سېنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ داۋام قىلدى،- ماۋۇ يىگىت «قۇرغۇي»كەن! يۈز نەچچە يىگىتنىڭ جېنىغا زامىن بولغان «قۇرغۇي» موشۇكەن!...

ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدۈڭ:

- ياق! ياق! ماڭا ئىشىنىڭلار، يىگىتلە. مەن قانداق بولۇپ «قۇرغۇي» بولاي؟ مەن ھەرگىز «قۇرغۇي» ئەمەس!...

تاغلار ئەكس سادا قايتۇردى:

«‹قۇرغـــۇي› ئەمەس... ‹ قۇرغـــۇي› ئەمەس... ‹قۇرغـــۇي› ئەمەس...»

- قولىمىزدا ئىسپات بار!

- زېمىندىن سادا كەلدى:

- «يالغان!..يالغان!...يالغان!...»

ئۇلار سېنى باغلاپ، ئالدىغا سىلىپ ئىلىپ مېڭىشتى. كۆك ئىسەدەپ يىغلايتتى، خۇددى تۆھمەت خەنجىرى سانجىلغان يۈرىكىڭدەك. يۇزلۇك كۆيۈپ ئېچىشاتتى، گويا كى ھاقارەتلەنگەن قەلبىڭدەك. تۆھمەتتىن قىزىغان قانلىرىڭ كۆۋرەيتتى، مىسالى زەرەپشان دەرياسىنىڭ باھاردىكى كەلكۈنلىرىدەك.

«بۇ نىمە ئۈچۈن؟ زادى نىمە ئۈچۈن؟ نېمىشقا مەن ‹قۇرغۇي› بولۇپ قالىمەن؟ ياق، بۇ بىر ئۇققۇشماسلىق! بۇ بىر چوڭ خاتالىق! بۇ بىر تۆھمەت! مەن ھەرگىز ‹قۇرغۇي› ئەمەس!... ئەمەس!.. ئەمەس!...»

يۈرىكىڭ ئىسيان بىلەن تولغاندى. ئەمما، يۈرىكىڭنىڭ بۇ ئىسيانلىرى ھازىر ھېچنىمىگە ئەرزىمەيتتى، ھەر قانچە نەرە تارتسىمۇ، سېنى ھەرگىز ئاقلىيالمايتتى. سېنى پەقەت «قۇرغۇي» ياكى «قۇرغۇي» بىلەن بىر قېتىم يۈز كۆرۈشكەن دۈشمەن ئالاقىچىسىلا ئاقلىيالايتتى. بىراق، دۈشمەننىڭ شۇ ئالاقىچىسى زادى كىم؟ نەدە؟ ئۇنى قانداق تېپىش مۇمكىن؟

بىلمەيتتىڭ.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، تاغاڭنىڭ «خائىن» بولۇپ چىقىشى، «قۇرغۇي» ئۈچۈپ كەتكەن شۇ كېچە سېنىڭ گازارمىدىن يوقىلىپ كىتىشىڭ بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ چىگىشلەشتۈرىۋەتكەنىدى.

شۇڭا، قەلبىڭدىكى ئىسيان شىپپىدە پەسىيىپ قالدى. چەكسىز ئۈمىدسىزلىك ئۈستۈڭدىن تاغدەك بېسىپ، سېنى ھالسىرىتىپ قويدى. ئەگەر مەتسالىنىڭ ئەلپازىدىن قورقمىغان بولساڭ، ئاستىڭدىكى ياپيېشىل

چىملىققا ئۈزەڭنى دۇم تاشلاپ، يۇمران چىملىقنى كۆز يېشىڭ بىلەن سۇغارغۇڭ بار ئىدى؛ ئەگەر «قۇرغۇي» دېگەن شەرمەندە نام بىلەن ئۆلۈپ كېتىشتىن قورقمايدىغان بولساڭ، يامغۇر سۈيى بىلەن چىملىقتا ئەبەدىيلىك سىڭىپ كەتكۈڭ بار ئىدى.

- ماڭە ئىتتىك!

- مەتسالى گەدىنىڭدىن ئىتتىردى. سەن سەنتۈرۈلۈپ ـ سەنتۈرۈلۈپ پاتقاققا دۈم چۈشتۈڭ. كىيىم-كېچەكلىرىڭ، يۈز- كۆزلىرىڭ پاتقاق بىلەن بۇلغاندى، خۇددى «قۇرغۇي» نىڭ قەلبىدەك. ئەمما يۈرىكىڭگە ھېچنىمە چاچرىمىدى - شۇنداق غۇبارسىز، شۇ قەدەر سۈزۈك، گوياكى گۈل بەرگىدىكى شەبنەمدەك.

نېمىشقا شۇ چاغلاردا ئوق پۇتۇمغا تەگكۈچە، كۆكسۈمگىلا تېگىپ جېنىمنى ئالمىغان بولغىيتتى؟ نېمىشقا مەتسالى مېنى قۇتقۇزىۋالغان بولغىيتتى؟ شۇ چاغدا مەتسالى مېنى قۇتقۇزۇۋالغۇچە، قېچىپ كەتكەن بولسا، مەن ئۆلۈپلا كەتكەن بولسام، شەرەپلىك ھاياتىم بۇنداق شەرمەندە ھاياتقا ئايلىنىپ قالمايتتى.

ئاھ، خۇدا! ماڭا ئىچىڭ ئاغرىسۇن، مېنى بۇ تۆھمەت بالاسىدىن ئۆزۈڭ خالاس قىل! مەن جەڭلەردە ئۆلۈشكە، مەردلەرچە قۇربان بېرىشكە رازىمەنكى، بۇنداق تۆھمەت بىلەن ئۆلۈشكە رازى ئەمەس!

ياشلىرىڭ تاراملاپ تۆكۈلۈپ، پاتقاققا سىڭىپ كېتىۋاتاتتى. ئەمما، سەن سىڭىپ كېتەلمەيتتىڭ. چۈنكى، سەن پاتقاق ئۈستىدە ئەمەس، ئۆزۈڭنىڭ قەلبىڭدە، قەلبىڭدىكى گۈزەل كۈيلەر - جەننەت ساداسى ئىچىدە يىغلاپ ياتاتتىڭ. بۇ جەننەت ساداسى ئاخىر روھىڭنى ئۇرغۇتۇپ، سېنى ئورنۇڭدىن لىككىدە تۇرغۇزىۋەتتى. سەن مەتسالىغا دوستانە غەزەپ بىلەن ئالىيىپ قويۇپ، مەردانە قەدەملەر بىلەن مېڭىپ كەتتىڭ.

سوراق قىلىندىڭ، ئەلۋەتتە، ياۋۇزلارچە ئەمەس. بىراق ياۋۇزلارچە سوراق قىلىنغاندىنمۇ بەتتەررەك قىينالدىڭ، ئازابلاندىڭ!... ئاخىر

تاغاڭنىڭ «خائىن»لىقى، زۇمرەت «قۇرغۇي»نى قاچۇرۇپ قويغان كېچىدە سېنىڭ گازارمىدىن ئايرىلىشىڭ ۋە سېنىڭ «قۇرغۇي» ئىكەنلىكىڭ توغرىسىدىكى ئاخبارات ئىسپات قىلىنىپ، «كۆك بۆرە»نى پاش قىلىپ قويۇپ، ئۇنىڭ قۇربان بولۇشىغا سەۋەپ بولغانلىقىڭ، مەخپىيەتلىكنى ئاشكارلاپ قويۇپ، يۈز نەچچە جەڭچىنىڭ جېنىغا زامىن بولغانلىقىڭ ئۈچۈن ئۆلۈمگە بۇيرۇلدۇڭ. بىرگادا شتابىدىن بۇيرۇق كەلسىلا، سەپداشلىرىڭ ئالدىدا ئېتىپ تاشلىناتتىڭ.

شۇ كېچە يۈرۈكىڭنىڭ ئاغرىقىغا چىدىيالماي، ئازابلىنىپ زار-زار يىغلاپ چىقتىڭ. چېرىكلەر ياراڭنى قوزۇق بىلەن كوچىلىغاندىمۇ يۈرىكىڭ بۇنداق ئاغرىمىغانىدى؛ ئۆلۈم بۆرىسى ساڭا ھەملە قىلىپ كەلگەندىمۇ ۋۇجۇدۇڭ بۇنچە تىترىمىگەنىدى؛ گۆر ئاغزىغا كېتىۋاتقان چېغىڭدىمۇ كۆزۈڭدىن بىر تېمىم ياشمۇ چىقمىغانىدى! شۇڭا سەن تەسەللىگە مۇھتاج ئىدىڭ. ئەمما، ساڭا ھازىر ھېچنېمە تەسەللى بولالمايتتى، ھەتتا ئۆلۈممۇ!چۈنكى، سەن ئۆلۈمگە بۇيرۇلغىنىڭ ئۈچۈن ئەمەس، «قۇرغۇي»دېگەن شەرمەندە ئاتاققا قالغىنىڭ ئۈچۈن، نۇمۇستىن ئۆرتىنىپ يىغلاۋاتاتتىڭ.

«ئاھ،خۇدا، بۇ نېمە كۆرگۈلۈك ماڭا؟ نېمشقا... زادى نېمشقا مېنى ‹قۇرغۇي› قىلىپ قويىسەن؟ قايسى گۇناھىم ئۈچۈن؟ قىساسىمنى ئۇنتۇغىنىم ئۈچۈنمۇ؟ يىرىم يولدا غايە، ئېتىقاد ۋە ئۇلۇغۋارانە ئىستەكلىرىمدىن يېنىۋالغان گۇناھىم ئۈچۈنمۇ؟ مەن ئۇ گۇناھىم ئۈچۈن توۋا، مىڭ توۋا قىلدىمغۇ؟ نېمشقا توۋامنى قوبۇل قىلمايسەن؟ گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلمايسەن؟ توۋا-ئىستىغپارلىرىم، مۇناجات-ئىلتىجالىرىم، دەرگاھىڭغا يەتمىدىمۇ-يا؟»

شۇنداق چۇڭقۇر ئەلەم-ھەسرەت بىلەن ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلايتتىڭ. ئەگەر ۋۇجۇدۇڭنى قەلبىڭدىكى گۈزەل كۈيلەر-جەننەت ساداسى قاپلاپ تۇرمىغان بولسا، ئازاپ-ھەسرەتتىن يۈرىكىڭ، ۋۇجۇدۇڭ

خۇددى سىمابتەك ئېرىپ، ئاستىڭدىكى داق يەرگە سىڭىپ كېتىشىڭ مۇمكىن ئىدى، گوياكى كۆز يېشىڭدەك.

«ئەي شەپقەتلىك ئىگەم، سەن ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىسەن. بىر مۆجىزە يارىتىپ، ‹قۇرغۇي› نى ۋاقتىدا ئاشكارلاپ، مېنى بۇ تۆھمەت بالاسىدىن قۇتقۇز! دادامنىڭ ئالدىغا ‹قۇرغۇي› نىڭكىدەك پاسىقانە قاناتلىرىمنى سۆرەپ ئەمەس، ‹كۆك بۆرە› نىڭكىدەك مەردانە قەدەملەر بىلەن بېرىشنى نېسىپ ئەت!»

قەلبىڭدە ھىلالىدىنىنىڭ ناخشىسى ئەكىس سادا قايتۇراتتى:

تەڭرىگە يازغان خېتىم تەگكەنمىدۇ؟

دىللىرىم دىل تارىنى چەككەنمىدۇ؟

- نېمانداق تولا يىغلايسىز؟ ئۆلۈم شۇنچىۋالا قورقۇنچلۇقما؟!

سەن بىلەن بىللە قاماپ قويۇلغان ئون سەككىز ياشلاردىكى پوسكاملىق ئەدھەم ئىسىملىك يىگىت شۇنداق دەپ، سېنى ئازابلىق خىيال، ئازابلىق ئىلتىجا قوينىدىن سۆرەپ چىقتى. ئۇ تەسلىم بولغان يۇقىرى دەرىجىلىك بىر ئوفىتسېرنى ئېتىپ تاشلىغانلىقى ئۈچۈن، ھەربىي ئۇستاب بويىچە ئۆلۈمگە بۇيرۇلغانىدى.

-...

- بىلەمسىز،ئادەم ئۆلۈش ئۈچۈن يارالغان.

ئۇنىڭغا لاپپىدە قارىدىڭ، ئۇ ساڭا-ئۆلۈمگە غالىبانە تەبەسسۇم بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى. سېنى ئۇنىڭ ئۆلۈمگە غالىبانە تىكىلىشى ئەمەس، بىر چاغدا موللا ئايۇپ دېگەن گەپنىڭ ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىشى سېنى تولىمۇ ھەيران قالدۇرغانىدى.

«ئادەم ئۆلۈش ئۈچۈن يارالغان؟!...»

ئۆزۈڭنىڭ سوئالىنى ئۆزۈڭ تەستىقلىدىڭ: «شۇنداق!... بىراق ھەرگىزمۇ شەرمەندە ئۆلۈم ئۈچۈن ئەمەس!»

شۇڭا، سەن گەپ قىلمىدىڭ، گەپ قىلىشقىنىڭمۇ ئورنى يوق ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئۆلۈمى سېنىڭ ئۆلۈمىڭگە ئوخشاش شەرمەندە ئۆلۈم ئەمەس، بەلكى تېگى-تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يەنىلا شەرەپلىك ئۆلۈم ئىدى. ئەمما،سېنىڭ شەرەپلىك ئۆلۈم ئۈچۈن ياشىغۇڭ بار ئىدى، ھەرگىزمۇ شەرمەندە ئۆلۈم ئۈچۈن ئەمەس!

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، بىر چاغدا ئۇنىڭدىن:

- ئۇ ئوفىتسېر تەسلىم بولغاندىكىن، يەنە نېمىشقا ئېتىۋەتتىڭىز؟- دەپ سورىدىڭ. بۇ ئۇنىڭدىن تۇنجى قېتىم سوئال سورىشىڭ، شۇنداقلا تۇنجى قېتىم گەپ قىلىشىڭ ئىدى.

ئۇ سوئالىڭغا جاۋاپ بېرىش ئۈچۈن كەچۈرمىش سۆزلەشكە باشلىدى.

## 25

- مەن مۆھتەرەمقىز ئىسمىلىك بىر قىزغا توساتتىنلا ئاشىق بولۇپ قالدىم، بىر كۆرۈپ بولغۇچىلا دەڭا، ئۇ بازارلىق بىر ناۋاينىڭ قىزى ئىدى. ئۇ شۇنداق چىرايلىق قىز ئىدىكى، خۇددى ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس دېگەندەك! بىر تەبەسسۇمى بىلەن يۈرىكىم كۆل بولدى، خۇددى مۆھتەرەمقىزنىڭ تونۇرىنىڭ كۆلىدەك. ئىككى تەبەسسۇمى بىلەن زىننىقدا جان بەرگۈم كەلدى. ئاخىر ئۇنىڭ پېيىگە چۈشتۇم.

ئۇسساپ قاپتۇ قونىقىم،
سۇنى ئۆزۈم ياقىلاي.
تېۋىپكەنسىز نىگارىم،
سۆيۈپ قۇيۇڭ، ساقىياي.

دەپ ناخشا توۋلاپ، ئۇنىڭ مەھەللىسىدىن سادەك ئەگىپ كېتەلمەيدىغان بولدۇم.

ئۇ نان ساتاتتى. قورسىقىم توق بولسىمۇ، بىر قانچە ناۋايخانىنى

ئارقامدا قالدۇرۇپ، مەدىكار ئىشلەپ تاپقان پۇلۇمغا ئۇنىڭدىن نان ئېلىپ يەيتتىم. ناننى ئۇنىڭ قولىدىن شەھلا كۆزلىرىگە نۇر تالالىردەك يېيىلىپ تۇرۇپ ئالاتتىم. پۇلنى ئۇنىڭ قولىغا ئاھۇنىڭدەك كۆزلىرىگە ئاشىقانە تەبەسسۇم بىلەن بېقىپ تۇرۇپ بېرەتتىم؛ ناننى يەنە تونۇر بېشىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ زىلۋا قامىتى، ئانار دەك قىپقىزىل لەۋلىرىدىن هۇزۇرلانغاچ ئالدىرىماي يەيتتىم. نېنىمنى يەپ بولۇپ، بىر پەس تاغدىن-باغدىن پاراڭ سېلىشىپتىپ:

ئەي ساقىي، مەي ئىچسەم ئۇرىدۇ دادام،
ئىچمىسەم، ئېچىشار دىلدىكى يارام.
نە قىلاي مەي ئىچمەي، يارىمنىڭ ئىشقى،
تۈز سېپىپ يارامغا بەرمىسە ئارام؟

دەپ ناخشا ئېيتقان پېتىم كەينىمگە قارا-قارا كېتىپ قالاتتىم.

بىر كۈنى ئۇنىڭدىن نان ئېلىپ، تونۇر بېشىغا چىقىپ، ئوتسىنغاچ يېيىشكە باشلىدىم. نان يېگەچ ئۇنىڭغا سۆيگۈ ئىزهار قىلماقچى بولدۇم. لېكىن، ھەرقانچە قىلىپمۇ تىلىم گەپكە كەلمىدى. كۆڭلۈمگە ئۇنىڭغا ئاتاپ تىزىپ قويغان چىرايلىق، مۇھەببەتلىك سۆزلىرىمنىڭ بىرىمۇ يادىمدا قالمىغاندى. نېنىم تۈگەپ قېلىپ، يەنە يەي دېسەم، قورسىقىم تويۇپ قېلىپ، تىت-تىت بولۇپ تۇرسام، ئۇ ئۆزى ئېغىز ئېچىپ قالدى:

- سىلىنىڭ مەھەللىدە ناۋاي يوقما؟

- بار.

ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇ نەرگىسكە ئوخشاش جىلمىيىپ يەرگە قارىۋالدى. ئۇنىڭ بۇلاق كۆزلىرىدىن چاچرىغان ئىشىق چېقىندىلىرى كۆكسۈمنى تېشىپ ئۆتۈپ، يۈرىكىمنى كۆيدۈرۈشكە باشلىدى، خۇددى مۆھتەرەمقىزنىڭ تونۇرى دادىسى ياققان نانلارنى كۆيدۈرگەندەك. شۇگىمكىن، پۇت-قولۇم بوشىشىپلا كەتتى. تونۇرغا چۈشۈپ كېتىشتىن ئەنسىرەپ، ئۆزۈمنى دەرهال ئوڭشىۋالدىم. ئۇ جىلمىيىپلا قالدى. مەن مىڭ

مۇشەققەتتە باشلانغان سۆھبىتىمىزنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن قورقۇپ، ئالدىراپلا سورىدىم:

- قانداق دەيسىز؟

- كۆندە مۇشۇ يەرگە كېلىسىز، شۇڭا...

- ناۋاي دېگەن ساماندەك. بىراق نېنى... نېنى سىزنىڭ نېنىڭىزدەك تاتلىق ئەمەس.

- ۋيەي... شىلامچى... ئادەمنى زاڭلىق قىلىپ خۇدى!

ئۇ قاپاقتىن سۇ تۆكۈلگەندەك ۋىلىقلاپ كۈلدى، مەنمۇ كۈلدۈم، يۈرىكىممۇ كۈلدى.

- راست شۇ، زاڭلىق قىلمىدىم مەن سىزنى. نېنىڭىز تاتلىق بولمىسا، شۇنچە يولنى بېسىپ كېلىپ، سىزدىن نان ئالامتىم؟ نېنىڭىزنى... سىزنى دەپلا كېلىمەن قېشىڭىزغا...

ئۇ ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى، خۇددى تونۇردىكى چوغدەك.

- ماڭغىنە ھەي، قىلىن تاز!

-سىزگە... سىزگە كۆ... كۆيۈپ قالدىم!

ئۇنىڭ مەسۇم كۆزلىرىدە سەبىي ئىشق، سەبىي مۇھەببەت يىلىنجىدى. ئۇ ئۇياتچان كۆزلىرىنى يەردىن ئۈزمەي تۇرۇپ:

- مەنمۇ!...دىدى-دە، ناۋايخانىغا يۈگۈرگەن پېتى كىرىپ كەتتى. مەن پاتمان-پاتمان شادلىق-ھاياجان يۇدۇپ ئورنۇمدىن تۇردۇم-دە، ئۆيگە قاراپ ماڭدىم. ئىچ-ئىچىمدىن ئۇرغۇپ تۇرغان خوشاللىق تومۇر-تومۇرلىرىمدا كۆۋرەپ، ۋۇجۇدۇمنى كۆيدۈرەتتى. سەكرىگۈم، كېيىك ئوغلىقىدەك ئويناقشىغۇم، «ئۇ ماڭا كۆيۈپ قاپتۇ!... مېنىڭ ئاشىقىم بار بولدى!» دەپ بار ئاۋازىم بىلەن ۋاقىرىغۇم كېلەتتى.

شۇنداق قىلىپ ئۇمۇ ماڭا ئاشىق بولۇپ قالدى. چۈنكى، مەنمۇ كېلىشكەن ئىدىم.

سەن بېشىڭنى كۆتۈرۈپ، ئەدەمگە سىنچىلاپ قارىدىڭ. بۇ ئۇنىڭغا

تۇنجى قېتىم سىنچىلاپ قارىشىڭ ئىدى. راست دېگەنــدەك، ئـۇ ناھـايىتى چىرايلىق ئىدى، خۇددى قىـز بـالا بولسـا، كۆيـۈپ قـالغۇدەك: بارمـاقتەك يوغان، قاپقـارا، ئۆسـكىلەڭ قاشـلىرى ئارىسـىدا پۇرچـاقتەك يارىشـىملىق خال، سانجاق-سانجاق، ئۇزۇن، جەسـۇرانە كىرپىكلىرىنىـڭ ھىمايىسـىدە زۇلماتتەك قاپقارا كۆز، قىرلىق بۇرۇن، قىزىل مەڭزىلىك يۇپيۇملاق يۈز...

ئەدھەم جىم بولۇپ قېلىۋىدى، سەن:

- ھە،شۇنداق قىلىپ؟...-دېدىڭ.

چۈنكى، سەن ئۇنىڭ كەچۈرمىشىگە قىزىقىپلا قالغانىدىڭ.

-شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە ئەلچىلەر ئەۋەتىلدى، ئەلچىلەرنىڭ خـۇش خەۋىرىنـى ئـاڭلاپ، نەچـچە كـېچە ئۇيقـۇم كەلمـىدى. سېلىنىغان تويلۇقنى ئاڭلاپ يەنە نەچچە كېچە ئۇخلىيالمىدىم. نامراتلىقىمىزنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلـدىم. نـامراتلىقىمىزدىن تـۇنجى قېـتىم ئۆكۈنـۈپ، تـۇنجى قېتىم يىغلىدىم. چۈنكى،تويلۇق بىزگە نىسپەتەن تولىمۇ ئېغىر ئىدى. بىز بۇنداق تويلۇقنى ئون يىلدىمۇ ئالالمايتتۇق.

ئەدھەم بېشىنى تامغا تىـرەپ، كـۆزىنى چىڭگـىدە يۇمـۇپ، جىمىـپ كەتتـى. ئۇنىـڭ چەكسىـز ئازاپلىنىۋاتقـانلىقىنى، ھەسـرەتلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئىچىڭ سىيرىلىپلا كەتتى. ئەمما، تەسەللىنى ئەڭ ئـاخىردا بېرىش ئۈچۈن، يەنە سورىدىڭ:

- شۇنداق قىلىپ؟...

-شۇنداق قىلىپ، مەن باشتا مۆھتىرەمقىزنىڭ دادىسىغا نىمكار بولۇپ ئىشلىدىم. ئۇنىڭ دادىسى ئوبدان ئادەم ئىكەن، ھەققىمنى خېلى ئوبـدان بەردى. مۆھتىرەمقىزمـۇ دادىســىدىن ئــوغرىلىقچە پــۇل يىغىــپ، ماڭــا بېرىۋاتاتتى. مۇشۇ ھالەتتە بىر يىـل ئۆتـىدىغان بولسـا، مۆھتىرەمقىزنىـڭ تويلۇقىغا يەتكۈدەك پۇل يىغالايتتىم. ئەممـا، مەن بىـر يىلغىـچە سـەۋىر-تـاقەت قىلالمىـدىم، بىـر يىـل كۈتـۈپ تۇرالمىـدىم. ۋىسـال قۇچۇشقا بەك ئالدىراپ كېتىپ، ئېزىپ كەتتىم.

بىر كۈنى قوشنىمىز بىزدىن يوتقان-كۆرپە سوراپ كىرىپ قالدى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، ئۆيىگە مېھمان كېلىپ قالغاچقا، يوتقان كۆرپىسى يېتىشمەي قاپتۇمىش. بۇ بىزدە، بولۇپمۇ مەندە گۇمان پەيدا قىلىپ قويدى. چۈنكى،ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدىن خېلىلا ياخشى ئىدى. يوتقان-كۆرپىسىنىڭمۇ يېتىشمەسلىكى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئانام گەپ-سۆز قىلمايلا ئۇلارغا بىر يوتقان، بىر كۆرپە ئېلىپ بەردى.

قوشنىمىز چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، مەن ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ، سىرتقا ماڭدىم.

- نەگە بارىسەن بالام؟-دەپ سورىدى دادام.

مەن راست گەپنى قىلدىم:

- كەينىدىن بىر چىقىپ باقايمىكى دەيمەن.

- شۇنداق قىلغىنە راست، قانداق گەپ بۇ؟

مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماردىم، كەينىدىن ئاستا ئەگەشتىم. ھەممە پىشكەللىك بىزنىڭ مۇشۇ سۆزىمىزدىن، مېنىڭ مۇشۇ ماراش-ئەگىشىشىمدىن باشلاندى. مارىمىغان بولسام، ئەگەشمىگەن بولسام، مەن بۈگۈنكىدەك بۇنداق بەختسىزلا ئەمەس، پاسىق، گۇمراھ بەندىگە ئايلىنىپ قالمايتتىم.

ئەدەھەم ئازاپلىق، ھەسرەتلىك تىنىپ قويۇپ، يەنە جىمىپلا كەتتى. ئۇ ئەمدى ساڭا كەچۈرمىشىنى سۆزلەپ بەرمەيدىغاندەكلا قىلاتتى. شۇڭا، سەن يەنە سورىدىڭ:

- شۇنداق قىلىپ؟...

- شۇنداق قىلىپ،- دىدى ئەدەھەم كەچۈرمىشىنى سۆزلەشنى داۋام قىلىپ،-قوشنىمىز ئۆزىنىڭ ئۆيى تەرەپكە ماڭماي،باشقا تەرەپكە ماڭدى.

مەن نېمە قىلىمەن ماراپ، نەگە بارسا، نېمىش قىلسا قىلمامدۇ، دەپ ئويلاپ، يېنىپ كەتمەكچى بولدۇم. بىراق، يەنە قېنى، نېمىش قىلىدۇ، بىر ماراپ باقاي. ئۆزىنىڭ شۇنچە يوتقان-كۆرپىسى تۇرۇپ، ئەجەپ

بىزدىن تىلەيدۇيا، دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا يەنە ئەگەشتىم. ئۇ مېڭىپ-مېڭىپ بىر نەشپۈتلۈك باغقا ـ باغنىڭ قاق ئوتتۇرسىدىكى ئالما-نەشپۈت ساقلايدىغان گەمىگە كىرىپ كەتتى. مەن گەمىنىڭ كامىرىدىن مارىدىم، خۇددى ئوغرى مۈشۈكتەك. گەمە ئىچىدە-جىنچىراغنىڭ غۇۋا يورۇقىدا بىر يىگىت ياتاتتى.

بۇ كىمدۇ؟ ئېلاندىكى تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان يىگىت شۇمۇ، نېمە؟

مەن شۇنداق ئويلىغاچ جىممىدە قاراپ تۇردۇم. مەنمۇ تونۇمايدىغان بىر ئادەم ئۇنىڭ بىقىنىدىكى جاراھىتىنى تېڭىۋاتاتتى.

ھە، ئەسلى بۇ مۇنداق گەپكەن-دە! «تۇتۇلۇپ قالسا، چېرىكلەر مۇشۇ يوتقان-كۆرپىلەر ئارقىلىق بىزنى تۇتۇۋالمىسۇن، تۇتسا ھاپىز ئاخۇننى تۇتار...»دەپ قىلغان ئىشكەن بۇ! ئۆيىنىڭ تۈزلىنىپ كېتىشىدىن، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا چېتىلىپ قېلىپ، بېشىنىڭ كېتىشىدىن قورقۇپ... ھىم، يا قۇتقۇزمىساڭ، قۇتقۇزغاندىكىن، ھەر بالا كەلسە ئۆزۈڭ تارتىشمايزە بىزگە قارا ساناشقىنىڭنى قارا؟! ھۇ، بەتنىيەت ئەبلەخلەر!

مەن شۇلارنى ئويلاپ، ئاستا ئارقامغا ياندىم. كېتىۋېتىپ يادىمغا دۈككىدە بىر ئەقىل كېلىپ قالدى. شەيتىنىم ماڭا ئەقىل ئۆگەتكەندى.

سەنلەرنىڭمۇ نىيىتىڭ دۇرۇس بولمىغاندىكىن، مەنمۇ بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقايچۇ: ھەم ئۆچ ئالاي، ھەم خوتۇن ئالاي. ئەللىك سەر كۈمۈش دىگەن ئاز پۇلمۇ؟

مۇشۇ يىگىتنى تۇتۇپ بەرگۈچىلەرگە ياكى خەۋەرنى يەتكۈزگۈچىلەرگە ئەللىك سەر كۈمۈش ئىنئام قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا تاملارغا ئېلانلار چاپلىنىپ كەتكەنىدى. جاكارچىلارمۇ كوچىمۇ كوچا چېپىپ يۈرۈپ، بۇ ئېلاننى جاكارلاۋاتاتتى.

ئەللىك سەر كۈمۈش... ئەللىك سەر كۈمۈش مۇت پايدا!

مەن شۇنداق ئويلىغانسېرى ئۆزۈمنى ناھايىتى قۇدرەتلىك، ناھايىتى

بەختلىك ھېس قىلۋاتاتتىم.

ئەللىك سەر كۈمۈش مۆھتىرەمقىزنى ئېلىشىمغا، ئۆي سېلىشقا، كەسىپ-تىجارەت قىلىشىمغا كەڭ-كۇشرى يېتىدۇ. مەن باي بولۇپ كېتىدىغان بولدۇم- دە!

شۇ كۈنى شېرىن خىيال ئىلكىدە زادىلا ئۇخلىيالمىدىم. خىيالىمدا مۆھتىرەمقىز بىلەن قۇچاقلىشاتتىم، سۆيۈشەتتىم، مامۇقتەك كۆكسىگە بېشىمنى قويۇپ، قۇندۇز چاچلىرىنى سىلايتتىم...

بەختىيارلىق ئىلكىدە بىر كېچىنى ناھايىتى مۇشەققەتتە تاڭ ئاتقۇزدۇم. ئورنۇمدىن سەھەر تۇرۇپ ئۇدۇل دۈشمەن گازارمىسىغا كەلدىم.

-باشلىقىڭلار كىم؟-دەپ سورىدىم بىر قاراۋۇلدىن.

-نېمە ئىشىڭ بار ئىدى؟

-بەك مۇھىم گېپىم بار، تېز مېنى باشلاپ كىر... ھېلىقى تاغ ئوغرىسى توغرىسىدا...

ئالدىرىغىنىمدىن دۇدۇقلاپ قالدىم. ئۇ باش-ئايىغىمغا بىر قۇر نەزەر سېلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇستۇۋېشىمنى چالا قويماي ئاختۇردى. ئاندىن ئىچكىرىسىدە لاغايلاپ يۈرگەن بىر چېرىككە بىر نېمىلەرنى دەپ مېنى كۆرسەتتى. ئۇ كېلىپ مېنى باشلىقىنىڭ ئالدىغا باشلاپ كىردى ۋە مېنى كۆرسىتىپ بىر نېمىلەرنى دېدى.

ئەللىك ياشلارغا كىرگەن، بۇغداي ئۆڭلۈك، قۇڭۇر كۆزلۈك، ئۇ ئوفىتسىر ماڭا قارىدى، كۆزلىرىمىز ئۇچراشتى. ئۇ ھېلىقى چېرىككە بىر نېمىلەرنى دېۋىدى، ئۇ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ قاسقان شەپكىسىدىكى ھەرە چىشلىق بەلگىلەر تېنىمنى شۈركەندۈرۈۋەتتى، خۇددى ئەجدىھانىڭ چىشلىرىدەك. لېكىن، قورقمىدىم، قەددىمنى تىك تۇتۇپ، ئۇنىڭغا مەغرۇرانە نەزەر بىلەن تىكىلدىم، خۇددى خىزمەت كۆرسەتكەن قەھرىماندەك. چۈنكى، مەنمۇ ھازىر خىزمەت كۆرستىش ئالدىدا تۇراتتىم؛ خىزمەت كۆرسىتىپ، ئەللىك سەر كۈمۈشنى قوينىغا سېلىپ،

مۆھتىرەمقىزغا مەغرۇر ھالدا ئاشقلارچە تىكىلىش ئالدىدا تۇراتتىم؛ ۋىسال قۇچــۇپ، بەخـــت تۆشـــىكىدە مەستخۇشـــلىنىپ، مۆھتىرەمقىزنىـــڭ قەھرىمانى بولۇش ئالدىدا تۇراتتىم.

تىلماچ كىـردى، مەن ئەللىـك سـەر كۈمۈشـنى نەق بەرسـە، ھېلىقـى «تـاغ ئوغرىسـى»نىـڭ بـار يېرىنـى دەپ بېرىـدىغانلىقىنى ئېيتتۇيدىم، ئۇنىڭ كۆزلىرى خوشاللىقتىن چاقناپ كەتتى. دولامغا شاپىلاقلاپ مېنى بىر مۇنچىنى ماختىۋەتكەندىن كېيىن، ئالدىمغا ئەللىك سەر كۈمۈشنى تىزىپ قويدى. مېنىڭمۇ كۆزلىرىم چاقناپ كەتتى، ھاياجاندىن يۈرىكىم يېرىلىپ كەتكىلـى تاسـلا قالـدى. تېپىـرلاپ ئولتۇرالـمايلا قالـدىم. چـۈنكى، مەن ئۆمرۈمدە ئەللىـك سـەر ئەمەس، بەش سـەر كۈمۈشـمۇ كـۆرۈپ باقمىغـان، بەش سەر كۈمۈشنىمۇ بۇنداق بەختىيارلىق ئىلكىدە سىلاپ باقمىغانىدىم.

مەن ئۇلارغـا ھېلىقـى «تـاغ ئوغرىسـى»نىـڭ يوشـۇرۇنغان جـايىنى ئېيتىپ بەردىم. لېكىن ئەللىك سەر كۈمۈشنى ئالغاندىكىن، نېمە قىلىمەن سورىمىغان گەپنى قىلىپ، دەپ ئويلاپ قوشنىمىزنىڭ گېپىنى قىلمىدىم.

-سەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇر، بىز ئۇنى تۇتۇپ كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن كېتىسەن،- دېدى.

-نېمىشقا؟

-گېپىڭ راستمۇ؟ يالغانمۇ، بىز نەدىن بىلىمىز؟

مەن بىـر دەم تۇرغـاچ تۇرسـام تـۇراي دەپ ئـويلاپ، مـاقۇل بولـدۇم. چۈنكى، مەن يەنە بىرەر سائەتلەردىن كېيىن دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئادەمگە ئايلىناتتىم.

شېرىن خىياللار بىلـەن ھېچنېمىنـى تۇيمـاي قـاپتىمەن، بىـر چاغـدا ئوفتىسېرنىڭ: «قارا، مۇشـۇ يىگىـت شـۇما؟» دېـگەن ئـاۋازى قۇلىقىمغـا كىرىپ قالدى. چۆچـۈپ قارىسـام، مەن دېمەتلىـك - ئـون سـەككىز-ئـون توققۇز ياشلاردىكى بىر يىگىـت ئالدىـمدا ئـاجىزانە غـالىبلىق بىلـەن ماڭـا قاراپ تۇراتتى، مەن يۈرىكىمنىڭ چىممىدە قىلىشقا پەرۋا قىلماي:

-شۇ...شۇ!- دېدىم.

يىگىت ماڭا شۇنداق غەزەپ بىلەن ئالايدىكى، ئۇنىڭ سەبى كۆزلىرىدىن چاچرىغان غەزەب ئۇچقۇنى كۆكسىمنى تېشىپ ئۆتۈپ، يۈرىكىمگە سانجىلىپ قالدى، خۇددى يىلان نەشتىرىدەك. مەن تېپىرلاپلا قالدىم. گوياكى ئىچىمگە قوقاس چۈشۈپ كەتكەندەك، نېمىشقا بۇنچىۋالا تىپىرلاپ كەتكىنىمنى ئۇقمايتتىم.

ئۇنى ئاچچىقىپ كەتتى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇشۇمغا ئوفىتسېر ۋارقىرىدى:

- نەگە؟!

- ئۆيگە.

ئۇ زەھەر خەندىلىك بىلەن ھىجىيىپ قويدى. تېنىم شۈركۈنۈپ، يۈرىكىم ئەنسىز دۈپۈلدەپ كەتتى.

- كۈمۈشنى چىقار!

مەن ھەيران قالدىم.

- نېمىشقا؟ «تاغ ئوغرىسى»نى تۇتۇپ بەردىم يا، ئەينا؟

- تۇتۇپ بەردىم؟ ھا... ھا... ھا... تۇتۇپ بېرىپتۇ! بىزگە تۇتۇپ بېرىپتۇ تېخى! ھەي،سەن تۇتۇپ بەرمىسەڭمۇ، بىز تۇتالمايتتۇقمۇ؟!

مىنىڭمۇ غۇۋژىدە ئاچچىغىم كەلدى.

- تۇتساڭلار بولمامدۇ ئەمسە ئېلان چىقىرىپ يۈرگۈچە؟

-...

ئوفىتسېر «ئى- مى» دەپ بولغىچە سوراقنى مەن باشلىۋېتىپتىمەن:

- نېمىشقا ۋەدەڭلەردە تۇرمايسلەر؟!

- كىم ساڭا ۋەدە قىپتۇ؟

مەن شۇ چاغدىلا ئالدانغانلىقىمنى ھېس قىلىپ، شۇنداق ئاچچىغىم كەلدى:

- سەن!....

گىپىم ئۈزۈلۈپ قالدى. چۈنكى، بىر چېرىك كۆكسۈمگە مىلتىق تەڭلەپ بولغانىدى. قورقۇپ پۇت-قولۇمدا جان قالمىدى. جان ئاۋال ئادەمنىڭ تىزىدىن چىقىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ، تىزىم ئۆزۈمنى كۆتۈرەلمەي، لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالغىلى تاسلا قالدىم. شۇڭا، مەيلى، كۆمۈشنى بەرسەممۇ بىرەي، جېنىم ئامان قالسۇن، «ئاش بولسا قازان، جان بولسا جاھان» دەپتىكەن... دېگەنلەرنى ئويلاپ ئەللىك سەركۆمۈشنىڭ ھەممىسىنى تاشلاپ بىرىپ، لاغىلداپ تىترەپ تۇرغان پۇتلىرىمنى ئاران-ئاران سۆرەپ، ئىشىككە قاراپ ماڭدىم.

- توختا!

شىپپىدە توختىدىم.

- نەگە؟

- ئۆي...ئۆيگە...

- ئالدىرىما، ئۆيۈڭگە ئۆزىمىز ئاپىرىپ قويىمىز.

ئالدانغانلىقىمغا بولغان ئۆكۈنۈش، ھاماقەتلىك قىلغانلىقىمغا بولغان پۇشايمان، مىلتىقنىڭ ئىستوۋۇلىدىن مېنى يىلپىزدەك ماراپ تۇرغان ئوق، چېرىكلەرگە، بولۇپمۇ ئۆزۈمگە بولغان غەزەپ-نەپرەتلىرىم مېنى تاغدەك بېسىپ تۇراتتى. شۇڭا:

- ئۆزۈم كېتەلەيمەن، ئاپىرىپ قويمىساڭلارمۇ، ئۆزۈمنىڭ يۇرتىدا ئۆزۈمنىڭ ئۆينى تاپالمايدىغان ساراڭ ئەمەس مەن.-دېدىم ساختا سىپايىلىك بىلەن چوڭقۇر ھەسرەت-نادامەت ئىلكىدە.

- ساراڭ ئەمەس؟ ساراڭ بولمىساڭ، ئەللىك سەر كۆمۈشنى دەپ، ئۆز قېرىنداشلىڭنى بىزگە سېتىۋېتەمتىڭ؟

-.....

مەن «ئى- مى» دەپ ئىنجىقلاپ قالدىم. چۈنكى، مەن ئۆزۈمنىڭ راستىنلا ساراڭ ئىكەنلىكىمنى ئېتراپ قىلىپ قالغان ئىدىم.

راست، مەن ساراڭكەنمەن!

- سەنمۇ تاغ ئوغۇرلىرىنىڭ شېرىكى، شۇنداقمۇ؟
ئويۇننىڭ قىزىقى ئەمدى چىقىۋاتاتتى.
- ياق، شېرىكى بولسام، ئۇنى تۇتۇپ بېرەمتىم؟
- شېرىكى بولمىساڭ، ئۇنىڭ باغدا-گەمىنىڭ ئىچىدە ئىكەنلىكىنى سەن قانداق بىلىسەن؟

مەن يەنە: «ئى-مى» دەپ قالدىم. شۇڭا، مەن بۇ نەس باسقان جايدىن-ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان بۇنداق قىلىن، نامەرد مەخلۇقلاردىن تېزرەك قۇتۇلۇپ كېتىش ئۈچۈن: يەنىلا نىمكارلىقىمنى قىلىپ، ئاز-ئاز، ئاستا-ئاستا بولسىمۇ پۇل تېپىپ، موھتىرەمقىز بىلەن ۋىسال قۇچۇش ئۈچۈن: قوشنىمىزغا بەتنىيەتلىكنىڭ جازاسىنى تارتقۇزۇش ئۈچۈن، يەنى ئالدىمدىكى چېرىكلەردەكلا نامەردلىك قىلدىم؛ قوشنىمىزنىڭ بىزدىن يوتقان-كۆرپە تىلەش ۋەقەسىنى سۆزلەپ بەردىم. بىراق، ئۇلار مېنى يەنىلا قويۇپ بەرمىدى.

- يالغان! سەن چوقۇم ئۇنىڭ شېرىكى! قورسىقىمدىكىنى بىلمەيدۇ دەپ قالما مېنى. مەن بىلىمەن، سەن شېرىككىنى بىزگە تۇتۇپ بېرىش ئارقىلىق قوش پايدىغا - ھەم ئەللىك سەر كۈمۈشكە، ھەم ئاخباراتقا ئېرىشمەكچى، شۇنداقمۇ؟ بۇ سەن خەقنىڭ يېقىندىن بېرى شەكىللەندۈرۈۋالغان ئادىتىڭ.

ئاچىق!

چېرىكلەر مېنى دارقىرتىپ سۆرەپ، قاراڭغۇ بىر ئۆيگە ئەكىردى. ئۆيدە ھېلىقى يىگىت قېپقىزىل قانغا مىلىنىپ ھوشى بار-يوقنىڭ ئارلىقىدا سۇنايلىنىپ ياتاتتى. ئىككى چېرىك قانغا بويالغان قامچىلىرىنى پۇلاڭلىتىپ ماڭا ياۋۇزلارچە قاراپ تۇراتتى. يىگىتنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ، ئىچىم سىيرىلىپلا كەتتى. ئۇ چېرىكلەرگە چېقىپ قويغانلىقىمغا شۇنداق پۇشايمان قىلدىم. ئىچىمدە ئۆزۈمنى ناھايىتى سەت تىللار بىلەن بىرمۇنچىنى تىللىدىم، قارغىدىم.

چېرىكلەر ھېلىقى يىگىتكە سۇ سېپىشكە باشلىدى. ئۇ بىردەمدىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ قىمىرلىدى. ئۇنى ئىككى چېرىك قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغۇزۇۋىدى. بوينى خۇددى ئۈلۈك توخۇنىڭ بويىنىدەك ساڭگىلاپ قالدى. ئەزايىنىڭ ساق يېرى قالمىغان، بىقىنىدىكى جاراھەتتىدىن قان سىرغىپ تۇراتتى. ئۇچىسىدىكى كۆڭلەكمۇ ياكى تېرىسىمۇ پەرىق ئەتكىلى بولمايتتى. بېغىش-بېغىشلىرىم سىرقىراپ، يۈرىكىم پېژىلداپ ئېچىشىپ كەتتى. بىر چېرىك ئۇنىڭ چېچىدىن تۇتۇپ بېشىنى ئۇستۇن قىلدى.

- ئاچە كۆزۈڭنى! شېرىكىڭ مۇشۇ شۇما؟!

پېژىلداپ ئېچىشىپ تۇرغان يۈرىكىم دۈككىدە قىلىپ قالدى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ ماڭا قارىدى، ئۇنىڭ كۆزى نۇرى شۇنچىلىك زەئىپ بولسىمۇ، لېكىن كۆزۈمنى قۇياشتەك چېقىپ، كۆكسۈمنى ئوقيادەك تېشىپ ئۆتۈپ، مېنى ساراسىمگە سېلىپ قويدى، شۇڭا مەن ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سوراشقا ئالدىراپ قالدىم.

- مېنى كەچۈر، ناتونۇش دوستۇم، پۇل ئۈچۈن- مۇھەببەت ئۈچۈن ۋىجدانىنى ساتقان، ۋىجدانىنى سېتىپ پۇلىنى ئېلىپ خەجلىيەلمىگەن، مەندەك گۇمراھ، پاسىق بەندىنى كەچۈر!

ئەمما ئۇ كەچۈرمىدى، كەچۈرەلمەيتتى، ئەگەر ئۇنىڭ ئورنىدا مەن بولغان بولساممۇ، ھەرگىز كەچۈرمەيتتىم.

- شېرىكىم شۇ...ئاشۇ....خە...خەرىتە ئۇ...ئۇنىڭدا....

- ياق!... ياق!.... -دەپ ۋارقىرىدىم مەن،- يالغان! مەن ئۇنى تونۇمايمەن!

مەن ھۆركىرەشتىن شىپپىدە توختاپ قالدىم. چۈنكى ئۇنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلۇپ بولغانىدى. مېنى ساراسىمگە سالغان ئۇمۇدۋار كۆزلىرى مەڭگۈلۈك يۇمۇلغان ئىدى: ئۆز بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەرنى ماڭا يوللۇق ھالدا قالدۇرۇپ، بۇ رەزىل كىشىلەر (مەنمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بىلەن ئەبەدىلىك خوشلاشقانىدى.

چېرىك ئۇنى خۇددى ئەسكى چاپانىدەك پالاققىدە تاشلىۋېتىپ، ماڭا يۈزلەندى:

- ئېيتە، باتالىيون شتابىنىڭ موداپىيە خەرىتىسى نەدە؟!

ئۇ ئۆلۈپ كەتمىگەن بولسىمۇ بىركاشىكى، ئۇ ئۆلۈپ كەتتى. ئەمدى مېنىڭ قۇتۇلمىقىم تەس ئىدى، شۇنداقتىمۇ مەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ باقتىم:

- مەن ئۇنى تونۇمايمەن.

- تونۇمىساڭ ئۇ سېنى: «شېرىكىم ئاشۇ شۇ» دەمدۇ؟ ئۇ ئۆلدى، ئەمدى مەن تىنىۋالسام بولىۋېرىدۇ، دەپ خام خىيال قىلما. ئېيتە، خەرىتە نەدە؟!

- مەن ئۇنى تونۇ....

گېپىم چالا پېتى ئاغزىمدىلا قالدى- يالىڭاچلاندىم. بەدىنىمگە سىم قامچىلار تاراسلىداپ تېگىشكە باشلىدى. مەن ۋارقىرايتىم، چىرقىرايتىم، يۇمىلىناتتىم، تىللايتىم، قارغايتتىم. ئەلۋەتتە، ھېلىقى يىگىتنى ئەمەس. چۈنكى، مېنىڭ ئۇنىڭدىن رەنجىش ھوقوقۇم يوق ئىدى. ئۇنى تىللاش، قارغاش ھوقوقۇم يوق ئىدى! ئۇنىڭ «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» قىلىپ، مەندىن ئۆچ ئېلىشى تامامەن يوللۇق ئىدى. ئەگەر ئۇنىڭ ئورنىدا مەن بولغان بولسامىمۇ، چوقۇم شۇنداق قىلاتتىم. شۇڭا ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىماي تۇراالمايتتىم: «مېنى كەچۈر، ناتونۇش، ئەمما تونۇش دوستۇم. ھاياتلا بولسام، ئۆلۈپلا قالمىسام، قىساسىڭنى ئېلىپ، گۇناھىمنى يۇيىمەن!»

ھۇشۇمغا كېلىپ ئۆزۈمنى تۈرمىدە كۆردۈم...

- بىر ھەپتىدىن كېيىن (1946-يىلى) 1-ئاينىڭ 4-كۈنى پوسكام يىگىتلەر تەرىپىدىن ئازاد قىلىنىپ، مەن ھايات قالدىم. ئۆيگە بېرىپ ئۆزۈمنى ئانامنىڭ قۇچىقىغا تاشلاپ، خۇددى كىچىك بالىدەك ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتىم.

«دادا مېنى كەچۈرگىن! ئەقىلسىز ئوغلۇڭنى كەچۈرگىن، جىنىم دادا! مەن سېنىڭ، قوشنامنىڭ، ناتونۇش دوستۇمنىڭ، بارلىق ئاق كۆڭۈل، ساددا، جاپاكەش، بىچارە، بەختسىز خەلقىمنىڭ قىساسىنى ئالماي قويمايمەن!»

مەن ئانامنىڭ باغرىدا تۇرۇپ ئۆز-ئۆزەمگە شۇنداق دەپ ۋەدە بەردىم. چۈنكى دادام قىيناقتا بەرداشلىق بېرەلمەي تۈرمىدە ئۆلۈپ كېتىپتۇ. قوشنام ئەل جامائەتنىڭ ئالدىدا ئېتىپ تاشلىنىپتۇ.

- ئاللا بىزنى جازالىغاندى-مەنمۇ، داداممۇ، قوشناممۇ، تېگىشلىك جازايىمىزنى تارتتقاندۇق.

مەن ئانام بىلەن خوشلىشىپ، پىدائىيلىققا يېزىلدىم. قولۇمغا قۇرال ئېلىپ، ئاۋال ئۆزۈمدىن قىساس ئېلىشقا باشلىدىم. چۈنكى، ئۆزۈمدىن قىساس ئالالىساملا، ئاندىن رەقىبلىرىمدىن قىساس ئالالايدىغانلىقىمنى ماڭا ئۇلارنىڭ خۇي پەيلى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ قويغانىدى. شۇڭا، مېنىڭ ئالدىمغا ئەللىك سەر كۆمۈشنى تىزىپ قويغان ھىلقى ئوفىتسېرنى ھەربى ئۇستابىنى يادىلاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا (ئوفىتسېرغا) رەھمەت-تەشەككۈر ئېيتىپ تۇرۇپ ئېتىۋەتتىم. نېمىشقا رەھمەت ئېيتىسىز دەمسىز؟ چۈنكى، ئۇ مېنى پاسىقلىق، موناپىقلىق، گۇمراھلىقتىن ۋاقتىدا توسۇپ قالدى. بولمىسا مەن مەڭگۈ گۇمراھ بەندە بولۇپ قېلىشىم، دوزاخ ئوتىغا تۇتۇرۇق بولۇشۇم مۇمكىن ئىدى. ھازىرمۇ دوزاققا كىرىمەنمۇ ياكى بېھىشكىمۇ، بىلمەيمەن. شۇڭا، دوزاققا ئوتىغا تۇتۇرۇق بولۇپ قالماسلىقىم ئۈچۈن، ئۆزۈمدىن مەڭگۈ قىساس ئالىمەن: مۇھەببەتتىن مەڭگۈ قىساس ئالىمەن: رەقىبلىرىمدىن مەڭگۈ قىساس ئالىمەن!

ئەدەھەمنىڭ كەچۈرمىشلىرى شۇ يەردە تۈگىدى، ئارىنى سۈكۈت باستى، ئىچ-ئىچىڭدىن ھەسرەتلىك يىغا ئۆرلەۋاتاتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى ساڭا سېنىڭ قىسقا، ئەمما ئازغۇن ھاياتىڭنى ھەم داداڭنى ئەسلىتىپ قويغاندى شۇڭا سەن:

- ئىككىمىز تەقدىرداشكەنمىز،- دىدىڭ ئۆزۈڭنى ئارانلا بېسىۋېلىپ.
ئۇ ساڭا ھەيرانلىق بىلەن قارىدى. سەن بارلىق كەچۈرمىشلىرىڭنى ئۇنىڭغا تەپسىلى، يوشۇرماي سۆزلەپ بەردىڭ.
- ھەقىقى ئوغۇل بالىكەنسىز!- دېدى ئۇ سېنى ماختاپ،__ سىزمۇ مەندەك ئۆزىڭىزدىن قىساس ئاپسىز؛ مۇھەببەتتىن قىساس ئاپسىز؛ رەقىپلىرىڭىزدىن قىساس ئاپسىز. مەن شۇنى چۈشىنىپ يەتتىمكى، ئۆزىدىن قىساس ئېلىشنى بىلمىگەن، ئۆزىدىن قىساس ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان ئادەم ئەڭ بەختسىز ئادەمكەن. ئۆزىدى قىساس ئالالمىغان ئادەم رەقىبىدىنمۇ قىساس ئالالمايدىكەن! ئاڭلىسام مۆھتەرەمقىز مېنى «كۈتىمەن» دەپ يۈرگىدەك، كۈتسە كۈتىۋەرسۇن، ناۋادا ھايات قالسامۇ ئۇنى ئالمايمەن. ھەر قانچە بىكارغا تەگسىمۇ! ئەمما، مەڭگۈ غايىبانە سۆيىمەن. شۇ ئارقىلىق ئۆزەمدىن قىساس ئالىمەن.
سەن جىمپىلا قالدىڭ. چۈنكى، ئۇنىڭ سۆزلىرى سىنى ئويغا سېلىپ قويغانىدى. ئويلىدىڭ، ئويلىغانسىرى ئۆزۈڭدىن قىساس ئېلىپ __ داداڭنىڭ ئۈچ نەزرىنى بېرىپ بولۇپلا، زۇمرەتنىڭ باغرىنى تەرىك ئېتىپ، جەڭگاھقا كېتىپ ناھايىتى توغرا قىلغانلىقىڭنى چوڭقۇر ھېس قىلدىڭ؛ قەلبىڭدىكى گۈزەل كۈيلەر __ جەننەت ساداسىدىن مەھرۇم قېلىشتىن قورقۇپ، مەتسالىنى ئېتىۋەتمەي ناھايىتى توغرا قىلغانلىقىڭنى چوڭقۇر ھېس قىلدىڭ؛ مۇھەببەت، ئازادلىق، دوسلۇق، نىكاھ... ھەققىدە تەكرار ــ تەكرار ئويلىنىش ئارقىلىق زۇمرەتنىڭ سۆزىنى بىرىپ، ئۇنىڭغا ئاكا بولۇپ، بىر جۈپ بەختسىزنى بەختلىك قىلىپ، ئاجايىپ ئۇلۇغ ئىش قىلغانلىقىڭنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىڭ ۋە ئۆز __ ئۆزۈڭدىن ئالەمچە پەخىرلەندىڭ. شۇ پەخىرمەنلىك تۇيغۇسى ئىچىدە پىچىرلىدىڭ؛
«ئۇنىڭ ئورنىدا مەن بولغان بولسامۇ، چوقۇم شۇنداق قىلىتتىم!»
ئوي ــ خىياللىرىڭ بوشلۇققا تارقىلىشى بىلەن تەڭلا مەتسالىنىڭ

تۆنۈگۈنكى ھاقارەت ــ تەستەكلىرى كۆڭلۈگەدىن ئۇچۇپ چىقىپلا كەتتى، خۇددى سۇمۇرغىدەك. شۇڭا، پىچىرلىدىڭ:

«خەپ، قۇرغۇي، تۇتىۋالىدىغان بولسام پەيلىرىڭنى بىر تالدىن ــ بىر تالدىن يۇلۇۋەتمەيدىغان بولسام!...»

تۇتۇلارسەنمىكىن؟

بىلمەيتتىڭ.

## 26

ئاردىن تۆت كۈن ئۆتكەندە، پولىك شتابىنىڭ تارغىنە بىر ئىشخانىسىغا ئەكىرىلدىڭلار.

ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلىش توغۇرلۇق بۇيرۇق كەلدى، ــ دېدى، پولىك كوماندىرى تۇردىقارى بەگ، ــ شۇڭا...

بۇنى ئاڭلاپ يۈرىكىڭ قارتتىدە قىلىپ كەتتى. كۆز ئالدىڭ قاراڭغۇلىشىپ، زۇلمەت ئېلىكىدە قالدىڭ. بېشىڭ پىرقىراپ، ئەسەبلىرىڭ بىر ــ بىرى بىلەن سوقۇلۇپ، پارە ــ پارە بولۇپ كەتتى. يۈرىكىڭ ئازاپلىق ياشقا ئايلىنىپ، تاراملاپ تۆكۈلدى، مىسالى يامغۇردەك. ئەگەر قەلبىڭدىكى گۈزەل كۈيلەر ــ جەننەت ساداسى سېنى يۆلەپ تۇرىۋالمىغان بولسا، ھوشۇڭنى يوقۇتۇپ، يىقىلىپ چۈشۈشىڭ مۇمكىن ئىدى.

شۇڭا، سەن تەسەللىگە ــ ئىلاھىي تەسەللىگە مۇھتاج ئىدىڭ. ئەمما، ساڭا ھازىر ھېچنىمە تەسەللى بولالمايتتى، ھەتتا ئۆلۈممۇ! چۈنكى، سېنىڭ «قۇرغۇي» دىگەن نام بىلەن ئۆلگۈڭ يوق ئىدى. سەمەندەرلەرچە خىسلەت بىلەن ئۆلۈش ساڭا مەڭگۈلۈك ھايات بېغىشلايتتى. شۇڭا، سەن ئۆزۈڭنى ئوڭشىۋېلىپ، پولكوۋنىكنىڭ سۆزىنى بۆلدۈڭ:

ــ بىراق، مەن «قۇرغۇي» ئەمەس!

ــ نىمە ئىسپاتىڭ بار؟ گۇۋاھچىڭ بارمۇ؟

—...

يەنە لاسىسدە بولۇپ قالدىڭ. چۈنكى سېنىڭ ھېچقانداق ئىسپاتىڭ، ھېچقانداق گۇۋاھچىڭ يوق ئىدى. ۋىجدان ـ غورۇرۇڭ، غايە ـ ئېتىقادىڭ ساڭا ئىسپات ۋە گۇۋاھچى بولالمايتتى. جەڭلەردە كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقلىرىڭ ئىسپات ۋە گۇۋاھچى بولالمايتتى؛ يۈرىكىڭدىكى غەزەپ ۋە ئىسيانلىرىڭ ئىسپات ۋە گۇۋاھچى بولالمايتتى؛ ھەتتا قەلبىڭدىكى گۈزەل كۈيلەر ــ جەننەت ساداسىمۇ ئىسپات ۋە گۇۋاھچى بولالمايتتى.

ــ بىرنى تەڭلىكتە قويما، سەمەندەر، ـ دېدى، پولكوۋنىڭ چوڭقۇر ئۆتۈنۈش ۋە ھېسداشلىق بىلەن، ــ بىزمۇ سېنىڭ «قۇرغۇي» لىقىڭغا ئىشەنمەيمىز، لېكىن ئىشەنمەي بولامدۇ؟ پاكىت شۇ تۇرسا... بەلكىم، سەن «قۇرغۇي» دۇرسەن ياكى ئەمەستۇرسەن. ئەمما، بىز پاكىتنى ئاساس قىلمىساق بولمايدۇ. سېنىڭ گازارمىدىن بىر كېچە يوقىلىپ كېتىشىڭمۇ بىر پاكىت بولۇپ قالدى.

شۇنچە جەڭلەرنى قىلىپ، شۇنچە قەھرىمانلىقلارنى كۆرسىتىپ، شۇنچە بەدەللەرنى تۆلەپ «قۇرغۇي» بولۇپ قالغىنىمنى كۆرۈڭلا!... ھو ئاناڭنى!

كىمنى تىللىدىڭ ؟

بىلمەيتتىڭ.

ئاھ، خۇدا! ماڭا نېمىشقا ئۇزاق ئۆمۈر ئاتا قىلغان بولغىيتىڭ؟ نېمە ئۈچۈن ئەزرائىلنى قېشىمغا بىر قانچە قېتىم ئەۋەتىپ بولۇپ، يەنە قايتۇرۇپ كەتكەن بولغىيتىڭ؟ مېنى بۇ دۇنيادا شەرمەندە قىلىش ئۈچۈنمۇ؟ ئۇ دۇنيادا دوزاخ ئوتىغا تۇتۇرۇق قىلىش ئۈچۈنمۇ؟

قىسمىتىڭدىن چەكسىز ئۆكۈندىڭ. ئىچ ــ ئىچىڭدىن قايغۇ ــ ھەسرەت، غەزەپ ــ نەپرەت، ئۈمىدسىزلىك قايناپ چىقتى. ئەگەر قەلبىڭدىكى گۈزەل كۈيلەر ــ جەننەت ساداسى يۈرىكىڭنى مەلھەملەپ تۇرغان بولسا، بەلكىم ئۆزۈڭنى تۇتۇۋالالماي، ھۆكرەپ يىغلىۋېتىشىڭ

مۇمكىن ئىدى، خۇددى كىچىك بالىدەك. ئەگەر داداڭ ساڭا باغرىنى ئېچىپ: «سەن ئۆزۈڭگە، ۋىجدانىڭغا، ئىنقىلابقا، خەلقىڭگە يۈز كېلەلمەيدىغان ئىش قىلمىغان تۇرساڭ، نېمىشقا ئۆزۈڭنى ئۆلۈمدىن قاچۇرۇپ يۈرىسەن؟ نېمىشقا ھەسرەتلىنىسەن؟ نېمىشقا ئازاپلىنىسەن؟ قەددىڭنى رۇسلا! ئەزرائىلنىڭ ئالدىغا سەمەندەرلەرچە خىسلىتىڭ بىلەن بار! تەگرى سېنى «مەرھابا، دەپ باغرىغا باسىدۇ...» دەپ خىتاب قىلمىغان بولسا، بەلكىم سەن پولكوۋنىكنىڭ ئالدىغا تاشلىنىپ، يىلىنىشىڭ، قەلبىڭنى، ئۆزۈڭنى چۈشەندۈرەلمەي، يىغلاپ تۇرۇپ كەچۈرۈلۈك قىلىشنى ئۆتۈنۈشىڭ مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، سەن قەددىڭنى رۇسلاپ، پولكوۋنىكقا مەغرۇرانە تىكىلدىڭ.

ــ ئەمما، بىز بۇيرۇقنى باشقىچە ئۇسۇل بىلەن ئىجرا قىلماقچى!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ يۈرىكىڭدە تولمۇ ئاجىز ئۈمىد نۇرى پارلىدى؛ يۈرىكىڭدە سۈس خۇشاللىق جىلۋە قىلدى. شۇڭا، پولكوۋنىكقا «قانداق» دىگەن سۇئال بىلەن قارىدىڭ.

ــ ئۇلۇشكۇنكى جەڭدە ئورۇنباسار پولك كوماندىرىمىز ناسىر ئاخۇن ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى. ھازىر ئۇ كۇيىباغدا. بىز ئىككى قېتىم ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۆتتۇق، ھەر ئىككىلى قېتىمدا مەغلۇپ بولدۇق. ئەسلى مەغلۇپ بولمايتتۇق. دۈشمەنلەر ناسىر ئاخۇننى سەپىنىڭ ئالدىغا چىقىرىپ قويۇشتى. ناسىر ئاخۇن: «مەن بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن، ئېتىڭلار!» دەپ تووۋلاپ تۇرغان بولسىمۇ، ھېچكىم ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە، ئوق چىقىرىشقا، گراناتا تاشلاشقا پېتىنالمىدى، كوماندىرلارمۇ بۇيرۇق بىرەلمىدى. ماۋۇ ماڭقا، ــ پولكوۋنىك ئەدھەمگە ئالىيىپ قارىدى، - ھېلىقى ئوفىتسېرنى ئېتىۋەتمىگەن بولسا، ئۇنى ناسىر ئاخۇن بىلەن ئالماشتۇرغىلى بولاتتى... شۇڭا ئىككىڭلار، ــ ئۇ نەزىرىنى ساڭا ئاغدۇرۇپ داۋام قىلدى، ــ كۇيىباغقا بېرىپ، ناسىر ئاخۇننى قۇتقۇزۇپ كېلىسىلەر. قۇتقۇزۇپ كېلەلىسەڭلەرلا، ئۆلۈم جازاسى بىكار قىلىنىدۇ، قانداق؟

تومۇر ــ تومۇرلىرىڭغا بىر خىل شەرەپ تۇيغۇسى تارقالدى.

ــ جېنىمىز پىدا!

بۇ گەپ ئىككىڭلارنىڭ ئاغزىدىن تەڭلا چىقتى.

ـ رەھمەت پولكوۋنىك!

بۇ سىلەر، بولۇپمۇ سەن ئۈچۈن تولىمۇ مۈشكۈل، ئەمما ناھايىتى شەرەپلىك ۋەزىپە ئىدى. شۇڭا، بۇ ۋەزىپىنى سىلەر جان-دىلىڭلار بىلەن قوبۇل قىلدىڭلار.

سىلەر تەييارلىقنى پۇختا قىلىپ، تۇن نىسپى بىلەن دۈشمەن ئىشغالىيىتىگە كىرىپ، نىشانغا پەم بىلەن يېقىنلاپ كەلدىڭلار. ياز كېچىسىنىڭ راھەتبەخش ھاۋاسى سىلەرگە ھۇزۇر ۋە روھىي كۈچ-قۇۋۋەت بېغىشلايتتى. لېكىن، بۇ ھۇزۇر ۋە روھىي كۈچ - قۇۋۋەت ئۇمىدتىن دېرەك بەرمەيتتى. چۈنكى، سىلەر تەۋەككۈل دەرياسىدىكى بىر جۈپ كېمە ئىدىڭلار. سىلەر قىرغاققا ساق-سالامەت ئۈزۈپ چىقالىشىڭلارمۇ، يوشۇرۇن خادا تاشلارغا ئۈرۈلۈپ، پارە- پارە بولۇپ كېتىشىڭلارمۇ مۇمكىن ئىدى.

بۇ كەڭرى كەتكەن بىر ئۈرۈكلۈك باغ ئىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىغا يوشۇرۇن پوتەيلەر ياسالغان، ئاكوپلار قېزىلغان، ھەر ئوتتۇز - قىرىق قەدەم ئارىلىقتا بىردىن قاراۋۇل قويۇلغان ئىدى. سىلەر قاراۋۇللاردىن بىرىنى تۇتۇپ «تىل» قىلىپ، بۇگۈنكى كېچىدىكى پارولنى، ناسىرئاخۇن پولكوۋنىكنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى... بىلىۋالمىساڭلار بولمايتتى. شۇڭا، سىلەر تامنىڭ بۇلۇڭىدا مۆكۈپ تۇرغان قاراۋۇلنى تۇتماقچى بولدۇڭلار. ئارىلىق ئون قەدەمچە قالغاندا، سەن ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئاستا-ئاستا يېقىنلاشتىڭ. بىراق، قاراۋۇل تۇيۇپ قالدى.

ـ پارول ! ــ دەپ ۋاقىرىدى ئۇ.

سەن پارولنىڭ جاۋابىنى بىلمىگەچكە، شىپپىدە توختىدىڭ. ئەگەر يەنە ماڭىدىغان ياكى زۇۋان سۈرىدىغان بولساڭ، ئۇ سېنى ئېتىپ تاشلايتتى.

– پارول!

قاراۋۇل يەنە ۋاقىرىدى. سەن گەپ قىلمايلا قولۇڭنى كۆتۈردۈڭ. قاراۋۇل ئالدىڭغا يېقىنلاپ كەلدى. دەل شۇ چاغدا ئەدەھەم دوقمۇشتىن پورتتىدە چىقىپ، ئۇنىڭ گېلىنى غىققىدە سىقتى، سەن غۇسسىدە پىچاق تىقتىڭ. ئەمما، قاراۋۇلنىڭ مىلتىقىدىن پاڭڭىدە ئوق چىقىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بارلىق قاراۋۇللار يۈگۈرۈلۈپ كېلىشكە باشلىدى. سىلەر ئۇلار بىلەن ئېتىشقاچ چېكىنىدىڭلار. بىراق، ئاكوپلاردىن خۇددى قارا چۈمۈلىدەك چۇۋۇلۇشۇپ چىققان دۈشمەنلەرنىڭ قورشاۋىدا قېلىپ، ئىشنىڭ بىسمىللاسىدىلا قولغا چۈشۈپ قالدىڭلار.

سىلەر سوراقخانىغا ئەكىرىلىپ، سوراق قىلىندىڭلار. ھەربىي كۈچۈڭلار، ئىككىڭلارنىڭ بۇ يەرگە كېلىش مەقسىتىڭلار دۈشمەنگە ئايان بولغاچقا، بۇ ھەقتە سىلەردىن ھېچنىمە سوراشمىدى. «كۆك بۆرە» نىڭ كىملىكىنىلا سورىدى.

– ئېيتىنشە «كۆك بۆرە» دېگەن كىم؟

– بىلمەيمىز!

راستتىنلا بىلمەيتتىڭلەر. بىلگەن تەقدىردىمۇ ھەرگىز دېمەيتتىڭلار. ئەمما، دۈشمەن سىلەرنى بىلىشى مۇمكىن، بىلسىلا چوقۇم دەيدۇ، دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك، قىستاپ سوراۋەردى.

– سىلەر «كۆك بۆرە» نى ئۆتكەندە ئۆلتۈرۈۋېتىپتىكەنسىلەرغۇ ؟- دەپ سورىدىڭ سەن قامچە بىلەن بىرنى يەپ بولۇپ.

– ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسەك، يەنە بىرى پەيدا بولۇپ قالدى.

– «كۆك بۆرە»لەرنى ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىپ بولالمايسىلەر. زەرەپشان، قاراقۇرۇم «كۆك بۆرە»لىرىنىڭ بىرى ئۆلسە، ئۇنىڭ بىر تامچە قېنىدىن مىڭى تىرىلىدۇ. بۇ «كۆك بۆرە»لەرنىڭ ئورتاق خىسلىتى.

ئەدەھەم گېپىڭنى تولۇقلىدى.

–– چۈنكى، ئۇلارنىڭ قەلبى، تومۇرى، غايە-ئىنتىقادلىرى... بىر

تۇتاش!

چەكسىز ئىشەنچ ۋە ئېپتىخار بىلەن ئېيتىلغان بۇ سۆزلىرىڭلار سوراقچىنى چىچاڭشىتىۋەتتى، خۇددى كۆكۈيۈن چاققان ئېشەكتەك.

ــ تامامدى، خۇندەن !ــ دېدى ئۇ ئۆزىنى باسالماي،ــ «كۆك بۆرە»نى سەنلەر ھەققەتەن بىلىشىدىكەنسەن ـ دە؟ ئۇر!

بەدىنىڭلارغا سىم قامچىلار تارسىلداپ تېگىشكە باشلىدى. سەن لېۋىڭنى چىڭ چىشلەپ، قەلبىڭدىكى گۈزەل كۈيلەر ـ جەننەت ساداسىغا قۇلاق سالدىڭ. كۆز ئالدىڭدا گۈزەل بىر دۇنيا زاھىر بولۇپ، سېنى باغرىغا ئالدى...

27

چىرىكلەر سىلەرنى دارقىرىتىپ سۆرىگىنىچە زەي پۇراپ تۇرىدىغان بىر ئۆيگە ئەكىرىپ، خۇددى ئەسكى چاپاننى تاشلىغاندەك پالاققىدە تاشلاپ قويۇپ چىقىپ كېتىشتى. سىلەرنى ئازاپلىق مەستخۇشلۇق مەھكەم قۇچاقلاپ تۇراتتى.

ـ ۋۇي، بۇ سەمەندەرغۇ؟

ـ ماۋۇ ئەدھەمكەن.

ئىككى ئەرنىڭ ناھايىتى تونۇش ئاۋازى قۇلىقىڭغا غۇۋا ئاڭلاندى.

«بۇ... بۇلار... كىمدۇ ؟...سەمەندەر بىلەن ئەدھەم ؟ بىز... بىز ھازىر قەيەردە؟»

بىرى سېنى يۆلەپ قۇچىقىغا ئالدى. چاچلىرىڭنى تۈزەشتۈرۈپ، يۇمشاق ئالقانلىرى بىلەن يۈز - كۆزۈڭدىكى قانلارنى سۈرۈۋتتى. سەن گىرىمسەن دۇنيا قويىنىدىن قايتىپ چىقىپ، كۆزۈڭنى ئاچتىڭ. بىرى سېنى يۆلەپ تۇراتتى. لېكىن، ئۆي بەكمۇ قاراڭغۇ بولغاچقا، ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمىدىڭ.

ـ سىز ؟...

ـ مەن ناسىرئاخۇن، تاشئاخۇنمۇ بار.

بۇنى ئاڭلاپ تومۇر-تومۇرلىرىڭىدا خوشاللىق، هاياجان مەۋج ئۇردى. ئۆزەڭنى يەنىلا روهلۇق، ئۈمىدۋار سەزدىڭ.

ـ سىلەر قانداق بولۇپ قولغا چۈشۈپ قالدىڭلار ؟ـ دەپ سورىدى ناسىر ئاخۇن جاراهەتلىرىڭىدىكى قانلارنى كۆڭلىكىنىڭ پېشى بىلەن سۈرتكەچ.

تاشئاخۇنمۇ ئەدەممىنىڭ هالىدىن خەۋەر ئېلىۋاتاتتى.

ـــ پولكوۋنىك، بىزنى... بىزنى كەچۈرۈڭ، بىز ۋەزىپىمىزنى ئورۇندىيالمىدۇق،- دېدىڭ سەن ئەهۋالنى دوكلات قىلىپ بولغاندىن كېيىن چەكسىز ئەپسۇسلۇق ئىلكىدە.

ـــ ياق، بۇ سىلەرنىڭ سەۋەنلىكىڭلار ئەمەس، بۇنى سىلەردىن كۆرگىلى بولمايدۇ. بىلىمەن، بۇ بىر-ئىككى ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئۇنداق ئاسان ۋەزىپە ئەمەس... شۇنچە دېدىم: «مەن بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن، هوجۇمغا ئۆتىۋېرىڭلار، مىناميوتلارنى بولىشىغا ئېتىۋېرىڭلار» دەپ، ئۇناشمىدى. بىر ئادەمنى دەپ، ئىنقىلاب زىيانغا ئۇچرىسا، سىلەردەك قەيسەر يىگىتلەر بىهۇدە قۇربان بولسا بولامدۇ - هە؟

پولكوۋنىكنىڭ بۇ سۆزلىرى ساڭا بىرخىل كۆڭۈل ئازادىلىكى بەخش ئەتتى. ئىچ-ئىچىڭىدىن سۆيۈندۈڭ. قەيسەر، قەهرىمان يىگىت ئىكەنلىكىڭنى پولكوۋنىكنىڭ هازىرمۇ ئېتىراپ قىلىۋاتقانلىقىدىن، هۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىۋاتقانلىقىدىن چەكسىز سۆيۈندۈڭ. شۇڭا، ئۆزەڭنى ئاقلاپ، روهىي بېسىم، روهىي هاقارەتتىن قۇتۇلۇپ كەتكۈدەك كېلىپ قالدى:

ـ ماڭا ئىشىنىڭ، پولكوۋنىك، مەن هەرگىزمۇ «قۇرغۇي» ئەمەس!

ـ مەن ئىشىنىمەن، بۇ يا بىر ئۇقۇشماسلىق، يا بىر تۆهمەت!

ـ رەهمەت سىزگە، پولكوۋنىك.

چەكسىز ھاياجان ۋۇجۇدۇڭنى كۆيدۈرۈپ، زەخمىناك يۈرىكىڭگە ئەم، ئاچچىق ھەس-تۇيغۇلىرىڭغا تەم بولىدى. تېرەڭ كېڭىيىپ - كېڭىيىپ، قەپەستىكى روھىڭ چەكسىز بوشلۇققا قاراپ پەرۋاز قىلدى، خۇددى سۇمۇرغدەك. ئۆزەڭنى شۇنچىلىك يەڭگىل سەزدىڭ، گويا كى ئاققۇ پېيىدەك.

ئەتىسى سەھەردە ئۇ ئىككىسىنى كۆرۈپ ئىچىڭ سىيرىلىپلا كەتتى. يۈز-كۆزلىرىنىڭ، بەدەنلىرىنىڭ ساق يېرى قالمىغانىدى. بولۇپمۇ پولكوۋنىكنىڭ جاراھىتى تېنىڭنى سىرقىرىتىپ، يۈرىكىڭنى مۇجۇۋەتتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، دۈشمەنلەر ئۇنى پولكوۋنىك بولغانلىكىن، «كۆك بۆرە»نىڭ كىملىكىنى چوقۇم بىلىدۇ، دەپ شۇنداق قىيناپتۇ.

قوياش ئىككى ئارغامچە بويى ئۆرلىگەندە، چېرىكلەر سىلەرنى باغقا ئاچىقىپ، ئۆرۈكلەرگە باغلىۋېتىشتى.

— ۋۇي، بۇگۇن ياڭ تۇەنجاڭ پەيدا بولۇپ قاپتۇيا ؟— دېدى تاشئاخۇن پىچىرلاپ،— قاراڭ، ئاۋۇ تاماكا شوراپ تۇرغىنى شۇ.

سەن ئۇنىڭغا قارىدىڭ. ئۇمۇ سىلەرگە شۇملۇقانە نەزەردە قارىغاچ تاماكا چېكىۋاتاتتى. چېرىكلەر باداشقان قۇرۇشۇپ گۆش غاجىشىۋاتاتتى.

ــ ئۇ سىزدىن ئۆچ ئالماس ـ ھە؟

سەن خۇددى ئۆچ ئالمايدىغاندەكلا سورىدىڭ. شۇڭا، تاشئاخۇن مىيقىدا كۈلۈپ قويۇپ:

ــ ئالماي قالارمۇ ؟ــ دەپ ياندۇرۇپلا سورىدى.

دەل شۇ مەھەلدە بىر قانچە قوراللىق چېرىك بىر توپ جامائەتنى ئالدىغا سېلىپ كىرىشتى. ئۇلارنىڭ كۆپۈنچىسى باللار ۋە قېرى-چۆرىلەر ئىدى. چاچ-ساقاللىرى ئۇچتەك ئاقارغان بىر بوۋاينىڭ قولىدا بىر تاغ راۋىبى، يەنە بىر ئادەمنىڭ قولىدا چىرايلىققىنە دۇتار، يىگىرمە ئۆچ ياشلاردىكى بىر يىگىتنىڭ قولىدا بىر داپ تۇراتتى.

«چېرىكلەر كۆڭۈل ئېچىشماقچى ئوخشايدۇ...»

ياڭ تۈەنجاڭ بىر بىسىپ-ئىككى بىسىپ سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا كەلدى - دە، پولكوۋنىكتىن:

- كانداك، ناسىر تۈەنجاڭ، ئەھۋال ياكىشما ؟- دەپ سورىدى.

پولكوۋنىك مەردانە تەلەپپۇزدا جاۋاپ بەردى:

- ياخشى، سىز ئويلىغاندىنمۇ بەك ياخشى!

ياڭ تۈەنجاڭ تىلماچقا قاراپ قويۇپ، خەنزۇچە سۆزلەشكە باشلىدى:

- مېنىڭ كۆپ ۋاقتىم يوق، قېنى ئېيتە، «كۆك بۆرە» كىم؟

- مەن «كۆك بۆرە»نى بىلمەيمەن!

- ئەگەر دەپ بەرسەڭ، هاياتىڭغا كاپالەت بېرىمەن.

- هىم، مەن سېنىڭ كاپالىتىڭگە مۇهتاج ئەمەس !- دېدى پولكوۋنىك غەزەپ بىلەن،- قېنى، نوچى بولساڭ، هازىرلا ئېتىۋەت! قېنى ئاتە، ئاتامسەن؟!

پولكوۋنىكنىڭ مەغرۇرانە روهىي هالىتى ئۇنىڭ كانۋويىنىڭ غۇرۇرىغا تەگكەن بولسا كېرەك، تاپانچىسىنى پولكوۋنىكقا قارىتىۋىدى، ياڭ تۈەنجاڭ ئۇنىڭ تاپانچىسىنى بىسىپ، قولىنى يىغدۇرۇۋەتتى.

- ئاتالمايدۇ دەپ قالغان ئوخشىمامسەن؟

- ئەلۋەتتە ئاتالمايسەن. بىزنى شۇنداق ئاتىدىغان بولساڭ، بىزنىڭكىلەر هازىرلا هۇجۇمغا ئۆتۈپ، كۇلۇڭنى كۆككە سورۇۋېتىدۇ!

پولكوۋنىك راست گەپ قىلغانىدى.

- هىم، ئاتالمايمىشمەن، قاراپ تۇر!

ئۇ ئەدەمەنىڭ قېشىغا كېلىپ:

- قانداق، سەنچۇ ؟!- دېۋىدى، ياڭ تۈەنجاڭنىڭ كەينىدە تۇرغان بىر ئوفىتسېر ئۇنىڭغا بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلىدى. بۇنى ئاڭلاپ ياڭ تۈەنجاڭنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، چىھرى قەهرلىك تۇس ئالدى.

- هە، مۇنداق دەيلى، تۈەنجاڭنى ئېتىۋەتكەن سولتەك ئەسلىي سەن ئىكەنسەن - دە؟

ـ ھە، مەن !ــ دېدى ئەدھەم مەغرۇرانە تەلەپپۇزدا.

يـاڭ تۇەنجـاڭ سـىنىڭ بـاش-ئايىغىڭغـا بىـر قـۇر قارىۋېتىـپ، تاشئاخۇننىڭ قېشىغا كەلدى. كەلدىيۇ، ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قالدى. تاشئاخۇن ئۇنىڭغا مەغرۇرانە تەبەسسۇم سوۋغا قىلىۋىدى، ئۇمۇ دىمىغىنى قېقىپ قويۇپ:

ـ قانداق، تا يىڭجاڭ، يەنە ئۇچرىشىپ قالدۇققۇ؟ ھۆرمەت شارابى ئىچمەي، جازا شارابى ئىچمىزمۇ ئەمدى؟

ـ ئىچسەم ئىچەي، سىنىڭ جازا شارابىڭ مەن ئۈچۈن شەرەپ!

ياڭ تۇەنجاڭ كەينىدىكى ئوفىتسېرغا بىرنېمىلەرنى دېدى. ئۇ قول ئاستىدىكىلەرگە بۇيرۇق چۈشۈردى. چېرىكلەر ئەدھەم بىلەن تاشئاخۇننى يېشىپ سورۇننىڭ ئوتتۇرىغا ئەكەلدى.

ـ ئېيتە، «كۆك بۆرە» كىم؟

ـ «كۆك بۆرە» مەن، مەن زەرەپشان «كۆك بۆرە»سى!

ـ «كۆك بۆرە» مەن، مەن قاراقۇرۇم «كۆك بۆرە»سى!

تاشئاخۇن بىلەن ئەدھەمنىڭ ئارقا-ئارقىدىن بەرگەن جاۋابلىرى ياڭ تۇەنجاڭنى چىچاڭشىتىۋەتتى.

ـ تامادى!... ئۇر!... ئۆلگۈچە ئۇر!

چېـرىكلەر ئىككىسـىنى يالىڭـاچلاپ، سـىم قامچـا بىـلەن ئۇرۇشـقا باشـلىدى. يۇرىكـىڭ چىرقىرىغـان بىـلەن، ئىككىسـى چىرقىرىمـايتتى؛ يۇرىكىڭ چىدىمىغان بىلەن، ئىككىسى چىداۋاتاتتى. ئىككىسى داق يەردە ئەمەس، قەلبىڭـدىكى گـۈزەل كـۆيلەر - جەنـنەت ساداسـى ئۇسـتىدە يۇملىناتتى، يۇرىكىڭدەك تولغىناتتى.

ـ قانداق چەنتۇلار ماۋۇ تاياق ئۆتمەيدىغان؟ ئۇرە، ئۆلگۈچە ئۇر!

بۇيرۇق بېرىلەتتى. داپ، دۇتار، راۋابلىرىنى قولتۇقلىشىپ تۇرغان جامائەت بىر-بىرىنى قۇچاقلىشىپ يىغلىشاتتى. سېخىي، ئادىل، ئەمما ھىسياتسىز قۇياش ئۆرۈك يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن ماراپ ھىڭگىيىپ

تۇراتتى. تۇمۇچۇق، كاككۇك...لار پىغان بىلەن سايرىشاتتى.

سەن كۆزۈڭنى ئاچقاندا، ئىككىسى قىپقىزىل گۆشكە ئايلىنىپ قالغانىدى، خۇددى يۈرىكىڭدەك. دەل شۇ چاغدا ئىككى چېرىك بىر داستا لازا سۈيى ئەچىقىپ، ئىككىسىنىڭ بەدىنىگە سۈركەشكە باشلىدى. ئەمما، ئىككىسى قىمىرلاپمۇ قويمىدى. چۈنكى، ئۇلار ئاللىبۇرۇن ھوشىدىن كەتكەنىدى.

ياشلىرىڭ تاراملاپ تۆكۈلەتتى، قۇياش يەنىلا ھىڭگىيىپ تۇراتتى. زەرەپشان قۇشلىرى ئەلەملىك سايرىشاتتى.

چېرىكلەر ئىككى چاپانلىق خام ئەچىقىپ، ئۇنىڭغا ئىككىسىنى يۆمىلىتىپ ئوردى.

«كىپەنلەۋاتامدۇ يا؟ نەپەستىن قالغان ئوخشىمامدۇ؟»

سەن لېۋىڭنى چىشلەپ، شۇلارنى ئويلىغاچ ناسىرئاخۇن پولكوۋنىكقا قارىدىڭ. ئۇ كۆزلىرىنى مەھكەم يۇمۇپ، بۇقۇلداۋاتاتتى، خۇددى زەرەپشان دەمدەرلىرىدەك.

لېكىن، سەن كۆزۈڭنى يۇمۇۋالمىدىڭ، بەلكى كۆزۈڭنى چوڭ ئېچىپ، دوستلىرىڭ بىلەن بىللە خامغا ئورالدىڭ. چېرىكلەر ئىككىسىنى پۇت-قولىدىن كۆتۈرۈپ، باغنىڭ ياقىسىغا - ئاپتاپ ئەڭ كۈچلۈك چۈشىدىغان يېرىگە ئاپىرىپ قويۇپ قويدى. بۇنىڭدىن قىيناشنىڭ تېخى ئاياغلاشمىغانلىقنى ھېس قىلىپ تۇرۇشۇڭغا ياڭ تۈەنجاڭنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

- يىگىتلىرىم، ئەمدى مەشرەپ ئوينايمىز! قېنى، ئويناڭلار، كۈلۈڭلار!

چېرىكلەر ياڭ تۈەنجاڭنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ چۇرقىرىشىپ كەتتى. ياڭ تۈەنجاڭ سازەندىلەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ بۇيرۇق قىلدى:

– قېنى، ھەي «ناخشا – ئۇسسۇل مىللىتى»، چېلىشە، شوخ-شوخ پەدىلەرگە چېلىش!

بىراق، ياڭ تۈەنجاڭنىڭ ھاقارەت تۈسىنى ئالغان بۇ بۇيرۇقىغا

ھىچكىم پەرۋا قىلمىدى، ھەتتا قىمىرلاپمۇ قويمىدى. ياڭ تۇەنجاڭ داپچى يىگىتكە ۋارقىرىدى:

ـ چاله!

يىگىتمۇ قىمىرلىمىدى.

ـ چالماسەن؟

ـ چالمايمەن!

ياڭ تۇەنجاڭ تاپانچىسىنى چىقىرىپ داپچى يىگىتنىڭ كۆكسىگە قارىتىپ ئاتتى. ئۇ «گۈپپىدە» يىقىلدى. داپ قىپقىزىل قان بىلەن بويالدى. ئەل تەۋرىدى، پىلىموتلار توغرىلاندى. ئۇلار ھازا ئېچىپ يىغلاشقا جۈرئەت قىلالماي، يۈرەكلىرىدە يىغلاشتى. ياشلىرى ئېقىپ-ئېقىپ زەرەپشان دەرياسىغا قوشۇلۇپ كەتتى.

ـ ئىككىڭ چاله!

ئىككى بوۋاي بىر-بىرىگە قارىشىپ قويۇپ، چېلىشقا باشلىدى:

ھاشار سالمىدۇق دەيدۇ،
كەتمەن چاپمىز توگدا.
ئالۋان سالمىدۇق دەيدۇ،
ئىشتان قالمىدى قوگدا.

ناخشا تېكىستى تىلماچ ئارقىلىق قۇلاقلارغا يەتكۈزۈلۈۋىدى، ياڭ تۇەنجاڭ مىيىغىدا ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ قويۇپ، ناخشىنىڭ داۋامىغا قۇلاق سالدى:

يامغۇر ياغسا شارقىراپ،
جىرالاردا سەل بولۇر.
گومىنداگنى يوقاتساق،
ئارمانىمىز ھەل بولۇر.

پىغانلىق كۈيلەر، غەزەپكە تولغان ئىلتىجالىق سادالار ئىزگۇ قەلبلەردىن نەشتەردەك سوزۇلۇپ چىقىپ، قاپقارا قانلار مەۋج ئۇرۇۋاتقان قاپقارا يۈرەكلەرگە ۋاشىلداپ سانجىلىپ، ئۇلارنى تولغاندۇراتتى.تىلماچ ياڭ تۇەنجاڭنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاۋاتقاندا، كۆي تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەنىدى :

قۇم لاي بىلەن سوقۇلغان،
ئەسكى تامدىن چىت ياخشى.
بىلىپ قىلىڭ،خالايىق،
گومىنداڭدىن ئىت ياخشى.

تىلماچىنىڭ ئاغزى مىتىلدايتتى، ياڭ تۇەنجاڭنىڭ لەۋلىرى لىپىلدايتتى. ئاخىرى ئۇ نەشتەرلىك كۈيلەرگە بەرداشلىق بېرەلمەي، تاپانچىسىنى سۇغۇرۇپ، ئۇ ئىككىسىنىمۇ ئېتىپ تاشلىدى. دۇتار، راۋابلارنىڭ تارلىرى قانغا بويالدى، خۇددى يۈرىكىڭنىڭ تارلىرىدەك. پىغانلىق كۈنلەردىمۇ، خوشاللىق كۈنلەردىمۇ ئۇيۇۇقتىن ئوخشاشلا ھىڭگىيىپ چىقىدىغان ھىسىياتسىز قۇياش يەنىلا ھىڭگىيىپ تۇراتتى. زەرەپشان قۇشلىرى ھەسرەتلىك ئۆكسۈيتتى، خۇددى يۈرىكىڭدەك.

ـ ئەكىلىش !ـ دەپ ۋارقىرىدى ياڭ تۇەنجاڭ.

چېرىكلەر تاشئاخۇن بىلەن ئەدھەمنى كۆتۈرۈپ ئەكىلىشتى. يازنىڭ نەۋقىران قۇياشى ئۇلارنى بىردەمدىلا تارشىدەك قاتۇرۇۋەتكەنىدى. چېرىكلەر خامنى يېشىۋىدى، داق يەردە قىپقىزىل بىر جۈپ گۆش تېپىرلاپ-تېپىرلاپ توختاپ قالدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بىر قات تېرىسى خام بىلەن سويۇلۇپ چىققانىدى. سىنىڭمۇ يۈرىكىڭنىڭ بىر قات تېرىسى

ئاشۇ خامدا قالغانىدى. شۇڭا، سەنمۇ كۆزۈڭنى چىڭگىدە يۇمۇپ، تىپىرلىدىڭ، ئۆكسۈدۈڭ، ھۆركىرىدىڭ، يۇلقۇندۇڭ، تىللىدىڭ، قارغىدىڭ، تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز قايغۇلۇق، ئازابلىق ھىس-تۇيغۇ دولقۇنلىرىغا غەرق بولدۇڭ.

ياڭ تۇنجاڭ ئۆچ ئېلىشنى تېخى توختاتمىغانىدى. چېرىكلەر تاشئاخۇن بىلەن ئەدھەمگە ياغ چېچىپ ئوت قويۇۋەتتى. ئوت يالقۇنى پەلەككە كۆتۈرۈلدى. زېمىن قىيقاس-چوقان، يىغا-زار بىلەن تولدى. يۈرىكىڭ كۆيۈۋاتاتتى، يۈرىكىڭ يىغلاۋاتاتتى، يۈرىكىڭ...

«قىساس ئالىمەن!... قىساس ئالىمىز!... خەلق چوقۇم قىساس ئالىدۇ!...»

قەلبىڭدە قىساسكارانە ئۈمىد كۆۋرەيتتى، خۇددى باھار كەلكۈنلىرى بىلەن تولغان زەرەپشان دەرياسىدەك. يۈرىكىڭدە تاشئاخۇن ئۆز قولى بىلەن قادىغان ھىلىقى بايراق لەپىلدەيتتى. ۋۇجۇدۇڭدا ئەدھەمنىڭ ئۆز-ئۆزىدىن قىساس ئېلىش روھى جەۋلان قىلاتتى!

## 28

زېرىكىشلىك ھەم ئازابلىق كېچە باشلانغانىدى. جاراھەتلەر جىنىڭلارنى ياۋۇزلارچە غاجىلىسا، قايغۇ-ھەسرەت يۈرىكىڭلارنى ئىكەكلەيتتى. ئۇن نەچچە تال يۇلتۇز چاراقلاپ تۇرغان كىچىككىنە تۆڭلۈكتىن چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلداشلىرى لەيلەپ-لەيلەپ ئۇچۇپ كىرىپ، سىلەرگە جەڭگاھ ناخشىسى - ھوررا سادالىرىنى ئەسلىتەتتى.

ئۆز سەپداشلىرى بىلەن ئورتاق غايە - ئىنسانىيەت ئازادلىقى، تىنچلىقى، باراۋەرلىكى ئۈچۈن ھوررا سادالىرى ئىچىدە ئاتاكىغا ئۆتۈپ، دۈشمەننى سۈر-توقاي قىلىش نىمىدىگەن كۆڭۈللۈك! ئازادلىق ئۈچۈن مەردلەرچە قۇربان بېرىپ، جەننەت ساداسى ئىچىدە مەڭگۈلۈك ھاياتقا

تەبەسسۇم بىلەن قەدەم بېسىش نېمىدېگەن شەرەپلىك!؟

ئەپسۇسكى، سەن بۇنداق كۆڭۈللۈك كۈرەش قايىنىمىدىن، بۇنداق شەرەپلىك ھاياتتىن مەھرۇم قېلىش ئالدىدا تۇراتتىڭ.

ھەممىسى مېنىڭ «قۇرغۇي» ئەمەسلىكىمگە ئىشەندى، لېكىن «كۆك بۆرە» نىڭ ئاخباراتىنى كۆرۈپ، «كۆك بۆرە» نىڭ ئاخباراتىنى ئاڭلاپ ئىشەنمەي تۇرالمىدى، ناسىرئاخۇن پولكوۋنىك ئىشەنگەن بىلەن، ئۇنىڭ قولىدىمۇ پاكىتى يوق.

ئاھ خۇدا، مەن «قۇرغۇي» ئەمەسلىكىم ئىسپاتلانماي تۇرۇپلا ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ ؟... سەن ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى! ماڭا رەھىم قىل، ماڭا ئىچىڭ ئاغرىسۇن، ماڭا پۇرسەت بەر. «قۇرغۇي»نى ئۆز قولۇم بىلەن تۇتۇپ ئۇنىڭ ھەقىقىي ئەپت- بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىشىمنى نېسىپ ئەت! ئۇنىڭ تۆكلىرىنى ئۆز قولۇم بىلەن يۇڭداپ، بوينىنى ئۆز قولۇم بىلەن تولغاپ ئۈزۈپ، يارلىقتا قۇربان بولغان يۈز نەچچە جەڭچىنىڭ، «كۆك بۆرە»نىڭ، ئىسكەندەرنىڭ... قىساسىنى ئېلىشقا مۇيەسسەر قىل!

تەڭرىگە يازغان خېتىم تەگكەنمىدۇ ؟

دەردلىرىم دىل تارىنى چەككەنمىدۇ؟

لەنىتى «قۇرغۇي»...

ــ سەمەندەر؟

ئېلتىجالىرىڭنى پەرىشتىنىڭ شىۋىرلاشلىرىدەك يېقىملىق بىر ئاۋاز بۆلىۋەتتى. چۆچۈپ كۆزۈڭنى ئاچتىڭ.

ــ ناسىر تۇەنجاڭ؟

بۇ ئاۋاز يەنە تەكرارلاندى. سىلەر تۆگىلۆككە قارىدىڭلار. تۆگىلۆكتە بىر كۆلەڭگە ــ ئاق روماللىق بىرى ماراپ تۇراتتى.

ــ سىز كىم ؟ــ دەپ سورىدى ناسىرئاخۇن پولكوۋنىك.

ــ مەن «پەرىشتە».

پەرىشــتە؟... بــۇ راســتىنلا پەرىشــتىمىدۇ ئىســمى پەرىشــتىمىدۇ (پەرىشتىخانىمىدۇ)؟ بەلكىم پەرىشتىدۇ، ئاللاھ بىزنى قۇتقۇزۇشقا ئەۋەتكەن پەرىشتىدۇ. شۇنداق بولغاي ئىلاھىم!...

خىياللىرىڭنى «پەرىشتە» شۇئىرلاپ ئۈزۈۋەتتى:

ــ ما نانىنى ئېلىڭلار.

سەن ئورنۇڭدىن تۇرۇپ «پەرىشتە» سۇنۇپ بەرگەن نانىنى ئالغاچ:

ــ سىز كىم ؟- دەپ سورىدىڭ.

ــ دىدىمىيا، مەن «پەرىشتە».

ــ «پەرىشتە»؟!... ئۆتكەندە بىزنى تۆگمەن ئېرىقى بويىدا قۇتقۇزۇپ قالغان «پەرىشتە»ما؟

ــ ھە، ئېتىم لالىگۇل، دوستىڭىز ھېزىمنىڭ سىڭلىسى لالىگۈلچۇ. مەن سىزنى تۈنۈگۈن بىر كۆرۈپلا تونۇۋالدىم، بىراق سىز مېنى شۇنچە ئېنىق كۆرۈپ تۇرۇپمۇ تونىيالمىدىڭىز.

ھېزىم؟ قايسى ھېزىمدۇ ئۇ؟

سەن گاڭگىراپلا قالدىڭ. چۈنكى، سېنىڭ ھازىرغىچە «ھېزىم» ئىسىملىك دوستۇڭ يوق ئىدى.

- ھېزىم ؟ قايسى ھېزىم ئۇ؟

- ئۇنتۇپ قالدىڭىزما؟ قاغىلىقنىڭ غوجىئېرىق يېزىسى شورئېرىق كەنتىدە سۇلايمان ئىشاننىڭ ئېتى چىشلەپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن ھېزىمچۇ؟

بۇنى ئاڭلاپ، سەن تامامەن ئۇنتۇپ كەتكەن ھېزىم بىلەن سۇلايمان ئىشان دۆككىدە ئىسىڭگە چۈشتى ـ دە، تۈنۈگۈن ياڭ تۆەنجاڭلارغا تازىم قىلىپ يۈرگەن، ئاپپاق ساقاللىق، يەتمىش ياشلاردىكى، قىپقىزىل مەڭزىلىرىنى خۇددى سۆگەت يىلتىزلىرىدەك قورۇق باسقان، چوڭ-چوڭ كۆزلىرىدە خوشامەت، يۈزسىزلىك، شۇملۇق، ھىيلىگەرلىك ئەلەڭگىپ تۇرىدىغان بىر ئادەمنى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈردۈڭ.

ئەھۋال قانداقراق ؟- دەپ سورىدى پولكوۋنىك ناسىرئاخۇن.

ـ چاتاق، بەكلا چاتاق !- دېدى «پەرىشتە» شىۋىرلاپ،- سىلەرنى ئۆگۈنلۈككە - جۈمە نامىزىدىن كېيىن ھېلىقى ئىككى يىگىتنى ئۆلتۈرگەندەك قىيناپ ئۆلتۈرىدىكەن، سۇلايمان ئىشان شۇنداق دەيدۇ.

سەنمۇ، پولكوۋنىكمۇ ئۇنىڭدىن قايتا بىرنەرسە سورىمىدىڭلار ھەم ئۇنىڭ بۇ خەۋىرىدىن ھەيران قالدىڭلار. ۋاقىتنىڭ ئاخىرى بولغانلىقى، پىچاقنىڭ سۆڭەككە قادالغانلىقى، ئالدىدىكى تاللاشنىڭ بىرلا قالغانلىقى ئېنىق ئىدى. پولكوۋنىك ناھايىتى ئېغىر قىسمەتنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، كېسىلى ئېغىرلاپ قالغان ئادەم بولغاچقا، ئۆلۈمنى خاتىرجەملىك بىلەن كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئەمما، سەن ھېس-تۇيغۇسىز، خىيال-تەپەككۇرسىز قېتىپلا قالغانىدىڭ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ زادى نېمە ئۈچۈن؟ بۇ سېنىڭ ئۆلۈمدىن قورققانلىقىڭنىڭ ئىپادىسىمۇ؟ ياق! ھاياتقا بولغان تەشنالىقىڭمۇ؟ ياق! ئۆلۈمگە بولغان تەييارلىقىڭمۇ؟ ياق!

چۈنكى، سېنىڭ ئۆلۈمگە بولغان تەييارلىقىڭ بۇنداق ئەمەس ئىدى. ئەمىسە نېمىشقا؟ زادى نېمىشقا؟ بۇ «قۇرغۇي» دېگەن شەرەپلىك نامىڭنىڭ بۇ دۇنيادا مەڭگۈلۈك يىلتىز تارتىپ قالالمىغانلىقىدىن ھاسىل بولغان ئەبەدىيلىك ئازاب-ھەسرەت ئاتا قىلغان بىھۇشلۇق ياكى نامىسمۇ؟ شۇنداق!

- سىز بىر ئامال قىلىپ يىگىتلەرگە خەۋەر يەتكۈزۈپ قويسىڭىز، بىز بىلەن كارى بولماي، دۈشمەننىڭ ياردەمچى قوشۇنى يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن ھوجۇمغا ئۆتۈۋەرسۇن. بىز رازى، ئۇ دۇنيا-بۇ دۇنيا رازى!

ناسىرئاخۇن پولكوۋنىك سېنى جەينىكى بىلەن ئەمەس، مۇشۇ سۆزلىرى ئارقىلىق نوقۇپ ئېسىڭگە كەلتۈردى.

ـ مەن خەۋەر قىلالمايمەن، چۈنكى ھېچقايسىڭلارنى سىرتقا چىققىلى قويمايدۇ. «كۆك بۆرە»گە مەن دەپ قويۇپ، شۇ خەۋەر قىلسۇن.

سېنىڭ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىقلىرىڭنى «پەرىشتە» بۇزدى:

— قورقماڭلار، ئىككىڭلارنى «كۆك بۆرە» بىلەن ئىككىمىز قۇتقۇزۇۋالىمىز.

«پەرىشتە» شۇنداق دەپلا غايىپ بولدى، خۇددى پەرىشتىدەكلا.

قۇتقۇزالارمۇ؟

بىلمەيتتىڭ.

بىز؟ بىز دېگىنى كىملەر؟ «كۆك بۆرە» چۇ؟

بىلمەيتتىڭ؛ «كۆك بۆرە»نىڭ سۇلايمان ئىشاننىڭ ئۆيىدە مەدىكار بولۇپ ئىشلىگەن چاغلاردىكى دوستۇڭ ئابدۇللا ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىڭ؛ ئۇنىڭ «كۆك بۆرە»نىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى، هازىر زۇمرەت ئارقىلىق سىلەرنى ئاخبارات بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتقان «كۆك بۆرە» ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىڭ.

سۇلايمان ئىشان؟... ئۇ بۇ يەردە نېمىش قىلىدىغاندۇ؟

هەيران قالدىڭ. چۈنكى، سەن سۇلايمان ئىشاننىڭ كۈيباغدىمۇ كاتتا قورۇسى، خوتۇن-بالىلىرى، يەر-زېمىن، باغۋارانلىرى، چارۋا ماللىرى بارلىقىنى بىلمەيتتىڭ؛ ئۇنىڭ قاغىلىقنىڭ غوجىئېرىق يېزىسى شورئېرىق كەنتىدىكى يەر-زېمىن، قورۇ-جايلىرىنى ئوغۇللىرىغا بېرىپ، ئۆزى مۇشۇ يەردە - زەرەپشان دەرياسى بويىدىكى ئوت-سۇيى مول، تۇپرىقى مۇنبەت، خەلقى ئاق كۆڭۈل، ساددا بۇ قەدىمىي يۇرتتا ياشاپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتىڭ.

قايغۇ ـ هەسرەت بىلەن تولغان كېچە داۋام قىلاتتى...

«هېزىم ؟...»

خىيال سۇمۇرغۇڭ قاغىلىقنىڭ غوجىئېرىق يېزىسى شورئېرىق كەنتىگە قاراپ پەرۋاز قىلدى...

بۇ سەن ئون ئۈچ-ئون تۆت ياشلارغا كىرگەن، ئائىلەڭلارنى نامراتلىق راسا كۆتۈرۈپ باسقان چاغلاردا يۈز بەرگەن ئىشلار ئىدى:

ئاز-تولا پۇل-پۇچەك، ئاش-ئاشلىق تېپىپ كېلىش نىيىتى بىلەن يۇرتتىن چىقىپ كەتتىڭلار. داداڭ ئەتىدە-ئاخشامدا ھەمراھ بولىدۇ دەپ، سېنى كەينىگە سېلىۋالغانىدى.

سىلەر ئۇيان ئايلىنىپ، بويان چۆرگىلەپ، ئاخىرى بىر كۈنى قاغىلىقنىڭ غۇجىئېرىق يېزىسىغا كېلىپ قالدىڭلار. داداڭ بىر مويسىپىت كىشىگە مەقسىتىنى ئېيتىۋىدى، ئۇ كىشى سىلەرنى سۇلايمان ئىشان دېگەن ئادەمگە تونۇشتۇرۇپ قويماقچى بولۇپ، شورئېرىق كەنتىگە باشلاپ ماڭدى. ئۇنىڭ دېيىشچە، سۇلايمان ئىشاننىڭ تۆت يۈز مودىن ئارتۇق يېرى، بەش يۈز مودىن ئارتۇق قۇمۇشلۇق-ئوتلىقى، يىگىرمە بىر ئائىلىلىك يىللىقچىسى، ئون يەتتە ئائىلىلىك ئوتاقچىسى، تۆت خوتۇنى، يەتتە ئاشپىزى، سەككىز نەپەر ئون تۆت-ئون بەش ياشلاردىكى «باقما بالىسى»؛ ئالتە يۈز تۇياقتىن ئارتۇق قوي-كالا، ئات-ئېشىكى، بەش-ئالتە جايدا كاتتا قورۇ-جايلىرى بار ئىمىش.

سىلەر شورئېرىقتا كۈن ئولتۇرغاندا يېتىپ كەلدىڭلار. ھېلىقى كىشى سىلەرنى نۇرۇللا ئاقساقال ئىسىملىك قىرىق ياشلاردىكى سېرىق چىراي، ئېگىز بويى، قاۋۇل، سۆرلۈك بىر كىشىگە تونۇشتۇرۇپ قويدى. ئۇ سۇلايمان ئىشاننىڭ غوجىدارى بولۇپ، سىلەرنى ئىشلىتىشكە ئاسانلا ماقۇل بولدى. ھېلىقى كىشى سىلەر بىلەن خوشلىشىپ قايتىپ كەتتى. نۇرۇللا ئاقساقال سىلەرنى ئاتخانىنىڭ يېنىدىكى چەللە ئاستىغا باشلاپ كېلىپ:

- مۇشۇ يەردە ئولتۇرغاچ تۇرۇڭلار، ئىشلەمچىلەر ھازىرلا كېلىدۇ،- دەپ كۆزدىن غايىپ بولدى.

سىلەر سۇپىدا ئولتۇردۇڭلار. ئاق قۇشقاچلار كەچكى شەپەقتە يۇيۇنغاچ سېسىق سامان ئارىسىدىن دان ئىزدىشەتتى. سىلەرمۇ ئاق

قۇشقاچ - دان ئىزدەپ يۈرتىدىن ئايرىلغان مۇساپىر ئاق قۇشقاچ ئىدىڭلار. ئوڭ تەرەپتىكى يەنە بىر چەللە ئاستىدا ئىككى ئايال مەدىكار ئېشى ئېتىۋاتاتتى. گۈگۈم يېيىلىپ، نوكچا چىراغلار يېقىلغاندا ئىشلەمچىلەر كەتمەن-تاغارلىرىنى، پادىچىلار قوي-كاللىرىنى ھەيدەپ قورۇغا بىردىن-ئىككىدىن كىرىپ كېلىشتى ۋە ھايال ئۆتمەي سىلەر ئولتۇرغان سۇپىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. داستىخان سېلىندى. سىلەرمۇ داستىخاندىن ئورۇن ئېلىپ، بىر قاچىدىن زاڭغا ئىگە بولدۇڭلار. ئاندىن پادىچىلارنىڭ ياتقىغا كىرىپ، ئازراق گۆش-مۇڭ قىلىشقاندىن كېيىن، ئۆزەڭلارنى شال پاخلىنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ ئۇيقىغا كەتتىڭلار.

ئەتىسى سەھەردىلا يەنە مەدىكار ئېشى پىشتى. سىلەرمۇ مەدىكارلار قاتارىدا ئولتۇرۇپ ئاش ئىچىۋاتقاندا، قېشىڭلارغا گەۋدىلىك، خام سېمىز، قارمۇتۇق، قىزىل مەڭزىلىك، چۈپۈر قاش، چار ساقال، كىچىككىنە بېشىغا قازاندەك سەللە ئورىۋالغان بىر ئادەم يەتتە-سەككىز زاغرا سېلىنغان بىر ياغاچ لېگەننى كۆتۈرۈپ چىقتى.

- بالام، ئاۋۇ ئادەم كىم ؟- دەپ سورىدى داداڭ يېنىدىكى ئىشلەمچىدىن.

- سۇلايمان ئىشان دىگەن شۇ.

سۇلايمان ئىشان قولىدىكى لېگەننى داستىخانغا قويۇپ:

- ھە، باللىرىم، ئىچىڭلار، ئۇماچ دىگەن ئىچىشلىك ھەم سىڭىشلىك ئوبدان غىزا، زىيان قىلمايدۇ، قوقاققا تەگمەيدۇ. بۇ غىزانى ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىزمۇ ناھايىتى ئۇلۇغلاپ ئىچكەن... قېنى-قېنى، بىر توغرامدىن نان چىلاڭلار،- دېدى خوشال-خورام ھالدا،- پەيغەمبىرىمىز «گۆشسىز غىزا يىمەڭلار »دېگەن. ناننى ئاشقا چىلاپ يېسە گۆش يېگەندەك بولىدۇ،- ئۇ ناننى ئوشتۇپ، ھەر بىر ئىشلەمچىنىڭ ئالدىغا بىر توغرامدىن ناننى «پوك-پوك» تاشلىدى،- ھە قېنى، گۆش توغرىغاندەك....

ئويلىدىڭ: ھەجەپ ئوبدان ئادەمكەنيا بۇ!

سۇلايمان ئىشان ناننى تارقىتىپ سىلەرگە كەلگەندە، توختاپ قېلىپ:

- ھە، يېڭى مېھمان سىلەر بولامسىلەر ؟-دەپ سورىدى ئىككىڭلارغا سىنچىلاپ قاراپ.

- ھە...

داداڭ يۈرتۈڭلارنى، ئۆزىنى، سېنى قىسقىچە تونۇشتۇردى.

- ئاشلىرىنى ئىچىپ بولۇپ، قېشىمغا كىرسىلە،- دېدى سۇلايمان ئىشان ئالدىڭلارغا بىر ناننى پۈتۈنلا قويۇپ.

يەنە ئويلىدىڭ: راست ئوبدان ئادەمكەن!

شۇنداق قىلىپ ئىككىڭلار سۇلايمان ئىشاننىڭ ئىشلەمچىسى بولۇپ قالدىڭلار.

ھەش-پەش دېگۈچە يەر-جاھان ئىسسىپ، زېمىن يېشىللىققا پۈركىنىپ، گۈل-چېچەكلەر ئېچىلىپ، قۇشلار سايرىشىپ، ئالەم تېخىمۇ گۈزەل تۈس ئالدى. دۇنيا گۈزەللەشكەنسېرى سىلەر ئالدىراش بولۇپ كەتتىڭلار، ھەتتا بەزىدە باش قاشلىغۇدەكمۇ ۋاقىت تاپالماي قالاتتىڭلار. چۈنكى، سۇلايمان ئىشان ئېيتقان بىرىنچى ئەزان بىلەن تەڭلا ھەرقايسىڭلار ئۆز ئىشىڭلارنىڭ پېشىنى تۈتۈپ بولاتتىڭلار. سەن، يەكەن چىلتەنلىرىمدىن ئەكىلىنىپ، سۇلايمان ئىشاننىڭ «باقما باللىرى» بولۇپ قالغان ئابلىكىم، ئابدۇللا دېگەن ئىككى بالا، مۇشۇ شورئېرىقلىق، ھازىر سۇلايمان ئىشاننىڭ مەدىكارلىرىغا ئاش-تاماق ئېتىدىغان، ئېرى بەش-ئالتە يىل بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىپ تۇل قالغان سېلىمىخان ئىسىملىك بىر ئايالنىڭ سەن دېمەتلىك ھېزىم ئىسىملىك ئوغلى تۆتىڭلار ئېغىللاردىن قىغ چىقىراتتىڭلار، تاغارلارغا قىغ ئۇسۇپ، ئىنجىقلاپ تۇرۇپ ئېشەكلەرگە ئارتىپ، ئېتىزلىققا ئاپىرىپ تۆكەتتىڭلار، چاچاتتىڭلار، قوش ھەيدەپ، يەر تاختىلايتتىڭلار. ئۇرۇق سېلىپ سۆرەم سۆرەيتتىڭلار... ۋاي-ۋۇي، ئىشىڭلار شۇنچە كۆپ، چوڭلار قىلىدىغان ئىشلارنىمۇ سىلەر

قىلاتتىڭلار. كەچتە شۇنداق ھېرىپ كېتەتتىڭلاركى، قوروغا پۇتلىرىڭلارنى ئاران-ئاران يۆتكەپ كېلەتتىڭلار-دە، زىيان قىلمايدىغان سىڭىشلىك غىزا - ئۇماچنى خالاپ-خۇلۇپ ئىچىپلا، ئۆزۈڭلارنى شال پاخلىغا تاشلاپ ئۇيقۇغا كېتەتتىڭلار، خۇددى دىۋىدەك. راسا شېرىن ئۇخلاۋاتقاندا، يەنە شۇ ئەزاننىڭ نۇقۇشى بىلەن ئويغىنىپ، ئالدىراپ-سالدىراپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولاتتىڭلار.

بىر كۈنى ئەزان بوشراق ئېيتىلىپ قالدىمۇ ياكى سىلەر بەك قاتتىق ئۇخلاپ قالدىڭلارمۇ، «قوپۇشە، ھەي ئېشەكلەر!»دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ قۇلاقلىرىڭلار بىر-بىرلەپ سوزۇلۇپ، ئاندىن ئۇيقۇڭلار ئېچىلدى. سەن: «قۇلىقىم ئۇنىڭ قولىدا قالدىمۇ نېمە؟» دەپ ئويلاپ، نۇرۇللا ئاقساقالنىڭ قولىغا قارىدىڭ. چۈنكى، قۇلىقىڭ شۇنداق قاتتىق ئاغرىپ كەتكەنىدى. سېنىڭ تەشۋىشانە قارىشىڭ نۇرۇللا ئاقساقالغا ئالىيىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتكەن چېغى:

- نېمە ئالىيىسەن، ھوي تاغلىق!؟ دەپ يۈزۈڭگە كاچات بىلەن بىرنى سالدى.

كۆزۈڭدىن ئوت چاقناپ، يۈزۈڭ پىژىلداپ ئېچىشىپ كەتكەچكە، بوغۇزۇڭغا يىغا قاپلىشىپ قىلىپ «ئالايمىدىم»دەپ ئۆزەڭنىمۇ ئاقلىيالمىدىڭ.

نۇرۇللا ئاقساقال گەدىنىڭلاردىن ئىتتىرە-ئىتتىرە سۇلايمان ئىشاننىڭ شاھانە ھوجرىسىغا ئەكىردى. ياۋا ئۆردەك گۆشى يەپ ئولتۇرغان سۇلايمان ئىشان سىلەرنى كۆرۈپ، نۇرۇللا ئاقساقالدىن:

- نىمىش بولدى ؟- دەپ سورىدى بەخىرامان ھالدا.

- ئىشانىم، بۇ ھارامتاماقلار كۈندىن-كۈنگە ھۇرۇنلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. توخۇ چىلىلىغاندىكىن، ئورنىمىزدىن قوپىلى دېمەي، ئەزاننى ئاڭلاپ تۇرۇپ بېشىنى چۈمكەپ، خورەك تارتىشىپ ياتىدۇيا؟!

سۇلايمان ئىشاننىڭ كۆزلىرى ئابلىكىمگە كېلىپ توختاپ قالدى. ئۇ

باياتىن نۇرۇللا ئاقساقال گەدىنىدىن ئىتتەرگەندە دۇم چۈشۈپ، بۇرنى قاناپ قالغانىدى. سۇلايمان ئىشان نۇرۇللا ئاقساقالغا قاراپ، سىلەرگە ئىچ ئاغرىتقان قىياپەتتە:

باللارغا شۇنداقمۇ باغرى تاشلىق قىلامسەن، ئاقساقال؟- دېدى گۆشنى لىگەنگە «پالاققىدە » تاشلاپ،- ئېرتە ئۇنىڭ بۇرنىنى!

نۇرۇللا ئاقساقال ئابلىكىمنى سىرتقا ئاچىقىپ، ئاغزى-بۇرنىنى يۇيۇپ ئەكىردى. سۇلايمان ئىشان ئۆردەك گۆشنى تۆت پارچە قىلىپ سىلەرگە لىگەن بىلەن تەڭلىدى.

- قېنى، باللىرىم، خاپا بولماي گۆش يەڭلار، بۇ غەرەز ئۇقمايدىغان شوۋىچى سىلەرگە قوپاللىق قىلىپ قويۇپتۇ، قېنى، ئېلىڭلار ئاز بولسىمۇ.

تاياق يېگىنىمىزمۇ ئۇبدان بوپتۇ بىر ھېساپتا، گۆش يەۋالىدىغان بولدۇق...

سەن شۇنداق ئويلاپ، دوستلىرىڭغا قارىدىڭ. ئۇلار گۆشكە قول ئۇزاتمىغاچقا، ئاغزىڭغا يىغىلىپ قالغان سېرىقسۇنى «غۇرتتىدە» يۇتىۋېتىپ، سەنمۇ جىم تۇردۇڭ. نۇرۇللا ئاقساقال شايى يەكتىكىنىڭ پېشىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ سۇپىغا چىقتى - دە، لىگەننى ئالدىڭلارغا ئەكىلىپ:

- ئىشانىم: «يەڭلار» دېگەندىكىن، يېمەي، نېمىگە قاراپ تۇرىسىلەر؟ قېنى، ناز قىلماي ئېلىڭلار،- دېدى يۇمشاق تەلەپپۇزدا.

سىلەر يەنىلا گۆشكە قول ئۇزىتىشقا جۈرئەت قىلالمىدىڭلار، نۇرۇللا ئاقساقال گۆشنى ئېلىپ، قولۇڭلارغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

- ھە، بولدى-بولدى، باللىرىم، خاپا بولماي گۆشۈڭلارنى يەپ، ئۆز ئىشىڭلارنى قىلىڭلار ئەمدى،- دېدى سۇلايمان ئىشان.

سىلەر گۆشنى كۆتۈرۈپ ھۇجرىدىن شۇنداق خۇشال ھالدا قۇش پەيدەك شۇنداق يەڭگىل قەدەملەر بىلەن چىقىپ كەتتىڭلار، شۇڭا، سۇلايمان ئىشاننىڭ نۇرۇللا ئاقساقالغا: «ھەي ئاقساقال، ھەي ئاقساقال،

سەن ئادەم ئىشلىتىشنى بىلەمسەن-بىلمەمسەن؟ ‹ئالداشقا كىچىك بالا ياخشى، خۇدا ئۇرسۇن قاقباشنى› دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمۇ سەن؟ يەنە بىر - ئىككى يىلدىن كېيىن، بۇ شۇمتەكلەر ئون ئالتە-ئون يەتتە ياشلارغا كىرىپ، رەسمىي ئادەم قاتارىغا ئۆتىدۇ. ئۇ چاغدا ئېشەك قىلىپ مىنسەڭمۇ، قوشتىن ئېلىپ سۆرەمگە سالساڭمۇ كۆتۈرىدۇ، مەن بۇ ماڭقىلارنى چىلتەنلىرىمدىن قۇرسىقىغا بىكار تاماق بېرىش ئۈچۈن ئاچىقمىغان، هازىر تېخى بۇشۇملار كىچىك، بىر-ئىككى يىل يېگەن نان ئۈچۈن، ئۇلارنى بىر ئۆمۈر ئىشقا سالىمەن...» دەپ «نەسىهەت» قىلغانلىقىنى، ئىش ئۆگەتكەنلىكىنى ئاڭلىماي قالدىڭلار. ئەگەر ئاڭلاپلا قالغان بولسەڭلار، «سۇلايمان ئىشان ئەسكىلىك قىلىشنىمۇ بىلىدىغان، ياخشىلىق قىلىشنىمۇ بىلىدىغان ئوبدان ئادەم» خىزىر سۈپەت بۇ رودۇپايدىن سۆيۈنۈپ يۈرۈشنىڭ ئورنىغا نەسباسقان بۇ ماكان بىلەن نەپرەتلىك هېسسىيات ئىلكىدە خوشلاشقان بولاتتىڭلار.

تۇمۇز ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى سىلەر سۇلايمان ئىشاننىڭ هۇجۇرسىغا تۇيۇقسىز چاقىرتىلدىڭلار، ئۇ كۆزىنى چىڭگىدە يۇمۇپ تەسۇر سىيرىپ ئولتۇراتتى، هېزىمنىڭ سەككىز-توققۇز ياشلاردىكى سىڭلىسى لالىگۈل ئۇنى يەلپۈپ تۇراتتى.

- ئىشانىم، بۇلارنى ئەكىردىم،-دېدى نۇرۇللا ئاقساقال.

سۇلايمان ئىشان تەسۇر سىيرىشتىن توختاپ، سىلەرگە قارىدى،

- سەن ماڭقىلار دېهقانچىلىق ئىشلىرىنىڭ هۆددىسىدىن چىقىشالمىدىڭ، يېگەن ناننىڭ پۇلىنى تۆلىشەلمىدىڭ، شۇڭا، قومۇشلۇققا بېرىپ قومۇش ئورۇش.

سەن سۇلايمان ئىشاننىڭ شۇملۇق يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن، قوپال-ئاچچىق سۆزلىرىدىن شۈركۈنۈپ كەتتىڭ، ئۇنىڭ بۇرۇنقى «مېهرىبان»لىقى، «خۇشپېئىل»لىقىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان ئىدى.

- بالام-دېدى داداڭ سىنى باغرىغا بېسىپ، -بىز بۇ يەرگە-رودۇپاي

ئىشاننىڭ قېشىغا خاتا كېلىپ قاپتىمىز، بىزنى مۇشۇ كۈنلارگە قويغان ئاشۇ نەپسىبالا چېرىكلەر... داداڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋېتىپ داۋام قىدى-بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، جىمى دۇنيا، جىمى مەخلۇقاتقا پادىشاھ بولغان سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ ئۈزۈكىگە «ھەممە ئۆتۈپ كېتىدۇ» دېگەن سۆز ئويۇلغان ئىكەن، شۇڭا ئۈمىدۋار، قەيسەر بول، بۇ دىشۋارچىلىقلار مۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، ھۆر، ئاسايىشلىق كۈنلەر ھامان كېلىدۇ. ھازىر يېتىلى دېسەك، ھەققىمىزنى بەرمەيدۇ. كۈزگىچە چىدايلى... ئۈنگخىچە چوپانغا بارىدىغان ئادەم تاپسام، سېنى قۇشۇپ قۇيىمەن، مايلى سېنىڭ ھەققىڭنى بەرمىسە... خوش، قوزام نامازنى تەرك قىلما، ھەرۋاقىت ئاللانى ياد ئەت، قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغاندا، ھېلىقى مۇۋەششەھنى، يادىڭدا باردۇ؟ ھە شۇ مۇۋەششەھنى ئوقۇ... خۇدىيمغا ئامانەت!

سەن خۇددى ناھايىتى يىراق، ناھايىتى مۇشكۇل سەپەرگە چىقىدىغاندەك، داداڭ پېشانەڭگە، مەڭزلىرىڭگە چۈڭقۇر مېھرى بىلەن سۆيۈپ خەيرلىك تىلەكلىرى بىلەن ئۇزىتىپ قويدى.

ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ ناھايىتى مۇشكۇل سەپەر ئىدى.

نۇرۇللا ئاقساقال سىلەرنى غۇجىئېرىققا پىيادە ماڭسا تۇلۇق بىر كۈندە كېلىدىغان، ئۇچ تەرىپى تاكلىماكان قۇملۇقىغا تۇتىشۇپ كېتىدىغان بىر قومۇشلۇققا ئەكېلىپ، كۈنلۈك، ھەپتىلىك، ئايلىق قومۇش ئورۇش ۋەزىپەڭلارنى بېكىتىپ بېرىپ كېتىپ قالدى.

قومۇشلۇق قاق ئوتتۇرىسىدا بىر گەمە بار بولۇپ، سىلەر شۇ گەمىدە يېتىپ-قوپتۇڭلار، ياۋا توڭگۇزلارنىڭ چىقىراشلىرى، كېلەلەرنىڭ كۆزلۈكلەرگە خۇددى يەكچەشمىدەك تىكىلىشلىرى... سىلەرنى قورقۇتۇپ كېچىلىرى تۈزۈك ئۇخلاتمايتتى، سازلىقنىڭ سۆگەكلىك پاشا-كۇمۇتلىرى، قۇرت-قوڭغۇزلىرى چېقىپ، ئەت-يېنىڭلارنى، يۈز-كۆزۈڭلارنى قوتۇر قىلىپ، سىلەرگە ئارامچىلىق بەرمەي ئۇيقۇڭلارنى ھارام قىلاتتى، ئۆزۈڭلار

ئېتىپ ئىچكەن گاھ تۇزلۇق، گاھ تۇزسىز، ھېچقانداق سەي-كۆكتات سېلىنمىغان ئۇماچ -سىقماقلىرىڭلار بىردەمدىلا سۈيىدۈككە ئايلىنىپ چىقىپ كەتكەچكە، قۇرسىقىڭلار ئاچلىقتىن كورۇكىراپ، ئۈيىقىڭلارنى قاچۇرۇپ، سىلەرنى ئالتۇن-كۈمۈش ساڭگىيىدىغان ئېشەك، ھەر خىل نازۇنېمەت ئاتا قىلىدىغا ئېچىلىك داستىخان، «ئۇر»دەپ قويسا ئۇرۇپېۋېرىدىغان خاسىيەتلىك توقماق ھەققىدە شېرىن خىياللارغا غەرق قىلاتتى.

نۇرۇللا ئاقساقال ئۈچ-تۆت كۈندە بىر قېتىم ئات بىلەن كېلىپ، قىلغان ئىشىڭلارنى تەكشۈرۈپ، سىلەرنى ئىشنى ئوبدان قىلىشماپسەن دەپ، بىرمۇنچە تىللاپ-دۆشكەللەپ، ھەر بىرىڭلارغا ئايرىم -ئايرىم تەھدىت، قورقۇنچ ھەدىيە قىلۋېتىپ، قايتىپ كېتەتتى، شۇڭا، سىلەر بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بىر قانچە يەرگە خۇددى مۆم بارخانلىردەك قۇمۇش دۆۋىلىرنى ھاسىل قىلغانىدىڭلار.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، نۇرۇللا ئاقساقال سۇلايمان ئىشاننى قۇمۇشلۇققا باشلاپ كەلدى. سىلەر ئورغاقلىرىڭلارنى تاشلاپ، ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدىڭلار، خۇددى داداڭلارنى سېغىنىپ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلگەندەك.

-ھە، نېمىدەپ كېلىشتىڭ قۇمۇش ئورۇشماي!؟- دەپ سورىدى سۇلايمان ئىشان كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ.

- سىلىدىن... ھاردۇق سورايلى دەپ...

سىلەر شۇنداق دېيىشىپ سۇلايمان ئىشانغا ئەدەپ بىلەن ئېگىلىپ سالام قىدىڭلار، ئەمما، سۇلايمان ئىشان سالىمىڭلارنى ئېلىك ئېلىشنىڭ ئورنىغا:

مەندىن ھاردۇق سوراشمىساڭمۇ ھېرىپ قالمىدىم مەن. مېڭىشە، بېرىپ ئېشىڭنى قىلىش. -دەپ گۆلەيدى.

سىلەر سۇلايمان ئىشاندىن ھاردۇق سوراپ كەلگەنىگە مىڭ بىر

پۇشايمان قىلىشىپ، قۇمۇشلۇققا يېنىپ كەلدىڭلار، غايەت زور ئوت شارى كۆكتە لاۋۇلداپ تۇراتتى، شامالدىن قىلچە ئەسەر يوق، قۇمۇشلۇق قىزىپ كەتكەنىدى، خۇددى تونۇردەك، ئاخىر دىمىق ئىسسىققا ۋە ئۇسسۇزلۇققا چىدىيالماي، سۇلايمان ئىشان بۇنداق ئىسسىقتا نېمىش قىلار؟ ھەرقاچان ھېلىغىچە كېتىپ بولدى، دەپ ئويلاپ، ھاسىراپ ـ ھۆمۈدىشىپ گەمىگە كەلدىڭلار.

ئەمما، سۇلايمان ئىشان گەمە ئالدىدىكى سايىۋەنىدە نۇرۇللا ئاقساقال بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇراتتى، سىلەر يا ئالدىڭلارغا، يا كەينىڭلارغا ماڭالماي، قېتىپلا قالدىڭلار، ئۇ سىلەرنى كۆرۈپ يەنە ۋارقىردى:

يەنە نېمىدەپ كېلىشتىڭ؟

- ئىسسىققا چىدىيالماي خۇدى... ئۇسساپ كېتىپ-دېدىڭ.

- چۆش بۇلار-بولمايلىما؟ ھۇ، نان قېپىلار!

ئەمەلىيەتتە ئاللىبۇرۇن چۆش بولۇپ بولغانىدى.

- مەن تۆتىنگگە دەپ قويساي، ئوبدان ئاڭلاش!- دېدى سۇلايمان ئىشان دانە-دانە سۆزلەپ، زەي سۇ ئىچىۋېرىپ گەز باغلاپ، شامال يالاپ چاك-چاك يېرىلىپ كەتكەن لەۋلىرىڭلارغا، پاشا-كومۇتىلار چېقىپ ھۈررەك-ھۈررەك بولۇپ كەتكەن يۈز-كۆز لىرىڭلارغا مىغدەك تىكىلىپ،- بۇنداق ھۇرۇنلۇق قىلىشساڭ، ھوي سەمەندەر تاغلىق، بولۇپمۇ سەن، يىگەن نانىنىڭ پۇلىنى تولىشەلمەيسەن جۇما!...يەنە بىر ئايدىن كېيىن بورىچى كېلىدۇ، ئۇچاغدا قۇمۇش ئۆلگۈرمەي، ئىش ئاقساپ قالىدىغان بولسىڭىزە ھەر قايسىڭغا كۆرگۈلۈكىۈڭنى كۆرسىتىمەن! شۇڭا، ئوبدان ئىشلەش. ئاڭلاشتىڭمۇ، ھوي ياغاچ قۇلاق كۈچۈكلەر؟!

سىلەر بېشىڭلارنى قۇللارچە ئېگىپ: «ئوبدان-ئوبدان» دېيىشىپ گەمىگە كىرىپ سۇغا دۇم چۈشتىڭلار.

- ھۆي ھېزىم!

نۇرۇللا ئاقساقال تووۋلاپ قالدى.

ئەمدىلا جامنى قولىغا ئالغان ھېزىم سۇنى ئىچمەيلا سىرتقا چىقىپ كەتتى.

-خوش، ئاقساقال.

ماڭ، ئاتنى تۇقۇپ كەل.

سىلەر كۆلگە بۇلانغان قۇناق كۆمىچىڭلارنى مەززە قىلىپ يېيىشكە باشلىدىڭلار، ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي گەمىگە ھېزىمنىڭ چىرقىرغان ئاۋازى ئۇچۇپ چىردى. خۇددى لاچىن ئۇۋىسىغا ئۇچۇپ كىرگەندەك. سىلەرمۇ گەمىدىن ئۇچۇپلا چىقتىڭلار، گوياكى لاچىن باللىرىدەك. سىلەر لاچىندەك ئۇچقان پېتىڭلار ھېزىمنىڭ قىشىغا كەلدىڭلار، ھېزىم ئوقۇردا چىرقىراپ پىلتىڭلاۋاتاتتى. سۇلايمان ئىشاننىڭ توپتەك سېمىز ئاق قاشقىلىق ئېتى ھېزىمنى ئوقۇرغا بىسىپ ھەدەپ تالاۋاتاتتى، خۇددى غالجىر ئىتتەك. نۇرۇللا ئاقساقال يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئاتنىڭ چۇلۋۇرىدىن تارتىپ سىلكىشلىدى، ئەمما، ئات ھېزىمنىڭ يوتىسىدىن چىشلىۋالغاچقا، ھېزىم ئۇنىڭ ئاغزىغا چىڭگىلىكتەك ئېسلىپقالغانىدى. ئۇ يۈرەكنى سىرقىرىتىپ پىلتىڭلايتتى، قۇمۇشلۇقنى لەرزىگە سېلىپ چىرقىرايتتى. ئاخىر سەن قۇلۇڭغا بىر غولدىنى ئېلىپ، بار كۈچۈڭنى يىغىپ ئاتنىڭ تۇمشۇقىغا غەزەپ بىلەن ئىككىنى قۇيۇۋىدىڭ، ئات ھېزىمنى يەرگە پوككىدە تاشلىدى.

- ھوي بەچچىغەر، ئاتنى نېمىشقا ئۇرىسەن؟- دەپ گۆلەيدى سۇلايمان ئىشان يۈگۈرۈپ كېلىپ.

- ھېزىمنى چېشلىۋالغادىكىن...

چېشلىۋالسا، يەنە قۇيۇپ بېرىدۇ ئاشۇداق!

قۇيۇپ بەرمىگەندىكىن ئۇردۇم مەن!

سەن سۇلايمان ئىشاننىڭ ئىنكاسىنى كۈتۈشنىڭ ئورنىغا ھېزىمغا قارىدىڭ. ئۇنىڭ يوتىسىنىڭ قوش ئالقىنىڭدەك گۆشى ئاتنىڭ ئاغزىدا قالغان بولۇپ، ئات ئۇنى چايناپ مەززە قىلىپ، ئالدىرىماي يۇتۇۋاتاتتى، قىپقىزىل قانغا بويالغان ئاغزىدىن قان تامچىلاپ تۇراتتى. ھېزىمنىڭ

يۇتىسىدىن شۇرقىراپ ئاققان قىپقىزىل قان مۇقەددەس ئانا تۇپراققا سىڭىپ كېتىۋاتاتتى. سەنمۇ شۇ قان بىلەن مۇشۇ قۇمۇشلۇقنىڭ زەي تۇپرىقىغا سىڭىپ كېتىۋاتاتتىڭ.

ئاھ، خۇدا، بۇنىمە ئىش، بۇ ئاتمۇ ياكى ئاتسىياق ئالۋاستىمۇ؟ ئاتسىياق يەكچەشىمۇ؟ ياق، ئات، ئات بولسا، نىمىشقا ئەمىسە ئادەم گۆشى يەيدۇ؟

چۈنكى سىلەر بۇ ئاتنىڭ مەخسۇس ئوغلاق گۆشى بىلەن بېقىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، شۇڭا ئۇنىڭ گۆشكە خۇمار بولۇپ قالغانلىقىنى ئۇقمايتتىڭلار.

سىلەر ھېزىمنى كۆتۈرۈپ سايىۋەن ئاستىغا ئەكەلدىڭلار، سەن ئۇنى قۇچىقىڭغا ئالدىڭ، ئابدۇللا جامدا سۇ ئەكېلىپ، ئۇنىڭ گەز باغلاپ، چاك-چاك يېرىلغان لەۋىگە تەككۈزدى، بىراق ئۇ ئاغزىنى ئاچمىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى مەھكەم يۇمۇلگەن، ئاپتاپتا كۆيۈپ قارداپ كەتكەن چېھرى ئاقىرىپ كەتكەنىدى.

- ھېزىم!

- ھېزىم، كۆزۈڭنى ئاچقىنە ئاداش!

ياشلىرىڭلار تاراملاپ تۆكۈلدى، سۇلايمان ئىشان بىلەن نۇرۇللا ئاقساقالغا: «بىر ئامال قىلىڭلار» دېگەن ئۆتۈنۈش بىلەن قارىدىڭ، ئەمما ئۇلار «يەنە گۆش يەيمەن» دەپ چاپچىپ، يەرنى تىلغاپ تۇرغان ئاتنىڭ تاياق تەككەن تۇمۇشقىنى سىلاش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتاتتى. سەن سۇلايمان ئىشاندىن - قولىدىن تەسۋى، ئاغزىدىن ئايەت، بېشىدىن قازاندەك سەللە چۈشمەيدىغان بۇ ئادەمسىياق ئالۋاستىدىن شۇنداق نەپرەتلەندىڭ، يىرگەندىڭ، بۇ ئۇنىڭدىن تۇنجى قېتىم نەپرەتلىنىشىڭ، يىرگىنىشىڭ ئىدى.

ھېزىم ئاخىر ھوشىغا كېلىپ، ئىككى يۇتۇم سۇ ئىچتى، سۇلايمان ئىشان كېلىپ، ھېزىمنىڭ جاراھىتىنى كۆرۈپ:

قورقۇپ كەتكۈدەك ئېغىر ئەمەسكەن، سىلەر خاتىرجەم بولۇپ، قومۇشۇڭلانى ئورۇۋېرىڭلار، مەن ئەتىلا تېۋىپ ئەۋەتىمەن-دېدى-دە، ئېتىغا مىنىپ كۆدىن غايىپ بولدى.

سىلەر ھېزىمنىڭ جۇل-جەپپەر بولۇپ كەتكەن پاقتىلىق چاپىنىدىن بىر قىسىم پاقتا چىقىرىپ كۆيدۈرۈپ، ھېزىمنىڭ قان تەپچىرەپ تۇرغان يارىسىغا باستىڭلار.

شۇ كېچە زادىلا ئۇخلىيالمىدىڭلار، خۇددى قومۇشلۇقتىن ئاتسىياق ئالۋاستى، چىن تۆمۈر باتۇر دەۋرىدىن ئېشىپ قالغان يەتتە باشلىق يالماۋۇز چىقىپ كېلىپ، سىلەرنى سۇلايمان ئىشانىنىڭ ئېتىدەك يالماپ-يالماپ يۇتۇپ كېتىدىغاندەك، ئۇخلاپلا قالساڭلار، مەختۇمسۇلانىڭ قېنىنى شورىغاندەك تاپىنىڭلارغا بىگىز تىقىپ، قېنىڭلانى شوراپ، سىلەرنى قۇرۇق ئۇستىخان قىلىپ قويىدىغاندەك قورقۇنۇچلۇق تۇيغۇلار ئۇيقۇڭلارنى قاچۇرۇۋەتكەنىدى. ھېزىمنىڭ تاغۇ تاشلارنى، قومۇشلۇقنى لەرزىگە سالىدىغان ئازابلىق نالىسى يۈرىكىڭلارنى مۇجۇپ، ئۇيقۇڭلارنى قاچۇرۇۋەتكەنىدى.

سىلەر تېۋىپنىڭ كېلىشىنى كۈتەتتىڭلار...

بىر كۈن كۈتتۇڭلار...

ئىككى كۈن كۈتتۇڭلار...

تۆپتوغرا بىر ھەپتە كۈتتۈڭلار، كەلمىدى، سۇلايمان ئىشانىنى قارغاشقا باشلىدىڭلار:

«ئاتتىن يىقىلىپ، بوينۇڭ سۇنۇپ ئۆلەرسەن ئىلاھىم»

«ئۆزۈڭنىڭ ئېتىغا ئۆزۈڭ يەم بولار سەن خۇدايىم»

«ئۇدۇل دوزاخقا كىرىپ كېتەر سەن!...»

ھېزىمنىڭ چىرايى كۈندىن كۈنگە سارغىيىپ كېتىۋاتاتتى، خۇددى چامغۇر ئۈندۈرمىسىدەك، يارىسى قۇرتلاپ كەتكەنىدى. گوياكى لەش باسقان كۆلدەك. سىلەر نۆۋەتلىشىپ قۇرت تېرەتتىڭلار، نۆۋەتلىشىپ ئاش

ئېتىپ كۆمەچ پىشۇرۇپ، ھېزىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتىڭلار.

- بۇنداق كېتىۋەرسە ھېزىم ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ، شۇڭا، بىرىمىز بىرىپ سىلىمىخاچامغا خەۋەر قىلىلى - دېدى ئابدۇللا.

سىلەر شۇ مەسلىھەتكە كېلىپ ھېزىمغا ئېتىۋىدىڭلار، ئۇ ئۇنىمىدى:

- ياق، مېنى... ئانام قېشىغا ئاپىرىڭلار... مەن سىلەردىن خۇش بولاي... مېنى... ئانام قېشىغا ئاپىرىڭلار، ئانامنى...بىر كۆرۈۋالاي!

ئۇ چوڭقۇر ئىلاتۇنۇش بىلەن بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى، سىلەرمۇ ئۆزۈڭلارنى تۇتالماي، بىردە ھېزىمنى، بىردە بىر-بىرىڭلەرنى قۇچاقلاپ يىغلاشتىڭلار، يىغلاشقاچ شاخ ـ شۇمبىلاردىن زەمدىل ياسىدىڭلار.

ئەمما شۇ كېچە ھېزىمنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى، گەپ-سۆز دىنمۇ قالدى، تىننىقمۇ ناھايىتى بوش، بار-يوقنىڭ ئارىلىقىدا ئىدى، راسا دىققەت قىلمىسا، ئۇنىڭ ھاياتى ياكى ئەمەسلىكىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتى. ئەتىسى سەھەردە سىلەر ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان ھېزىمنى زەمبىلگە سېلىپ، مېڭىشقا تەمشىلىپ تۇرغاندا، سۇلايمان ئىشان بىلەن نۇرۇللا ئاقساقال گەمە ئالدىدا پەيدا بولدى، خۇددى يەردىن ئۈنگەندەك، ئاسماندىن چۈشكەندەك.

-نېمە بولدى؟-سورىدى سۇلايمان ئىشان ئاتتىن چۈشمەيلا،

- ھېزىم...ئۇ...

سىلەر زەمبىلنى يەردە قويۇپ، مىشىلداپ يىغلاشقا باشلىدىڭلار.

- ئۆلدىما؟

- ياق!

-ئەمىسە نېمىشقا كۆزۈڭنىڭ سۆيدۈكىنى ئېقىتىشىسەن؟

سۇلايمان ئىشان نۇرۇللا ئاقساقالغا قارىۋىدى، ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ، ھېزىمنىڭ تىننىقىنى تىڭشىدى، جان تومۇرىنى بارمىقى بىلەن تۇتۇپ، سىلەرگە بىر قۇردىن قارىۋەتكەندىن كېيىن، سۇلايمان ئىشاننىڭ قېشىغا بېرىپ، بىر نىمىلەرنى دېدى، سۇلايمان ئىشان ئاتتىن چۈشۈپ،چۇلۇۋۇرنى

نۇرۇللا ئاقساقالغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ھېزىمنى تەكشۈرۈشكە باشلىدى، خۇددى ئۇستا تېۋىپتەك، ئۇ ھېزىمنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، سىلەرگىمۇ قارىماستىن، ئاتلارنى باغلاۋاتقان نۇرۇللا ئاقساقالنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئىككىسى خېلى ئۇزۇن كۇسۇرلاشتى، بىر چاغدا قېشىڭلارغا كېلىپ:

- ھەرەمگە بېرىشنىڭ تەرەددۇتىدا بولۇپ كېتىپ، سىلەرنى يوقلاپمۇ كېلەلمىدىم،-دېدى سۇلايمان ئىشان سىلىق ـ سىپايىلىق بىلەن،- قانداقراق ئەھۋالىڭلار؟

- ئوبدان...

- خېلى ياخشى...

ئاۋازىڭلار شۇ قەدەر پەس، شۇ قەدەر زەئىپ ئىدى.

- نېمە گەپ-سۆزۈڭلار بار، بالىلىرىم؟

- ئىشانىم، باشقا گېپىمىزمۇ يوق،- دېدى ئابلىكىم،- ھېزىمنى تېۋىپقا بىر كۆرسىتىپ باققان بولساق.

سەن قوشۇمچە قىلدىڭ:

- شۇنداق قىلسىلا، ئىشانىم،جېنى بەك قىينىلىپ كەتتى بۇ بىچارىنىڭ.

ــ تېۋىپ دېگەن تومۇر تۇتۇپ «ئىسسىقلىق ئېشىپ كېتىپتۇ، سوغۇقلۇق ئېشىپ كېتىپتۇ» دەپ ئادەم ئالدايدىغان نېمە ئۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھېزىمنىڭ كېسىلى ئاشكارى تۇرسا، تېۋىپقا كۆرسىتىشنىڭ نېمە ھاجىتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە...

سۇلايمان ئىشان گېپىنىڭ ئاخىرنى يۇتۇۋەتتى، سىلەر ئۇنىڭغا يىغلاپ تۇرۇپ يالۋۇردۇڭلار، سۇلايمان ئىشان تەسىرلەندى بولغاي، ئاخىر:

-ئېلىپ مېڭىڭلار-دېدى.

-رەھمەت ئىشانىم!

سىلەر سۇلايمان ئىشانغا بىر ئېغىزدىن رەھمەت ئېيتىپ، قىن-قىنىڭلارغا پاتمىغان ھالدا زەمبىلنى كۆتۈرۈپ ماڭدىڭلار.

- ئىشانىم «ھەرەمگە مېڭىشىڭ ئالدىدا بىر ساۋاپ ئىش قىلاي» دېگەن چېغى، ھە باللا.

- شۇ.

- ھېزىم ئەمدى ساقىيدىغان بولدى.

- ھېزىم، كۆزۈڭنى ئاچ، ئاداش، سېنى تېۋىپنىڭ قېشىغا ئېلىپ ماڭدۇق، سەن ئەمدى ساقىيدىغان بولدۇڭ.

سىلەر شۇنداق دېيىشكەچ ئىلدام ماڭدىڭلار.

يۈز نەچچە قەدەم ماڭار-ماڭمايلا، سۇلايمان ئىشان بىلەن نۇرۇللا ئاقساقال سىلەرگە ئاتلىق ئەمەس، پىيادە يېتىشۋالدى.

ئېتىنى مىنمەي نېمىشقا پىيادە كەلگەندۇ؟ نۇرۇللا ئاقساقال كەتمەننى نېمە قىلدىغاندۇ؟

نۇرۇللا ئاقساقالنىڭ گېپى بىلەن خىياللىرىڭ ئۈزۈلدى.

- مۇشۇ يەردە قويۇڭلار.

سىلەر بىر -بىرىڭلارغا ھايرانلىق بىلەن قارىشىپ قالدىڭلار.

- نېمە بۇتتەك تۇرۇشىسەن، قويۇشامسەن؟-دەپ ۋاقىردى سۇلايمان ئىشان.

سىلەر زەمبىلنى يەردە قويدۇڭلار، نۇرۇللا ئاقساقال سىلەرنى قومۇشلۇقنىڭ ئوتتۇرىغا باشلاپ كىلىپ:

- مۇشۇ يەرنى كولاڭلار- دېدى پۈتى بىلەن كولىنىدىغان جاينى كۆرسىتىپ.

- بۇيەرنى كولاپ نېمە قىلىمىز؟- دەپ سوردىڭ سەن ھەيران بولۇپ.

- ھېزىمنى كۆمىمىز.

- نېمە؟!

- نېمىشقا كۆمىمىز؟!

- ئۇ تېخى تىرىك تۇرسا!

- سىلەر ھەيرانلىق ئىلكىدا شۇنداق دېيىشتىڭلار.

- كىم شۇنداق دەيدۇ تىرىك دەپ، ئاللىبۇرۇن ئۆلۈپتۇ يا ئۇ. سەن ھارامتاماقلاردىن بىرىڭ لىپپىدە بېرىپ، بىزگە «مانىڭ ئىشى ماۋۇتتى» دەپ خەۋەر قىلىشساڭ بولمامدۇ؟ مەن بۇنىڭ ھېسابىنى سەنلەردىن كېيىن ئالىمەن تېخى!

لېكىن سىلەر ئۇنىڭ تەھدىتلىرگە پەرۋا قىلماستىن، ئۆزۈڭلار سەزمىگەن ھالدا ئىسيان كۆتۈردىڭلار:

- ياق ئۇ تېخى ھايات!

- تىنىقى توختىمىغان تۇرسا!

- تۇمۇرى سوقۇۋاتسا تېخى!

- سەن شۇمتەكلەر نېمىنى بىلىشەتتىڭ؟- دېدى سۇلايمان ئىشان قېشىڭلارغا كېلىپ،-شېھىت دېگەن شۇنداق بولىدۇ، تىنىقى مەڭگۈ توختىمايدۇ، يۈرىكى مەڭگۈ سوقۇپ تۇرىدۇ، چاچ-ساقاللىرى، تىرناقلىرى مەڭگۈ ئۆسۈپ تۇرىدۇ! ھېزىممۇ شېھىتلىك مەقامىغا يېتىپتۇ!

ئىشەنمىدىڭ، ئىشەنمىدىڭلار، سورىدىڭ:

- قانداق بولۇپ شېھىت بولىدۇ، ئىشانىم؟ ئۇيا جەڭ قىلمىسا؟

بۇ سۇئالغا نۇرۇللا ئاقساقال جاۋاپ بەردى:

«مىم»نى «چوماق»دەيدىغان سەن شۇمتەكلەر نېمىنى بىلىشسەن؟ قارا قورساق بىر نىمىلەرنىڭ سورىغان گەپلىرىدىن ئۆرگىلەي! سەنلەرگە دەپ قوياي، بىلىشىۋال، ئىشانىم دېگەن ئەۋلىيالىق مەقامىغا يەتكەن ئۇلۇغ زات. ئۇنىڭ ھەققى-ھۆرمىتى ۋە خاسىيەتلىك ئېتىنىڭ شەپقەت-ئىنايىتىدىن ئەلۋەتتە شېھىت بولىدۇ!

يەنىلا ئىشەنمىدىڭ، ئىشەنمىدىڭلار. شۇڭا ھەممىڭلار بىر ئېغىزدىن ئىنكاس قايتۇردۇڭلار:

- يالغان!

- بىكار گەپ!

- ئۇ تېخى تىرىك!

سۇلايمان ئىشاننىڭ چاچ-ساقاللىرى تىترەپ، كۆزلىرىدىن شۇملۇق ئۇچقۇندىدى، سىلەر بۇنىڭغا پەرۋا قىلماي، ھېزىمنىڭ چوغدەك يۈزىگە يۈزۈڭلارنى يېقىپ يىغلىدىڭلا، يۈرىكىڭلار سەبىي ئىلتىجا بىلەن تېپچەكلىدى: «ئاھ، خۇدا، سەن ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى، ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇرسەن ھەم مېھرىبانسەن! ئۆز قۇدرەت-كامالىڭ بىلەن ھېزىمغا كۈچ-قۇۋۋەت بەخش ئەت! ئۇ كۆزىنى ئاچسۇن، ‹مەن تىرىك، مەن تېخى تىرىك، دەپ ئورنىدىن تۇرسۇن!... سۇلايمان ئىشاننىڭ دىلىغا مېھرى-شەپقەت ئاتا قىلغىن!...»

ئىلتىجايىڭلار نۇرۇللا ئاقساقالنىڭ ۋاقىرىشى بىلەن ئۈزۈلۈپ قالدى:

- ئابدۇللا، كولا!

- كولىمايمەن!

نۇرۇللا ئاقساقال ئۇنىڭ گەدىنىگە شاپىلاق بىلەن بىرنى قويۇۋىدى، ئابدۇللا قۇملۇققا دۈم چۈشتى. ئۇنىڭ يىغىسى قۇمۇشلۇقنىڭ شار-شۇرلىرىغا ئارىلىشىپ كەتتى.

- ئابلىكىم، سەن كولا!

- ياق!

ئۇمۇ بىر مۇشت بىلەن قۇملۇققا پېتىپ كەتتى، يىغىسىنى سەھەر سەلكىنلىرى يىراق- يىراقلارغا ئەكەتتى.

نۆۋەت ساڭا كەلگەنىدى.

- ھەي، تاغلىق، سەن كولا!

سېنىڭ غەزىپىڭ تومۇر-تومۇرلىرىڭنى كۆيدۈرىۋەتتى، شۇڭا:

- ئۆزۈڭ كولا!- دېدىڭ ئۇنى تۇنجى قېتىم «سەن»لەپ.

بۇنى ئاڭلاپ، سېرىق چېھرى تاتىرىپلا كەتكەن نۇرۇللا ئاقساقال بۇرنۇڭغا بىر مۇشت سېلىۋىدى، سەن ئوڭدىسىغا چۈشتۈڭ، ئاغزى -

بۇرنۇڭــــدىن ئاققــان قىپقىزىـــل قـــان ئېڭەكلىـــرىگە، كۆكســۇڭگە، يۇرۇكىڭگە،يۈرىكىڭ ئارقىلىق قۇياشنى خامۇشانە ئۇزىتىپ قالغان نـۇرانە ئۇپۇقتا سىڭىپ كەتتى!

ئەمما، سەن يىغلىمىدىڭ، نىمىشقا؟

چۈنكى، داداڭنىڭ «مەن بار» رادىئلىـق مۇۋەششـەھىدىكى ئۈمىـد-ئىستەكلىرى سېنى يىغلاشقا يـول قويمىغانـدى: «رەھىمسىـزدۇر پەلەك-تەقدىر، ياشا ھىجرانىيدەك قەيسەر، بۈيۈك پەزلىڭگە پەزلىمنى ئۆمۈرلـۈك چاتقىلى مەن بار.»

مۇۋەششەھنىڭ ئاخىرقى مىسـرالىرى يۈرىكىڭدىن شـۇررىدە ئېقىـپ ئۆتۈپ كېتىشى بىلەنلا، سـەن قەددىڭنـى رۇسـلاپ بولغانـدىڭ. سـېنىڭ يىغلىمىغىنىڭنـى، ئەكسـىچە ئۇلارنـىڭ ئالدـدا مەردانە قىيـاپەتتە تىـك تۇرغىنىڭنى كۆرۈپ، ئىككىسىمۇ يىغىـدىن شـىپپىدە توختـاپ، ئۇرنىـدىن تۇرۇپ ياشلىرىنى سۈرتتى، توپىلىرىنى قاقتى.

نـۇرۇللا ئاقسـاقال كـاتمەننى ئېلىـپ، ھېزىمغـا يەرلىـك كـورلاپ، سىلەرنى سۇلايمان ئىشانغا يالۋۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى:

- ئوبدان ئىشانىم، ئۇ تېخى تىرىك، تۇمۇرلىرى سوقۇپ تۇرىدۇ ئەينا، ئۇنى كۆمۈۋەتمەيلى!

- لېۋى مىدىرلاۋاتىدۇ ئەينا! ئۇنى تىرىك كۆمۈۋەتسەك،يامان بولىدۇ، قىساسى كېلىدۇ!

- سىلىگە ئۆمۈر بۇيى ھەقسىز ئىشلەيلى، سـىلىگە ئۆمـۈر بـويى قـۇل بولىلى، ئۇنى كۆمۈۋەتمىسىلە!

سىلەر سۇلايمان ئىشاننىڭ پۇتىنى قۇللارچە قۇچاقلاپ يـالۋۇردۇڭلار. كۆز يېشىڭلار قۇياش بەرگىگە سـىڭىپ كەتتـى. سـىلەر بـۇ قېتىم يـىگەن تايـاق ئەمەس، ھېـزىم ئۈچـۈن، ھېزىمنىـڭ سـەبىي ھايـاتى ئۈچـۈن يىغلاتاتتىڭلار.

- ھۇ بەچچىغەرلەر!

سۇلايمان ئىشان شايى بەلۋېغىغا قىستۇرىۋالغان مۈڭگۈ دەستىلىك قامچىسىنى شارتتىدە سۇغۇردى-دە، قولىنى ئېگىز كۆتۈردى. سىلەر بۇنى كۆرۈپ يىغىدىن، يالۋۇرۇشتىن توختاپ، ئورنۇڭلادىن تۇردۇڭلا. قامچىدىن قورقۇپ ئەمەس، ئۇنىڭغا يالۋۇرۇشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوقلىقىنى ھىس قىلغانلىقىڭلار.

نۇرۇللا ئاقساقال ھەدەپ ھېزىم ئۈچۈن يەرلىك كولاۋاتاتتى.

- ئەمىسە،- دىدىڭ سەن،- سېلىمخاچامغا خەۋەر قىلىلى، بالىسىنىڭ يۈزىنى كۆرىۋالسۇن.

- ياق، ئۆلگۈرمەيدۇ.

- نىمىگە ئۆلگۈرمەيدۇ؟ جەسەدى سېسىپ كىتەمدۇ؟-دىدىڭ ھەيرانلىق بىلەن.

- ھەئە، يا...ياق، ياق...- سۇلايمان ئىشان گېپىنى ئوڭشىۋېلىپ، ساڭا ئالىيىپ قويۇپ داۋام ئەتتى،- ئۇ جەننەتۇل- مەئۋاغا ئالدىراۋاتىدۇ، جەننەتۇل-رىزۋاننى سېغىنىۋاتىدۇ! قاراڭلار، ئۇنىڭ لەۋلىرىدىكى كۈلكىگە، ئۇ جەننەت ساداسىنى ئاڭلاۋاتىدۇ، جەننەت ساداسىدىن ھوزۇرلىنىۋاتىدۇ!

گەرچە سىلەر سۇلايمان ئىشاننىڭ گېپىگە ئىشەنمىسەڭلارمۇ، يەنىلا ھېزىمغا قارىدىڭلار؛ گەرچە سىلەر ھېزىمنىڭ جەننەت ساداسىنى ئاڭلاۋاتقانلىقىغا ئىشەنسەڭلارمۇ، لېكىن جەننەت ساداسىدىن ھۇزۇرلىنىۋاتقانلىقىغا ئىشەنمىدىڭلار. چۈنكى، چېھرىدىدە چەكسىز ئازاب-ھەسرەت قېتىپ قالغانىدى؛ بىلەر-بىلىنمەس لىپىلداپ تۇرغان يىرىك لەۋلىرىدە چوڭقۇر ئۆچمەنلىك ۋە غەزەپ-نەپرەت قېتىپ قالغانىدى؛ چىلك تۈگۈلگەن مۇشتلىرىدا قىساسكارانە ئىلتىجا قېتىپ قالغانىدى؛

يەرلىك ئېلىنىپ بولدى، سۇلايمان ئىشان ئۇزاق دۇئا قىلدى. يۈزۈڭلارنى مەھكەم قورغان باماقلىرىڭلارنىڭ ئارىسىدىن ئازابلىق كۆز يېشىڭلار بۇلدۇقلاپ چىقاتتى، خۇددى بۇلاق سۈيىدەك. سۇلايمان

ئىشـانىنىڭ «ئـامىن!» دېــگەن «تەســىرلىك» ئـاۋازىنى ئىنىــق ئـاڭلاپ تۇرۇپمـۇ، يەنـىلا ھېچقايىســىڭلار دۇئـادىن قولـۇڭلارنى چۈشـۈرمىدىڭلار، مەڭگـۈ چۈشــەرگۈڭلار يــوق ئىــدى. ئەگەر نـۇرۇللا ئاقسـاقالنىڭ «ئـۈنى كۆتۈرۈڭلار!» دېگەن ئازابلىق بۇيرۇقى ئاڭلانمىغان بولسا، قولـۇڭلاردىن دۇئادىن مەڭگۈ چۈشمەسلىكى مۇمكىن ئىدى.

لـېكىن سـىلەر ھېزىمنــى قۇچـاقلاپ يېتىۋالـدىڭلار. ئـۇلار سـىلەرنى ھەرقانچە قىلىپمۇ ھېزىمدىن ئاجرىتالمىدى. چۈنكى، سىلەر ھېزىم بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەنىدىڭلار.

بۇ دېگەن ئاللاھنىـڭ ئىرادىسـى، تەقـدىرگە بـوي ئـېگىش ھەر بىـر مۇسۇلماننىڭ پەرزى ۋە بۇرۇچىدۇر. شـېھىتكە بۇنـداق چاپلىشىۋاسـاڭلار، گۇناھكـار، ئاسـىي بەنـدە بولـۇپ قالىسـىلەر، جـايىڭلار دوزاق بولـىدۇ. تەقدىرگە بويسۇنمىغانلىق ئاللاھغا قارشىلىق كۆرسـەتكەنلىكتۇر. ئۇنـداق قىلماي قويۇڭلار،-دېدى سۇلايمان ئىشان.

سىلەر يەنىلا تۇرمىدىڭلار. چۈنكى، سىلەر ئاللاھقا ئەمەس، سۇلايمان ئىشانغا قارشىلىق كۆرسىتىۋاتاتتىڭلار. شۇڭا، ئۇنىـڭ سـۆزلىرى سـىلەرگە قىلچىلىكمۇ تەسىر قىلمىغانىدى، ئاخىر نۇرۇللا ئاقساقال ئېغىز ئاچتى:

- بـالىلىرىم، ئىشـانىمنى بۇنــداق خاپـا قىلمـاڭلار،دوزاخ ئوتــىدىن قورقۇڭلار. ئىشانىمنى خاپا قىلغان ئادەم بېھىش يۈزى كۆرمەيـدۇ، سـىلەر «پىرىــڭ رازى-خــۇدا رازى» دېــگەن ئاڭلىمىغــانمۇ؟ بــۇ «ئــايەت»نىــڭ تەپسىرىنى سىلەر بىلمىسەڭلار، مەن سىلەرگە تەپسىر قىلىپ بېرەي...

نۇرۇللا ئاقساقال ناھايىتى ئۇزۇن بىر «ئـايەت»نـى ئوقـۇدى. سـىلەر ئۇنىــڭ «ئــايەت»ئىكەنلىكــىگە ئىشەنىســەڭلارمۇ (ئەمىلىيەتــتە ئۇنىــڭ ئوقۇغىنىنىــڭ ئــايەت ئەمەس، ئەرەبــچە پەلــپەتىش ســۆز ئىكەنلىكىنــى بىلمەيتتىڭلار)، لېكىن ھەر ھالدا مەنىسىنىڭ ئۇنداق ئەمەسلىكىنى بىلىپ تـۇراتتىڭلار. چـۈنكى، سـىلەر ھـازىرغىچە ھېچكىمنىـڭ، ھېچقانـداق بىـر موللىنىڭ ئاغزىدىن «قۇرئان»دا «تىرىك ئادەمنى كۆمۈۋېتىش، تىرىك

تۇرۇپ شىپتىلىك مەقامىغا يېتىش...» تونۇرغۇلۇق ئايەت بارلىقىنى ئاگلاپ باقمىغانىدىڭلار.

نۇرۇللا ئاقساقالنىڭ سۆزلىرى قۇلاق تۇۋىڭلاردا غۇڭۇلدايتتى:

- پىرىڭلار رازى بولسىلا، ھەر قانچە ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزسەڭلارمۇ، يەنىلا بېھىشكە كىرىسىلەر. ناۋادا پىرىڭلار رازى بولمىسا، تىزىڭلارنى، پېشانىلىرىڭلارنى يېغىر قىلىپ، مىڭ يىل ئىبادەت قىلساڭلارمۇ بەربىر دوزاخقا كىرىسىلەر، ئۇقتۇڭلارمۇ؟! ئىشان پىرىمنى رازى قىلىپ، بېھىشكە كىرىلى دېيىشسەڭ، بېشىڭلارنى كۆتۈرۈپ، شىپتىنى «يەرلىك»كە قويۇش، ھېلى بىكار ئىشانىم سىلەرنى قاغىۋەتمىسۇن!

تاقىتىڭلار توشقانىدى، ئىسيان كۆتۈردۈڭلار:

- مەيلى قاغىۋەتسە!

- ئۇ بىزنىڭ پىرىمىز ئەمەس!

- بىزنىڭ پىرىمىز- خۇدا!

سۇلايمان ئىشانىنىڭمۇ تاقىتى توشقانىدى. ئۇ سىلەرنى قامچىسى بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى. قامچا جان-جېنىڭلارغا ئۆتۈپ كەتتى. قامچا تەگكەن يەردىن قان چۈۋۈلۇپ چىقتى. سىلەر ئۈچۈن قۇمۇشلۇق يىغلاۋاتاتتى؛ سىلەر ئۈچۈن زېمىن يىغلاۋاتاتتى؛ سىلەر ئۈچۈن قۇمۇشلۇقتىكى ھاشارەتلەر، قۇرت-قوڭغۇز، يىلان-چايانلار يىغلاۋاتاتتى!

سۇلايمان ئىشان بىلەن نۇرۇللا ئاقساقال ھېزىمنى پۇت-قولىدىن كۆتۈرۈپ، «يەرلىك»كە پوككىدە تاشلىدى. سەن قانغا بويالغان كۆڭلىكىڭنى سېلىپ، ھېزىمنىڭ يۈزىگە يېپىپ قويۇپ، ئۇنىڭغا رازىلىق بەردىڭ:

- بىزدىن رازى بول، ئاداش، بىزدەك بىچارە دوستلىرىڭدىن رازى بول!

ئاخىرقى گەپلىرىڭنى يۈرىكىڭدە شىۋىرلىدىڭ: «سەن ئۈچۈن چوقۇم قىساس ئالىمەن!...»

ھېزىم تېخى تىرىك ئىدى. گەرچە ئۇنىڭ كۆزىنى ئاچقۇدەك ماغدۇرى بولمىسىمۇ، لىكىن سەبىي يۈرىكى ھاياتقا بولغان تەشنالىقىنىڭ تۈرتكىسىدە سوقۇپ تۇراتتى. ئەمما، ئۇ تىرىك پېتى كۆمۈۋېتىلدى!

- ھېزىم شېھىتلىك مەرتىۋىسىگە يېتىپ، جەننەتتىن ئۇرۇن ئالدى! خىلمۇ-خىل گۈللەر ئېچىلىپ تۇرغان، سۈپسۈزۈك سۇلار ئېقىپ تۇرغان، ھۆر-پەرىلەر خىزمەتتە بولىدىغان جەننەتۇل-مەئۋادىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالدى. بۇ دۇنيانىڭ مەئىشەتلىرىدىن قول ئۈزۈپ، ھۆر-پەرىلەر بىلەن دىدارلاشتى، ئۇنىڭ ھاياتى جەننەت ساداسى ئىچىدە مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ!— دېدى سۇلايمان ئىشان يىلاندەك تولغىنىپ تۇرغان قامچىسىنى بىلىگە قىستۇرۇپ، قېنى، باللىرىم، ماڭا ئەگىشىپ ئوقۇڭلار ھېزىم ئۈچۈن دۇئا قىلىلى!

دۇئا قىلماي بولمايتتى. شۇڭا، ھەممىڭلار ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، قايسىبىر ئۈزۈن «سۈرە»نى ئوقۇدۇڭلار...

— ئامىن!

سىلەر: ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم، ھېزىمنىڭ ياتقان يېرىنى جەننەتتە قىلغايسەن!... دەپ ئىلتىجا بىلەن دۇئايىڭلارنى تۈگىتىپ، يۈزۈڭلارنى سىلاپ قولۇڭلارنى چۈشۈرۈشىڭلارغىلا سۇلايمان ئىشان يېنىدىن ئايرىمايدىغان كىچىككىنە «قۇرئان كەرىم»نى قوينىدىن چىقىرىپ:

— قېنى باللىرىم: «قۇرئان كەرىم»گە قولۇڭلارنى قويۇپ تاۋاپ قىلىڭلار،— دېدى.

سىلەر «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھۆرمىتى ۋە ھېزىم ئۈچۈن، «قۇرئان كەرىم»نى چەكسىز ئېتىقاد، ھۆرمەت بىلەن تاۋاپ قىلىۋېدىڭلار سۇلايمان ئىشان سىلەرنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرۇۋەتتى ۋە يىرگەندۈرۈۋەتتى. چۈنكى، سىلەر يەنە ئالدانغانلىقىڭلار ئەمەسمۇ، ھازىر ھەممىڭىز «قۇرئان كەرىم »نى تۇتۇپ: «بۇ ئىشلارنى بىر كىمگە دەپ سالسام ئۇشبۇ كاللام شېرىپ باغرىمنى ئۈرسۇن، دوزىخي بولۇپ كېتەي» دەپ قەسەم

قىلىشىتىڭىز دوزاخ ئوتىدىن قورقۇشمىسىڭىز، دەرسىز بىر كىمگە جۇمۇشالىڭ؟!

بۇنى ئاڭلاپ، سىلەر بىر-بىرىڭلارغا قاراپ قېلىشتىڭلار. ئاندىن كۆز ئالدىڭلاردىكى بۇ ئىككى ئادەمسىياق ئازازۇلغا چوڭقۇر ئۆچمەنلىك ۋە نەپرەت بىلەن تىكىلدىڭلار. چۈنكى. سىلەر سۇلايمان ئىشانىنىڭ دېگىنىدەك قەسەم قىلغانلىقىڭلارغا ئىشەنگەنىدىڭلار، بۇنداق شارائىتتا سۇلايمان ئىشانىنىڭ سىلەرنى شۇنداق قەسەم قىلدۇرغانلىقى ئېنىق ئىدى. بۇنىڭدىن ھەرگىز گۇمانلىنىشقا بولمايتتى. شۇڭا، سەن سۇلايمان ئىشانىنىڭ شۇملۇق يېغىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدىن كۆز ئۈزمەي تۇرۇپ، قەلبىڭدە پىچىرلاپ ئۆز-ئۆزۈڭگە قەسەم بەردىڭ: مەڭگۈ بىر كىمگە دېمەيمەن، ئەمما ھېزىم ئۈچۈن سەندىن چوقۇم ھېساپ ئالىمەن!...

سەن قەسىمىڭدە تۇرۇپ، بۇ ئىشلارنى ھازىرغىچە ھېچكىمگە دېمىگەن، ھەتتا داداڭغىمۇ تىنمىغانىدىڭ . چۈنكى، سەن جەننەت ساداسىدىن مەھرۇم قېلىشتىن قورققانىدىڭ. ئەمما سەن ھېزىمنىڭ قىساسىنى ئېلىش تۇگۇل، ئۇنى ئۇنتۇپلا كەتكەنىدىڭ.

سەن مۇشۇ مىنۇتقىچە تېخى قىساسنى ئۇنتۇغان، غورۇرسىز ئادەم ئىدىڭ، ئەگەر سەن ھېزىمنىڭ، ئۆزەڭنىڭ قىساسىنى ئۇنتۇپ قالمىغان بولساڭ، يېرىم يولدا غايە- ئېتىقادىڭدىن يېنىۋېلىپ، غورۇرسىز ئادەمگە ئايلىنىپ قالمىغان بولاتتىڭ.

«باشقىلار ئون يىللىق ئەمەس، يۈز يىللىق، ھەتتا نەچچە مىڭ يىللىق قىساسىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ يۇ- مەن ئەجەپ ئون يىللىق قىساسىمنى ئۇنتۇپ دوستۇم ھېزىم مىنى كەچۈرگىن، قىساسىنى ئۇنتۇغان مەندەك غورۇرسىز دوستۇڭنى كەچۈرگىن!...قىساسىڭنى چوقۇم ئالىمەن!.

مەن گويا مۇشۇ يىلان چايان ئۇۋىسىدىن ساق- سالامەت چىقىپ كېتەلەيدىغاندەك، يەنە- ئۆز-ئۆزۈڭگە قەسەم بەردىڭ: «مەڭگۈ بىر كىمگە دېمەيسەن، ئەمما ھېزىم ئۈچۈن سەندىن چوقۇم قىقاس

ئالىمەن!..»

سەن قەسسەمگىدە تۇرۇپ، بۇ ئىشلارنى ھازىرغىچە ھېچكىمگە دېمىگەن، ھەتتا داداڭغىمۇ تىنمىغانىدىڭ، چۈنكى، سەن ھېزىمنىڭ قىساسىنى ئېلىش تۇگۇل، ئۇنى ئۇنتۇپلا كەتكەنىدىڭ.

سەن مۇشۇ مىنۇتقىچە تېخى قىساسىنى ئۇنتۇغان، غۇرۇرسىز ئادەم ئىدىڭ، ئەگەر ھېزىمنىڭ، ئۆزۈڭنىڭ قىساسىنى ئۇنتۇپ قالمىغان بولساڭ يېرىم يولدا غايە-ئېتىقادىڭدىن يېنىۋېلىپ، غۇرۇرسىز ئادەمگە ئايلىنىپ قالمىغان بولاتتىڭ. «باشقىلار ئون يىللىق ئەمەس، يۈز يىللىق ھەتتا ناچچە مىڭ يىللىق قىساسىمنى ئۇنتۇپ قاپتىمەنيا؟! دوستۇم ھېزىم مېنى كەچۈرگىن قىساسىنى ئۇنتىغان مەندەك غۇرۇرسىز دوستۇڭنى كەچۈرگىن!... قىساسىڭنى چوقۇم ئالىمەن!» سەن گويا مۇشۇ يىلان-چايان ئۇۋىسىدىن ساق-سالامەت چىقىپ كېتەلەيدىغاندەك يەنە ئۆز-ئۆزۈڭگە ھېزىمغا ناھايىتى ئىشەنچىلىك ۋەدە-قەسەم بەردىڭ لېكىن، ئۆزۈڭنىڭ شۇ كۈندىكى تەقدىرىڭنى ئويلاپ لاسسىدە بولۇپ قالدىڭ-دە ئىلتىجاغا جارى قىلدىڭ.

ئەي شەپقەتلىك پەرىشتە، ئاكامنىڭ قىساسىنى ئېلىشىم، ئۆزۈمنىڭ قۇرغۇي ئەمەسلىكىمنى باھاسىنىڭ ساتقۇن ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىۋېلىشىم ئۈچۈن، بىر ئامال قىلىپ بىزنى قۇتقۇزۇۋال!...» ھەممىگە قادىر ئىگەم پەرىشتە ساق ئىشلىرىغا نۇسرەت ئاتا قىل ماڭا دادامنىڭ جەرەن قەھرىمانلارنىڭ قىساسىنى ئېلىشنى نېسىپ ئەت.

ئىنتىقاملىرىنىڭ قايغۇ-ھەسرەتلىك، تەشۋىش-ئىزتىراپلىق ئۈمىد-ئىستەكلىك يۈرىكىڭدىن ئۇرغۇپ چىقىپ، يەنە يۈرىكىڭگە سىڭىپ كېتەتتى.

30

ۋاقىت خۇددى توگىدا قالغان پىتتەك ناھايىتى ئاستا ئۆمىلەپ، سىلەرنى ئاجايىپ بىزار قىلىۋەتكەچكە، تۈننى ناھايىتى مۇشەققەتتە تاڭ ئاتقۇزۇپ كۈننى يەنە ناھايىتى مۇشەققەتتە كەچ قىلدىڭلار. يىرىڭداشقا باشلىغان جاراھەتىڭلارنىڭ پىرىلداپ ئېچىشىشى، ھايات تەشنالىقىنىڭ يۇقىرى پەللىگە چىقىپ، قەلبىڭلارنى تەكلىماكان قۇملىقىدەك چاڭقىشىنى قىساس ئېلىش ۋە ئۆزۈڭنىڭ «قۇرغۇيى» ئەمەسلىكىڭنى تاغاڭنىڭ «ساتقۇن» ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاش ئىستىكى قۇرغۇيىنىڭ پەي-قاناتلىرىنى ئۆز قولۇڭ بىلەن يۇڭداشقا بولغان تەقەززالىق يۈرىكىڭنى غاجايتتى، خۇددى سۆڭەككە دۈم چۈشكەن ئىتتەك شۇڭا، تەڭرىدىن بولكىرنىڭ ئومۇمىي ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، سىلەرنى قۇتقۇزىۋېلىشىنى تىلەيتىڭ، تەڭرىدىن «پەرشتە»گە نۇسرەت ئاتا قىلىشىنى تىلەيتىڭ. كۆك بۆرە پولكوۋنىكىمىزغا خەۋەر بېرەلىگەنمىدۇ؟ خەۋەر بەرگەن بىلەن، پولكونىكىمىز ھۇجۇمغا ئۆتەرمۇ؟ خەۋەر بېرەلىگەنلا بولسا، بىزنىڭ ئەتە يا ئۈگۈن ھامىنى ئۆلتۈرىدىغىنىمىزنى ئۇقۇپ، چوقۇم ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. ئەگەر دۈشمەن بىزنى يەنە سەپنىڭ ئالدىغا چىقىرىپ، قالقان قىلىۋالسىچۇ؟ «پەرىشتە» بىزنى قۇتقۇزالارمۇ؟

سىلەر پولكىڭلارنىڭ ھۇجۇمغا ئۆتۈشىنى كۈتتۈڭلار...

پەرىشتىنى كۈتتۈڭلار...

ئەلياتقۇغىچە كۈتتۈڭلار...

تەڭ كېچىگىچە كۈتتۈڭلار...

ئۇيقۇنىڭ ئەڭ شېرىن باسقۇچىغا كۆتۈرۈلىدىغان پەيت باش توخۇ چىللىغۇچە كۈتتۈڭلار...

ھېچقانداق تىۋىش بولمىدى. پولكىمىز نېمىشقا ھۇجۇمغا ئۆتمەيدىغاندۇ؟

تىت-تىت بولاتتىڭ. چۈنكى، سەن پولكىلارنىڭ تاڭ سەھەردىلا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن، ھازىر يولدا كېلىۋاتقانلىقىنى ئۇقمايتتىڭ.

«پەرىشتە»نىمىشقا ھەركىتىنى باشلىمايدىغاندۇ؟

ئەمما، بۇ سىپنىڭ پولكىدىن، «پەرىشتە»دىن ئاغرىغىنىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بەرمەيتى ھەم ئاغرىنىش ھۇقۇقۇگمۇ يوق ئىدى.

سىلەرنى ساقلاۋاتقان چىگىرلەرنىڭ يۆلىنىشلىرى، قاراۋۇللارنىڭ ئالماشقاندا ئۆز-ئارا قىلىشقان گەپلىرى، ئاياغ تىۋشلىرىمۇ بىسىققانىدى، ھاياتلىقنىڭ غەپلەتلىك شېرىن باسقۇچى ئاخىرلىشاي دەۋاتاتتى.

سەنمۇ ئاستا-ئاستا مۈگدەشكە باشلىدىڭ غەمسىزغىنە بىر ئۇيقۇ كەلكۈنىگە غەرق بولدۇڭ.

بىر چاغدا پولكوۋنىكنىڭ ئوقۇشى بىلەن چۆچۈپ كۆزۈڭنى ئېچىپ، بېشىڭنى كۆتۈردۇڭ-دە، مەڭدىگەندەك سورىدىڭ؛

-نېمە بولدى؟

«پەرىشتە»كەلدى، تەييار بول.

سەن شۇ چاغدىلا «پەرىشتە»نى ئېسىڭگە ئېلىپ، ئورنىڭدىن يەڭدەپ-يەڭدەپ يۈردۈڭ، گوياكى ناشتىسىز قالغان كېيىكتەك سىلەر ئىشىكنىڭ قېشىغا كىلىپ جەڭگىۋار ھالەتتە تۇرۇڭلار چىرىكنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

پارول؟!

پولكوۋنىك شىۋىرلىدى:

ھىم. چاتاق بولدى، چېرىك پارولنى يەنە سورىدى، پولكوۋنىكنىڭ بۇ پىچىرلاشلىرىدىن سەن چېرىكنىڭ بىرىنچى قېتىم سورىغان پارولنى ئاڭلىماي قالغانلىقىڭنى بىلدىڭ. شۇڭا، سەنمۇ تەشۋىشكە چۆمدۈڭ. ئەگەر ئۈچىنچى قېتىممۇ پارولغا جاۋاپ بېرەلمىسە، ئوق چىقىرىلاتتى، ئوق چىقىرىلىدىغانلا بولسا...

كېلىۋاتقىنى راستىنلا «پەرىشتە»مىدۇ؟ قانداق بولار؟ جاۋاب بېرەلەرمۇ ؟

بىلمەيتتىڭ.

راستىنى ئېيتقاندا، سەن «پەرىشتە»نىڭ پارولغا جاۋاب بېرەلىشىگە ئىشەنمەيتتىڭ.

چۈنكى پارولنىڭ جاۋابىنى قاراۋۇللارلا بىلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پارولنىڭ جاۋابى ھەركۈنى ئالماشتۇرۇلۇپ تۇرۇلاتتى. شۇڭا، ھېچكىم گازارمىدىن خالىغانچە ئايرىلالمايتتى ۋە گازارمىغا خالىغانچە كىرەلمەيتتى. سىرتقا ۋەزىپە ئۆتەشكە كەتكەنلەرگە پارولنىڭ جاۋابى ۋەزىپە ئۆتەشكە مېڭىشتىن بۇرۇن ئەسكەرتىپ قويۇلاتتى. ئەگەر «كۆك بۆرە»نىڭ كىملىكىنى، ئۇنىڭ ھازىرقى سالاھىيىتىنىڭ نېمىلىكىنى ئۇققان بولساڭ، بۇنداق تەشۋىشكە چۈشمىگەن بولاتتىڭ.

«پەرىشتە»نىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— پارول ئاناڭنىڭ بېشى، سەت تاز!

— ۋاي، لالىگۇلمىدىڭىز؟

— ھە، مەن، خان ئاچاڭنى تونۇمىدىڭما، ھوي سەت پاخشەك؟!

بۇسۆزلەر بىرخىل نازلىنىش، ئەركىلەش تەلەپپۇزىدا ئېيتىلىۋاتاتتى.

— تونۇدۇم، تونۇماي ئۇ! — دېدى چېرىك،— ھە، كېلىپ قاپسىز، بىر گەپ بارمىدىيا؟

— بار بولماي، بىر گەپ ئەمەس، جىقلا گەپ بار، غوجام. ئاڭلىغۇڭ بارمۇيا؟

— بار... بار... بولماي ئەمىسە، نېمە گەپ؟

— مۇڭداشقۇم كېلىپ... ئۇيقۇم كەلمەي... سېنى سېغىنىپ خۇدى!

«پەرىشتە»نىڭ بۇ گەپلىرىدىن «نازۇ كەرەشمە»، «پىراق»، «سېغىنىش» ئۇقچۇيتتى.

«پەرىشتە» راستىنلا ئۇنى سېغىنىپ چىققانمىدۇ؟ ئۇ بىزنى قانداق قۇتقۇزماقچى بولغىيدى؟

—— سېغىنىپ؟ ۋاي، قاچاننىڭىزى سېغىنىدىغان بولۇپ قالدىڭىز

مېنى؟

ــ بىلمەي يۈرەمسەن؟ خېلى كۈنلەر بولدى، سېنى كۆرگەن كۈنۈمدىن باشلاپ ئارقاڭدىن كېيىك قوزىسىدەك تەلمۈرۈپ يۈرگىنىمنى سەزمىدىڭما؟

ــ سەز... سەزمەپتىمەن. مەن تېخى...

ــ شۇ، سەزمەيسەن زادى، مۆڭ بولغاندىكىن، خۇدايىم سەندەك ... مۆڭ، سۈيى يوق مازغىمۇ شۇنچىلىك چىرايىنى بېرىپ نېمە قىلىتتىكى؟!

ــ مەن راستىنلا چىرايلىقما؟ نەرىم چىرايلىق؟

ئىچىڭ پۇشۇپ قالدى. بىراق، چىدىماي بولمايتتى.

ــ چىرايلىق بولماي! بولۇپمۇ كۆزۈڭ، ئوت خۇدى! چىرايلىق بولمىساڭ، ساڭا كۈيۈپ قالامتىم بىكارغا!؟

ــ راست ماڭا... ماڭا كۆيۈپ قالدىڭىزما؟

ــ...

«پەرىشتە» جاۋاب بەرمىدى. ئارىنى سۈكۈت قاپلىدى.

ــ بۈگۈنكى پارول نېمىدى؟ ــ دەپ سورىدى «پەرىشتە».

ــ «ئەجدىھا»

ــ ۋىيەي پاروللىڭنىڭ كاتتىلىقىدىن ئۆرگىلەي! بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇنداق كاتتا پاروللىرىڭنى دەپ بەر ماڭا. بولمىسا چىققىلى بولمايدىكەن قېشىڭغا... مەن كىرىپ كېتەيمىكى ئەمدى.

ــ ئولتۇرۇڭ بىردەم، نېمىگە ئالدىرايسىز؟

ــ توڭلاپ كەتتىم، غوجام.

ــ مەن... مەن ئىسسىتىپ قويىمەن.

ــ ماڭە، قېلىن تاز!... سەن ئىسسىتالمايسەن مېنى.

ــ ئىسسىتالماي ئۇ، بىردەمدە چوغ قىلىۋېتىمەن سىزنى!

ــ ھىم تېخى!

ــ ئىسسىتىپ قويايمۇ ئەمىسە؟

تىپىرلىغان، نازلانغان، ھاسىرىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى.
ئۇنى قۇچاقلىلىۋالدى بولغاي، كاساپەت!
توغرا قىياس قىلدىڭ. سەن «پەرىشتە»نىڭ سىلەرنى قۇتقۇزغىلى چىققانلىقىنى ياكى چىرىك بىلەن مۇھەببەتلەشكىلى چىققانلىقىنى ئۇقالمايلا قالدىڭ.
— قۇيۇپ بەر، ھىلى... ھىلى بىكار ۋارقىرايمەن جۇما!
«پەرىشتە»نىڭ ئاۋازى بۇغۇلۇپ قالدى.
پىچىرلىدىڭ: «سۆيۈشە، كاساپەتلەر!...»
پولكوۋنىك ناسىر ئاخۇن بۇلارنى ئاڭلاپ، جەينىكى بىلەن سېنى نوقۇپ سورىدى:
— سەنمۇ چىقىپ سۆيۈشۈپ بېرەمسەنيا؟
سەن ئىنكاس قايتۇرۇشنىڭ ئورنىغا مىيىقىڭدا كۈلۈپ قويۇپ، كۆڭلۈڭدە پىچىرلىدىڭ:
«پەرىشتە» راستىنلا قاراۋۇلغا ئاشىق بولۇپ قالغان بولغىيمىدى؟... نېمە كارىم!... ئۇ بىزنى قانداق قۇتقازماقچى بولغىيدى؟ مۇشۇنداقما؟ مۇشۇنداق قىلىپ، قاراۋۇلنى ئېرىتىپ، بىزنى قاچۇرۇۋېتىشنى ئۆتۈنمەكچىمىدۇ ياكى ئۇنى مەستخۇشلاپ... ‹پەرىشتە› بىزنى ئۇنتۇپ قالمىغاندۇ؟ ئۇنتۇپ قالمىغان تەقدىردىمۇ خەتەردىن قورقۇپ، قۇتقۇزۇۋېلىشتىن يالتىيىۋالدىمۇيا؟»
يەنە شۇ ئاشىقانە نازلىنىش، ئەركىلەش، سۆيۈشۈش.
ئۇلارنىڭ «ئاشىقانە» ھېسسىيات بىلەن سۆيۈشۈۋاتقاندىكى «بەختىيار» سىيماسىنى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈردۈڭ.
سەنمۇ بىر چاغدا مەرھۇم خوتۇنۇڭ بىلەن مۇشۇنداق ئاشىقانە ھېسسىياتتا سۆيۈشكەنىدىڭ. كېيىن ئۇنىڭ سىڭلىسى بىلەن سۆيۈشمەكچى بولدۇڭ، «سۆيۈشەي» دەپ بولغۇچە...
«لەنىتى ئۇرۇش!»

ئەمما، بۇ سىنىڭ زۇمرەتنىڭ سۆزىنى بەرگەنلىكىڭگە پۇشايمان قىلغانلىقىڭدىن دېرەك بەرمەيتتى. شۇڭا، ئۇنى قاراۋۇل «پەرىشتە»نى سۆيگەندەك سۆيەلمىگەنلىكىڭدىن قىلچە ئۆكۈنمىدىڭ. ئەكسىچە، ئۇنى سۆيۈشتىن ئىستىپا بېرىپ، ئۆز-ئۆزۈڭدىن قىساس ئالالىغىنىڭ ئۈچۈن، ئۆز-ئۆزۈڭدىن پەخىرلەندىڭ؛ ئۇنى سۆيۈش ھوقۇقىدىن ۋاز كېچەلىگەن قەيسەرلىكىڭ ئۈچۈن، ئۆز-ئۆزۈڭدىن سۆيۈندۈڭ؛ چوڭقۇر رازىمەنلىك بىلەن ئەڭ گۈزەل، ئەڭ نازۇك ھېس-تۇيغۇلىرىڭنى خارۇ خەس ئەيلەپ، ئەڭ قەدىرلىك، سادىق، ۋاپادار، جانجىگەر، بەختسىز دوستۇڭ ـــ مەتسالىنى، بەختسىز سىڭلىڭ زۇمرەتنى بەختلىك بولۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتۈرەلىگىنىڭ ئۈچۈن ئۆز-ئۆزۈڭدىن غۇرۇرلاندىڭ!

مەتسالى بىلەن زۇمرەت مۇراد-مەقسىتىگە يېتەلەرمىكىن؟ بەختلىك بولالارمىكىن؟

بىلمەيتتىڭ.

چۈنكى، ئۇرۇش...

ئەمما، ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ، ئىككىسىنىڭ مۇراد-مەقسىتىگە يېتىشىنى، بەختلىك بولۇشىنى تىلەيتتىڭ. ھازىرمۇ قەلبىڭنى ئاختۇرىدىغان بولسا، شۇنداق تىلەكتىن مىڭ قۇچاق تېپىلاتتى.

قەلبىڭ شۇنداق خەيرلىك تىلەكلەر بىلەن تولغان پەيتتە بىرىنىڭ بوشقىنە ئىنجىقلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاندىن ئازابلىق ئىڭراش ئاڭلاندى. بۇنىڭدىن سەن قاراۋۇلنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى قىياس قىلدىڭ. ئالغان ئەركىن نەپەسىڭ ئۆزۈلمەي تۇرۇپلا ئىشىك ئېچىلىپ، قەلبىڭگە «پەرىشتە» كىرىپ كەلدى. يۈرىكىڭدە ئۈمىد جۇش ئۇرۇپ، كۆز ئالدىڭدا نۇرانە بىر دۇنيا زاھىر بولدى.

ــ قېنى، تېز چىقىڭلار!

قاماقخانىدىن چىقتىڭلار. كۆز ئالدىڭلاردا ئاددىيغىنە كىيىنگەن «پەرىشتە» تۇراتتى. ئۇ شۇ تۇرقىدا راستىلا پەرىشتىگە ئوخشاپ

قالغانىدى. دېمىسىمۇ ئۇ پەرىشتە ئىدى!

چەكسىز قاراڭغۇلۇق ئىلكىدە بىرى خارقىراپ ياتاتتى.

ــ رەھمەت سىزگە، «پەرىشتە»!

سىلەر ئۇنىڭغا چىن يۈرىكىڭلاردىن رەھمەت ئېيتىپ، ئەتراپقا چاقىقانغىنا نەزەر سېلىپ چىقتىڭلار. «پەرىشتە»دىن باشقا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى.

«بىز سىلەرنى قۇتقۇزۇۋالىمىز» دەيتتىغۇ؟ «بىز» دېگىنى كىملەر بولغىيتتى؟ «كۆك بۆرە»؟ ئۇ قېنى؟

بىلمەيتتىڭ؛ بۇگۈن ــ دەل مۇشۇ پەيتتە ئۇ قاراۋۇللۇقتا تۇرۇۋاتقاچقا، بۇ ۋەزىپىنى «پەرىشتە»نىڭ يالغۇز ئۇرۇندىشىغا توغرا كېلىپ قالغىنىنى بىلمەيتتىڭ.

كەڭرى باغ قاراڭغۇلۇق، جىمجىتلىق ئىلكىدە مجىلىپ ياتاتتى. «پەرىشتە» سىلەرنى باشلاپ ماڭدى. سەن قاراۋۇلنىڭ مىلتىقىنى ئېلىپ، ئادى ـ ئارقاڭغا قاراپ ئۇلارنى قوغداپ كېتىۋاتاتتىڭ. ئۇ سىلەرنى بىر ھويلىغا باشلاپ كىرىپ:

ــ ئۆگزىگە چىقىڭلار،ــ دېدى شىۋىرلاپ.

سەن بۇ شەپقەت پەرىشتىسىگە سىنچىلاپ قارىدىڭ. لېكىن، ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرەلمىدىڭ. ساڭا ئىككى قېتىم ھاياتلىق بەخش ئەتكەن بۇ سۆيۈملۈك «پەرىشتە»نى شۇنداق بىر كۆرگۈڭ بار ئىدى.

سىلەر تۇتاش كەتكەن ئۆگزىلەرغا چىقىپ، ناھايىتى پەم بىلەن ئۆمىلەپ يەنە بىر باشقا باردىڭلار. تام ئېگىز ئىدى. سەن پولكوۋنىكنى قولىدىن تۇتۇپ پەسكە سىيرىلدۇردۇڭ. ئاندىن «پەرىشتە» سېنىڭ قولۇڭنى ماھۇقتەك يۇمشاق قوللىرى بىلەن تۇتۇپ سىيرىلدۇردى. ئۇنىڭ قوللىرى شۇنداق يۇمشاق ۋە ئىللىق ئىدى، خۇددى پەرىشتىنىڭ قوللىرىدەك.

ــ مۇشۇ تامنى ياقىلاپ مېڭىۋېرىڭلار، «كۆك بۆرە» سىلەرنى ساقلاپ تۇرىدۇ،ــ دېدى «پەرىشتە» گوياكى پەرىشتىدەك پىچىرلاپ.

ــ رەھمەت سىزگە!

ــ سىزنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمىز!

ــــ بىزمۇ سىلەرنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمىز! ئازادلىق ئۈچۈن كۆرەشكۈچىلەرنى ئەل ئەبەدىلئەبەد ئۇنتۇمايدۇ!

ياز شاملى ئۇنىڭ تىنىقلىرىنى، خۇش ھىدلىرىنى دىمىغىڭغا ئۇرۇۋېدى، تۇمۇر-تۇمۇرلىرىڭدا بىر خىل ھۆرمىتانە قايناق ئېقىم كۆۋرەپ، پۈتكۈل ۋۇجۇدۇڭ كۈچ-قۇۋۋەت، ئۈمىدۋارانە ھېسسىيات بىلەن لىق تولدى.

ــ مېڭىڭ، بۇ يىلان-چايان ئۇۋىسىدىن بىللە كېتىلى،ــ دېدىڭ سەن ئىلتىجالىق تەلەپپۇزدا.

ــ مېنىڭ شۇنداق كەتكۈم بار. بىراق مەن كەتسەم، ئانام بالاغا قالىدۇ،ــ دېدى ئۇ چوڭقۇر ئەپسۇسلۇق ئىلكىدە،ــ مانى ئېلىپ قويۇڭ، ئەتتىگەن ئوغرىلىۋاپتىم.

«پەرىشتە»نىڭ قولىدىن بىر دانە گىرانىتنى ئېلىپ، پولكوۋنىكقا بەردىڭ. سىلەر «پەرىشتە» بىلەن چوڭقۇر ھۆرمەت، تەشەككۇر ئىلكىدە خوشلىشىپ، تام ياقىلاپ مېڭىپ، قاراۋۇلنىڭ قېشىغا كەلدىڭلار. ئۇ سېنى باغرىغا مەھكەم بېسىپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ چەكسىز سېغىنىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلىدى. شۇ چاغدىلا سەن ئۇنىڭ بالىلىق دەۋرىڭدىكى دوستۇڭ ئابدۇللا ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇڭ. كۆزۈڭگە مۆللىدە ياش كەلدى. شادلىق يېشىڭلار قوشۇلۇپ كەتتى...

ئۇ سىلەرنى ئاخىرقى قاراۋۇلدىن بىخەتەر ئۆتكۈزۈپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ تېخى ئۆتەشكە تېگىشلىك نۇرغۇن ۋەزىپىلىرىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ، سىلەر بىلەن بىللە قايتالمىغانلىقىدىن ئۆكۈنگەن ھالدا خوشلىشىپ، قاراڭغۇلۇق قوينىغا سىڭىپ كەتتى.

ئەمما، سىلەر ئانچە ئۇزاق ماڭمايلا، بىر توقايلىقتىن توساتتىنلا بەش-ئالتە ئادەم مۇدۇگىلاشقىنىچە چىقىپ قالدى. مۇكۈنگۈدەك دالدا بولمىغاچقا، تۇرۇپلا قالدىڭلار.

ئۇلارمۇ سىلەرنى كۆرۈپ: «پارول؟!» دەپ ۋارقىرىدى. بۇنىڭدىن سىلەر ئۇلارنىڭ چارلاشقا چىققان چېرىكلەر ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ، جەڭگىۋار ھالەتكە ئۆتتۈڭلار. چېرىكلەرنىڭ مىلتىقلىرىنىڭ زاتۇورلىرى «شاراق-شۇرۇق» قىلىۋاتقاندا، پولكوۋنىك: «مېنىڭ ئاۋازىمنى تونۇپ قالدۇ، سەن جاۋاب بەر» دەپ پىچىرلىدى. سەن «پەرىشتە» ئۆلتۈرۈۋەتكەن چېرىكنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىۋالغىنىڭغا ئاساسەن تېزلا جاۋاب بەردىڭ :

ــ ئەجدىھا!

چېرىكلەر مىلتىقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، يەنە سورىدى:

ــ كىم سەن؟

دەماللىققا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىڭنى بىلەلمىدىڭ. «ئى-مى»دەپ بولغۇچە سوئال يەنە سورىلىۋىدى، سىلەرنى ساقلاۋاتقان قاراۋۇللار ئالماشقاندا، بىرىنى «ياسىن» دەپ چاقىرغانلىقى دىققىتىڭگە چۈشتى - دە:

ــ ياسىن،ــ دەپ جاۋاب بەردىڭ.

يەنە سورىدى:

ــ قورۇقما، چورۇقما؟

يەنە «ئى-مى» دەپ قالدىڭ.

«ياسىن قورۇق، ياسىن چورۇق دەپ ئىككىسى بار ئوخشىمامدۇ؟»

بىمەيتتىڭ. چۈنكى، سەن ئۇلارنىڭ سوئالىدىن ھەر ئىككىلى ياسىننىڭ ھازىر ئۇلارنىڭ قېشىدا يوقلۇقىنى ئاڭقىرالماي قالغانىدىڭ. شۇڭا، پولكوۋنىك: «نېمە دېسەڭ بولۇۋېرىدۇ» دەپ پىچىرلىۋىدى، ئاندىن ئېسىڭنى يىغىپ جاۋاب بەردىڭ:

ــ قورۇق!

ئۇلار يەنە پارتىنى باشلاپ، سىلەر تەرەپكە خاتىرجەم كېلىشكە باشلىدى. ئەگەر ئۇلار قېشىڭلارغا كېلىپلا قالسا، سىلەرنى بىر قاراپلا تونۇپ قالاتتى. شۇڭا، سەن چېرىكلەرنىڭ بىرىنى قارىغا ئېلىپ، كۆرجۈكنى بېسىشىڭغىلا، پولكوۋنىكمۇ گراناتنى تاشلاپ بولدى. سىلەر مۆككىدە يېتىۋالدىڭلار، گرانات «گۇمىدە» قىلىپ پارتلاش بىلەن تەڭ كېچە جىمجىتلىقى تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى. سىلەر بېشىڭلارنى كۆتۈرگەندە، ئۇلار ئاللىبۇرۇن جىمىقىپ بولغان، ئەمما گازارمىدىن ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىپ، پاتپاراق كۆتۈرۈلگەنىدى.

سىلەر بار كۈچۈڭلارنى يىغىپ قاچتىڭلار. ئابدۇللانىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە پولكوۋنىك توختاپ سايرىدى:

— ھۇق !...ھۇق !...

ھۇۋقۇش قاپلىغان بۇ سۈيۈملۈك ماكاندا ھۇۋقۇشنى دوراپ سايرىمساڭلار بولمايتتى. دېمەكچىلىك، ئالدىڭلاردا ئىككى ئاتلىق ئادەم پەيدا بولۇپ، ئاتتىن چۈشتى.

— تېز ئاتقا مىنىڭلار!

ئۇلارنىڭ بىرى سېنى لىككىدە كۆتۈرۈپ ئاتقا مىندۈرۈپ قويدى، خۇددى ئۆزۈڭ مىنەلمەيدىغاندەك.

— خوش، خۇداغا ئامانەت!

— ئاللا سىلەرگە نۇسرەت ئاتا قىلغاي!

ئېتىڭلار بۇ دېھقان يىگىتلىرىنىڭ ئېزگۈ تىلەكلىرىنى مىنگەشتۈرۈپ چېپىپ كەتتى، خۇددى دۇلدۇلدەك. ئۆگە-ئۆگىلىرىڭدىن ھاياتىي كۈچ، ئۈمىدۋارلىق ئۇرغۇيتتى. چۈنكى، خەلق ئويغانغانىدى؛ خەلق ھۆرلۈك-ئازادلىق، باراۋەرلىكنىڭ نېمىلىكىنى ئاخىر چۈشەنگەنىدى! مانا، مۇشۇنىڭ ئۆزى — ئۈمىد؛ مانا، مۇشۇنىڭ ئۆزى — غەلبە!

ئاتلىق چېرىكلەر سىلەرنى قوغلاپ كېلىۋاتاتتى...

ئەمما، ئۇپۇق خۇددى بىلىقنىڭ قورسىقىدەك ئاقارغاندا، سىلەر

دۈشمەننى قوغلاشقا باشلىدىڭلار. چۈنكى، پولكىڭلار ئۇمۇمىي ھۇجۇمغا ئۆتكەنىدى...

قۇياش تاغ زۇلپىسىدىن يۈزىنى ئاچقاندا، دۈشمەنلەر قېچىشقا، قېچىشقا ئۈلگۈرەلمىگەنلىرى تەسلىم بولۇشقا باشلىدى. سەن توساتتىن سۇلايمان ئىشاننىڭ ئات بىلەن قېچىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىڭ ـ دە، ئاپتوماتىڭدىن ئۇنىڭغا قارىتىپ ئوق ئۈزدۈڭ. سۇلايمان ئىشان ئات بىلەن بىللە يىقىلدى. يۈگۈرۈپلا كەلدىڭ، ئۇ توپىغا مىلىنىپ ياتاتتى، خۇددى قازاندەك سەللىسىگە ئوخشاش. ۋارقىرىدىڭ:

ـ قوپە ئورنۇڭدىن!

ئۇ قولى بىلەن يەرنى تىرەجەپ ناھايىتى تەستە ئورنىدىن تۇرۇپ ساڭا قارىدى. ئاپئاق ساقاللىرى، ئاپئاق شايى يەكتەكى توپىغا مىلەنگەن، قورققىنىدىن لاغىلداپ تىترەپ، كۆزلىرى چاچراپ چىقىپ كېتەيلا دەپ قالغانىدى. ئەگەر ئاپتوماتىڭنى ئۇنىڭ كۆسىگە توغرىلايدىغان بولساڭ، لەسسىدە ئولتۇرۇپ قېلىشى، ھەتتا جېنى چىقىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما، سەن ئۇنىڭ مۇشۇ يۇسۇندا ئۆلۈپ كېتىشىنى خالىمايتتىڭ. شۇڭا، ئاپتوماتنى ئۇنىڭغا توغرىلىماي تۇرۇپ سورىدىڭ:

ــ سۇلايمان ئىشان، مېنى تونۇدۇڭما؟

سۇلايمان ئىشان نىمجان كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ئۇستىنۇېشىڭغا سىنچىلاپ قاراپ:

ــ تو... تونۇدۇم... سىز... يىگىت،ــ دېدى.

ئۇ تونىيالمىغانىدى. شۇڭا، ئۆزۈڭ تونۇشلۇق بەردىڭ:

تونۇيالمىغان بولساڭ، تونۇۋال، مەن ــ بۇنىڭدىن ئون يىل بۇرۇن سەن تىرىك كۆمۈۋەتكەن ھېزىمنىڭ دوستى سەمەندەر، ھېلىقى تاغلىق سەمەندەر! ئەمدىغۇ تونۇغانسەن؟!

ئۇ ساڭا باشقىدىن قاراپ چىقتى ـ دە، لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. چۈنكى، ئۇ ئەمدى سېنى ھەقىقىي تونۇغانىدى. شۇڭا، ساڭا يالۋۇرۇشقا

باشلىدى:

ــ مەن گۇناھكار... مەن گۇناھكار... گۇناھىمنى ئەپۇ قىل، بالام. بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچكىن!

سۇلايمان ئىشاننىڭ نۇرسىز كۆزلىرىدىن ياشلار تاراملاپ تۆكۈلەتتى.

سېنىمۇ تىرىك كۆمۈپ باقايما؟

ــ ئۇ... ئۇنداق قىلما، مەن... مەن خىزىر سۈپەت ئادەم...

ــ خىزىر سۈپەت ئادەم؟ سەن خىزىر سۈپەت ئادەمما؟ ھا !... ھا!... ھا!... خىزىر سۈپەت ئادەممىش! خىزىر سۈپەت ئادەممۇ سەندەك بولامدۇ؟!ــ سەن ئاپتوماتىكنى ئۇنىڭ كۆكسىگە توغرىلىدىڭ،ــ تۇرە ئورنۇڭدىن!

سۇلايمان ئىشان تىرەجەپ تۇرۇۋاتقاندا، بۇ يەرگە «پەرىشتە» كېلىپ قالدى. سەن ئۇنى بىر قاراپلا تونۇۋالدىڭ. ئۇن يىللىق جاپا-مۇشەققەتلىك، موھتاجلىق تۇرمۇش ئۇنىڭغا گۈزەللىك ئاتا قىلغانىدى. قارىمۇتۇقراق، يۇپيۇمىلاق يۈزى، بۇلاق سۈيىدەك تىنىق كۆزلىرى شۇنداق جەلپكار! تولا يۇيۇلۇپ ئۆڭۈپ، تىتىلىپ كەتكەن بۆز ياغلىقى، تولا يىرتىلىپ، ياماق ئۈستىگە ياماق چۈشكەن چىت كۆڭلىكى، تېشىلىپ پۇتىنىڭ باش بارمىقى «مانا، مەن بۇ يەردە » دەپ قاراپ تۇرىدىغان ئەبجەق بەتىنكىسى ئۇنى راستىنلا پەرىشتىلىك مەرتىۋىسىگە يەتكۈزۈپ تۇراتتى. سەن «پەرىشتە»دىن نەزىرىڭنى ئاغدۇرۇپ، سۇلايمان ئىشانغا قارىدىڭ. ئۇ سەندىن پۇتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن شەپقەت تىلەۋاتاتتى.

ئەمما، ئۇنىڭغا شەپقەت قىلمىدىڭ، شەپقەت قىلىش قولۇڭدىنمۇ كەلمەيتتى. شۇڭا، بارمىقىڭنى كۇرجۇكقا ئېلىپ:

ــ دەيدىغان گېپىڭ بارما؟ــ دەپ ۋارقىرىدىڭ،ــ بولسا ئىتتىكرەك دېۋال!

ــــ ئى-مى... ئەسلىي... ھېزىم... مەن خىزىر... سۈ... سۈ...مەن...مەن... خۇدايىمنىڭ مۆمىن... بەندىسى...

يۈرىكىڭىدە قىساس ئوتى يالقۇنجايتتى، قەلبىڭ ھاياجان بىلەن تولغاندى؛

ــ تىلىڭنى تارت، مۇناپىق! ئۇ سېنىڭ خۇدايىڭ ئەمەس! ئۇ ئۆز قوۋمىغا مەڭگۈ ۋاپا قىلغۇچىلارنىڭ خۇداسى؛ ۋىجدان-غورۇرىنى، غايە-ئېتىقادىنى مەڭگۈ ساقلاپ قالغۇچىلارنىڭ خۇداسى؛ پۈتكۈل مەۋجۇداتنى ئېپتىخار ۋە مۇھەببەت بىلەن سۆيگۈچىلەرنىڭ خۇداسى؛ پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ تىنچلىقى، باراۋەرلىكى، ئازادلىقىنى سەممىمىي ئىتقاد، سەممىمىي مۇھەببەت بىلەن سۆيگۈچىلەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ باراۋەرلىكى، تىنچلىقى، ئازادلىقى ئۈچۈن تەمەسىز كۆرەشچىلەرنىڭ خۇداسى!

كۈيباغلىقلار،يىگىتلەر،سەبىي قۇياش، زەرەپشان قۇشلىرى سىلەر تەرەپكە بىر-بىرلەپ كىلىشكە باشلىغاندى. شۇڭا، سەن ئۇنىڭ شەرمەندە ھالىتىنى زەرەپشان ۋادىسىغا، زەرەپشان ۋادىسى ئارقىلىق پۈتكۈل جاھانغا كۆرسىتىپ قويماقچى بولدۇڭ-دە:

-قولۇڭنى كۆتۈر !- دەپ ۋارقىرىدىڭ.

ئۇ قولىنى كۆتۈرۈپ، ساڭا يىلىندى:

- سەللەم... سەللەمنى... كىيىۋالاي...

- سېنىڭ سەللە كىيىش سالاھىيىتىڭ يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەمدى ساڭا سەللە لازىم بولمايدۇ! سەن كۇرجۇكنى باستىڭ،- بۇ ھىزىم ئۈچۈن!... بۇ مىنىڭ يىگەن تاياقلىرىم ئۈچۈن!...

بۇ ئابدۇللانىڭ!... بۇ ئابلىكىمنىڭ!...بۇ لالىگۈل بىلەن سىلىمىخاچامنىڭ تارتقان دەرت-ئەلەملىرى ئۈچۈن!... بۇ پىرقىگە بولغان ساداقىتىڭ، كۆرسەتكەن خىزمىتىڭنىڭ مۇكاپاتى ئۈچۈن!... بۇ ئۆلۈشكۈن بىغىڭدا قۇربان بولغان سازەندىلەر ۋە تاشئاخۇن، ئەدھەملەر ئۈچۈن!

سەن ھەربىر «ئۈچۈن»دىن كىيىن كۇرجۇكنى باساتتىڭ! ئەگەر بىر دىسكا ئوقۇڭ توگەپ قالمىغان بولسا، بۇ «ئۈچۈن»لىرىڭ قاچانغىچە

داۋاملىشاتتىكىن؟ بىلمەيتتىڭ. قۇياش تەنتەنە بىلەن كۆلەتتى؛ كاككۇك، سوپىسوپىياڭلار، تورۇلغىلار، تومۇچۇقلار- زەرەپشانىنىڭ بارلىق چوڭ-كىچىك قۇشلىرى تەنتەنە بىلەن سايرايتتى. كۆزۈڭگە شۇڭغۇپلا قەلبىڭگە كىرىۋالغان «پەرىشتە» قەلبىڭدىكى گۈزەل كۈيلەر-جەننەت ساداسىنى ئاڭلاپ ئولتۇراتتى. «پەرىشتە»نىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىگە نۇر تالالىرىدەك يېپىلىپ كەتكەن ۋۇجۇدۇڭ ئۇنىڭ يۈرەك تىۋىشلىرىدىن مەتخشلانغاندى...

## 31

«پەرىشتە» سىنىڭ چىن يۈرۈكۈڭدىن ئۇرغۇپ چىققان رەھمەت-تەشەككۈرۈڭنى خۇددى شەپەقتەك قىززىرىپ تۇرۇپ قوبۇل قىلىپ، ئۇن يىللىق كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەشكە باشلىدى. سەن جىمجىت ئولتۇرۇپ ئاڭلىدىڭ. «پەرىشتە»نىڭ تەسىرلىك كەچۈرمىشلىرىدىن مۇجۇلغان يۈرۈكۈڭنىڭ ئاغرىقى ئۇنىڭ مېھىر-مۇھەببەتلىك سۆزلىرى، شىپالىق نىگاھلىرى بىلەن تەسكىن تاپتى:

ئاكامنىڭ، ئانام بىلەن ئىككىمىزنىڭ تارتقان كۈلپەتلىرىمىزنىڭ ئەنتىنى ئېلىپ بەردىڭىز، رەھمەت سىزگە!

رەھمەتنى ماڭا ئەمەس، مۇشۇ بىزنىڭ ئۇلۇغ ئىنقىلابىمىزغا، مىنىڭ ئۇلۇغ دادامغا ئېيتىڭ،- دېدىڭ سەن سەمىمىيەتكە تولغان كەمتەرلىك بىلەن.

چۈنكى، خەلقىنىڭ مۇشۇ ھەققانىي ئىنقىلابى بولمىغان بولسا، سەن داداڭنىڭ، ھىكمەتئاخۇن تىۋىپنىڭ، «كۆك بۆرە»نىڭ، ئىسكەندەرنىڭ... قىساسىنى ئالالمايتتىڭ؛ باللىق دەۋرىڭدىكى دوستۇڭ ھىزىمنىڭ ئۇنتۇلغان قىساسىنى ئالالمايتتىڭ؛ داداڭ بولمىغان بولسا، داداڭنىڭ شۇ ئۇلۇغۋار روھى سىنى قۇتقۇزىۋالمىغان بولسا، سەن ئۆزۈڭدىن

داداڭنىڭ ھەم ئۆزۈڭنىڭ قىساسىنى ئالالمايتتىڭ.

ئىشقىلىپ مەن سىزگە رەھمەت ئېيتىمەن، سىز بولمىغان بولسىڭىز، سۇلايمان ئىشان قېچىپ كېتەتتى.

سەن گەپ قىلمىدىڭ، گەپ قىلىشنىڭ ئورنىغا باغلاردىن ئۇچۇپ كەلگەن كاككۇك، تورۇلغا، سوپىسوپىياڭ، توموچۇق، قارا قۇشقاچ... لارنىڭ شادىيانە كۈيلىرىگە قۇلاق سالدىڭ. چۈنكى، سەن تەبىئەت قوينىغا سىڭىپ كېتىۋاتاتتىڭ.

ھە راست،- دېدى «پەرىشتە» بىردىنلا،- دادىڭىزغا نىمە ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىمەن؟

سەن تەبىئەت قوينىدىن قىيمىغان ھالدا سۇغۇرلۇپ چىقىپ، «پەرىشتە» گە داداڭ ھەم ئۆزۈڭ ھەققىدە قىسقىچە سۆزلەپ بەردىڭ. ئۇ كەچۈرمۈشلىرىڭنى خۇددى سەندەك جىمىدە ئولتۇرۇپ ئاڭلاپ بولۇپ، ئاخىردا:

سىزمۇ خۇددى داداڭىزدەكلا شۇنداق ئۇلۇغكەنسىز ! دېدى چەكسىز ھاياجان بىلەن،- مەنمۇ سىزدىن پەخىرلىنىمەن، خۇددى سىزمۇ داداڭىزدىن پەخىرلەنگەندەك!

ئىچ-ئىچىڭدىن غۇرۇر، پەخىرمەنلىك، سۆيۈنۈش ھىسسىياتى قايناپ تاشاتتى. كۆككە قارىدىڭ. دەل شۇ چاغدا كۆز ئالدىڭدىن بىر لاچىن بىر قۇرغۇينى قوغلاپ ئۆتۈپ كېتىپ قالدى. بۇنى كۆرۈپ، قەلبىڭدىكى سۆيۈنۈش، شادلىق - ھاياجانلىرى بىردىنلا غايىپ بولدى. خۇددى لاچىن بىلەن قۇرغۇيدەك. چۈنكى، لاچىننىڭ ئالدىغا كىرىپ شەرمەندىلەرچە قېچىپ كېتىۋاتقان قۇرغۇي ساڭا ئۆزۈڭنىڭ تىنخى «قۇرغۇي» ئىكەنلىكىڭنى سەمىڭگە سىلىپ قويغانىدى.

شۇنداق، سەن تىنخى «قۇرغۇي» ئىدىڭ. شۇڭا، چىشلىرىڭنىڭ گۇچۇرلاپ كەتكەنلىكىنى، مۇشتلىرىڭنىڭ شۇنداق چىڭ تۈگۈلۈپ، بارماقلىرىڭنىڭ قاراسلاپ كەتكەنلىكىنى، چىھرىڭنىڭ قەھرلىك تۈس

ئىلىپ، يىنىڭدىكى «پەرىشتە»نى قۇرقۇتۇۋەتكەنلىكىڭنى تۇيماي قالدىڭ.

نىمە بولدى، سەمەندەر؟ دەپ سورىدى «پەرىشتە» ھەيرانلىق بىلەن. سەن ئىسىڭنى يىغىپ ئۈنىڭغا قارىدىڭ. قانداق؟چىرايىڭىز بىردەمدىلا تاتىرىپ كەتتىيا؟ مۇشتلىرىڭىز تۈگۈلۈپ، چىشلىرىڭىز گۇچۇرلاپ...

سەن مىيىققىدە كۈلۈپ قويدۇڭ.

ئۆزىڭىزگە ئۆزىڭىز گەپ قىلىپ... كىسىلىڭىز بارمۇ يا؟

ئادەمنى قورقۇتۇپ خۇددى!

بايا لاچىن قوغلاپ كىتىۋاتقان قۇرغۇيىنى كۆرۈپ، «قۇرغۇي» يادىمغا كىلىپ قالدى،- تومتاقلا قىلىپ.

نىمە؟ «كۆك بۆرە»گىپىنى قىلغان «قۇرغۇي»؟

سىنىڭ تومتاق گىپىڭدىن «پەرىشتە» قانداق ھەيران قالغان بولسا، سەنمۇ ئۇنىڭ سۆزىدىن شۇنداق ھەيران قالدىڭ -دە،ئۇنىڭ قوڭۇر، ئەمما دىڭىزدەك چوڭقۇر، ئاھۇنىڭكىدەك ئويچان ۋە نۇرلۇق كۆزلىرىگە بىلىقتەك شۇڭغۇپ كىرىپ كىرىۋاتقاچ سورىدىڭ:

- «كۆك بۆرە»؟... سىز«كۆك بۆرە»نى بىلەمسىز؟

- ھەئە، بىلىمەن،- دىدى ئۇ،- بىر كۈنى كىچىدە سۇلايمان ئىشانىنىڭ ھويلىسىنى «گارا-گۇرۇڭ»، «كالدۇر-كۇلدۇر»قاپلاپ كەتتى، ئارقىدىنلا نۇرۇللا ئاقساقالنىڭ: «ھەي سىلىمەك، لالەك، ئۆيگە مىھمان كەلدى، قوپۇش!»دىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ چاغدا ئانام بىلەن ئىككىمىز ئەندىلا تەككىگە باش قويغاندۇق. نائىلاج ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، ھويلىغا چىقتۇق. ھويلا-سارايلار چىرىكلەر بىلەن توشۇپ كىتىپتۇ. كىچىچە ئۇخلىماي چىرىكلەرگە تاماق ئەتتۇق، گۆش پىشۇردۇق. قاچا-قۇمۇشلارنى يىغىشتۇرۇپ بولغۇچە تاڭ ئاتتى. تاڭ ئىتىپ بولغىچە يەنە تاماق ئەتتۇق. ئەتكەن تامىقىمىزنىڭ يىرىمى ئىشىپ قالدىغان

بولدى، دەپ تۇرسام، نەدىكىنى، بارمۇ، يوق بولۇپ كەتتى. «تــوۋا، بــۇ خەقنىڭ ئاشقازىنى ئىككىمۇ، نىمە؟»دەپ ھەيران قالدىم.

شــۇ كــۈنى چــىرىكلەر بــىر يىگىتنــى ھويلــىدىكى ئــۈجمىگە بــاغلاپ: « ‹كۆك بۆرە› دىگەن سەنمۇ؟ شىرىكلىك كىم؟ تــاغ ئــوغرىلىرىنى قانــداق ئــاخپىراتلا بىــلەن تەمىنلىــدىڭ؟»دەپ ســوراق قىلىشــقا باشــلىدى. ئــۇ ھېچنىمىنــى ئىقــرار قىلمىــدى، قورســاقلىرى پىچــاق بىــلەن تىلىنــدى، كۆكسىگە قىپقىزىل قىزىتىلغان لاخشىگىر يىقىلدى، ئاخىر ئىككى قــۇلىقى چۇرتلا كېسىۋېتىلدى!

چىرىكلەر ئۇنى سىلەر سولانغان ھىلىقى ئەسكى سامانلىققا سولاپ قويۇشتى. مەن يىرىم كىچە بولغانــدا، ئــۆگزىنگە پەم بىــلەن چىقتىم- دە، ئۇنىڭ ئىسمىنى بىلمەكچىكە:

- «كۆك بۆرە »، ھوي «كۆك بۆرە » !- دەپ پىچىرلىدىم.

ئۇ شۇ زامىتىلا جاۋاپ بىرىپ:

- سىز كىم؟- دەپ سورىدى.

- مەن مۇشۇ ھويلىنىڭ ئىگىسى سۇلايمان ئىشــانىنىڭ ئىشلەمچىسى، ئىسمىم «پەرىشتە».

- «پەرىشتە»؟

- ھەئە.

- «پەرىشتە» قۇربان بولغانغۇ؟

راست، «پەرىشــتە» بىــر ئــاي بــۇرۇن قۇربــان بولغانــدى. ئۇنــىڭ ئىسمى ھاشىخان بولۇپ، سامان قۇرساق بىر چىرىكنىڭ خوتۇنى ئىدى. ئۇ سۇلايمان ئىشـانىنىڭ ھويلىســىدا تۇرىۋاتقــان كــۈنلەردە ماڭــا ھىلىقــى چىرىگنىــڭ بىــر كىچىــدە ئــۆزىگە باشــقۇنچىلىق قىلغــانلىقىنى، كېــيىن مەجبۇرلاپ خوتۇنلىققا ئالغانلىقىنى... سۆزلەپ بەرگەنىدى. بىر كۈنى ئۇمۇ خــۇددى «كــۆك بــۆرە»گە ئوخشاشــلا ســوراق قىلىنىــپ، قىينــاپ ئۆلتۈرۈۋىتىلدى. ئابدۇللاكامدىن نىمە ئىشلىقىنى سورىسام، ئۇ «پەرىشتە»

دىگەن ئىسمى بىلەن يىگىتلەرگە، سىلەرگە خەۋەر يەتكۈزۈپ بىرىپتىكەن.

مەنمۇ شۇ «پەرىشتە»نىڭ ئىزنى باساقچى بولۇپ، «كۆك بۆرە»گە ئىسمىمنى «پەرىشتە»دىگەنىدىم. شۇڭا «كۆك بۆرە » بۇنى ئاڭلاپ ھەيران قالغانىدى.

مەن ئۇنىڭغا ئىككى زاغرا تاشلاپ بەردىم. ئۇمۇ پەرىشتىلەرچە شىۋىرلاپ تۇرۇپ سورىدى:

- «پەرىشتە»سىزگە ئىشەنسەم بولامدۇ؟

- ئىشىنىڭ «پەرىشتە»دىگەن ئىنسانلارغا يامانلىق قىلمايدۇ.

- قەسەم قىلىڭ.

مەن ئاللانىڭ نامى بىلەن قەسەن قىلدىم...

مەن ئاخپاراتنى تۆگمەن ئىرىقى بويىدىكى ھىلىقى پور تىرەكنىڭ كاۋىكىغا تىقىپ قوياتتىم. يىگىتلەر كىلىپ شۇ يەردىن ئەكىتەتتى. لىكىن، تۈنۈگۈن تىرەك كاۋىكىغا ئاخپىرات تىقىپ قويۇش ئۈچۈن كىتىۋىتىپ كەينىمگە پايلاقچى چۈشلەنلىكىنى سىزىپ قالدىم. مىنى «قۇرغۇي» پاش قىلىپ قويغان ئوخشايدۇ، ئۇ مەندىن چاپسان چىقىپ قاپتۇ، مەن سەل كىچىكىپ قاپتىمەن. شۇڭا، مەن «قۇرغۇي» ھەققىدىكى ئاخپىراتنى تۆگە تاشنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويدۇم. ئاخپارات چىگىلگەن قولياغلىقنىڭ بىر ئۇچىغا بىر دانە گىراناتنىڭ يىپىنى چىگىپ قويدۇم. سىز ئەتە كىچە تۆگمەن ئىرىقى بويىدا ماراپ يىتىپ يىگىتلەر كەلسە، ئاخپاراتنىڭ تۆگە تاشنىڭ ئاستىدا ئىكەنلىكىنى دەپ قويۇڭ. ئەگەر... ناۋادا...بىرەر ئىش يۈز بىرىپ قالسا، ئىسكىرزدە چىڭ تۇتىۋىلىڭ، «قۇرغۇي»...

ئۇنىڭ گىپى ئۈزۈلۈپ قالدى. چۈنكى، سامانلىقتا چىرىكلەر كىرىپ قالغانىدى. مەن جىممىدە يىتىۋالدىم. چىرىكلەر ئۇنى يەنە سۆرەپ ئاچىقىپ كەتىشتى.

ئەمما، شۇنىڭدىن كىيىن يوقاپلا كەتتى، ھىچبىر ئىزدىرىكى بولمىدى. كىيىن ئابدۇللاكامنىڭ تىلىڭ-تىڭلىشىچە، ئۇ مەخپى ئۆلتۈرلۈپتۇ.

ئىست، ئۇ «قۇرغۇي»نىڭ كىملىكىنى دىيىشكە ئۈلگۈرمەيلا ئۆلۈپ كەتتى!

«پەرىشتە» پەرىشتىلەرچە بۇقۇلداپ يىغلىدى، خۇددى يۈرىكىگىدەك. كاككۇكلار، تومۇچۇقلار، سوپىسوپىياڭلار...تىلىقىپ-تىلىقىپ يىغلىدى. گوياكى «پەرىشتە»دەك. ياشلىرىڭلار زەپشان دەرياسىغا قوشۇلۇپ يىراق-يىراقلار ئۇزاپ كەتتى...

ئەمما تۆگە تاشنىڭ ئاستىدىن ئاخبارات چىقمىدىغۇ ؟

- چىقمىدى؟

«پەرىشتە» ھەيران قالدى.

- ھەئە، مەتسالى شۇ كۈنى كىچىدە بىرىپ تاپالماي كەلدى.

- ئەمىسە، پايلاقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتلەن ئوخشايدۇ.

- گىرانات نىمىشقا پارتىلىمىغاندۇ؟

- تاڭەي!... بەلكىم، ئۇلارمۇ ئىھتىيات قىلغاندۇ.

ئىككىلىڭلار ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ قويۇپ، قايغۇ-ھەسرەت ئىلىكىدە ئورنۇڭلاردىن تۇردۇڭلار...

ۋاي ئىستەي، شۇ ئاخپارات قولىمىزغا چۈشكەن بولسا، «قۇرغۇي»نى ھىلىغىچە تۇتۇپ، پەي-قاناتلىرىنى يۇڭداپ!...

شۇ كۈنى سىلەر دۈشمەنگە ئۆزىنى ئوڭشىۋىلىش پۇرسىتى بەرمەيلا ئاقتام، قوزىمال، ئىككىسۇ، سەيلە، ئايكۆللەرگە ئارقا - ئارقىدىن ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى پوسكام ناھيە بازىرىغا قاماپ قويدۇڭلار.

پولك دوختۇرخانىسى خانلەڭگەرگە كۆچۈرۈپ كىلىندى. لىكىن، دۈشمەن دۆڭ چاقار ئارقىلىق ئايلىنىپ كىلىپ، دوختۇرخانا تۇرۇشلۇق ھويلىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، دوختۇر، دورا - دەرمەك ۋە ئۈسكۈنىلەرنى ئىلىپ قىچىشتى. سىلەر دەل ۋاقتىدا قوغلاپ، دۆڭچاقاردا ئىككى سائەتلىك قاتتىق جەڭ قىلىپ، دوختۇرلارنى قۇتقۇزىۋالغان بولساڭلارمۇ، بىراق روتا كوماندىرىڭلارنى دوختۇر ئابدۇكىرىم ئىتىۋىتىپ

قىچىپ كەتتى.
ئابدۇكېرىمنىڭ قىچىشى بىلەن سىنىڭ «قۇرغۇي» ئىكەنلىكىنىڭ توغرىسىدىكى تالاش-تارتىشلار شىپپىدە بېسىقىپ قالدى.

## 32

شۇنىڭدىن كېيىن غەلبە سىلەرگە قۇچاق ئېچىۋەردى: 1-ئاينىڭ 29-كۈنى دۈشمەن سىلەرنى قاغىلىقتىن قوشراپقا قانداق سۈر-توقاي قىلىپ ئەكىلىپ قويغان بولسا، سىلەرمۇ دۈشمەننى شۇنداق سۈر-توقاي قىلىپ، يەكەن بىلەن قاغىلىقتا (بازار ئېچىگە)قاماپلا قويغانىدىڭلار. دەل مۇشۇ پەيىتلەردە ئابدۇكېرىمنىڭ قەشقەر ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئاراڭلارغا سۇقۇندۇرۇپ كىرگۈزگەن ئىشپىيونى ئىكەنلىكى ئېنىقلىنىۋىدى، سېنىڭ «قۇرغۇي »ئەمەسلىكىڭ رەسمى ئېتىراپ قىلىندى، گەرچە تولۇق ئىسپات بولمىسىمۇ؛ سەن يەڭگىللەپلا قالدىڭ، خۇددى پەرىشتە قانىتىدەك، گەرچە مەرسالى «قۇرغۇي ئەمەسلىكىڭگە ئىشەنمىگەن بولسىمۇ.
ئەپسۇسكى، سىنىڭ «قۇرغۇي» ئەمەسلىكىڭ پۈتۈن جەڭچىلەر ئوتتۇرىسىدا جاكارلىنىش پەيتىدە- ئۇيغۇر ئون بەشىنچى پولكى قاغىلىقتا، قىرغىز پولكى، تاجىك پولكى ۋە ھەسەن ھاجىم پولكى يەكەنگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن، جىددى تەييارلىق قىلىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە سىلەر زەرەپشان دەرياسى بويىغا تۈيۈقسىز يىغىلدىڭلار. بارلىق پولكتىكى ھەممە جەڭچى، ئوفىسسىرلار تولۇق يىغىلغانىدى. كۆز يەتكۈسىز ياپپېشىل چىملىق ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان، يېڭى ھايات تەشنەلىقىدا قىزىغان قانلار تومۇرلاردا ئۆركەشلەپ ئاقاتتى، خۇددى زەرەپشان دەرياسىدەك. كۆكتە بايراقلار لەپىلدەيتتى، گوياكى تاشئاخۇننىڭ يۈرۈكىگىدىكى بايرىقىدەك. ئالغا تەلپۈنۈپ تۇرغان يۈرۈكلەرنىڭ دۈك - دۈكلىرى چاپچىپ تۇرغان ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى قوشۇلۇپ، زەرەپشان ۋادىسىدا

مىسلى كۆرۈلمىگەن ئاجايىپ جۇشقۇن، ئاجايىپ پەخىرلىك، ئاجايىپ كەيپىيات ھاسىل قىلغانىدى.

مىنىڭ «قۇرغۇي» ئەمەسلىكىم مۇشۇ كاتتا يىغىلىشتا جاكارلىنىدىغان بولدى - دە!

نېمەدېگەن ئۇلۇغ ئىش - ھە!

خىياللىرىمنى يىگىتلەرنىڭ غۇلغۇلا - مۇلاھىزىلىرى بۇزىۋەتتى،

پاراتتىن ئۆتىدىكەنمىز، - دېدى ئاراڭلاردىن بىرى.

پارات؟ نېمە پارات ئۇ؟

بىلمەيتتىك

قىنى، جەڭچىلىرىمىزگە كوماندا بېرىڭ، - دېدى سەن كۆرۈپمۇ باقمىغان يۇقىرى دەرىجىلىك بىر ئۆزبېك ئوفىتسىر روتا كوماندىرىڭلارغا.

دىققەت! سىلەر جەڭگىۋار ھالەتتە تىك تۇردۇڭلار. قىنى، سىزمۇ سەپكە كىرىڭ،- دېدى ھېلىقى ئوفىتسىر. كوماندىرىڭلار سەپكە كىردى. ھېلىقى ئوفىتسىر كوماندا بەردى. تەرەپ-تەرەپتە مۇشۇنداق كوماندا بېرىلىۋاتاتتى.

قۇرالنى قوي!

ھەممىڭلار قۇراللىرىڭلارنى يەرگە رەتلىك قويدۇڭلار.

سىزمۇ قويۇڭ!

روتا كوماندىرىڭلار قويمىغانىكەن، ئۇمۇ قويدى.

ئارقىغا بۇرۇل!

بۇرۇلدۇڭلار.

قەدەملەپ مارش!

ماڭدىڭلار؛ ناھايىتى ئۇزاق ماڭدىڭلار؛ ھەتتا بىر ئۆمۈر ماڭدىڭلار. بىر چاغ بولغاندا، ئاندىن توختاش بۇيرۇقى بېرىلدى، توختىدىڭلار. ئويلىدىڭ: ئەجەپ ئۇزاق مېڭىپ كەتتۇق، كۇھىقاپىقا كىتىپ قالدۇقمۇ، نېمە؟

سەن ئۆزۈڭنى خۇددى كۈھقاپقا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ قالغانىدىڭ. چۈنكى، قۇرالىڭ كەينىڭدە قالغانىدى.

قۇرالدىن ئايرىلىپ قالسام قانداق بولىدۇ؟ قۇرالدىن ئايرىلىپ قالغاندىن جاندىن ئايرىلىپ قالغان ياخشى ئەمەسمۇ؟ قۇرالدىن ئايرىلىپ قېلىش - ھەممىدىن ئايرىلىپ قېلىش دىگەن گەپ! شۇلارنى ئويلاپ يۈرىكىڭ چىممىدە قىلىپ كەتتى. شۇڭا، ئارقاڭغا قاراشقا شۇنچە تەقەززا بولۇپ كەتتىڭ. بىراق، كوماندا بىرىلمىدى. كوماندىنى كۈتتۈڭ؛ كوماندىنى زارىقىپ كۈتتۈڭ. يەنىلا بىرىلمىدى، ھەيران قالدىڭ: «نىمىشقا؟»

بىلمەيتتىڭ.

كوماندىنى بىرسائەت كۈتتۈڭلار...

بىر ئۆمۈر، ھەتتا بىر زامان كۈتتۈڭلار...

بىراق يەنىلا بىرىلمىدى. يۈرۈكىڭ سەۋەپسىزلا تەشۋەشلىك سوقۇپ كەتتى. يۈرۈكىڭ قۇلىقىڭغا تەشۋىشلىك پىچىرلاپ كەتتى. ئەمما،نىمە دەپ پىچىرلىغانلىقىنى ئۇقالمىدىڭ. نىمىشقا يۈرۈكىڭ تەشۋىشلىك سوقۇپ، تەشۋىشلىك پىچىرلاپ كىتىدۇ؟

بىلمەيتتىڭ.

بىلگۈڭ كىلىپ ھەربىي ئۇستابقا تۇنجى قېتىم خىلاپلىق قىلىپ، ئارقاڭغا ئۆرۈلدۈڭ. ئۆرۈلدۈڭيۇ، باياتىن بىرى تەشۋىشلىك سوقۇپ تەشۋىشلىك پىچىرلاپ تۇرغان يۈرۈكىڭ قارتتىدە قىلىپ، پارە-پارە بولۇپ كەتتى ئۇستىخانلىرىڭ قاراسلاپ سۇنۇپ، نىرۋىلىرىڭ ئوتلۇق ھۇجەيرىلىرىڭگە گۈپپىدە يىقىلىپ، مۇزدەك قېتىپ قالدى. چۈنكى، ناھايتى يۈز قەدەمچە يىراقلىقتا قالغان قۇراللىرىڭلار، ئەدىياللارغا ئورىلىپ، ئات، قىچىر، تۆگىلەرگە ئارتىلىپ بولغانىدى. سەن بىقىنىڭدىكى يىگىتنى ۋىژىلداپ تۇرغان يۈرۈكىڭ بىلەن نوقۇدۇڭ. شۇنىڭ بىلەن بىر - بىرنى نوقۇش باشلىنىپ ھەممىڭلار كوماندىسىزلا

ئارقىڭلارغا بۇرۇلۇپ بولدۇڭلار.

-ۋاي قۇراللىرىمىزنى يىغىۋاپتىغۇ؟

-نىمە گەپ بۇ!

-مايلاپ، بۇزۇلغان يەرلىرىنى ئوڭلاپ بىرەمتىكىيا؟

-بۇنى بىلگەن بولسام، پاينىكىگە ئىتىمنى ئويۇپ قويىدىكەنمەن !

-ھەر نىمە بولسا، مەن ئىسمىمنى پاينىكىگە ئويۇپ قويۇپتىكەنمەن.

ئەستاخ...مىلتىقىم ئازغاش بولۇپ كىتەرمۇ ئەمدى؟ ئەجەپ نوچى مىلتىقتى!

- مىنىڭمۇ شۇ، دەل جايىغا تېگىتتى كاساپەت، ۋاي ئىست!

- سەمەندەر، سەن قانداق قىلغان؟

- مەنغۇ ئىسمىمنى ئويۇپ قويغان، لېكىن....

كوماندا بېرىلدى، يىغىلدىڭلار، يىغىن ئېچىلدى، يىغىندا سىلەرنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قوشقان تۆھپەڭلار دەبدەبىلىك سۆزلەر بىلەن ماختالدى، قەھرىمانە كۈرەش روھىڭلار مەدھىيىلەندى، خەلق نامىدىن سىلەرگە چوڭقۇر رەھمەت-تەشەككۇرلەر ئېيتىلدى.

سىلەر بۇنى ئاڭلاپ ئۆز-ئۆزۈڭلاردىن غۇرۇرلاندىڭلار، پەخىرلەندىڭلار. كۆزۈڭلارغا ئىسسىق ياش كىلىپ، روھىڭلار زەرەپشان دەرياسىدەك ئۇرغۇپ تېشىپ، زەرەپشان ۋادىسىنى لەرزىگە سالدىڭلار؛

-ھۇررا!....ھۇررا!....ھۇررا!...

ئەمما، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا «ئون بىر ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى» ئىمزالانغانلىقى، بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەسىس قىلىنىپ.... ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ، شىنجاڭدا تىنچلىق ئورنىتىلغانلىقى.... تەنتەنە بىلەن جاكارلىنىۋىدى، ھەممىڭلار لاسسىدە بولۇپ قالدىڭلار. ئۇرغۇپ تۇرغان قىران روھىڭلار ۋۇجۇدۇڭلاردىن كۆككە قاڭقىپ چىقىپ، خۇددى ئوق تەگكەن كەپتەردەك يەرگە پوك-پوك تۆكۈلۈپ، سىلەر قۇرۇق ئۇستىخانغا ئايلىنىپ قالدىڭلار.

- بۇ يىلاننىڭ قۇيرۇقىنى كېسىپ، بېشىنى ساق قويغان بىلەن ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ بىر ئىش قىلساق، ھەممىشەم شۇنداق چالا قىلىدىكەنمىز خۇددى!

تىنىچلىق ئورنىتىلىپتۇمىش تېخى! قاراپ تۇرۇڭلار، گومىنداڭ بار يەردە تىنچلىق بولمايدۇ!

بىزنىڭ قورالىمىزنى يىغىۋالغان بىلەن، گومىنداڭچىلارنىڭ قورالىنى كىم يىغىۋالىدىكەن قېنى؟

ئىسست، بىھۇدە تۆكۈلگەن قانلار!

بۇنداق ئىنقىلابنىڭ ئانىسىنى خۇددى!...

يىگىتلەر مۇشۇنداق غۇدۇراشقىنىچە بىر-بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلىشىپ، تەرەپ-تەرەپكە پۇرىدە توزۇپ كېتىشتى، خۇددى بورانىدا قالغان توزغاقتەك.

سەنمۇ سەپداشلىرىڭ بىلەن خوشلىشىپ بولۇپ، ئۆزۈڭنى چىملىققا دۈم تاشلاپ، ئەلەم بىلەن يىغلىدىڭ؛ پىغان بىلەن يىغلىدىڭ؛ ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ ھەسرەت بىلەن يىغلىدىڭ!

چۈنكى، سەن تېخى ئەدھەمچە روھ بىلەن ئۆز-ئۆزۈڭدىن قىساس ئېلىپ بولالمىغانىدىڭ؛ سەن تېخى تاشئاخۇنچە روھ بىلەن داداڭنىڭ، ئىسكەندەرنىڭ، تاشئاخۇننىڭ، ئەدھەمنىڭ، ھېلىقى ئۈچ نەپەر سازەندىنىڭ، يىگىنچىنىڭ، ئۇستازىڭ راشىدىن مۇپتى ھاجىمنىڭ، ئەل-يۇرتنىڭ قىساسىنى ئېلىپ بولالمىغانىدىڭ؛

سەن تېخى مەتسالى بىلەن زۇمرەتچە روھ بىلەن «قۇرغۇي» نى تۇتۇپ، پەي-قاناتلىرىنى يۇڭداپ، يارلىقتا قۇربان بولغان يۈزنەچچە جەڭچىنىڭ، ھېكىمئاخۇن تېۋىپنىڭ، «كۆك بۆرە» نىڭ قىساسىنى ئېلىپ بولالمىغانىدىڭ؛ سەن تېخى سەمەندەرچە روھ بىلەن ئۆزۈڭنىڭ «قۇرغۇي» ئەمەسلىكىڭنى، تاغاڭنىڭ «ساتقۇن» ، «غالچا» ئەمەسلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاپ، ئۇنى مۇشۇنداق كاتتا بىر يىغلىشتا

جاكارلىتىپ بولالمىغانىدىلىق؛ سەن تېخى ئۆزۈڭنىڭ دەرد-ئەلەملىرىڭنى تەڭرىگە ھەر ھالدا يەتكۈزەلىگىنىڭ بىلەن، ئەلنىڭ دەرد-ئەلەملىرىنى يەتكۈزۈپ بولالمىغانىدىلىق؛ ئەڭ موھىمى، سەن-سىلەرنى تېخى ئۇغۇزخانچە روھ بىلەن كۈرەش قىلىپ، رەقىبىڭلارنى تەلتۆكۈس يوقىتىپ، گۈزەل، ھۆر دۇنيا بەرپا قىلىپ، مۇشۇ مەقسەتتە جان بەرگەن ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ بۈيۈك روھىنى خۇش قىلىپ بولالمىغانىدىڭلار!

شۇڭا، ھىلالىددىننىڭ ناخشىسى قەلبىڭدە تېخىچە ئەكىس سادا قايتۇرۇپ تۇراتتى؛

تەڭرىگە يازغان خېتىم تەگكەنمىدۇ؟

دەردلىرىم دىل تارىنى چەككەنمىدۇ؟

ئاھ خۇدا، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ زادى نېمە ئۈچۈن؟ نېمە ئۈچۈن بىز، بىزلا دەرد-ئەلەملىرىمىزنى ساڭا يەتكۈزەلمەيمىز؟ نېمە ئۈچۈن سېنى بىزلا تەسىرلەندۈرەلمەيمىز؟

ئېيىتقىنە ئۇلۇغ تەڭرىم، دۇنيادا ئازادلىققا ئېرىشمىگەن پەقەتلا بىزلا قالدۇق، باشقىلارغا ئازادلىق ئاتا قىلىپ بولدۇڭ. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ بىز سىنى قاچان، قانداق رەنجىتىپ قويغانىدۇق؟

«تەقدىر؟ تەقدىر دېگەن نېمە؟»

بىلمەيتتىڭ.

ئەگەر بىلگەن بولساڭ، قەلبىڭدىن توساتتىنلا كۆتۈرۈلۈپ قالغان «تەقدىر دېگەن نېمە؟» دېگەن سۇئالغا ئىنجىقلاپ تۇرماي، چوقۇم؛ «تەقدىر دېگەن-ئادەم!» دەپ جاۋاپ بەرگەن بولاتتىڭ؛ تەڭرىدىن ئاغرىنىپ، ھەسرەت بىلەن بۇقۇلداپ يىغلاشنىڭ ئورنىغا سېنى-سىلەرنى مۇشۇنداق تەقدىرگە دۇچار قىلغان ۋە قىلىۋاتقان ئادەملەردىن ئاغرىنغان، شۇ ئادەملەر بىلەن كۈرەش قىلىش ئۈچۈن، ئۇغۇزخاننى نۇرانە مەنزىلگە باشلاپ چىققان كۆك بۆرىنىڭ ۋۇجۇدىدىن تامغان ياۋايىلەرچە روھىڭنى چوڭقۇر ئۈمىد بىلەن مەھكەم قۇچاقلاپ قالغان بولاتتىڭ، خۇددى

ۋىجدانىڭنى قۇچاقلاپ قالغاندەك!

ئورنۇڭدىن تۇردۇڭ، قۇياش يەنىلا غەمسىز ھىڭگىيىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ باياتىنقى گۈزەل لاتاپىتىدىن قىلچىمۇ ئەسەر قالمىغانىدى. ئۇ شۇنچىلىك سەت، شۇنچىلىك خۇنۇك!

زەرەپشان قۇشلىرى-تورۇلغا، تۇمۇچۇق، سوپىسوپىياڭ، كاككۇكلار... سېنى ھەسرەتلىك كۈيلىرى بىلەن ئۇزىتىپ قويماق بولۇۋاتاتتى.

زەرەپشان ۋادىسى بىردەمدىلا چۆلدەرەپ قالغانىدى، خۇددى مۇناپىقنىڭ كۆڭلىدەك. كۆڭلۈڭگە يارىشا، ھورۇرا سادالىرىنى ياڭرىتىپ ئاتاكىغا ئۆتكەندە كۆتۈرۈپ ماڭىدىغان بايرىقىڭلارنىڭ بىرى بولسىمۇ لەپىلدەپ تۇرغان بولسا كاشكى!

ئەمما، يۈرىكىڭدە تاشئاخۇن ئۆز قولى بىلەن قادىغان بايراق لەپىلدەپ تۇراتتى. سەن پولك كوماندىرى تۇردىقارىي بەگنى ناھايىتى تەستە تاپتىڭ، ئۇنى كۆرۈپ بولغۇچە يەنە ئىچ-ئىچىڭدىن يىغا قايناپ چىقتى. ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆزۈڭنى تۇتالمىدىڭ.

-نېمە بولدى؟نېمىگە يىغلايسەن؟

-......

سەن گەپ قىلمىدىڭ. چۈنكى، نېمە دېيىشىڭنى ئۇقالماي قالغانىدىڭ.

-قورالدىن ئايرىلىپ قالغانغا؟

-....

جاۋاپ بىرىشىڭنىڭ ئورنىغا بېشىڭنى كۆتۈردۈڭ. ئەمما، پولكوۋنىكنىڭ سوئالىغا كۆزۈڭ، ھەسرەتلىك كۆز ياشلىرىڭ «ھەئە» دەپ جاۋاب بەردى.

-قورالدىن ئايرىلىپ قېلىش شۇنچىلىك قوقۇنچلۇقما؟-دەپ سورىدى پولكوۋنىك تۇردىقارىي بەگ،- مەن ساڭا دەپ قوياي، يىگىت. ئېسىڭدە چىڭ تۇت، ئەڭ قورقۇنچلۇقى قورالدىن ئايرىلىپ قېلىش، غايە-ئېتىقادىڭ ئۆزى-قورال، ئەمما قورال-ئېتقاد ئەمەس!

ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىچ-ئىچىگىدىن قايىل بولۇپ، ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلەن قارىدىم.

قەددىڭنى رۇسلا، مەردانە ياشا!

يىغاڭنى توختىتىپ، جەڭگىۋار ھالەتتە تۇردۇڭ.

مېنى ئىزدەپ ناھايىتى ئۇبدان قىپسەن،- دېدى پولكوۋنىك نەرسە-كېرەكلىرىنى جىددىي يىغىشتۇرۇۋېتىپ،-زۇمرەت «قۇرغۇي» نىڭ كىملىكىنى ئېنىقلاپتۇ....

سەن پولكوۋنىكنىڭ سۆزىنى چەكسىز ھاياجان ئىلكىدە بولدۇڭ؛

-ئابدۇكېرىممىكەن؟

-ياق، ئۇ ئەمەسكەن. زۇمرەتنىڭ دېيىشىچە، ئابدۇكېرىم «قۇرغۇي» نىڭ شېرىكى ئوخشايدۇ. زۇمرەت «قۇرغۇي»نىڭ كىملىكىنى «دەي» دەپ بولغۇچە ئىشخانىغا ھاشىم خۇيجاڭلار كىرىپ قېلىپ، دوكلاتىنى ئاڭلىيالمىدىم. ئۇ چاچقۇمغا كەتكەن، ھەپتە بولدى، قايتىپ كەلمىدى، بۈگۈن-ئەتە كېلىپ قالار. ئۇ كەلسە، ئۇنىڭدىن «قۇرغۇي» نىڭ كىملىكىنى سورىۋېلىپ، ئۇنى («قۇرغۇي»نى) مەخپىي ھەلدە جەھەننەمگە يوللاپ، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ قىساسىنى ئال! بۇ-بۇيرۇق، ساڭا بېرىلگەن ئاخىرقى بۇيرۇق!

پولكوۋنىكنىڭ سۆزلىرىنى، ئاخىرقى بۇيرۇقنى ئاڭلاپ، تومۇر-تومۇرلىرىڭدا بىرخىل كۈچلۈك ھاياجان مەۋج ئۇردى؛ پولكوۋنىكتىن ئاخىرقى بۇيرۇق تاپشۇرۇۋېلىپ، ۋۇجۇدۇڭ قايتىدىن ھاياتىي كۈچكە تولۇپ، قانلىرىڭ كۆۋرەپ ئاقتى، خۇددى زەرەپشان دەرياسىدەك. چۈنكى، ساڭا ئۆزۈڭنىڭ «قۇرغۇي» ئەمەسلىكىڭنى ئىسپاتلاش پۇرسىتى ئاخىرى يېتىپ كەلگەنىدى، گەرچە كېچىكىپ بولسىمۇ. شۇڭا، ئىككى پۇتۇڭنى تاققىدە جۈپلەپ چاس بېرىپ:

-بۇيرۇقنى قەتئىي ئورۇندايمەن، پولكوۋنىك!- دېدىڭ جەڭگىۋار تەلەپپۇزدا.

-ياخشى!

ئاقپىشماق چېھرىدە چوڭقۇر رازىمەنلىك ئەكس ئەتكەن پولكوۋنىك سېنى مەھكەم قۇچاقلاپ، خەيرلىك تىلەكلىرى بىلەن ئۇزىتىپ قويدى.

سەن خۇددى قۇش پېيىدەك يەڭگىل قەدەملەر بىلەن ياپپېشىل چىملىقتا تاقلاپ-تاقلاپ يۈگۈردۈڭ، خۇددى كېپىكتەك. چۈنكى، سېنىڭ «قۇرغۇي» ئەمەسلىكىڭ ئىسپاتلىنىپ، روھىي بېسىم، روھىي ھاقارەتتىن قۇتۇلۇش ئالدىدا تۇراتتىڭ. شۇڭا، سەن يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ بار ئاۋازىڭ بىلەن ۋارقىرىدىڭ:

«مەن ‹قۇرغـــــۇي› ئەمەس!... مەن ‹قۇرغـــــۇي› ئەمەس!...»

جاكارىڭنى ئاڭلايدىغان بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى.

زۇمرەت ئىتتىكرەك كەلسە، يۈرتداشلىرىمنىڭ ئالدىدا مېنىڭ «قۇرغۇي» ئەمەسلىكىمنى ئىتتىكرەك ئىسپاتلىسا، ئەل-جامائەت ئالدىدا يۈزۈم ئىتتىكرەك يورۇق بولسا، نېمىدېگەن ئۇلۇغ ئىش بولاتتى-ھە!

«مەتسالى، مەن ‹قۇرغۇي› ئەمەس!»

سەن زۇمرەتتىنمۇ بەكرەك مەتسالى بىلەن ئۇچرىشىشقا شۇنچىلىك تەقەززا بولۇپ كەتتىڭ. چۈنكى، مەتسالى ئۆزىنىڭ گۇمانلىق كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سېنىڭ «قۇرغۇي» ئىكەنلىكىڭدە ئەڭ چىڭ تۇرۇۋالغان جانجىگەر دوستلىرىڭنىڭ بىرى ئىدى. شۇڭا، سەن مەتسالىنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ قېلىشتى، مۇشۇ سەۋەبتىن سادىق بىر دوستۇڭدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمايتتىڭ.

ئەپسۇسكى، زۇمرەتنى كاچۇڭدا ئۈچ كۈن، كۈيباغدا «پەرىشتە» بىلەن ئىككى كۈن ساقلىدىڭ، كەلمىدى. ئاخىر: «چوپانغا كېتىپ بولغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ، بەشىنچى كۈنى «پەرىشتە» نى ئېلىپ چوپانغا كەلدىڭ. ئۆيگە كىرىپ بولغۇچە ئاناڭ سېنى باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ قاغىلىق بازىرىغا قېچىپ كىرىۋالغان يۈسۈپ بەگنىڭ قاغىلىقتىن ئا لىيەنجاڭ ئىسىملىك بىر ئوفىتسېرنىڭ باشچىلىقىدا يۈز نەچچە چېرىكنى

باشلاپ كېلىپ، ئىنقىلابقا قاتناشقان يىگىتلەرنى تۇتقۇن قىلىشقا باشلىغانلىقىنى، شۇڭا ئۇلارنىڭ تەگدىن تولىسىنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى، قايسىبىر تۇل خوتۇننى «مېنىڭ بىر پاقلىنىمنى ئۆلتۈرۈپ يېۋاپسەن» دەپ چېچىدىن ئۇجمىگە ئېسىپ قويغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن يۇسۇپ بەگنىڭ بىرەر باقسىنى، بىرەر-يېرىم تال ياغاچ-تېسىنى.... ئېلىپ سالغان كىشىلەر ئېلىۋالغان تەرسىلىرنى بىر-بىرلەپ ئەكېلىپ بەرگەنلىكىنى، چوپان ئازاد بولغان بەش-ئالتە ئايىنگىياقى چوپانغا بەگ بولۇپ تۇرغان سىدىق بەگنى «سەن تاغ ئوغرىلىرىغا يالاقچىلىق قىلدىڭ، ئىئانە توپلاپ، ئۇلارغا ياردەم قىلدىڭ، مال-مۈلۈكلىرىمنى تاغ ئوغرىلىرىغا ئۈلەشتۈرۈپ بەردىڭ...» دەپ تىرىك تۇرغۇزۇپ كۆزىنى ئويۇپ، پۇت-قوللىرىنىڭ پىيىنى كېسىپ تاشلىۋەتكەچكە، جېنىنىڭ ئۈچ كۈندە چىققانلىقىنى....سۆزلەپ بەردى-دە:

-بالام، سەنمۇ تېز قاچ...سېنى ئاللاغا تاپشۇردۇم!-دەپ چوڭقۇر ئاتىلىق مېھرى بىلەن يېنىش-يېنىشلاپ سۆيۈپ «خوش!» دېدى. «پەرىشتە» مۇ سېنى ھەسرەتلىك ئۆكسۈشلىرى ئارقىلىق ئۇزىتىپ قويدى....

سەن شۇ قاچقانچە قاراچۆل يايلىقىغا بېرىپ، مالچىلارنىڭ ئارىسىدا بىر-ئىككى ئاينى ئۆتكۈزدۈڭ. يۇرتتىن ئالەم-جاھاننىڭ بىر ئاز تىنچىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر كەلدى. قايتىپ كېلىپ، سېنى زارىقىپ كۈتۈپ تۇرغان «پەرىشتە» بىلەن توي قىلدىڭ.

قۇلىقىڭدا پولكوۋنىك تۇردىقارىي بەگنىڭ ئاخىرقى بۇيرۇقى جاراڭلايتتى. شۇڭا، سەن زۇمرەتنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلدىڭ. ئەمما، ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئالالمىدىڭ، ھەرقانچە قىلىپمۇ ھايات ياكى ھايات ئەمەسلىكىنى، ھايات بولسا، ئۇ زادى نەدە؟ ھايات بولمىسا، قەيەردە قانداق ئۆلۈپ كەتتى؟ زادىلا ئۇقالمىدىڭ. ئابدۇكېرىمنىڭ جەسىتى تۈمەن دەرياسى بويىدىن كۆكسىگە پىچاق سانجىلغان ھالدا تېپىلغانلىقى

توغرىسىدا ئۇچۇرغا ئىگە بولدۇق. شۇنىڭ بىلەن يەنىلا «قۇرغۇي» بولۇپ قېلىشۋەردىق. چۈنكى، سەن پولكوۋنىك تۇردىقارىي بەگنىڭ زۇمرەتتىن ئاڭلىشۋالغان سۆزلىرى بىلەنلا ئۆزۈڭنىڭ «قۇرغۇي» ئەمەسلىكىڭنى ئىسپاتلىيالمايتتىڭ. يازما ياكى ئاغىزاكى ئىسپاتقا، ئەڭ موھىمى تىرىك شاھىتقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، چوقۇم زۇمرەتنى تاپماي بولمايتتى. بىراق، ئۈمىدسىزلەنمىدىڭ.

« ‹قۇرغۇي› نى چوقۇم تۇتىمەن! تۇتۇپ، پولكوۋنىكنىڭ ئاخىرقى بۇيرۇقىنى چوقۇم ئورۇنداپ، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ قىساسىنى ئېلىپ، روھىنى خۇش قىلىمەن!»

ئاخىرقى بۇيرۇق قۇلاق تۈۋىڭدە جاراڭلايتتى. يۈرىكىڭدە تاشئاخۇننىڭ ئۆز قولى بىلەن قادىغان بايرىقى لەپىلدەيتتى. خىيال بۈركۈتلىرىڭ «قۇرغۇي» نىلا شىكار قىلاتتى.

ئەمما، «پەرىشتە»ڭنىڭ تۇغۇت كۈنلىرى يېقىنلىشىپ قالغان ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە سەن تۇيۇقسىزلا تۇتقۇن قىلىندىڭ. لېكىن، بىر دوستۇڭ بىلەن سىلەرنى يالاپ ماڭغان چېرىكنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ، قېچىپ كەتتىڭلار. سىلەر قاچار-قاچار جەنۇب تەرىپى تاشقۇرغان بىلەن، غەرب تەرىپى كەشمىر ۋە ئافغانىستان بىلەن، شەرق تەرىپى گۇما ناھىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدىغان بەشكەنتتاغقا يېتىپ كەلدىڭلار. چۆپ، پاخپۇ، بولۇڭ، قۇلانئالغۇدىن ئىبارەت بەش كەنتتىن تەركىب تاپقان بۇ تاغلىق يېزىدىكى ئىنقىلابىي سەبداشلىرىڭلار ۋە ئاق كۆڭۈل تاغلىقلار سىلەرنى ئىللىق باغرىغا باستى.

بەشكەنتتاغنىڭ تېرىلغۇ تۇپرىقى ئاز بولغاچقا، بۇ يەردىن چىققان ئاشلىق چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى قامداشقا يەتمەيتتى. شۇڭا، قاغىلىق بازىرىدىن ئاشلىق يۆتكەشكە توغرا كېلەتتى. چېرىكلەر كۆكيار يېزىسىنىڭ ئاقمەسچىت كەنتىدە چازا قۇرۇپ، يولنى قاتتىق قامال قىلىشۋالغاچقا، بەشكەنتتاغدىكى چارۋىچىلار ساتىدىغان مال-چارۋىلىرىنى، يۇڭ-تېرە،

سىرىقماي، قۇرت قاتارلىق يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى يا قاغىلىق بازىرىغا ئەكىرەلمەي، يا بازاردىن ئاش-ياغ سېتىۋېلىپ بەشكەنتتاغقا ئاچىقالماي، تۇرمۇشتا ئىنتايىن قىينىلىپ، كىچىك باللار، كىسەلمەن قېرى-چاللار ئاچ-زارلىقتىن بىر-بىرلەپ قىرىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە گومىنداڭچىلار ئۆچ ئېلىشنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، باج-سېلىقنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ، بۇلاڭ-تالاڭنى كۆپەيتىۋەتكەنىدى. دەسلەپكى قەدەمدە ھەسەن بەگ قاتارلىق قىرىق نەچچە ئىنقىلابچى تۇتقۇن قىلىنغانىدى.

ئاخىر بەشكەنتتاغ خەلقى ئەمەس، گومىنداڭنىڭ ۋەھشىي چېرىكلىرى سېنى بەشكەنتتاغ باغرىدىن سىقىپ چىقاردى.

سەن ئۈچ قىزى بىلەن ئىنقىلابقا قاتناشقان ھاپىز بەگ ئىسىملىك بىر قىرغىز ئادەم بىلەن كەشمىرگە قاراپ قاچتىڭلار. ئەمما، چېرىكلەر قوغلاپ كېلىپ، ھاپىز بەگنىڭ ئۈچ قىزىنى تۇتۇۋالدى. ھاپىز بەگ قىزلىرىغا تارتىشىپ كەينىگە يېنىپ كەتتى. سەن يەنە ئالتە ھەمراھىڭ بىلەن كەشمىرگە قاراپ مېڭىۋەردىڭ. يۇتۇڭ تولىمۇ ئېغىر ئىدى. ھايات تەشنالىقى سېنى ئالدىڭغا ئىتتىرەتتى؛ پولكوۋنىك تۇردىقارىي بەگنىڭ ئاخىرقى بۇيرۇقى قۇلاق تۈۋىڭدا جاراڭلاپ، سىنى كەينىڭگە تارتاتتى؛ تاشئاخۇننىڭ ئۆز قولى بىلەن قادىغان بايرىقى يۈرىكىڭدە لەپىلدەپ، ساڭا:«كەينىڭگە يان»دەپ بۇيرۇق بېرىپ تۇراتتى؛ تاغلاردىكى «كۆك بۆرە» لەر ھوۋلاپ، سېنى ئۆز توپىغا چىللايتتى.

ئەمما، سەن بۇلارغا پەرۋا قىلماي مېڭىۋېرەتتىڭ.

«بىتىم»دىن كېيىن مەن جاھاننىڭ بۇنداق بولۇپ كېتىشىنى ئويلىمىغان.....

سەن مۇشۇنداق ئويلاپ، مۇشۇنداق باھانە-سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ مېڭىۋەردىڭ. مۇشۇنداق مېڭىپ كەشمىرگە، پاكىستانغا، تۈركىيىگە، سەئۇدى ئەرەبىستانىغا، زەيىنىددىن ۋە قايىسىبىر ئۆزبېك ئوفىتسېر تولا گېپىنى قىلىدىغان ئامېرىكىغا، ئىشقىلىپ قەيەر ھۆر بولسا، شۇ يەرگە

كەتمەكچى بولغانىدىك.

كۆكتە توپ-توپ كۈل رەڭ بۇلۇتلار تەلۋە شامالارنىڭ قوغلىشى بىلەن ھېلى شىمالدىن جەنۇبقا، ھېلى جەنۇبتىن شىمالغا، ھېلى شەرقتىن غەربكە، ھېلى غەربتىن شەرىقكە سۈرۈلۈپ، مۇساپىرنىڭ كۆزىدىن ئاقىدىغان ياشتەك ھەسرەتلىك ياش تۆكۈشكە تەمشىلىپ تۇراتتى.

شۇنداق، سەنمۇ شامال قاياقتىن سوقسا، شۇنىڭ قارشىسىغا سۈرۈلۈپ، سەرسان-سەرگەردان بولىدىغان ۋەتەنسىز بۇلۇتلارغا ئوخشاپ قېلىش ئالدىدا تۇراتتىڭ.

يۈرىكىڭ پىژژىدە ئېچىشىپ قالدى، ئەمما چىدىدىڭ.

يول باشلىغۇچى يىگىت قەدىمكى كارۋان يوللىرى بىلەن ئاخىر سىلەرنى كەشمىر تۇپرىقىغا دەسسەتتى. كۆز ئالدىڭدا چەكسىز كەتكەن زېمىن يېيىلىپ ياتاتتى. ئەمدى ئەينىڭلاردىن قوغلاپ كېلىدىغان ھېچكىم يوق ئىدى. چېرىكلەرنىڭ زۇلمىدىن تامامەن قۇتۇلغانىدىڭلار.

ئەمما، يۈرىكىڭ، قەلبىڭ، بارلىق نېرۋا-ھۇجەيرىلىرىڭ ۋىجدانىڭنى قورشاۋدا قالغانىدى. سەن بۇ قورشاۋدىن بۆسۈپ چىقىپ كېتەلەمسەنكىن؟

بىلمەيتتىڭ.

شۇڭا، داۋاملىق مېڭىۋەردىڭ. ئەمما بىردىنلا چاۋار-چاتقاللىق، يىلان-چايانلىق، ئازغان-تىكەنلىك يولغا كىرىپ قالدىڭ. يىلان-چايانلار كۆشۈلداپ، ساڭا ھەملە قىلاتتى. سەن بار كۈچۈڭنى يىغىپ قاچاتتىڭ. ئازغان-تىكەنلەر يۈرىكىڭنى، قەلبىڭنى تىلىپ قان ئالاتتى. يىلان-چايانلار، ئەجدىھالار، دىۋە-پەرلەر، توڭگۇز-قاۋانلار....ھەملە بىلەن قوغلاپ كېلەتتى. سەن قېچىپ كېتىۋېتىپ بار ئاۋازىڭنى يىغىپ، ئىلتىجالىق بىلەن ۋارقىرىدىڭ:

- خىزىر، سەن نەدە؟!...

ئەمما، خىزىر تۇرماق، ئۇنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمىدى، ھەتتا شەپىسىمۇ ئاڭلانمىدى. سەن چەكسىز ئۈمىدسىزلەندىڭ. سەن بۇ قېتىم خىزىرغا ئەمەس، بىۋاستە تەڭرىگە ئىلتىجا قىلدىڭ:

ئاھ خۇدا، نېمىشقا مېنىڭ قېشىمغا خىزىرنى ئەۋەتمەيسەن؟ خىزىرنى ئەۋەتىپ، نېمىشقا بۇ مۈشكۈلۈمنى ئاسان قىلمايسەن؟ نېمىشقا مېنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزمايسەن؟!.....

غەزەپلىك بىر ئىندا كەلدى:

ــ چۈنكى سەن قۇتقۇزۇۋېلىشقا لايىق ئەمەس!

ــ نېمىشقا؟

ــ بۇنى ئۆزۈڭدىن سورا!

ــ نېمىشقا؟

قەلبىڭدىن شۇنداق بىر سادا كۆتۈرۈلدى:

ــ سەن، تەڭرىنىڭ قىساسىنى ئۇنتۇغان گۇمراھ ئادەمنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇپ قالمايدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟

بىلمەيتتىڭ.

ــ سەن تەڭرىنىڭ قەلبىدىكى گۈزەل كۈيلەر ـــ جەننەت ساداسىدىن مەھرۇم قالغان ئادەمنىڭ ئىلتىجاسىنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى بىلەمتىڭ؟

بىلمەيتتىڭ.

ــ سەن تەڭرىنىڭ ئەلنىڭ ھۆرلۈكى ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتىغان بىر بايراقدارنىڭ بەرگەن بۇيرۇقىنىڭ شەخسىي بۇيرۇق ئەمەس، بەلكى ئەلنىڭ بۇيرۇقى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالمىغان ئادەمنىڭ ھايات-ماماتى بىلەن كارى بولمايدىغانلىقىنى بىلەمتىڭ؟

بىلمەيتتىڭ.

ــ سەن تەڭرىنىڭ دۇنيادا ۋەتەنسىز ھۆر ئادەمدىنمۇ بىچارە، پاسىق ئادەم بولمايدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان، ھۆرلۈك ئىزدەپ، ھۆرسىز-

ئەركىنىسىز خەلقنى تاشلاپ قاچىدىغان سەندەك ئاسىي بەندىدىن نەپرەتلىنىدىغانلىقنى بىلمەمتىڭ؟

بىلمەيتتىڭ.

ياق، بىلەتتىڭ، ئەمما، ساختا بىتىم ئاتا قىلغان قىيداش، چۈشكۈنلۈك، ئۈمىدسىزلىك قاتارلىق روھىي زەئىپلىكلەر سېنى ئۇلارنى بىلمەس قىلىۋەتكەنىدى!

يۈقىرقىلارنى تولۇق بىلگەن، بىلىپ تۇرۇپ بىلمەسلەر قاتارىغا كىرىۋالمىغان ئادەملەرلا ئەڭ مۇكەممەل ئادەم بولالايتى.

ئەگەر شۇلارنى بىلگەن بولساڭ، بىلگەن تەقدىردىمۇ بىلمەسلەر قاتارىغا كىرىۋالمىغان بولساڭ، سەنمۇ ئەڭ مۇكەممەل ئادەم بولالايتىڭ. بولالارسەنمىكىن؟

— هوي سەمەندەر، نېمە ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن؟ ئىتتىك ماڭ!

يول باشلىغۇچى دوستۇڭنىڭ توۋلىشى بىلەن ئېسىڭنى تاپتىڭ. دوستلىرىڭ داغدام يولدا سەندىن خېلىلا ئۇزاپ كەتكەنىدى. سەن تېخى بايىقى جايىڭدىلا تۇراتتىڭ. چۈنكى، باياتىن بېرى ماڭغىنىڭ دەل ئۆزۈڭنىڭ قەلبى ئىدى!

شۇڭا، ھەيران قالدىڭ. چۈنكى، قەلبىڭدە گۈزەل كۈيلەر-جەننەت ساداسىدىن قىلچىمۇ ئەسەر قالمىغانىدى!

يۈركىڭدىكى تاشئاخۇننىڭ بايرىقى قەيەلەرگىدۇر غايىپ بولغانىدى!

ئەمما، پولكوۋنىك تۇردىقارىي بەگنىڭ ئاخىرقى بۇيرۇقى قۇلاق تۈۋىڭدە جاراڭلاپ تۇراتتى، گەرچە ئۇنىڭغا قۇلاق سالماي، ئىجرا قىلىشتىن يالتىيۋالغان بولساڭمۇ.

ئويلىدىڭ:

مەن بۇ جەننەت ساداسىغا مىڭ مۇشەققەتتە ئېرىشكەنىدىمغۇ؟ مەن تاشئاخۇننىڭ بايرىقىنى مەڭگۈ لەپىلدەتمەكچى بولغانىدىمغۇ؟ مەن پولكوۋنىك تۇردىقارىي بەگكە «قۇرغۇي»نى تۇتۇپ، ئىنقىلابىي

قۇربانلارنىڭ قىساسىنى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ روھىنى خۇش قىلىش توغرىسىدا ۋەدە بەرگەنىدىمىغۇ؟

مەنمۇ چىقىپ كەتسەم، ئۇمۇ چىقىپ كەتسە، ھەممىمىز چىقىپ كېتىۋەرسەك، ئاتا-بوۋىمىزدىن قالغان بۇ ئانا يۇرت، ئانا ماكان چېرىكلەرگە مۇشۇنداقلا قالامدۇ؟! ئەجدادلارنىڭ، بىزنىڭ كىندىك قېنىمىز تۆكۈلگەن، ئەۋلادلىرىمىزنىڭمۇ كىندىك قېنى تۆكۈلىدىغان بۇ سۆيۈملۈك يۇرتىمىزنى چېرىكلەرگە مۇشۇنداقلا تاشلاپ بېرىمىزما؟!

بۇ سۇئاللىڭغا يۈرىكىڭ كەسكىن جاۋاب قايتۇردى:

«ياق! ئۇنداق ئاسان ئىش يوق!... كەتسەڭ كەت، مەن كەتمەيمەن! ئۆلسەممۇ ئۆز ۋەتىنىم تۇپرىقىدا ئۆلىمەن! گۆرۈمدە ئانا يۇرتۇم تۇپرىقىنى قۇچاقلاپ، رەقىبلىرىمنىڭ يۈركىگە يەنىلا غالىبانە روھىم بىلەن نەشتەردەك سانجىلىپ مەغرۇرانە ياتىمەن!»

سەن يۈرىكىڭنىڭ قارارىغا كەسكىن قوشۇلدۇڭ:

«مەنمۇ!»

سەن شۇنداق قارارغا كېلىپ، ھەمراھلىرىڭ بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— مەن يېنىپ كېتىمەن! — دېدىڭ.

ھەممىسى ھەيران قالدى:

— نېمىشقا؟

— ساراڭمۇ سەن؟

—...

سەن بارلىق ئوي-خىياللىرىڭنى سۆزلەپ، ئۇلار بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتىڭ.

قەلبىڭ يەنە گۈزەل كۈيلەر — جەننەت ساداسى بىلەن تولغانىدى! يۈرىكىڭدە تاشئاخۇننىڭ بايرىقى لەپىلدەيتتى! قۇلاق تۈۋىڭدە پولكوۋنىك تۇردىقارىي بەگنىڭ ئاخىرقى بۇيرۇقى جاراڭلايتتى!

سىلەر (ھەمراھلىرىڭنىڭ ھەممىسى قايتقانىدى) ئەتراپىدا رەڭمۇ رەڭ گۈللەر ئېچىلغان، بۇلبۇل، كاككۇك قاتارلىق تۈرلۈك-تۈمەن قۇشلار خۇش زۇۋانلىرى بىلەن سايرىشىپ تۇرغان، ئىككى ياقىسىدا سۆپسۈزۈك سۇلار شىرىلداپ ئېقىۋاتقان نۇرانە يول بىلەن سۆيۈملۈك، ئۇلۇغ ئانا ۋەتىنىڭلارغا قاراپ مېڭىپ كەتتىڭلار.

## 33

ئەمدى بەشكەنتتاغقا بېرىشقا بولمايتتى. شۇڭا، سەن دوستلىرىڭ بىلەن خوشلىشىپ، كۆكيارنىڭ مومۇق كەنتىدىكى جايلا مەتنىياز قازىنىڭ ئۆيىگە كەلدىڭ. گەرچە سەن بۇ ئادەم بىلەن تونۇشمىساڭمۇ، لېكىن نامىنى كۆپ ئاڭلىغانىدىڭ. ئۇ مۇشۇ يۇرتنىڭ قازىسى بولۇپ، ئەسكەر قوبۇل قىلىش، ئوزۇق-تۈلۈك ھەل قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىنقىلابقا ناھايىتى كۆپ تۆھپىلەرنى قوشقانىدى.

گەۋدىلىك، قىرىق بەش ياشلاردىكى، قىرقىم ساقاللىرى يۇپيۇمىلاق قىزىرىپلا تۇرىدىغان يۈزىگە خويمۇ ياراشقان بۇ ئادەم سېنى ئىززەت-ئىكرام بىلەن قارشى ئالدى.

ئەمما، بىر ئاي بولار-بولمايلا مەتنىياز قازى بىلەن سەن يەنە تۇتقۇن قىلىنىپ، قاغىلىق بازىرىنىڭ شەرقىي جەبۇبىغا جايلاشقان گومىنتۇەن تۈرمىسىگە قامالدىڭلار. مۇشۇ تۈرمىگە ئۈچ يۈز نەچچە مەھبۇس قامالغانىدى.

سىلەر بىر-بىرلەپ سوراق قىلىناتتىڭلار. گومىنداڭچىلارنىڭ سورايدىغان گېپىنىڭ تايىنى يوق، ھەدەپ قامچىلايتتى، تېقىمىڭلارغا خىش قىستۇرۇپ كالتەككە باساتتى... ئۇلارنىڭ مەقسىتى سىلەرنى سوراق قىلىش ئەمەس، ئۆچ ئېلىش ئىدى. بولمىسا سىلەردىن سورىغۇدەك نېمە بار؟

بىر كۈنى سەن يەنە مەتنىياز قازى بىلەن سوراققا بىللە ئاچىقىلدىڭ. مەتنىياز قازىنى كالتەككە بېسىشقا باشلىۋىدى، ئۇ قارشى چىقتى. بۇ ئىككى ئايدىن بۇيانقى تۇنجى قېتىملىق قارشى چىقىش ئىدى ھەم تۇنجى قارشى چىققۇچى ئىدى.

ــ ھۇ ھايۋانلار، نېمە ئادەمنى قىيناۋېرىسەن؟ ئاناڭنىڭ ھەققى بارمىدى بىزدە؟ سەنلەر نېمىنى بىلمەكچى؟ سورا، نېمىنى سورساڭ سورا، مەن جاۋاب بېرەي!

قارىمۇتۇق چېھرى تېخىمۇ قارىداپ كەتكەن سوراقچى لى لىيەنجاڭ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ سورىدى:

ــ سەن تاغ ئوغرىلىرىغا ياردەم بەرگەنمۇ؟

ــ بەرگەن.

ــ نېمىشقا؟

ــ مۇشۇنىمۇ بىلىشمىدىڭما؟ بىلەلمىگەن بولۇشساڭ، مەن دەپ بېرەي، بىلىشۋال. ئەلۋەتتە سەندەك شەھەر سوراپ، ئەل باشقۇرۇپ باقمىغان، شۇ سەۋەبتىن شەھەر سوراشنى، ئەل باشقۇرۇشنى بىلمەيدىغان، ئىنسان-دىيانەتنى بىلمەيدىغان، ئىنسانى خىسلەت يوق، ئادەمسىياق مەخلۇقلارنى يوقىتىش ئۈچۈن!

بۇ سۆزلەرگە چىدىمىغان لى لىيەنجاڭ مەتنىياز قازىنىڭ ئاغزىغا مۇشت بىلەن بىرنى قويىدى. مەتنىياز قازىمۇ سوراقچىنىڭ يۈزىگە غەزەپ بىلەن تۈكۈردى. قان ئارلاش تۈكۈرۈك لى لىيەنجاڭنىڭ يۈز-كۆزىگە چاپلىشىپ قالدى.

ــ ياخشى!... ياخشى!

لى لىيەنجاڭ قولياغلىقى بىلەن يۈز-كۆزىدىكى تۈكۈرۈكنى ئېيتىۋېتىپ شۇنداق دېدى- دە، پۈشتەك چالدى. تۈرمە ھويلىسىنى چىرىكلەر قاپلاپ كەتتى. مەھبۇسلار سەيناغا توپلاندىڭلار.

كۆك قاپقارا بۇلۇتلار بىلەن قاپلانغانىدى، خۇددى سىلەرنى سوراق

قىلىشقا تەقەززا بولۇپ، گەلەپى شىمىنىڭ يانچۇقىغا قولىنى سېلىپ، مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇياق- بۇياققا مېڭىپ يۈرگەن ئاۋۇ خې تۆەنجاڭنىڭ كۆڭلىدەك. ئاسمان گۈلدۈرلەيتتى، گوياكى مەھبۇسلارنى ڭ غەزەپ-نەپرىتىدەك. چاقماق چاقاتتى، مىسالى مەتنىياز قازىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش روھىدەك.

سوراق باشلاندى:

—...

—...

ـ سەن نېمىشقا تاغ ئوغرىلىرىغا يانتاياق بولىسەن؟

ـ ئوغرى ئۇلار ئەمەس، سىلەر!

ـ سەن ئۆزۈڭنىڭ قازىلىقىڭنى قىلىپ، دەۋاگەرلەر بەرگەن زەللەڭنى يەپ، ئۆز ئىشىڭنى قىلىپ يۈرسەڭ بولمامدۇ؟

ـــ زەللە سەنلەردەك بالىخانىلىق ئاشقازىنى بار ئاجۇلاردىن ئاشماپۋاتسا، مەن قايسى زەللەنى يەيمەن؟

ـ تاغ ئوغرىلىرىغا يالاقچىلىق قىلىشىڭدىكى مەقسىتىڭ نېمە ئىدى؟

ـ سەنلەرنى يوقىتىشتى!

ـ يوقىتالىدىڭمۇ قېنى؟

ـ ياق، يوقىتالمىدىم. يوقاتقىلى ئازلا قالغاندا، سەنلەرنىڭ تەلىيىڭ ئوڭدىن كېلىپ قالدى. بىراق، هامان يوقىتىمەن!

ـ ئەگەر هازىرلا جادۇغا بېسىپ ئۆلتۈرۈلسەڭچۇ؟

ـــ مەن ئۆلسەم، هايات قالغانلار يوقىتىدۇ، ئۇلار يوقىتالمىسا ئەۋلادلىرىم چوقۇم يوقىتىدۇ!

ـ ئەگەر جىنايىتىڭگە توۋا قىلساڭ...

مەتنىياز قازىم خې تۆەنجاڭنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

ـ تۇۋىنى سەنلەردەك خەلقنىڭ هۆرلۈك-ئازادلىقىنى بوغۇپ، ئۇلارنى قۇل قىلىشقا ئۇرۇنغانلار قىلمايزە، مەندەك ۋەتەن، خەلقىنىڭ ئازادلىقى

ئۈچۈن كۆرەش قىلغۇچىلار توۋا قىلامدا؟ ھىم!

خې تۈەنجاڭ باياتىن دېيەلمىگەن گېپىنى قايتا تەكرارلىدى:

ـ گۇناھىڭدىن كېچەي، «ياشىسۇن پىرقە» دەپ توۋلا.

مەتنىياز قازى مەردانىلىك بىلەن توۋلىدى:

ـ يوقالسۇن پىرقە!

ـ تامادى! ــــ تاقىتى توشقان خې تۈەنجاڭ ئەسەبىيلىك بىلەن بۇيرۇق قىلدى، ــــ ئۇر، قاتتىق ئۇر!

لى لىيەنجاڭ قوللىرىغا تۈكۈرۈپ، زەيى قامچا بىلەن مەتنىياز قازىنى ئۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ ئۇرغاچ سورايتتى، سوراۋېتىپ ئۇراتتى:

ـ «ياشىسۇن» پىرقە دە!

مەتنىياز قازىمۇ تولغىنىۋېتىپ، ۋارقىراۋېتىپ جاۋاب بېرەتتى، جاۋاب بېرىۋېتىپ تولغىناتتى، ۋارقىرايتتى:

ـ يوقالسۇن... تۈپ يىلتىزىدىن مەڭگۈ يوقالسۇن!

يۈرىكىڭلار چىرقىرايتتى؛ يۈرىكىڭلار تولغىناتتى؛ يۈرىكىڭلار چاقماق چاقاتتى؛ يۈرىكىڭلار يامغۇر تۆكەتتى، خۇددى كۆكتەك!

ــــ سەن چەنتۇلارنى ئادەم دېگىلى بولمايدۇ، سەن ياۋايى مەخلۇقلارغا ئەزەلدىن ياخشىلىق ياراشمايدۇ! ــــ دېدى خې تۈەنجاڭ يامغۇرلۇق ئاستىدا تۇرۇپ زەخمىناك يۈرىكىڭلارغا نەشتەر سانجىپ، ــــ پىرقە سەن خەقنى تۇمشۇقلۇقا چوقۇتماي، قاناتلىقىقا سوقتۇرماي، خۇددى ياغىنىڭ ئىچىدىكى بۆرەكتەك ئاسراپ، خىزىردەك بېشىڭلارنى سىلاپ، بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈۋاتسا، يەنە تۇزكورلۇق قىلىپ، تاغ ئوغرىلىرىنىڭ يالقىنى يالىشىپ، ئۇلۇغ، توغرا، شەرەپلىك پىرقىمىزگە ۋاپاسىزلىق قىلىپ، كەچۈرگىسىز جىنايەت ئۆتكۈزۈشتۈڭ! ماۋۇ ياخشىلىق ياراشمايدىغان، ــ خې تۈەنجاڭ قولى بىلەن مەتنىياز قازىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ داۋام قىلدى، ــــ تاغلىق قازى ھۆرمەتكە سازاۋەر كوماندىرىمىز لى لىيەنجاڭنىڭ يۈزىگە تۈكۈرۈپتۇ. ئۇ تېخى ئۆلۈمدىن

قورقمايمىش! قېنى، ئۇنىڭ ھالىنى ھازىر كۆرىمىز. سەنلەرمۇ ياۋاش بولۇشمىساڭ، بىر-بىرلەپ!...

خې تۇەنجاڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئەمدىلا ھوشىغا كەلگەن مەتنىياز قازى چەمبەرچاس باغلاندى.

ــ قېنى، لى لىيەنجاڭ، ئۆچىڭىزنى ئېلىۋېلىڭ!

ــ رەھمەت، خې تۇەنجاڭ، شەپقىتىڭىزگە ھەشقالالا! ـــ دېدى لى لىيەنجاڭ ھاياجانلانغان ھالدا، ــ قېنى، جادۇنى ئەكېلىڭلار!

جادۇ ئەكېلىنىپ، مەتنىياز قازىنىڭ ئۇشۇقى جادۇنىڭ بىسىغا توغرىلاندى. سىلەر چۇقان كۆتۈردىڭلار:

ــ ھايۋانلار، ئۇنى قويۇۋېتىش!

ــ توڭگۇزلار!

ــ رەھىمسىز مەلئۇنلار!

ئىسيان-چۇقانلىرىڭلار گۈلدۈرلەيتتى، گوياكى زېمىننى لەرزىگە سېلىۋاتقان گۈلدۈرمامىدەك. سانجاق-سانجاق چېرىكلەر سىلەرنىڭ مەيدەڭلەردىن ئىتتىرىپ توسۇپ تۇراتتى. سىلەر ھەدەپ يولقۇناتتىڭلار، خۇددى ئارىسلاندەك.

ــ «ياشىسۇن پىرقە» دە!

ــ يوقالسۇن!

لى لىيەنجاڭ جادۇنى گاچچىدە بېسىۋىدى، مەتنىياز قازىنىڭ ئىككى پۇتى ئۈزۈلۈپ چۈشتى. ئۇنىڭ تىزى، يوتىسى، زەكىرى، قولى، بىلىكى، بېشى، ئارقا-ئارقىدىن كېسىپ تاشلاندى.

شارقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇر ئەمەس، سىلەرنىڭ كۆز يېشىڭلار ئىدى؛ كۆز يېشىڭلار بىلەن قوشۇلۇپ يەرگە سىڭىپ كېتىۋاتقىنى مەتنىياز قازىنىڭ قېنىلا ئەمەس، سىلەرنىڭ ئانا يۇرتقا بولغان مۇھەببىتىڭلار ئىدى؛ گۈلدۈرلىگىنى كۆك ئەمەس، غەزەپ-ئىسيانىڭلار ئىدى؛ ۋال ۋۇل قىلىپ چېقىلغان چاقماق ئەمەس مەتنىياز قازىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش

روھى ئىدى!

سىلەر مەتنىياز قازىچە روھ بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئۇچ كۈن ئاچلىق ئېلان قىلدىڭلار. شۇنىڭ بىلەن سوئال-سوراق ۋەھشىيانە قىيناشلار ئاخىرلىشىپ، سىلەر يەكەن تۈرمىسىگە يۆتكەپ كېتىلدىڭلار. بۇ ناھايىتى چوڭ تۈرمە بولۇپ، كامېرلاردا پۈت سىققۇدەكمۇ يەر قالمىغانىدى. سېسىقچىلىقتا ئەركىن نەپەس ئالغىلىمۇ بولمايتتى. پىت، بۈرگە، چۈشلارنىڭ كۆپلۈكىدىن كېچىلىرى تۈزۈكرەكمۇ ئۇخلىغىلى بولمايتتى. ئاستىڭلاردىن ئۆرلەپ تۇرغان زەي زەئىپ تېنىڭلارنى تېخىمۇ زەئىپلەشتۈرۈۋاتاتتى. ئاغرىق-سىلاق، ئۆلۈم-يىتىم كۈندە-كۈنىسى بولۇپ تۇراتتى. ئەگەر مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا، بىر-ئىككى ئايغا قالماي، ھەممىڭلار قىرىلىپ كېتىشىڭلار مۇمكىن ئىدى. سىلەر مەتنىياز قازىچە روھ بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتىڭلار، تۈرمۈش شارائىتىڭلار بىر قەدەر ياخشىلىنىپ، ھايات قالغىنىڭلار 1948- يىلىنىڭ باھار پەسلىنى مىلك مۇشەققەتتە كۈتۈۋېلىشتىڭلار. سىلەر يەكەن دەرياسى بويىغا يالاپ كېلىنىپ، ئېغىر ئەمگەككە سېلىندىڭلار: چۈشكىچە شاللىقتا ئىشلەيتتىڭلار، چۈشتىن كېيىن يەكەن دەرياسى كۆۋرۈكىنى ياساش ئەمگىكىگە سېلىناتتىڭلار. گەرچە كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان بولساڭلارمۇ، ئېغىر ئەمگەك، ناچار تاماق تۈپەيلىدىن ئاغرىق - سىلاق، ئۆلۈم - يېتىم يەنىلا كۆپ بولۇۋاتاتتى. ئۆلگەنلەر يۇيۇپ - تاراقسىز، نەزىر - چىراغسىز ھالدا دەرياغا تاشلىۋېتىلەتتى. ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋالىدىغانلارمۇ كۈندە - كۈنىسى چىقىپ تۇراتتى. ئەگەر قەلبىڭدىكى گۈزەل كۈيلەر - جەننەت ساداسى روھىڭنى ئەملەپ تۇرمىغان بولسا؛ تاشئاخۇنىڭ ئۆز قولى بىلەن قادىغان بايرىقى يۈرىكىڭدە لەپىلدەپ، سېنى ياشاشقا رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرمىغان بولسا؛ پولكوۋنىك تۇردىقارىي بەگنىڭ ئاخىرقى بۇيرۇقى قۇلاق تۈۋىڭدە جاراڭلاپ، سېنى ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ روھىنى خۇش قىلىشقا دەۋەت قىلىپ تۇرمىغان بولسا،

بەلكىم سەنمۇ زەرەپشان دەرياسىغا ئاللىبۇرۇن سىڭىپ كەتكەن بولاتتىڭ.

ئىش - ئەمگەكتە يارىماپۋاتقان بىر قىسىم قېرى - چاللار، كېسەلمەنلەر قويۇۋېتىلدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ھاپىز بەگنىڭ ئۈچ قىزىمۇ بار ئىدى. لېكىن، ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندە، ھاپىز بەگنىڭ چوڭ قىزى پاتمىخان لاگېردا يەنە پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ بەشكەنتتاغقا بېرىپ، سىلەرگە ئەل - يۇرتنىڭ ئوتلۇق سالىمى بىلەن قوشۇپ ئاش - ئوزۇق، سېرىقماي، ئۆلتۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن ئىككى يۈز نەچچە تۇياق قوي - كالا، چېرىكلەرگە پارا بېرىش ئۈچۈن ئالتۇن - كۆمۈش ئەكەلگەنىدى.

1949- يىلى 8- ئايلاردا قاغىلىقتىن ئېلىپ بېرىلغان ئۈچ يۈز نەچچە مەھبۇستىن ئاران بىر يۈز ئەللىك نەپىرىڭلار تۈرمىدىن ساق چىقىپ، يۇرتۇڭلارغا قايتتىڭلار. سەن ئاناڭ، سىڭلىڭ، «پەرشتە»ڭ بىلەن يەنە جەم بولۇپ، زۇمرەتنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلدىڭ. ئاخىر ھازىر ئۇنىڭ ئۆز بېكىستاندا ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ، قاسىمجان قەمبىرى ئېيتىپ بەرگەن ئادرېس بويىچە ئۆزبېكىستانلىق بىر ئوفتسېرغا خەت يازدىڭ. ئەمما، ئۇ ئوفتسېردىن زۇمرەتنىڭ بۇنىڭدىن ئىككى - ئۈچ يىل بۇرۇن تۈركىيەگە كۆچۈپ كەتكەنلىكى، ئادرېسىنى بىلەيدىغانلىقى ھە بىلىش ئىمكانىيىتىمۇ يوقلۇقى توغرىسىدا جاۋاب خەت كەلدى. دەل مۇشۇ خەت تۇيەيلى، 1958- يىلى «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» تە «يەرلىك مىللەتچى»، «چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر»، مەتساللىنىڭ مەلۇم قىلىشى ۋە گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈشى بىلەن «گومىنداڭنىڭ ئىشپىيونى - ‹قۇرغۇي› دېگەن نام بىلەن دۈشمەنگە ئاخبارات يوللاپ، ئۇرۇش مەخپىيەتلىكىنى ئاشكارىلاپ، ئىنقىلابنى نۇرغۇن قېتىم ناھايىتى زور زىيانغا ئۇچراتقان، يۈز نەچچە جەڭچىنىڭ ۋە دۈشمەن سېپىدە مەخپىي كۈرەش قىلىۋاتقان ‹كۆك بۆرە› نىڭ بىھۇدە قۇربان بولۇشىغا سەۋەبچى بولغان...» دېگەندەك «جىنايەت»لەر بىلەن قارىلىنىپ، يەنە قولغا ئېلىندىڭ.

بىر كۈنى ساقچىلار سىلەرنى جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ

قەدىمكى سىپىلىنىڭ تۈۋىدىن ھاجەتخان كولىغىلى سالدى. بىر چاغدا كولىغان جايدىن تولۇق سىپسىپ بولالمىغاچقا، ئۇگە - ئۇگىلىرى تېخى ئاجراپ كەتمىگەن، خېلى مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان، پۇت - قوللىرىغا كويزا - كىشەن سېلىنغان، گەرچە كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى سىپسىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما سەللىسىنىڭ ئازراق قىسمى بىلەن تەسۋى، مەسە - كالىچى ساپساق قالغان، سول قولىنىڭ چىمچىلاق بارمىقىنىڭ يېرىمى يوق بىر جەسەت چىقتى. سەن شۇ تەسۋى ۋە مەسە - كالاچتىن، بولۇپمۇ كېسىۋېتىلگەن چىمچىلاق بارمىقىدىن ئۇنىڭ كىملىكىنى تونۇۋالدىڭ. ئۇ ئون ئىككى يىل بۇرۇن گومىنداڭچىلار تەرىپىدىن تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن ئۇستازىڭ ئۇستازىڭ راشىددىن مۇپتى ھاجىم ئىدى. سەن چىرىپ كەتكەن جەسەتنى قۇچاقلاپ ئەلەم - ھەسرەت بىلەن بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتىڭ. زەھەرسىمان ئاچچىق ياشلىرىڭ ئۇستازىڭنىڭ باغرىغا سىڭىپ كەتتى، گوياكى تەكلىماكان قۇملۇقىغا تۆكۈلگەن يامغۇردەك؛ غەزەپلىك كۆز ياشلىرىڭ خۇددى ھەسەتخورنىڭ كۆڭلىدەك دات بېسىپ كەتكەن كويزا - كىشەنگە نەپرەت بىلەن تۆكۈلەتتى!

– نېمە بولدى، سەمەندەر؟

سەن كامىرداشلىرىڭغا، ساقچىلارغا ئون ئىككى يىل بۇرۇنقى ئىشلارنى تىلىڭ ئارقىلىق ئەمەس، ئازابلىق كۆز يېشىڭ ئارقىلىق سۆزلەپ بەردىڭ...

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، داغدۇغىلىق ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئۇستازىڭ راشىددىن مۇپتى ھاجىمغا «ئىنقىلابىي قۇربان» دەپ شەرەپلىك نام بېرىلدى.

ئەپسۇسكى، سەن بۇ ماتەم مۇراسىمىغا قاتنىشالمىدىڭ. ئەمما، ئون يەتتە يىللىق تۈرمە ھاياتىڭنى پۈتۈنلەي ماتەم ئىلكىدە ئۆتكۈزدۈڭ!

شۇنداق، سەن تۈرمىدە ھەر خىل قىيىن - قىستاقلارغا بەرداشلىق

بېرىپ، توپتوغرا ئون يەتتە يىل ياتتىڭ. 1975- يىلى يەنىلا تولۇق ئاقلىنالماي، كېپىللىككە قويۇپ بېرىلدىڭ.

ئەمما، راشىددىن مۇپتى ھاجىمنىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇلھەمىد مەخسۇم قويۇپ بېرىلمىدى. 1950- يىلى ئۈچ يېرىم مىڭ مودىن ئارتۇق تېرىلغۇ يېرىنى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە تەقدىم قىلغان، ئىجارە كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى مەزگىللىرىدە خەلق ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن نۇرغۇن ئەمەلىي، ئىجابىي خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن، ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ، پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ مىللەت، دىن، بىرلىك سەپ خىزمىتى ئۈچۈن ساداقەت بىلەن كۆرۈنەرلىك تۆھپىلەرنى قوشقان ئۇستاز سۈپەت بۇ دوستۇڭمۇ 1958- يىلى بىر ئوچۇم «تىرىك جەسەت» لەرنىڭ غەيۋەت - شىكايىتى، تۆھمەت - بەتنامىلىرى بىلەن «پارتىيىگە قارشى ئۇنسۇر، يەرلىك مىللەتچى، ئەكسىيەتچىل تەشكىلات قۇرغان...» دېگەندەك «جىنايەت»لەر بىلەن قارىلىنىپ قولغا ئېلىنغاندى. ئۇ سەندىن بەش يىل كېيىن، يەنى 1980- يىلى قويۇپ بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئارىدىن سەككىز ئاي ئۆتۈپلا مەڭگۈلۈك كۆز يۇمدى.

بارلىقنى يېڭى دەۋرگە بېغىشلاپ، ئاخىر خۇددى سەندەكلا قارىلىنىپ، قولغا ئېلىنغان دوستلىرىڭنىڭ، سەپداشلىرىڭنىڭ، زىيالىيلارنىڭ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى روھىڭنى ھارماي بازغانلىغان بولسىمۇ،لېكىن سېنىڭ پولاتسىمان روھىڭنى ھارماي بازغانلىغان بولسىمۇ، لېكىن سېنىڭ پولاتسىمان ئىرادەڭنى تەۋرىتەلمىگەن؛ ئۈمىد شامىڭنى، ئېتىقاد مەشئىلىڭنى ئۆچۈرەلمىگەنىدى. شۇڭا، سەن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىنمۇ يەنە داۋاملىق مەخپىي ھالدا «قۇرغۇي»نىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلدىڭ؛ توپتوغرا ئەللىك يىل ئىز - دېرىكىنى قىلدىڭ. پولكوۋنىكنىڭ ئاخىرقى بۇيرۇقىمۇ قۇلاق تۈۋىڭدەك توپتوغرا ئەللىك يىل جاراڭلىدى.

قەلبىڭ ئازابلىق سوئاللار بىلەن تولغانىدى:

«زەيىنىددىن، ھېلىقى چۈشۈڭ يادىڭدىمۇ؟ باھاردا ـ خىزىرنىڭ قەلبىدەك ئاپئاق سەھەردە كۆرۈپ، بىزگە ئۇرۇپ بەرگەن، دادام تەبىر بېرىپ، ئاخىرىنى يۈتۈۋەتكەن ھېلىقى چۈشۈڭ يادىڭدىمۇ، جېنىم دوستۇم؟»

ئۇنىڭدىن نىدا كەلمەيتتى. بۇنىڭ بىلەن كارىڭ يوق ھالدا سەن ئۇنىڭ بىلەن غايىبانە مۇڭدىشىۋېرەتتىڭ:

«مېنىڭ يادىمدا؛ ھازىرقىدەك ئېنىق يادىمدا! داداڭ چۈشۈڭنى ئاڭلاپ: ‹ئىنسانلارغا رىزىق تارقىتىپ بەرگۈچى پادىشاھ بولىدىغان ئوخشايسىز، بىراق...› دەپ تەبىرنىڭ ئاخىرىنى يۈتۈۋەتكەنىدى. بىز بۇنى ئاڭلاپ چوڭقۇر ھەسرەت ۋە ئەپسۇسلۇق ئىلكىدە جىمىپ كەتكەنىدۇق، شۇنداقمۇ؟»

—...

ئاخىر چۈشۈڭ رېئاللىققا ئايلىنىپ، سەن كاتتا ئەمەلدار بولدۇڭ. لېكىن ئەمەلدارلىقنى ئۇبدان قىلالمىدىڭ: خەلقنى رازى قىلالمىدىڭ... نامراتلىقنى تۈگىتەلمىدىڭ... بولۇپمۇ ئاشۇ ئاپەتلىك يىللاردا - «ئۇلۇغ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ئېغىر خاتالىقلارنى سادىر قىلدىڭ: ئوقۇمۇشلۇق زىيالىيلارنى قوغداپ قېلىشنىڭ ئورنىغا ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلدىڭ... شۇڭا سېنى ئەيىبلەشتۇق، تىللاشتۇق، ھەتتا قارغاشتۇق. ئەمما، ھېچقايسىمىز ئۆزىمىزدىن: «ئۇنىڭ ئورنىدا مەن بولغان بولسام، قانداق قىلاتتىم؟» دەپ سوراپ باقمىدۇق. شۇڭا، سېنى خاتا چۈشىنىپ، غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئۇخلاۋەردۇق. سېنى چۈشىنىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويغىنىمىز ئۈچۈنلا، نۇرغۇنلىغان تەرەققىيات پۇرسەتلىرىنى قولىمىزدىن بېرىپ قويدۇق...

سەن زەيىنىددىن زايىتوفنى چۈشىنەتتىڭ، چۈشەنگەنلىكىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىلەن ئەنە شۇنداق غايىبانە مۇڭدىشالايتتىڭ، ئۇنىڭغا دەردىڭنى

تۆكەلەيتتىك، ئۇنىڭ دەردىنى ئاڭلىيالايتتىڭ. دەل شۇنداق بولغاچقىلا، گەرچە كۆڭلىرىڭ تەڭلىك، ئاچ - زارلىق، جەبىر - جاپا، مەنىۋى موھتاجلىق ئىلكىدە ئۆتۈۋاتسىمۇ، يەنىلا ئۇنى دوستانە مېھرىڭ بىلەن سىغىناتتىڭ؛ قەلبىڭ مەنىۋى موھتاجلىق ئىلكىدە چاڭقاپ تۇرسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭدىن - بىر ئەمەلدار دوستۇڭ ئەمەس، بىلىمدار دوستۇڭنىڭ بارلىقىدىن پەخىرلىنەتتىڭ؛ گەرچە ئۇنىڭغا غايىبانە سىغىنىشلىرىڭنى ئىزھار قىلىپ يازغان خەتلىرىڭ جاۋابسىز قېلىۋەرگەن، كۆڭلۈڭگە يارىشا كىمدۇر بىرىدىن بىرەر قېتىم دۇئايىسالام ئەۋەتىپ قويمىغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ بىلەن خۇددى ھەسەن بەگكە ئوخشاش غۇلچىڭنى سادەك ئېچىپ، قېرىنداشلارچە باغرىلىششنى كۈتەتتىڭ، ئارزۇ قىلاتتىڭ!

ئەمما، شۇنچە يىل كۈتۈپمۇ، شۇنچىلىك ئارزۇ قىلىپمۇ، ساڭا ئۇنىڭ بىلەن دىدارلىشىش، باغرىلىشىش، مۇڭدىشىش نېسىپ بولمىدى.

ئارىدىن ئوتتۇز بىر يىل ئۆتكەندە 1976- يىلى 11- ئاينىڭ 16- كۈنى ساڭا ئۇنىڭ بىلەن قايتا دىدارلىشىش نېسىپ بولدى.

بىر كۈنى ئىشىك ئالدىڭدا ماش رەڭ سىرلىق بىر پىكاپ توختىدى. ناھىيىنىڭ بىر رەھبىرى زەيىنىدىن زايىتوفنىڭ قاغىلىقنىڭ داجەيچە ناھىيە بولغانلىقىنى ئېلان قىلىشقا كەلگەنلىكىنى، سېنى سۈرۈشتە قىلىپ، دەرھال تېپىپ كېلىشكە ئۆزىنى ئەۋەتكەنلىكىنى ئېيتتۇدى، يۈرەكلىرىڭ دۈپۈلدەپ سوقۇپ، ئىچ - ئىچىڭدىن ھاياجان، خوشاللىق، ئىپتىخار قايناپ چىقتى. سەن ئۇنىڭ سەندەك بىر ئاددىي دوستىنى ئۇنتۇپ قالمىغانلىقى ئۈچۈن ھاياجانلىناتتىڭ، خۇشاللىناتتىڭ؛ ئۇنىڭ بىلەن دىدارلىشىش، خۇددى ھەسەن بەگكە ئوخشاش باغرىلىشىش پۇرسىتىنىڭ ئاخىر يېتىپ كەلگەنلىكىدىن ئىپتىخارلىناتتىڭ!

ئەمما، باغرىلىشىش نېسىپ بولمىدى؛ «زەيىنىدىن، بارمۇ سەن، ئاداش!؟» دەپ ۋارقىراپ، غۇلچىڭنى سا قانىتىدەك ئېچىپ يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن قەدىناسلارچە باغرىلىشىش ئەسلا نېسىپ بولمىدى؛

قىنىپ - قىنىپ مۇڭدىشىش نېسىپ بولمىدى! ماشىنا بۇزۇلۇپ قېلىپ، چۆلدە بىر كىچە قونۇپ قالمىغان بولساق، بەلكىم نېسىپ بولۇشى مۇمكىن بولغىيتتى.

سەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قورۇسىغا كىرىپ كەلگەندە، ئۇ مېڭىشقا تەمشىلىپ تۇرغانىكەن. ئەتراپى ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلار، مۇخبىرلار بىلەن ئورالغاچقا، «زەينىددىن، بارمۇ سەن ھوي!؟...»دەپ ۋارقىيالمىدىڭ؛ ئۇنىڭ بىلەن ھەسەن بەگدەك غۇلچىڭنى سا قانىتىدەك ئېچىپ، بۆركۈتتەك ئۇچۇپ كېلىپ باغىرلىشالمىدىڭ. پەقەت قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، «سىلى - ئۆزلىرى... تىنچلىق - ئامالىقمۇ؟ بالىۋاقىلىرى ساقمۇ؟...» دېگەنلەرنىلا دېيەلىدىڭ.

ئۇ سېنى ئالاھىدە جابدۇلغان بىر ياتاققا ئەكىردى. بىر چىقسا، يەنە بىرى كىرىپ، بىر بىرنېمە دەپ سورىسا، يەنە بىرى يەنە بىرنېمە دەپ سوراپ، ئالدىڭغا ھەر خىل نازۇ نېمەتلەرنى تىزىپ، سېنى تارتىنماي يېيىشكە زورلاپ، زادىلا مۇڭدىشىش پۇرستى بېرىشمىدى، خۇددى سەن بۇ يەرگە يەپ - ئىچكىلى كەلگەندەك. ئاخىر زەينىددىن زايىتوفنىڭ سەل ئاچچىقى كەلدى بولغاي:

— سىلەر بىردەم چىقىپ تۇرۇڭلار، كۆرۈشمىگىلى ئوتتۇز يىل بولغان بۇ دوستۇم بىلەن مۇڭدىشۋالاي!... دېدى قوپاللىق بىلەن.

ھەممىسى پايپاسلاپ چىقىپ كېتىشتى.

— ئەھۋالىڭ قانداقراق؟- دەپ سورىدى ئۇ سېنىڭ قورۇق باسقان ئاقسېرىق يۈزۈڭگە، خىيال دەرياسى ئېقىپ تۇرغان تەگسىز قوڭۇر كۆزلىرىڭگە سىنچىلاپ قاراپ.

سەن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ جاۋاب بەردىڭ:

— ياخشى ئەمەس، سەن ئويلىغاندىمۇ ناچار!

ئۇ خىجىللىق ئوقچۇغان كۆزلىرىنى سەندىن ئېلىپ قاچتى.

— سەندەك بىر قەھرىماننى مۇشۇ كۇنگە قالغىنىدىن ئادەمنىڭ ئىچى

ســـىيرىلىدۇ... خاپــا بــولمىغىن، ساڭائىقتىســادىي جەھەتــتىن يــاردەم قىلالمىدىم.

ـ مەن سىنىڭ ئىقتىسادىي يـاردىمىڭگە مۇھتـاج ئەمەس! ـ دېـدىڭ سەن گەپنى ئوچۇق قىلىپ.

سىلەر ئۆتكەن كۈنلەر ھەققىدە قىسقا ـ قىسقا سۆزلەشتىڭلار. ئەمما، تاغاڭ مامۇت ئەپەنـدى ھەققىـدە تەپسىلىي، تەسىرلىك قىلىـپ سـۆزلەپ بەردىڭ. ئۇنىڭ ھېھرىنى قايغۇ ئەلەم قاپلىدى.

ـ خېتىڭدىمۇ يېزىپتىكەنسەن... دەپ ئۇ ھەسرەتلىك تىنىپ قويـۇپ جىمىپ كەتتى.

ـ زەيىنىددىن، ھېلىقى چۈشۈڭ يادىڭدا بارمۇ؟

ئـۇ كۆزۈڭنىــڭ ئەڭ چوڭقـۇر تەكـتىگە شـۇڭغۇدى. سـەنمۇ ئۇنىڭغـا تىكىلدىڭ. ئۇنىڭ قاپقـارا، ئويچـان كۆزلىرىـدە بىردەمـدىلا ھەسـرەتلىك ياشلار لىغىرلاپ قالدى. نېپىز لەۋلىرى تىترەپ كەتتى، بەئەينى كەچ كـۈز ياپراقچىســدەك. كــۆزلىرىڭگە كەلــگەن ئىسســىق ياشــلارنى ئــۇ ئۇلــۇغ ـ كىچىــــك تىنىۋاتقــــان پۇرســــەتتىن پايــــدىلىنىپ، قارىچۇقۇڭغــــا سىڭدۈرۈۋەتتىڭ.

ـ يادىمدا، - دېدى ئۇ ھەسرەت ـ نادامەت ۋە خىجالەت بىلەن، - بۇ چۈشـنى كۆرمىســەم بــوپتىكەن، كۆرگەنــدىمۇ، ئــاخىرىنى كۆرمەيــدىغان گەپكەن.

ـ بۇ سىنىڭ قولۇڭدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس!

ـ شۇنداق، مەن ئەقلىمنى تېپىـپ، گۇنـاھ پاتقىقىـدىن سـۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، بۇ چۈشىنىڭ ئاخىرىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، جىـق تىرىشـچانلىق كۆرسىتىشكە باشلىغىنىمدا، ئاللىبۇرۇن كېچىككەنىدىم. شۇڭا، ھەر قانچە قىلىپمۇ چۈشـۈمنىڭ ئـاخىرىنى ئـۆزگەرتەلمەي، ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغـان زىيالىيلارنىڭ ـ خەلقىنىڭ كەچۈرۈمىگە ئېرىشەلمىدىم!...

ــ قىسـمەت، قىسـمەت دېـگەن شـۇ. قىسـمەت تەتـۈر كېلىـپ قالـدى

ئەمەسمۇ! بۇنىڭ ھەممىنى سەندىنلا كۆرۈشكە بولمايدۇ، بۇنىڭدا «سول» لۇشىيەنىنىڭ مەسئۇلىيىتى بار!

ــ ئەسلىي بۇ مىنىڭلا ئەمەس، پۈتكۈل مىللەتنىڭ، پۈتكۈل ئەمەلدارلارنىڭ ئورتاق كۆرگەن چۈشكەن!

ــ شۇڭا، خەلق سىنى ھامان تـوغرا چۈشىنىدۇ، سىنى ھامان كەچۈرىدۇ، سىنى پاك، كاتتا ئەمەلدار سۈپىتىدە ئۇلۇغلىمىسىمۇ، لېكىن ئۇلۇغ شائىر، يازغۇچى سۈپىتىدە ئۇلۇغلايدۇ!

ـ رەھمەت ساڭا! مەنمۇ شۇنداق ئۈمىدتەمەن ھەم شۇنداق بولۇشىغا ئىشىنىمەن!

ـ شۇڭا، ئۆزۈڭنى بۇنچىۋالا يىتىم، بىچارە، ئەيىبكار ھىس قىلما...

سۆزۈڭنىڭ داۋامى ئۈزۈلۈپ قالدى. چۈنكى، ياتاقتا ئۇنىڭ كانىۋىيى كىرىپ قالغانىدى.

ـ ماڭ، سەمەندەر، خاتىرە ئۈچۈن سۈرەتكە چۈشۈپ قويايلى.

سىلەر قورۇغا چىقتىڭلار. كۆك قاپقارا تۇمان بىلەن قاپلانغانىدى. ۋىز

- ۋىز سوغۇق ئادەمنىڭ يۈزىگە نەشتەردەك سانجىلاتتى.

سىلەر بىر پارچە سۈرەتكە چۈشتۈڭلار.

ئۇ ماشىنىغا چىقىش ئالدىدا سىنى چوڭقۇر مىھىر بىلەن قۇچاقلاپ تۇرۇپ:

ـ سەن بىلەن كۆرۈشكەنلىكىم ئۈچۈن، ئىنتايىن خوش بولدۇم!- دېدى.

ـ مەنمۇ!

ـ خوش، كۆرۈشكىچە ئامان بول!

سىلەر چوڭقۇر مۇھەببەت ۋە جۇدالىق ئىلكىدە خوشلاشتىڭلار.

ياشلىرىڭنىڭ مەڭزىڭ بويلاپ ئاققىنىنى تۇيماي قالدىڭ.

ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇنىڭ ئەملى تېخىمۇ ئۆستى.

سەن ئۇنى كۈتتۈڭ؛ سېغىنىش ئىلكىدە ئۆزۈڭنى يەنە يوقلاپ

كېلىشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتۈك؛ ھازىرغىچە توپتوغرا يىگىرمە ئالتە يىل زارىقىپ كۈتتۈك، كەلمىدى!

ئەمما، ئۆزى كەلمىگىنى بىلەن، كىتابخانىغا ئۇنىڭ رومانلىرى، ئەسلىمىلىرى، شېئىر توپلاملىرى، سەھنە ئەسەرلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىپ تۇردى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە تەگلىك ـ باراۋەرلىك، ئازادلىق... ئۇلۇغلانغانىدى؛ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا تەگلىك ـ باراۋەرلىك، ئازادلىق چاقىرىقى ئەكىس سادا قايتۇرۇپ تۇراتتى؛ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە پۈتكۈلئىنقىلابچىلار، بولۇپمۇ داداڭ، مامۇت ئەپەندى ۋە سەن چوڭقۇر مۇھەببەت، ئىلاھىي تەسۋىرلەر بىلەن مەدھىيىلەنگەنىدىڭلار.

سەن زەيىنىددىن زايىتوفنىڭ شۇ ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشاتتىڭ، سىردىشاتتىڭ. 1976- يىلى ئۇنىڭ بىلەن ئاران بىر كۆرۈشكەندە، ئۇنىڭغا دېيەلمىگەن، دېيىشكە ئۈلگۈرەلمىگەن گەپلىرىڭنى دېيىۋالاتتىڭ، سوراشقا پېتىنالمىغان، سوراشقا ئۈلگۈرەلمىگەن سوئاللىرىڭنى سورىۋالاتتىڭ. ھەممە سوئاللارىڭنىڭ جاۋابى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن تېپىلاتتى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغانسېرى ئۇنى شۇقەدەر چوڭقۇر چۈشىنىۋاتاتتىڭ. سەن ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئۇنى چوڭقۇر چۈشەنگەنلىكىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭغا شۇ قەدەر ھېسداشلىق قىلاتتىڭ!

ئەمما، سېنىڭ ھېسداشلىقىڭ ئۇنى خىجالەت، ھەسرەت- نادامەتتىن خالاس قىلىپ، ھەرگىزمۇ بەختلىك قىلالمايتتى. چۈنكى، ھېسداشلىق قىلىش ئارقىلىق باشقىلارنى بەختلىك قىلغىلى بولامدۇ؟

بولمايدۇ! باشقىلارنىڭ ھېسداشلىقى بىلەن بەختلىك بولغىلى بولىدىغان بولسا، دۇنيادا بەختسىز ئادەم مەۋجۇت بولمايتتى.

شۇڭا، سەن ئۇنى ھېسداشلىقىڭ ئارقىلىق بەختسىزلىكتىن قۇتقۇزۇپ قالالمايتتىڭ. سېنىڭ ھېسداشلىقىڭ سېھرىي كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە بولغان بولسىدى، ئەڭ ئاۋۋال ئۇنى بەختسىزلىكتىن قۇتقۇزۇپ قالغان

بولاتتىڭ! چۈنكى، ئۇ خەلقىنىڭ نەپرىتىگە قالغان بەخت قويىنىدىكى بەختسىز ئادەم ئىدى!

ئۇنى ئالداشنى خالىمايتتىڭ:

ـ كەچۈر، سېنى هازىر مەن قۇتقۇزالمايمەن!...

ـ ئۇنداقتا قاچان قۇتقۇزۇۋالىسەن؟

ـ سېنى مەن ئەمەس، خەلق ئۆزى قۇتقۇزىدۇ ـ خەلق سېنى قاچان كەچۈرسە، شۇ چاغدا بىچارىلىك، مۇساپىرلىق، غەمكىنلىك، مىسكىنلىك، هەسرەت ـ نادامەت، خىجالەتتىن خالاس بولۇپ، بەختسىزلىكتىن مەڭگەۋ قۇتۇلىسەن! بىراق، بۇنىڭغا ئۇزاق بىر جەريان كېتىشى مۇمكىن. شۇڭا، مەڭگۈ سەۋچان بولۇشۇڭ كېرەك!...

كۆزلىرىڭدىن ياشلار تاراملاپ ئاقاتتى. سۈرەتنى خاتىرىنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇپ قويۇپ، يېشىڭنى تارىشىدەك قېتىپ كەتكەن قولۇڭ بىلەن سۈرتتۈڭ.

*　　*　　*

سەن خىيالىڭنى مۇشۇ يەرگە ـ قولۇڭدىكى ئوقۇپ ئازلا قالغان كىتابنىڭ «ئاي هامان چىقىدۇ» دېگەن قىسمىغا قاتاشتۇردۇڭ ـ دە، ئوقۇشقا باشلىدىڭ.

## 34

# ئاي هامان چىقىدۇ

زەرەپشان، قاراقۇرۇم ۋادىسى غەلىبە تەنتەنىسىگە چۆمگەنىدى. قۇشلار يازنىڭ جۇشقۇن هايات سىمفونىيىلىرىنى ئورۇنلايتتى. قۇياش نۇرانە سەتهىدە گۈزەل، هۆر دۇنيايىڭلارنى زايىر قىلىپ كۈلەتتى.

قەلبلەرنىڭ يارقىن ئۈپۈقلىرىغا لەۋ تەگكۈزۈپ تۇرىدىغان تولۇن ئاي سۈمۈرىغىدەك مەزمۇت قانات قېقىپ كېلىۋاتقان ۋىسال، بەخت ھەققىدە سىلەرگە زېرىكمەي پىچىرلاپ، ئىلاھىي تەبەسسۇم ھەدىيە قىلاتتى. شېرىن ئىستەكلەرنىڭ باغرىلىشى بىلەن مەستىخۇشلانغان ياقۇت يۇلتۇزلار ساڭا مەتىساللىنىڭ باغرىدا مەستىخۇشلۇق ئىلىكىدە ئۆتكۈزگەن قىسقا، ئەمما بەختىيار مىنۇتلىرىڭنى ئەسلىتىپ، سېنى ۋىسالغا، بەختكە، ھۆر ھاياتقا تەقەززا قىلاتتى، تەلپۈندۈرەتتى.

بۇ ئىش دەل مەتىسالى بىلەن ئۆتكۈزگەن شۇ شېرىن مىنۇتلاردىن ھۇزۇرلىنىپ، يېقىن كەلگۈسىدىكى بەختىيار كۈنلەرگە ئۈتتەك تەلپۈنۈپ تۇرغان شېرىن، گۈزەل ھەم تەقەززالىق مىنۇتلاردا يۈز بەردى؛

سەن دەريا بويىدا - مەخمەلدەك يېيىلغان ياپيېشىل چىملىق ئۈستىدە كۆپكۆك ئاسمانغا كۆز تىكىپ، شېرىن تەسەۋۋۇرلىرىڭ غەربىي ئۇپۇققا باش قويۇشقا تەمشىلىپ تۇرغان زور قۇياشنى مەستىخۇشلاۋاتاتتىڭ.

ــ سېنى تېخى مەتىساللىنى ماڭدىمىكى دېسەم، بۇ يەردە ياتسەنيا، خېنىم؟

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، چۆچۈپ بېشىڭنى كۆتۈردۈڭ، دوستۇڭ بۇۋىپاتەم ساڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

ــ مەتىسالى؟... نەگە كېتىۋاتىدۇ مەتىسالى!؟ — يۈرىكىڭ ئىنتىزارلىق ئىلىكىدە دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى،— ئىشىڭنى قىل، خېنىم، ماڭ!

ــ راست شۇ، دەريا ياقلاپ كېتىۋاتىدۇ، پۈتمىسەڭ، كەينىدىن بېرىپ باق ئەمسە.

ئۇ كەتتى، سەن ئاھۇدەك لىككىدە ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، دەريانىڭ قارشىسىغا قاراپ تاقلاپ-تاقلاپ يۈگۈردۈڭ...

سەن روتىغا قايتىپ كەلگەچكە، مەتىسالى بىلەن كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن نەچچە كۈن بولغانىدى. شۇڭا، ئۇنى شۇ قەدەر سېغىنىپ كەتكەنىدىڭ،

سېغىنىش ھېسسىياتلىرىنىڭ خۇددى زەرەپشان دەرياسىدەك كۆۋرەيتتى، يۈرىكىنىڭ سۆيگۈ تەشنالىقى بىلەن لەرزان-لەرزان تىترەيتتى، قىپقىزىل لەۋلىرىنىڭ قۇياش مېھرىدە بەرىق ئۇرۇۋاتقان ئەتىرگۈل بەرگىدەك تەبەسسۇم بىلەن پىچىرلايتتى: «بويىنۇڭغا چىڭگىلىكتەك ئېسىلىۋېلىپ چۇشمىسەم، سەت تاز!...»

سەن يۇلغۇنلۇق ئىچىدىن چىقىپ شىپپىدە توختاپ قالدىڭ، خۇددى ئۇۋچىنىڭ ھىدىنى پۇراپ قالغان كىيىكتەك. چۈنكى، مەتسالى بىر قورام تاشنىڭ ئۈستىدە خەت يېزىۋاتاتتى. سەن دەررۇ ئۆزۈڭنى دالدىغا ئالدىڭ.

بىچارە گېپىنى دېيەلمەي، ماڭا خەت يېزىۋاتقان گەپ، ياۋاش، تارتىنچاق ئادەم دېگەنزە...

قەلبىڭدە مۇھەببەت مەۋج ئۇردى، سۆيۈنۈش مەۋج ئۇردى، پەخىرلىنىش تۇيغۇسى مەۋج ئۇردى.

سەن مەتسالىدىن، ئۇنىڭ ساڭا بولغان مۇھەببىتىدىن، ئېتىقاد ۋە ئىنقىلابقا بولغان چەكسىز ساداقىتىدىن پەخىرلىنىۋاتاتتىڭ.

«ئەي شەپقەتلىك، ئۇلۇغ تەڭرىم، ئۇنى، ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن! بۇ دۇنيادا ئۇنىڭدىن باشقا تارتىشقۇدەك، تىۋىنغۇدەك، يۆلەنگۈدەك كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇرۇپ، يۈرىكىمنى كۈلدۈرگىدەك ھېچنىمەم يوق!»

ئىلتىجادىن تىلىڭنى يىغىپ، قولۇڭغا كىچىككىنە بىر تاشنى ئالدىڭ-دە، ئۇنىڭغا ئاتماقچى بولدۇڭ. بىراق، ئاتقۇڭ كەلمىدى.

ياق، ئۇنى ئۈركۈتمەي، ماڭا دەيدىغان گەپلىرىنىڭ ھەممىسىنى يېزىۋالسۇن. خەتنى بەكمۇ تاتلىق يازىدۇ ئۇ ئوماق تاز!

يۈرىكىڭ شېرىنغىنە ئەللەيلەندى.

مەتسالى خېتىنى يېزىپ بولۇپ، ئەتراپقا ئالدىرىماي نەزەر سالدى.

ئەجەب، شۇنچە خالىي جايغا كېلىپ يازمىسىمۇ، چىملىقتا يېتىپ راھەتلەنگەچ يازسىمۇ بولىتتىيا؟

سەن ئورنۇڭدىن تۇرماقچى بولۇپ، يەنىلا يالتىيىپ قالدىڭ.

ئالدىمدىن ئۆتكەندە، «ھاۋ!» دەپلا بىر قورقۇتىۋېتەي تازا!

دەل شۇ چاغدا سەن كۈتمىگەن، تەسەۋۋۇر قىلىپمۇ باقمىغان ھەم تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىش خىيالىڭغىمۇ كەلمەيدىغان، تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايدىغان بىر مۆجىزە يۈز بېرىپ، سېنى يۇلغۇن تۈۋىگە تېخىمۇ بەك مۆكۈنىدۇرۇپ قويىدى، خۇددى ئۇۋۇچىنى ماراپ ياتقان توشقاندەك. چۈنكى، ئۇ خەتنى يانچۇقىغا سالماي، ھېلىقى قورام تاشنىڭ يېرىقىغا تىقىپ قويىدۇ؟

نۇرانە قەلب ئەينىكىڭدە بىر مۇدھىش گۇماننىڭ قاپقارا كۆلەڭگىسى پەيدا بولدى.

ياق، ياق! مەتسالى ھەرگىز..

ئۇ ئالدىڭدىنلا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ قارىسى يوقالغاندىن كېيىن، ئاستا ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، ھېلىقى قورام تاشنىڭ قېشىغا كەلدىڭ، خەتنى ئېلىشتىن قورقاتتىڭ، ئەمما ئالماي بولمايتتى. ئالاي، دېسەڭ، يۈرىكىڭ جىغىلداپ، پۇت-قولۇڭ سىرقىرايتتى.

ياق، ياق!... خۇدا، ئۇنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلا! ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالسام، بۇ دۇنيادا تارتىشقۇدەك، تىۋىنغۇدەك، يۆلەنگۈدەك، كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇرۇپ، ھاياتىمنى قۇياشتەك چاقنىتىپ تۇرغۇدەك ھېچ نەرسەم قالمايدۇ!

دىلىڭنىڭ ئەڭ بۇيىۈك قاتلاملىرىدىنمۇ شۇنداق ئىلتىجالارنى ئوقچۇتۇپ تۇرۇپ خەتنى ئالدىڭ. خەتكە بىر قاراپلا ئۇنىڭ مەتسالىنىڭ خېتى ئەمەسلىكىنى جەزم قىلدىڭ. چۈنكى، مەتسالىنىڭ خېتى ساڭا شۇنداق تونۇش، ئۇ ھەرگىز بۇنداق ئۆمۈچۈك پاچىقىدەك خەت يازمايتتى.

بۇ قانداق گەپ؟ بۇ خەتنى راستىنلا مەتسالى يازغاندەك تۇرسا؟

بىردىنلا بۇ خەتنىڭ ئۇنىڭ سول قولىدا يېزىلىۋاتقانلىقىنى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرۈپ، جىددىي ئوقۇشقا باشلىدىڭ:

«ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىش ئۈچۈن، ئەتە جۇمە نامىزىدىن بۇرۇن قورال-ياراغلار جىنازىغا سېلىنىپ، قاغىلىق بىلەن يەكەن بازىرىغا كىرگۈزۈلىدۇ. قاغىلىقتىكى قورال-ياراغلار ئۆمەر ھاجى دامولللىنىڭ ئۆيىدە، يەكەندىكى قورال-ياراغلار غادىگەرلىكتىكى ئەكرەم ساتىراشنىڭ ئۆيىدە، يېرىم كېچىدە پارتىزانلارغا تارقىتىلىپ بېرىلىدۇ. تاڭ سەھەردە قاغىلىق بىلەن يەكەنگە تەڭلا ھۇجۇم قىلىنىدۇ.

– قۇرغۇي»

يۈرىكىڭ ھەرىكەتتىن توختاپ، سىيرىلىپ ئولتۇرۇپلا قالدىڭ. يىغلىدىڭ، يىغلىدىڭ، بىر ئۆمۈر يىغلىدىڭ! پۈتكۈل ۋۇجۇدۇڭ ئېرىپ، كۆزۈڭ ئارقىلىق سىمابتەك ئېقىپ، زەرەپشان دەرياسىغا قوشۇلۇپ كەتتى!

بىر چاغدا كۆزۈڭنى ئېچىپ، ئەتراپىڭغا ئالاق-جالاق قاراپ كەتتىڭ. ئۆزۈڭگە قاراپ تېخىمۇ ھەيران قالدىڭ. چۈنكى، سەن ياپياشلا تۇراتتىڭ؛ ئەتراپىڭدىكى ھەممە نەرسە ياپياش تۇراتتى؛ ھەتتا ئۇيۇقتا قېتىپ قالغان قۇياشمۇ ياپياشلا تۇراتتى. سەنچە، ئەتراپىڭدىكى ھەممە نەرسە قېرىپ، قايتىدىن ياشناپ، باشقا بىر دۇنيا ھاسىل بولۇشى كېرەك ئىدى؛ سەنچە ئۆزۈڭمۇ قېرىپ، ھەتتا چىرىپ، مەڭگۈلۈك ھايات سەھىپەڭنى ئاللىبۇرۇن ئېچىپ بولغان بولۇشىڭ كېرەك ئىدى. چۈنكى، سەن بىر ئۆمۈر يىغلىغانىدىڭ؛ ناھايىتى ئۇزاق زامانلار يىغلىغانىدىڭ!

نېمىشقا ئۇنداق بولمايدۇ؟ زادى نېمىشقا؟

بىلمەيتتىڭ.

كەچكى قۇياش غەربىي ئۇپۇقتا جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. زەرەپشان دەرياسى شاۋقۇنلايتتى. سەلكىن شامال ياشلىرىڭنى قۇرۇتۇشقا تىرىشاتتى.

ھەي مەتسالى، مەتسالى! بۇ سېنىڭ نېمە ئىش قىلغىنىڭ؟ نېمەڭگە نېمە يەتمەي شۇنداق قىلغىنىڭ؟ سېنى شۇنداق قىلىشقا نېمە مەجبۇر قىلدى؟ پۇلما؟ ئالتۇن-كۈمۈشما؟ زادى نېمە؟ پۇل، ئالتۇن-كۈمۈش،!... شۇنداقما؟

توغرا قىياس قىلدىك.

مەتسالى، سەن ئىنقىلاپتىن بىكارغا ئۈمىدسىزلىنىپ يۈرمەيتىكەنسەن-دە؟ بىكارغا «قىچىپ كىتىلى، ۋاي قىچىپ كىتىلى» دەۋەرمەيتىكەنسەن-دە؟

مەتسالى، سەن نىمىشقا مىنى ئويلاپ قويمىدىڭ؟ مىنى چۈشىنەلمىدىڭ ئۇ؟ ئىككىمىز بىر -بىرمىزنىڭ جىنى، بەختى، يۈرەك -باغرى، ئۈمىد يۇلتۇزى، يۆلەنچۈكى، ھەممە-ھەممىسى ئىدىققۇ؟

ئىيتقىنە، مەتسالى، پۇل شۇنچىلىك قەدىرلىك نەرسىمۇ-ھە؟ ئاشىق -مەشۇقلار ئۈچۈن پۇل، مال-دۇنيانىڭ نىمە كىرىكى؟ ئازادلىق -ھۆرلۈك، تىنچلىق-ناراۋەرلىك ۋەپاك مۇھەببەت بار يەردە ئالتۇن-كۈمۈشنىڭ نىمە كىرىكى؟ تاغدەك ئالتۇن-كۈمۈشنى بىسىپ ياتقان قۇلدىن، تەقىپ ئاستىدا قالغان شاھ-خاقاندىن ھۆر-ئەركىن دىۋانە ئۇلۇغ ۋە بەختىيار ئەمەسمۇ؟!

سەن ئورنىڭدىن تۇرۇپ، دەريا بويىغا كىلىپ يۈز -قولۇڭنى قايتا-قايتا يۇيدۇڭ. ئۇرۇك، ئۈجمە... ھىدى پۇراپ تۇرغان چاڭسىز ھاۋادىن كۆكسىڭنى تولدۇرۇپ- تولدۇرۇپ سۈمۈردۈڭ. سۈپسۈزۈك سۇ سەتھىدىكى ئۆز ئەكسىڭگە ـ ئاۋۇ كەچكى شەپەقتەك قىزىرىپ كەتكەن قوي كۆزۈڭگە قاراپ، گەرچە مەتسالىنىڭ ئابدۇكىرەمنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق گومىنداڭغا يۈز سەر كۈمۈش، ئەللىك سەر تىللاغا سېتىلغانلىقىنى قىياس قىلالمىساڭمۇ، لىكىن ئۇنىڭ ئاتۇن -كۈمۈشكە سېتىلغانلىقىنى قىياس قىلالىدىڭ؛ ئىسكەندەردىن پارۇلنى ئۇقىۋىلىپ، ئاتاكىغا ئۆتكەندە، ئۇنى كەينىدىن ئىتتۇەتكەنلىكىنى قىياس قىلالىدىڭ؛ پارۇلغا ئاساسەن ھىكمىئاخۇن تىۋىپتىن ئاخپاراتلارنى ئىلىۋىلىپ، ئۇنى يىڭى ئاخپارات بىلەن قوشۇپ، يەنە دۈشمەن قولىغا يەتكۈزۈپ بەرگەنلىكىنى قىياس قىلالىدىڭ؛ ھىلىقى كىچىسى داداڭ ئۇچىرىۋەتكەن «قۇرغۇي» نىڭ دەل مەتسالى ئىكەنلىكىنى، چىرىكلەرگە «كۆك بۆرە» نىڭ غوجەخمەت

ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئاخبارات بەرگەنمۇ دەل شۇ مەتسالى ئىكەنلىكىنى قىياس قىلالىدىك، ياق جەزىم قىلدىك.! يەنە قايسىبىر كۈنى كېچىدە ئىككىمىز بىللە ۋەزىپە ئۆتەشكە مېڭىپ يېرىم يولدا ئايرىلىشقا توغرا كەلگەچكە، سەن بىلەن خوشلىشىپ بولۇپ، ساگا تۈيدۇرماي كەينىڭدىن ئاستا ماراپ بېرىپ، «كۆك بۆرە» ئاخبارات تىڭشاپ قويىدىغان پور تېرەكنى كۆرۈۋالغانلىقىنى قىياس قىلالمىساگمۇ، لېكىن پور تېرەكنىڭ كاۋكىغا «سەمەندەر- ‹قۇرغۇي› » دېگەن ئاخپاراتنى تىقىپ قويۇپ، سەمەندەرگە سۇيىقەس قىلىپ (چۈنكى شۇ ئاخپاراتتىكى خەتنىڭ يېزىلىش شەكلى بىلەن قولۇڭدىكى بۇ ئاخپاراتنىڭ خەت شەكلى ئوپمۇ ئوخشاش ئىدى.)، ئۇنى «قۇرغۇي» قاتارىغا چىقىرىپ، «قىزلىقىڭنى ئېلىۋالغانلىقى» (ئەمىلىيەتتە ،سەن هازىرمۇ قىز ئىدىك) ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئۆچ ئالماقچى بولغانلىقنى، كۆزىدىن يوقىتىپ، مەڭگۈ خاتىرجەم بولماقچى بولغانلىقنى قىياس قىلدىك. بۇ «قىياس» ، بۇ «جەزم» لىرىك ئۇگە -ئۇگىلىرىڭنى لەرزىگە سېلىپ، يۈرىكىڭدە غەزەپ-نەپرەت بومبىسى پارتىلاتتى.

ئەمما، ئىككىلىنىپ قالدىك.

قانداق قىلسام بولار؟... دوكلات قىلسام تېخى... دوكلات قىلمىسام تېخى...

قەلبىڭدە شىددەتلىك كۈرەش باشلاندى...

كۆز ئالدىڭدا ۋۇجۇدىدىن هاياتى كۈچ، سۆيگۈ-مۇهەببەت ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئاشىقلىك مەتسالىنىڭ سۆيۈملۈك سىيماسى زاهىر بولدى؛ كۆز ئالدىڭدا بىر چاغلاردا قاناتلىرىنى يۇڭداپ -يۇڭدىۋەتمەكچى، بوينىنى تولغاپ-تولغاپ ئۈزۈپ، «قۇرغۇي» بولۇپ قالغىنىغا تويغۇزىۋەتمەكچى بولغان، تەييار قولۇڭغا چۈشكەندە، داداڭ قاچۇرۇۋەتكەن «قۇرغۇي» زاهىر بولدى؛ كۆز ئالدىڭدا ئىسكەندەر، هېكىمئاخۇن تېۋىپ، يارلىقتا قۇربان بولغان يۈز نەچچە جەڭچى ۋە «كۆك بۆرە»... زاهىر بولدى؛ كۆز

ئالدىڭدا ناھەق ئۇۋالچىلىققا ئۇچراپ، جېنىدىن ئايرىلغىلى تاسلا قالغان سابىق ئېرىڭ ــ دوستى ئۇچۇن ئۆز بەخت - تەلىيىدىن كېچەلەيدىغان، مەرد، ئاق كۆڭۈل، قەيسەر ئاكاڭ ــ سەمەندەر زاھىر بولدى!

قەلبىڭدىكى كۆرەشتە ئاخىر مۇھەببەت شەرمەندىلەرچە مەغلۇپ بولدى. شۇڭا، ئورنىڭدىن دەس تۇرۇپ، پولك شتابىغا قاراپ ماڭدىڭ.

ــ چاقىرتاي دەپ تۇرۇپتىم تېخى،- دېدى پولكوۋنىك تۇردىقارى بەگ،ــ سىز ھازىرلا چاچقۇمغا بېرىپ ھېلىقى نەرسىلەرنى ئەكىلىڭ.

ئۇ بىر پارچە خەتنى قولۇڭغا تۇتقۇزدى.

ــ پولكوۋنىك، -دېدىڭ سەن ئورنىڭدىن تۇرۇپ. ــ دوكلات قىلىدىغان مۇھىم ئىش بار ئىدى.

ــ كەلگەندە دوكلات قىلىڭ، بۇ ھەممىدىن مۇھىم!

ــ بۇمۇ بەك مۇھىم ئىدى.

پولكوۋنىك ساڭا قاراشقىمۇ چولىسى تەگمىگەن ھالدا نېمىنىدۇر ئىزدەۋاتاتتى، شۇڭا، ئۇ بىشىنىمۇ كۆتۈرمەستىن سورىدى:

ــ ھە؟...

ــ مەن «قۇرغۇي»نى تاپتىم...!

ــ پولكوۋنىك بېشىنى شارتلا كۆتۈرۈپ، ھەيرانلىق ھەم خۇشاللىق بىلەن سۆزۈڭنى بۆلۈپ سورىدى:

ــ ھە، ئابدۇكېرەمما ؟ياكى سە...

ــ سەنمۇ پولكوۋنىكنىڭ سۆزىنى بۆلدۈڭ:

ــ ياق، ئابدۇكېرەممۇ ئەمەسكەن، بىراق ئۇ «قۇرغۇي»نىڭ شېرىكى بولۇشى مۇمكىن.

ــ سەمەندەر؟!

ــ ياق، سەمەندەرمۇ ئەمەس!

ــ «قۇرغۇي» ئەمسە كىمكەن؟

ــ باياتىن...

سۆزلۈك مۇشۇ يەردىلا ئۈزۈلۈپ قالدى. چۈنكى شتاپ ئىشخانىسىغا بىرىگاد كوماندىرى ھەم ئون ئالتىنچى ئۈيغۇر پولكىنىڭ كوماندىرى ھاشىم خۇيجاڭ قاتارلىق بەش -ئالتە ئوفىتسىر كىرىپ قالدى. سەن بىر چەتتە ئايرىلىپ قالدىڭ. ئۇلار بەكمۇ ئالدىراشتەك كۆرۈنەتتى. پولكوۋنىك تۇردىقارى بەگ ساڭا قاراپ:

ــ ئەتە، دېدى-دە، ئۇلارنى باشلاپ ئىچكىركى ئىشخانىغا كىرىپ كەتتى.

ئەتە دوكلات قىلساممۇ قىلاي، «قۇرغۇي» ئەمدى ھەرگىز ئۈچۈپ كىتەلمەيدۇ.

سەن شۇنداق ئويلاپ، توقۇپ تەييار قىلىپ قويۇلغان ئاتقا مىنىپ، قاغىلىقنىڭ شەرقى شىمالىدىكى ــ تەكلىماكان قۇملىقىنىڭ گىرۋىكىگە جايلاشقان چاچقۇم يېزىسىغا قاراپ ماڭدىڭ. سىلەر قاغىلىقتىن چىقىپ چىققاندا، سەن پولكوۋنىك تۇردىقارى بەگنىڭ ھاۋالە خېتى بىلەن بىر بۆلەك مەخپى ھۆججەت، ھەربى ئاخپىراتلارنى چاچقۇمدىكى بارات دېگەن كىشىگە ئامانەتكە بېرىپ قويغانتىڭ (بۇ نەرسىلەرنى پولكوۋنىكنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ ئادەمنىڭ ساقلاپ قويۇشىغا بەرگەنلىكىنى ئۇقمايتتىڭ). مانا ھازىر يەنە ئۇنىڭ ھاۋالە خېتى بىلەن شۇ نەرسىلەرنى ئەكىلىش ئۈچۈن، چاچقۇمغا قاراپ كېتىۋاتاتتىڭ.

بىراق ۋەزىپىنى ۋاقتىدا ئورۇندىيالمىدىڭ. بارات زاڭ كۆكيارغا كېتىپ قالغاچقا، بۈگۈن كېلەر، ئەتە كېلەر دەپ، چاچقۇمدا بىر ھەپتە تۇرۇپ قالدىڭ.

يەتتىنچى كۈنى كاچۇڭغا كېلىپ ھەيرانلا قالدىڭ، چۈنكى ھەممە يەرنى چېرىكلەر قاپلاپ، تېرورلۇق، قىرغىنچىلىق باشلىنىپ كەتكەنىدى. «كۆك بۆرە» بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇنىڭدىن ئۈرۈمچىدە بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغانلىقىنى، «ئون بىر ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى» تۈزۈلۈپ، ئۇرۇش توختىتىلغانلىقىنى، يىگىتلەرنىڭ قۇراللىرى يىغىۋېلىنىپ،

قايتۇرۇلغانلىقىنى، ئەتە-ئۆگۈن ئېچىدىلا زور تۇتقۇن، زور قىرغىنچىلىق بولىدىغانلىقىنى ئۇختۇق. ئۇقۇپ ساراسىمە ئىچىدە گاڭگىراپ قالدىڭ.

ــ مېنىڭ ئەمدى بۇ مۇناپىقلارنىڭ ئارىسىدا بىر مىنۇتمۇ تۇرغۇم يوق، ــ دېدى «كۆك بۆرە»سۆزىنىڭ ئاخىرىدا.

ــ نېمە ئىش قىلاي دەيسىز؟

ــ شىمالغا ــ يىگىتلەرنىڭ قىشىغا كېتىمەن!ــ دېدى ئۇ قەتئىي قىلىپ، ــ بىز بىللە كىتەيلى، ماقۇلما؟ مەن سىزنى يول بويى قوغدايمەن! تەييارلىقمۇ قىلىپ قويدۇم.

شۇنداق كەتكۈڭ كەلدى، بىراق...

ــ بىراق... مەن... مېنىڭ...

ــ ئەمدى كېچىكسەك، بەك كېچىكىپ قالىمىز، تېزرەك بىر قارارغا كېلىڭ، سىز كەتمىسىڭىز مەن كېتىمەن!

سەن «كۆك بۆرە»گە «قۇرغۇي»نىڭ مەتسالى ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئۇنىڭدىن ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ قىساسىنى ئالمىغىچە ھېچ يەرگە كەتمەيدىغانلىقىڭنى ئېيتىپ بولۇپ مۇنداق دېدىڭ:

ــ ئەتە قاش قارايغاندا، مەن سىزنى ئۆيۈمدە ساقلاي، بىللە كېتىلى، ئۇنىڭغىچە مەن ئىشنى تۈگىتىپ تۇراي.

ــ گومىنداڭ «بىتىم»گە خىلاپلىق قىلدى. بىز يەنە قايتىپ كېلىمىز، شۇ چاغدا جاجىسنى بېرىمىز «قۇرغۇي»نىڭ!

بىراق سەن ئۇنىمىدىڭ.

ــ ماقۇل، ئەمسە شۇنداق بولسۇن، ــ ئۇ ساڭا يەنە ئەسكەرتىپ قويدى، ــ يوللار قامال قىلىنىشتىن بۇرۇن كېتىۋالمىساق بولمايدۇ، ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلىڭ...

ئاچاڭنىڭ ئۆيىگە يېرىم كېچىلەر بىلەن يېتىپ كەلدىڭ. شۇنچە ھېرىپ-چارچاپ كەتكىنىڭگە يارىشا زادىلا ئۇخلىيالمىدىڭ...

*　　*　　*

پوۋېستنىڭ ئاساسى ۋەقەلىكى شۇ يەردە تۈگىگەنىدى، سەن كۆزۈڭنىڭ ياشاڭغىراپ، ئىمىر -چىمىر بولۇۋاتقىنىغا قارىماي، پوۋېستنى ئوقۇپ تۈگىتىۋېتىپ، ئاندىن مەتسالى ھەققىدە خىيال سۈرمەكچى بولۇپ، پوۋېستنىڭ خاتىمىسىنى ناھايىتى جىددىي ئوقۇشقا باشلىدىڭ.

## خاتىمە

ئېتىلىك كىشىنەپ، خىيال قۇشلىرىڭنى ئۈركۈتىۋەتتى. سەن ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، تۈگمەن تەرەپكە قارىدىڭ. ئەمما مەتسالىنىڭ، يا ئاچاڭنىڭ قىزى رابىيەنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

مەتسالى تۈگمەندە بولمىسا، ئۇنى ئىزدەپ ئۆيىگە كەتكەن ئوخشايدۇ.

قۇياش ئولتۇرغانىدى. شەپەق تاۋلىنىپ تۇراتتى.

سەن ئىشىك ئالدىدىكى ئېرىقتا شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان كەھرىۋادەك سۈپسۈزۈك سۇدا يۈز-قولۇڭنى پاك-پاكىز يۇيۇپ، چاچلىرىڭنى تۈزەشتۈرگەچ مەتسالى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان رەھىمسىز ئۇرۇشنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا باشلىدىڭ:

مەتسالى كەلدى. سەن زورۇقۇپ كۈلۈمسىرەپ، ئۇنى قىزغىن كۈتىۋالدىڭ. سورىدى:

— قاچان كەلدىڭ؟

— ئاخشام كەپتىم... — سەن ھۆججەت، ئاخباراتلار ھەققىدە سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، — بىر تېلگىراف ئاپپاراتىمۇ بار تېخى، — دەپ يالغان ئېيتىپ، داۋام قىلدىڭ، — بۇ نەرسىلەرنى بىر يەرگە تىقىپ قويايلىمىكى دەپ، سېنى قىچقىرتىپتىم. سەنچە، نەگە تىقىپ قويساق بولار؟

ئۇ بىردەم ئويلاندى. ئۇ بارماقتەك تۇم، ئۆسكىلەڭ قاشلىرى ئاستىدىكى يوغان، ئويچان كۆزلىرىنى ساڭا تىكىپ:

ــ بىزنىڭ تۇگمەنگە تىقىپ قويىمىزمۇ يا؟ ــ دېدى.

ــ ياق، تۇگمەن بەك زەي، سايمانلىرى داتلىشىپ، بۇزۇلۇپ قالسا...

ئۇ گېپىگىنى بۆلدى:

ــ مەيلى بۇزۇلۇپ قالسا، ئۇنىڭ نېمە لازىمى ئەمدى؟

ــ كېيىن ئادەم ئەۋەتىپ قالسا... ئامانەتنى ساق تاپشۇرىلى. دۈشمەنلەر ۋەدىسىدە ھېلىتىن تۇرمايۋاتىدۇ. ئۇرۇش يەنە باشلىنىپ قالسا، لازىمى بولىدۇ!

سەن تىنىچلىق، باراۋەرلىك ئۈچۈن يەنە ئۇرۇش باشلىنىشىنى شۇنداق ئارزۇ قىلاتتىڭ. شۇڭا، مەتسالى ساڭا قاراپلا قالدى.

ــ قانداق دېدىم، مەتسالى؟

ــ شۇ... ئۇمۇ توغرا بولدى ئەمدى.

ــ سەن كىرىپ سامانلىقنى كولىغىن، مەن ئۇنى كونا كىگىزدەك بىر نەرسىگە يۆگەپ چىقاي.

ئۇ كەتمەننى ئېلىپ سامانلىققا كىرىپ كەتتى. سەن بىردەمدىن كېيىن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كىردىڭ. سامانلىق دىمىق، قاراڭغۇ، ئۈستىدىكى كىچىككىنە تۈڭلۈكتىن كەچكى شەپەق جىلۋىسى تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

ــ كولاپ بولدۇڭما، «قۇرغۇي»ۋەم؟

سەن ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىدىڭ. ئۇ دىررىدە چۆچۈپ، تىپىرلاپ كەتكەن ئاشىقانە كۆزلىرىنى ساڭا تىكتى. قارىمۇتۇقراق كەلگەن سىپسىلىق يۈزى بىر قارىداپ، يەنە ناھايىتى تېزلا ئەسلىگە كەلدى. ئۇ ۋىسال خەۋىرىنى ئاڭلىغان ئاشىقتەك چېھرىگە ۋىللىدە كۈلكە يۈگۈرتۈپ، قىرلىق بۇرنى ۋە يارىشىملىق بۇرۇتلىرىدا مەرۋايىتتەك يالتىراپ تۇرغان تەر تامچىلىرىنى قولىنىڭ كەينى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ:

ــ گەپلىرىڭ بەكمۇ تاتلىقيا، بۇگۈن؟! ــ دېدى ئۇ ئاشقانە ھاياجان بىلەن، ــ قانداق، قولۇڭغا قونىمەنمۇ يا؟

ــ بەك قونغۇڭ كېلىۋاتامدۇ؟

ــ قونغۇم كەلمەي ئۇ! قونغۇم كېلىپ خۇددى!...

ــ بىراق ئەمدى قونالماسسەنمىكى؟

ــ نې..نېمىشقا؟ ئۇرۇش تۈگىدى، ئەمدى...

ــ ياق، تۈگىمىدى، ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش تېخى تۈگىمىدى. بۇ ئۇرۇش مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ!

سەن شۇنداق دەپ، شارتلا قىلىپ تاپانچاڭنى چىقىرىپ، ئۇنىڭ كۆكسىگە تەڭلىدىڭ. ئۇ گاڭگىرىغىنىدىن تۇرۇپلا قالدى.

ــ بۇ...بۇ...زۇمرەت...چاقچاق...

ــ كىم ساڭا چاقچاق قىپتۇ؟ كۆتۈرە قولۇڭنى!

ــ سەن... سەن... ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ، نېمە؟

ــ مەن ساراڭ ئەمەس، ساراڭ بولۇپ قالغىنى سەن!

گۇگۇم قىستاپ كېلىۋاتاتتى، ئالدىرىمىساڭ بولمايتتى.

ــ ماۋۇ نېمە؟!

سەن مەتسالى تاشنىڭ يېرىقىغا تىقىپ قويغان ئاخباراتنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدۇڭ. ئۇ ئاخباراتنى ئۇيان چۆرۈپ، بۇيان چۆرۈپ ئوقۇشقا باشلىدى، بىراق قاراڭغۇدا ئوقۇيالمىدى.

ــ سەن ئوقۇيالمىغان بولساڭ، ئۆزۈم ئوقۇپ بېرەي.

سەن بۇ ئاخباراتنى قانداق قىلىپ قولغا چۈشۈرگەنلىكىڭنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قولىدىن ئالماي تۇرۇپ يادقا ئوقۇدۇڭ.

بۇنى ئاڭلاپ، ئۇ ساڭا يالۋۇرۇشقا باشلىدى.

ــ يالۋۇرۇپ ئاۋارە بولما، كۆتۈرە قولۇڭنى!

ئۇ قولىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى قەھرىمانە روھىدىن قىلچىمۇ ئەسەر قالمىغانىدى. ئۇنى شۇ تاپتىكى شەرمەندە ھالىتىنى خەلققىئالەم

ئالدىدا سازايى قىلغۇك بار ئىدى. بىراق...

ـ بۇ... ئەسلى...مەن... مەن چۈشەندۈرەي...

ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئاڭلىغۇك يوق ئىدى. ئاڭلاشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى ئەمدى؟

گۈگۈم يېيىلغان، شەپەق جىلۋىسىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى.

ــ شۇنداق، مەن...مەن «قۇرغۇي»، سېنى دەپ...ئىككىمىزنىڭ تۇرمۇشىنى دەپ...

هازىر ساڭا ئۇنىڭ ئىقرارىنىڭ لازىمى يوق ئىدى. ئىقرار قىلمىسىمۇ، قولىدىكى ئاخبارات ئۇنىڭ بارلىق جىنايى قىلمىشلىرىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى.

ـ مېنى... مېنى ئۆلتۈرگىنىڭ بىلەن، بۇ...بۇنىڭ ساڭا نېمە پايدىسى ئەمدى؟...چېرىكلەرنى ئۆلتۈرۈپ بولالامسەن؟

ـ بۇ قىيىن ئەمەس، ئەڭ قىيىنى سەندەك «قۇرغۇي»، «قارغا»، «قۇزغۇن» لارنى ئۆلتۈرۈش!

ـ مۇ... مۇھەببىتىمىزنىڭ يۈز-خاتىرىسىنى قىلىپ، مېنى...

ـ قۇرۇپ كەتسۇن ئۇنداق مۇھەببىتىمىز!

گۈگۈم شىددەت بىلەن باستۇرۇپ كەلگەنىدى. سىرتتا «كۆك بۆرە» هۇۋلاپ سېنى چاقىرىۋاتاتتى. پۈتكۈل ۋۇجۇدۇڭ تىترەپ كەتتى، گويىاكى كەچ كۈزدىكى نەرگىس ياپراقچىسىدەك. كۇرجۇكنى باستىڭ. ئۇ ئۇڭدىسىغا چۈشتى. سول كۆكسىدىن قارامتۇل قان يامراپ چىقىپ، بايا ئۆزى كولىغان ئورىغا ئېقىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئوچۇق هالدا تەبەسسۇمسىز قېتىپ قالغانىدى. يۈرىكىڭ پىژژىدە قىلىپ، ئۇگە-ئۇگىلىرىڭدىن يىغا پارتلاپ چىقتى. دوگغىيىپ ئۇنىڭ قولىدىكى ئاخباراتنى ئېلىپ يانچۇقۇڭغا سالغاچ ئوچۇق قالغان كۆزلىرىنى يۇمدۇرۇپ قويدۇڭ. ھەسرەتلىك كۆز ياشلىرىڭ ئۇنىڭ مەڭزىگە تورۇكلاپ چۈشۈپ قېتىپلا قالدى.

«مېنى... مېنى كەچۈرگىن، بۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق. چۈنكى، ئاللاھ مۇناپىق ۋە چېقىمچىسى جىق قەۋمنىڭ ئىلتىجاسىنى قوبۇل قىلمايدۇ!»

سەن سامانلىقنىڭ ئىشىكىنى زەنجىرلەۋېتىپ تىلىڭنى، دىلىڭنى ئىلتىجاغا مەجبۇر قىلدىڭ:

«مېنى كەچۈرگىن، مەتسالى، سېنى كەچۈرۈش قولۇمدىن كەلمەيدۇ، سېنى كەچۈرۈش ھوقۇقۇم يوق!

ئاھ خۇدا، ئۇنىڭ ياتقان يېرىنى جەننەتتە قىلغىن!»

سەن مۇناپىقنىڭ جەننەتكە كىرەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، ئۇنىڭغا يەنە ئاللاھتىن جەننەت تىلىدىڭ. شۇ ئارقىلىق سەن ئۇنى ھەققانىيەت مەيدانىغا قايتۇرۇپ كەلمەكچى بولغانىدىڭ...

سەن بۇ ئازاپلىق تەسەۋۋۇرۇڭدىن چەكسىز قانائەت ھاسىل قىلىپ، تۈگمەن تەرەپكە تەلمۈرۈپ قارىدىڭ. مەتسالىنىڭ يەنىلا قارىسى كۆرۈنمەيتتى. لاسسىدە بولۇپ قالدىڭ. يۈرىكىڭدە پىژژىدە ئېچىشىپ، ھەسرەت ئىلكىدە تولغىنىپ كەتتىڭ.

سەن «كۆك بۆرە»نى كۈتەتتىڭ...

مەتسالىنى زارىقىپ كۈتەتتىڭ....

ئىزتىراپلىرىڭنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن، شاخلىرىنى ئېگىپ تۇرۇشقان خانىباغلىق ئۆرۈكتىن بىر نەچچە دانە يېۋەتتىڭ.

بەلكىم، ئەمدى سىلەرنى يېيىش قايتا نېسىپ بولماس...

دەل شۇنداق پەيتتە «كۆك بۆرە» ئالدىڭدىلا پەيدا بولدى. ئۇ ئاتتىن چۈشۈپلا سورىدى:

ـ قانداق بولدى؟

سەن ھەسرەت بىلەن جاۋاب بەردىڭ:

ـ ئەتتىگەننىڭكىدىن ھېچ يەردىن تاپالمىدىم!

ـ بولدى، بىز مېڭىۋېرەيلى!

ــ ياق، مەن ماڭمايمەن، «قۇرغۇي»نىڭ قاناتلىرىنى يۇڭداپ، بويىننى تولغاپ ئۈزۈۋەتمىگۈچە ھېچ يەرگە بارمايمەن!

ـ بىلەمسىز؟ تۇتقۇن قىلىش، قىرغىنچىلىق باشلىنىپ كەتتى. سىز «قۇرغۇي»نىڭ بويىننى تولغاپ ئۈزۈپ بولغۇچە چېرىكلەر بىزنىڭ بويىنمىزنى تولغاپ ئۈزۈپ بولىدۇ. «قىساس ئون يىلدىمۇ كېچىكمەس» دېگەن گەپ بار. پاكىتنى چىڭ ساقلاڭ، «قۇرغۇي» نىڭ بويىننى ھامىنى تولغاپ ئۈزۈپ، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ قىساسىنى چوقۇم ئالىمىز! گومىنداڭچىلار ۋەدىسىدە تۇرمىدىمۇ، بولدى. بىز يەنە قولىمىزغا قورال ئېلىپ، تىنچلىق ئۈچۈن يەنە تىنچسىزلىق تۇغدۇرىمىز ــ يەنە ئۇرۇش باشلايمىز!...

ئۇنىڭ سۆزىنى تاقەتسىزلىك بىلەن بۆلدۈك:

ـ ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن، كىم بىلەن ئۇرۇش قىلىسىز؟ جەڭچىلەر پاختەك تۆكىدەك توزۇپ كېتىپ بولدى. ئۇلارنى ئەمدى قانداق جۇغلاپ بولغىلى بولىدۇ؟!

ـ ئېتىقادسىز ئەلنى بىر بايراق ئاستىغا توپلاش بەسى مۈشكۈل. ئېتىقادى مۇستەھكەم ئەلنى بىر چاقىرىق بىلەنلا بىر بايراق ئاستىغا جەم قىلغىلى بولىدۇ. سىز شۇنىڭغا ئىشىنىڭكى، خەلقىمىز ھەرگىز ئېتىقادىنى يوقىتىپ قويمايدۇ!

ـ ئەگەر يوقىتىپ قويىسچۇ؟

ـ يوقىتىپ قويسا...يوقىتىپ قويسا، بۇ مىللەتنىڭ تۈگىشىكىنى شۇ، مەڭگۈ ئازادلىققا ئېرىشەلمەيدۇ!... بىراق، مەن خەلقىمىزنىڭ ئېتىقادىنى يوقىتىپ قويىشىغا ھەرگىز ئىشەنمەيمەن!

ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قايىللا بولۇپ كەتتىڭ!

ـ مەنمۇ شۇ!

بىراق، سېنىڭ چىن كۆڭلۈڭدىن قايىل بولغىنىڭنى بىلمەي قالغان «كۆك بۆرە» سېنى قايىل قىلىش ئۈچۈن، سۆزىنى داۋام قىلدى:

ــ ئەگەر گومىنداڭچىلار داۋاملىق ۋەدىسىدە تۇرمىسا، قاراپ تۇرۇڭ، بىز يەنە بىر بايراق ئاستىغا جەم بولۇپ، كۈرەش قىلىمىز! «قۇرغۇي» دىن شۇ چاغدا ھېساب ئالىمىز! پاكىتنى چىڭ ساقلىسىڭىزلا، «قۇرغۇي» ھېچ يەرگە ئۇچۇپ كېتەلمەيدۇ. بىلەمسىز، قىساس خالىغان چاغدا ئالسا بولىدىغان نەرسە ئەمەس، ئۇنىڭ ۋاقتى-سائىتى، پەيت-مۆرىتى بولىدۇ!

ــ ئەمىسە «قۇرغۇي» نىڭ مەتسالى ئىكەنلىكىنى بىرسىگە دەپ قويۇپ، ئاندىن كېتەيلىمىكىن؟

ــ ئەمىسە سەمەندەرگە دەپ قويۇڭ.

ــ ئۇ قېچىپ كېتىپتۇ.

ــ شۇنداق گەپ ئەينا، ھەممىسى دەككە-دۈككىدە قېچىپ يۈرسە. بولۇڭ چاپسان!

سەن بايىقى ھەم ئازاپلىق ھەم شېرىن تەسەۋۋۇرلىرىڭنى ئۈز پېتىچىلا قالدۇرۇپ، «قۇرغۇي»غا «قىيمىغان» ھالدا ئاتقا مىنىدىڭ. ئېتىڭلار سىلەرنى چوپان دەرياسىنى بويلاپ ئېلىپ ماڭدى. كېچە بارغانسېرى قاراڭغۇلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئېتىڭلار پات-پات مۈدۈرۈپ كىشنىشەتتى، تۇياقلىرى ئوت چاچرىتاتتى. ئۇيۇق خۇددى بېلىقنىڭ قۇرسىقىدەك ئاقىرىپ، تولۇن ئاينىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى.

چوپان دەرياسى شاۋقۇنلايتتى!

چوپان تاغلىرىدا «كۆك بۆرە» لەر ھۇۋلىشاتتى!

ــ ئاي نېمانداق چىقمايدىغاندۇ؟ ــ دېدىڭ سەن تەقەززالىق ئىلكىدە، ــ ئابدۇللاھ، توختاپ ئاي چىققاندا ماڭسىمىزمۇ يا؟

ــ توختاپ قالغاندىن ئاستا بولسىمۇ مېڭىپ تۇرغان ياخشى، زۇمرەت. ئاينىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرماي، ماڭغاچ تۇرىلى. ئاي ھامان چىقىدۇ!

ئۇنىڭ سۆزلىرى قەلبىڭنىڭ چوڭقۇر تەكتىدىن ئەكس سادا

قايتۇردى:

«شۇنداق، ئاي هامان چىقىدۇ!».

# خاتىمە

پوۋېست ئۇمىدۋارلىق ئىلكىدە ئەنە شۇنداق ئاخىرلاشقانىدى. «كۆك بۆرە» نىڭ سۆزلىرى سىنىڭ قەلبىڭدە ئەكس سادا قايتۇرۇپ تۇراتتى. ئەمما، قەلبىڭ چەكسىز غەزەپ-نەپرەتكە تولغانىدى؛ يۈرىكىڭ تەئەججۈپلۈك سۇئاللار بىلەن تولغانىدى:

«تووۋا، مەتسالى، سەن... راستىنلا شۇنداق قىلدىڭمۇ؟ سەن راستىنلا ‹قۇرغۇي› مۇ؟»

ئىشەنگۈڭ كەلمەيتتى.

كۆز ئالدىڭدا ئىسكەندەر، هېكىمئاخۇن تېۋىپ زاهىر بولدى؛ كۆز ئالدىڭدا يارلىقتا قۇربان بولغان يۈز نەچچە جەڭچى ۋە «كۆك بۆرە» — غوجەخمەت زاهىر بولدى؛ كۆز ئالدىڭدا ئىسكەندەرنىڭ: «مە... مە... مە...» دەپ جان ئۈزىۋاتقان ئازاپلىق سىيماسى زاهىر بولدى؛ كۆز ئالدىڭدا مەتسالىنىڭ پولك شتابىدا ئابدۇكېرىم بىلەن كۇسۇرلىشىۋاتقان كۆرۈنۈشى زاهىر بولدى؛ كۆز ئالدىڭدا مەتسالىنىڭ كۈيىباغىدا — تۆگە تاشنىڭ ئاستىدىن گرانات چىگىلگەن ئاخباراتنى پەم بىلەن ئېلىۋاتقان ۋە ئۇنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى ئاخبارات ئىكەنلىكىنى بىلىپ، يىرتىپ پارە-پارە قىلىۋەتكەن سىيماسى زاهىر بولدى؛ كۆز ئالدىڭدا مەتسالىنىڭ «بېتىم» دىن كېيىن خاتىرجەم يۈرۈۋاتقانلىقى زاهىر بولدى؛ كۆز ئالدىڭدا مەتسالى ئۇچۇن تۆلىگەن روھىي بەدەللىرىڭ ۋە روھىي ھاقارەتلىرىڭ زاهىر بولدى!

شۇنىڭ بىلەن قانلىرىڭ قىزىپ، غەزەپ-نەپرىتىڭ قايناپ تاشتى. بارماقلىرىڭنىڭ قارسىلداشلىرىدىن، چىشلىرىڭنىڭ غۇچۇرلاشلىرىدىن

زېمىن لەرزىگە كەلدى.

قۇلاق تۈۋىگىدە پولكوۋنىك تۇردىقارى بەگنىڭ ئاخىرقى بۇيرۇقى جاراڭلىدى: « ‹قۇرغۇي› نى جەھەننەمگە يوللاپ، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ قىساسىنى ئال! بۇ ساڭا بېرىلگەن ئاخىرقى بۇيرۇق!».

پىچىرلىدىڭ: «خەپ، ‹قۇرغۇي› !...

ــ نېمە بوللا؟

«پەرىشتە»گىنىڭ بۇ سۆزى بىلەن كۆزۈڭنى ئاچتىڭ. ئۇ ساڭا پەرىشتىلەرچە مېھرىبانلىق بىلەن قاراپ تۇراتتى.

ــ نېمە ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى گەپ قىلىلا؟ جىن چاپلىشىۋالدىمۇ يا؟

ــ...

ــ نېمە بولدى دېدىم...

ئەمدى جاۋاب بەرمىسەڭ بولمايتتى.

ــ ھېچ... ھېچنىمە.

ــ چىرايلىرى تاتىرىپ كىتىپتۇ يا ئەمىسە؟

ــ تاڭ...

سەن «پەرىشتە»گىگە كەينىڭنى قىلىپ، جىممىدە يېتىۋالدىڭ. كۆز ئالدىڭدىن جەڭگىۋار ھاياتىڭ بىر-بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى. قۇلاق تۈۋىگىدە «ھۇررا» سادالىرى جاراڭلايتتى؛ قۇلاق تۈۋىگىدە پولكوۋنىكنىڭ ئاخىرقى بۇيرۇقى ياڭرايتتى...

قارارىگىنىڭ پۈتۈپ چىقىشى بىلەن تەڭ خۇپتەنگە ئەزان ئېيتىلدى: «ئاللاھۇ ئەكبەر! ئاللاھۇ ئەكبەر!...»

سەن ئورنۇڭدىن تۇرۇپ مەسچىتكە قاراپ ماڭدىڭ...

ــ كەچۈر، دوستۇم مەتسالى، بۇنىڭدىن باشقا ئامالىم يوق!.... ــ دېدىڭ سەن يەنە زۇمرەتنىڭ تەسەۋۋۇرىنى تەكرارلاپ، ــ ئاللاھ مۇناپىقى ۋە چېقىمچىسى كۆپ قەۋمنى ئىلتىجاسىنى قوبۇل قىلمايدۇ!

ــ مېنى كەچۈرگىن، جېنىم دوستۇم سەمەندەر، دوستلۇقىمىزنىڭ

يۈز-خاتىرىسى ئۆچۈن...

ئۇنىڭ سۆزىنى بولۇپ، زۇمرەتنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى سۆزىنى تەكرارلىدىك:

ــ قۇرۇپ كەتسۇن ئۇنداق دوستلۇقىمىز!

ــ ئۇنداق قىلما....

ــ مېنى تەڭلىكتە قويما، مەن پولكوۋنىكنىڭ ئاخىرقى بۇيرۇقنى ئىجرا قىلمىسام بولمايدۇ!...

ــ ئۇلۇغ تەڭرىم،مېنى كەچۈرگىن، مەن ئاخىرقى بۇيرۇقنى ئىجرا قىلمىسام بولمايدۇ !...

....

شۇ كېچە ناھايىتى شېرىن ئۇخلىدىڭ. ئەللىك يىلدىن بېرى بۇنچىلىك شېرىن ئۇخلىغىنىڭنى ئەسلىيەلمەيتتىڭ. ئۆزۈڭنى شۇنچىلىك بەختىيار سەزدىڭ. بۇ سېنىڭ ئەللىك يىلدىن بۇيان ئۆزۈڭنى تۇنجى قېتىم بەختىيار سېزىشىڭ، بەختىيار ھېسابلىشىڭ ئىدى. سەن خىلمۇ-خىل گۈللەر ئېچىلغان، خۇش ھىدلىرى قەلبلەرنى مەستخۇشلايدىغان، ئېرىقلىرىدا سۈپسۈزۈك سۇلار شىرىلداپ ئېقىپ تۇرغان، تۈرلۈك-تۈمەن قۇشلار خۇش زۇۋان بىلەن سايرىشىپ تۇرغان گۈزەل بىر باغدا ئۆز بەختىڭدىن ھوزۇرلىنىپ ياتاتتىڭ. ياتقىنىڭ دەل ئۆزۈڭنىڭ قەلبى ئىدى.

سەن بىر بىسىپ، ئىككى بىسىپ بىغىڭنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، يىراقلارغا نەزەر سالدىڭ. مەيىن شامال ئاپئاق ساقاللىرىڭنى تاراشقا ئالدىرايتتى. باھار پەيزىگە چۆمگەن بۇ قەدىمي يېزاڭنىڭ كوچام-كوچام باغلىرى كاككۇك، تومۇچۇق، سوپسوپىياڭ... لارنىڭ شادىيانە كۈلكىسى، شادىيانە تەنتەنىسى بىلەن تولغانىدى، قەلبىڭ ئاجايىپ گۈزەل، ئېزگۈ، سېھىرلىك كۈيلەرــ جەننەت ساداسى بىلەن تولغانىدى!

سەن ئېگىز قاش ئۈستىگە چىقىپ، چوپان دەرياسىنى چاقنىتىپ تۇرغان قۇياشقا باقتىڭ. قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرى جەننەت ساداسى بىلەن

بىرلىشىپ، ۋۇجۇدۇڭنى سىمابتەك ئېرىتمەك بولاتتى. سەن ئاخىر سىمابتەك ئېرىپ چوپان دەرياسىغا قوشۇلۇپ كەتتىڭ. ئىللىق قۇياش تەپتىدە ئېقىپ-ئېقىپ نۇرغا، نۇردەك ئېقىپ-ئېقىپ مەڭگۈلۈك باھارغا ئايلىنىپ، سەپداشلىرىڭغا قوشۇلۇپ كەتتىڭ !

2003- يىلى 21- ئىيۇل، قاغىلىق

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

«قاغىلىق تارىخى ماتېرىياللىرى» نىڭ 1-، 2- توپلاملىرى.

## سەمەندەر (تارىخى رومان )

## ئاپتورى: مۇھەممەد ئەھمەد چوپانى

ئىزاھاتلار:

35-بەت

①ھەسەن ۋالى قان قەرىزگە بوغۇلغان زومىگەر بولۇپ زومگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەركىتىدە باستۇرۇلغان؛ ۋالى—ئۇنىڭ لەقىمى

63-بەت

①ئاپتۇرنىڭ «ياغاچ مېدال» ناملىق رومانىغا قاراڭ.

75-بەت

①تىغىدا ـ قىلىچىدا ؛ ② ئال (ھال) ـــ زىرائەتلەرگە چۈشىدىغان بىر خىل كېسەللىك.

106-بەت

①بۇ يەردىكى خەلق ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جەڭچىلىرىنى «يىگىت» دەپ ئاتايتتى.

221-بەت

①ئۆمۈد ـــ قەدىمكى جەڭ قورالى.